مەملىكەت بويىچە ئىجتىمائىي پەنلەر تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ئىلمىي ژۇرنال
3-ۋە 4-نۆۋەتلىك شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەنلەر تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ئىلمىي ژۇرنال

ISSN 1005-5878

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى

## ئىلمىي ژۇرنىلى

(پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

# 新疆大学学报

JOURNAL OF XINJIANG UNIVERSITY

2007.1

ISSN 1005-5878
04>
9 771005 587001

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

## (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

## پەسىللىك ژۇرنال


باش مۇھەررىر:

**ئابدۇشۈكۈر مۇللەك يۈرچى**

بۇ سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:

**قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

**تەھرىر ھەيئەتلەر:**

(ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇكېرىم رەھمان، ئابدۇشۈكۈر مۇللەك يۈرچى،

ئابلىكىم ھەسەن، ئابدۇۋەلى ھامۇت،

ئادىل مۇھەممەت تۇران، ئارسلان ئابدۇللا تەمۇر،

ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان، ئاسىمە نىياز،

ئالىم رەقىپ، ئەسەت سۇلايمان ئۇيغار،

ئەنۋەر ئابلىمىت، رازىزاق تۆمۈر،

شېرىن قۇربان، مۇختەر مەخسۇت،

مۇھەببەت قاسىم، مىرسۇلتان ئوسمانوف،

ئىمىن تۇرسۇن، يۈسۈپجان ئەخمىدى.



**2007 ـ يىللىق 1 ـ سان**

**(ئومۇمىي 109 ـ سان)**

**3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەشردىن چىقتى**

**ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 14 ـ قورۇ**

地址：乌鲁木齐市胜利路14号

تېلېفون: (0991) 8582927

پوچتا نومۇرى: 830046

**مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردىن ماقالە قوبۇل قىلىنىدۇ**

**نادىر ئەسەرلىرىڭىزنى ئەۋەتىڭ، مۇشتەرى بولۇڭ**

بۇ ساندىكى مۇندەرىجە ۋە قىسقىچە مەزمۇنلارنى

خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: مادېيۈەن.

ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: رەيھانگۈل ئەھەت.

رۇسچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: خاسىيەت غازى.

# بۇ ساندا

## سىياسىي نەزەرىيە ۋە ئىقتىساد تەتقىقاتى


ئېلىمىز خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سايلام تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدا
........................................ ئابدۇكېرىم يۈسۈپ (1)

غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش جەريانى ۋە مىللىي كۇلتۇرلەر ھەققىدە ........................................
........................................ ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق (7)

جەمئىيىتىمىزدىكى «ئاجىزلار توپى» ۋە ئۇلارنى يۆلەش سىياسىتى توغرىسىدا ...... ئابدۇۋەلى ھىممەت (14)


## غەربىي دىيار مەدەنىيەت تەتقىقاتى


«قەشقەر باسما بۇيۇملىرى» ھەققىدە دەسلەپكى تەتقىقات ........................ ئەسەت سۇلايمان (19)

ئۇيغۇر تارىخى ۋە ئەدەبىياتىغا دائىر قوليازمىلار تەتقىقاتىدا ئەسەر ناملىرىنىڭ ئىملاسى مەسىلىسى ........
........................................ ئابلىمىت ئەھەت بۆگۈ (32)

1979 ـ يىلىدىن 1986 ـ يىلىغىچە «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان پروزا ئەسەرلىرىنىڭ بايان ماھارىتىگە نەزەر........................................ مۇھەممەت ھوشۇر (41)


## تىل ـ ئەدەبىيات ۋە تارىخ تەتقىقاتى


تاجىك مەدەنىيىتىدىكى تۆت چولڭ ئوبراز توغرىسىدا قىسقىچە مۇھاكىمە .............. شېرىن قۇربان (46)

خەراباتى ئىجادىيىتىنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ئاساسىي يۆنىلىشى ............ ھۆرمەتجان فىكرەت (57)

«ئىبنى فەزلان ساياھەتنامىسى» ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي روھ قارىشى توغرىسىدا........................
........................................ قەلبىنۇر مۇھەممەت (66)

كلاسسىك ئەسەرلەرنى تەھرىرلەشتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر .............. پەرىدە ئەمىن (73)

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى كىيىم ـ كېچەك، زىبۇزىننەت مەدەنىيىتىگە نەزەر ...... تۇرنىسا روزى (77)


## جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە پسىخولوگىيە تەتقىقاتى


ئىچكى زېھىن توغرىسىدا ........................ ئىسلامجان شېرىپ بەشكېرەمى (86)

جەمئىيەت ئانتروپولوگىيىسىدىكى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى تەتقىقاتى ...... ساۋۇت ئابدۇخالىق پاۋان (105)

ئىلمىي ژۇرنالنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتچانلىقى ئۈستىدە مۇلاھىزە ....................
........................................ مۇسا روزى (112)

تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ۋە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەتلىرى ........................
........................................ ئىسمەت قاسىم، شېرىنئاي پەتتۇللا (116)

ئىنسانلار مەدەنىيىتى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت .............. ئابلىمىت مۇھەممەد يىلتىزلىق (121)


## ستۇدېنتلار سەھىپىسى


«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى قىلىچقا ئائىت بايانلار ھەققىدە .............. ئابدۇقەييۇم مىجىت (131)

ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدە ئىپادىلەنگەن تاش ئېتىقادچىلىقىنىڭ بوگۇنكى ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىزدىكى ئىپادىلىرى
........................................ ئادالەت ئىمىن (135)

**新疆大学学报**
（哲学社会科学维文版）

2007年第1期
（总第109期）

# 目　　录

**政治理论与经济研究**

论我国人代会代表选举制度的改革和完善 …… 阿布都克里木·玉素甫
西部大开发与民族文化 …… 阿布都热西提·基力力
论社会中的"弱势群体"及扶助他们的政策 …… 阿布都外力·依米提

**西域文化研究**

《喀什噶尔印刷品》初探 …… 艾赛提·苏来曼
维吾尔族历史和书面文学手抄本研究中作品名称的正字法问题 …… 阿布里米提·艾海提
1979—1986年《塔里木》刊发的非韵文作品叙述技巧一瞥 …… 穆罕默德·吾守尔

**语言文学与历史研究**

简论塔吉克文化中的四大形象 …… 西仁·库尔班
诗人哈拉巴德创作的时代背景和主要思想倾向 …… 乌尔迈提江·菲克热提
《伊本白兹阑游记》与维吾尔族的原始灵魂观 …… 凯丽比努尔·穆罕默德
古典作品编辑中应注意的几个问题 …… 帕丽达·依明
《突厥语大词典》中的服饰文化一瞥 …… 图尔尼莎·肉孜

**社会学与心理学研究**

论内心智力 …… 斯拉木江·谢日甫·拜西克拉米
社会人类学对亲属关系的研究 …… 萨吾提·阿布都哈里克·帕万
学术刊物的特点及其公益性 …… 木沙·肉孜
自然生态环境与维吾尔族族先传统习俗 …… 依斯买提·卡斯木，谢力娜依·帕力土鲁
人类文明与生态环境 …… 阿布里米提·穆罕默德

**大学生栏目**

关于《突厥语大词典》中有关战刀的记叙 …… 阿布都克尤木·米吉提
维吾尔民间神话里表现出的石头崇拜在当今风俗里的表现 …… 阿达来提·依明

# ئېلىمىز خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سايلام تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدا

ئابدۇكېرىم يۈسۈپ[1]

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، ئېلىمىز خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سايلام تۈزۈمىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى، ئۇنىڭدا قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر ۋە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئېلىمىز خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سايلام تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ بەزى تەدبىرلىرى ئۈستىدە تەكلىپ بېرىلىدۇ.

**摘要**：本文通过明确选举和选举制度的概念、深入分析我国人代会代表选举制度的基本内容、取得的成绩以及存在的问题，提出了一些关于改进和完善我国人代会代表选举制度措施的建议。

**Abstract**: In this article the strategy of reform and improvement of the vote system of deputy to the NPC is put forward by analyzing deeply the vote and vote system, its base in the deputy to NPC, the progress and the existing problems.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاساسىي قانۇنىنىڭ 1 ـ ماددىسىدا «بارلىق ھاكىمىيەت خەلققە مەنسۇپ» دەپ بەلگىلەنگەن. ئېلىمىزدە خەلق دۆلەتنىڭ خوجايىنى، ھەر مىللەت خەلقى ئاساسىي قانۇن ۋە سايلام قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە سايلام ئېلىپ بېرىپ، ئۆز ۋەكىللىرىنى سايلاپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنى تەشكىللەپ، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سايلىمى ئېلىمىز ھاكىمىيەت ئورگانلىرى قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم ھالقىسى بولۇپ، يۈكسەك سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىي بەرپا قىلىشتا گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سايلام تۈزۈمىنىڭ قانداق بولۇشى خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنى مۇستەھكەملەش ۋە سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ غەلىبە قىلىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا ئېلىمىزنىڭ سايلام تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، سايلام تۈزۈمىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئېلىمىز خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1. سايلام ۋە سايلام تۈزۈمى ھەققىدە چۈشەنچە

سايلام — ئادەتتە جەمئىيەتتىكى سايلام ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدىغان كىشىلەرنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن ئۇسۇل ۋە تەرتىپ بويىچە ئۆز ئىرادىسىگە ئاساسەن جامائەت خىزمەتچى خادىملىرى ياكى دۆلەت ۋاكالەت

[1] ئابدۇكېرىم يۈسۈپ: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي ۋە ئاممىۋى باشقۇرۇش ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى. 830046

ئورگانلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى تاللاش ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مەنىدىن سايلام بىر خىل ھوقۇق ھاۋالە قىلىش ھەرىكىتى بولۇپ، ھۆكۈمران سىنىپ دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدا قانۇنىي ئورنىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆز سىنىپىنىڭ ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم شەكلى ھېسابلىنىدۇ. سايلامنى بىر خىل ھوقۇق ھاۋالە قىلىش ھەركىتى دېيىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، دېموكراتىك تۈزۈمنى يولغا قويغان دۆلەتلەرنىڭ بەزىلىرى شەكىل جەھەتتە بولسىمۇ «بارلىق ھاكىمىيەت خەلققە مەنسۇپ» دېگەن پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدۇ. خەلق بارلىق ھاكىمىيەتنى بىۋاسىتە يۈرگۈزەلمىگەنلىكتىن، سايلام شەكلى ئارقىلىق ئۆزىگە تەۋە بولغان ھاكىمىيەتنى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ يۈرگۈزۈشىگە ھاۋالە قىلىدۇ. ناۋادا سايلاپ چىققان جامائەت خىزمەتچى خادىملىرى ياكى دۆلەت ۋاكالەت ئورگانلىرىنىڭ ۋەكىللىرى سايلىغۇچىلارنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلمىسا، سايلىغۇچىلار خالىغان ۋاقىتتا سايلام ياكى باشقا بەلگىلىك شەكىل ئارقىلىق ئۆزىگە تەۋە بولغان ھوقۇقنى ئۇلاردىن قايتۇرۇۋالسا بولىدۇ. سايلام جەريانىدا پۇقرالار جەزمەن ئۆز ئىرادىسى ۋە ئارزۇسىغا ئاساسەن تاللاش ئېلىپ بېرىشى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن بۇ سايلام ھەقىقىي دېموكراتىك سايلام ھېسابلانمايدۇ. ھازىرقى دۇنيادا سايلام كىشىلەرنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مەزمۇنىغا ئايلاندى. ئۇ پۇقرالارنىڭ بىر تۈرلۈك ئاساسىي دېموكراتىك ھوقۇقى بولۇپ، پۇقرالارنىڭ سىياسىيغا ئىشتىراك قىلىشىنىڭ مۇھىم يولى ھېسابلىنىدۇ.

سايلام تۈزۈمى — ئاساسىي قانۇن، پارلامېنت تەشكىلىي قانۇنى ۋە سايلام قانۇنىغا ئاساسەن دۆلەت ۋاكالەت ئورگانلىرىنىڭ خادىملىرىنى سايلىغان ۋاقىتتا جەزمەن ئەمەل قىلىدىغان سايلام پرىنسىپى، سايلام ئۇسۇلى، سايلام تەرتىپى قاتارلىق ھەر خىل قائىدە - تۈزۈملەرنىڭ يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ھەرقانداق سايلام بەلگىلىك پرىنسىپ، ئۇسۇل، تەرتىپكە ئاساسەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. سايلام تۈزۈمى سايلام قانۇنىنى ماقۇللاش ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ. سايلام تۈزۈمى كەڭ ۋە تار مەنىدىكى سايلام تۈزۈمىگە ئايرىلىدۇ. كەڭ مەنىدىكى سايلام تۈزۈمى بىر دۆلەتتىكى بارلىق غەيرىي بەلگىلەنگەن جامائەت خىزمەتچى خادىملىرىنى سايلاش تۈزۈمىنى كۆرسەتسە، تار مەنىدىكى سايلام تۈزۈمى بىر دۆلەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك ۋاكالەت ئورگانلىرىنىڭ ئەزالىرىنى سايلاش تۈزۈمىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، دۆلەت ۋاكالەت ئورگانلىرىنىڭ سايلىمى بارلىق سايلام پائالىيىتىدە ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ باشقا دۆلەت ئورگانلىرىنى، جامائەت خىزمەتچى خادىملىرىنى سايلاش پائالىيىتى پرىنسىپلىرى دۆلەت ۋاكالەت ئورگانلىرىنىڭ سايلام پرىنسىپى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ.

## 2. ئېلىمىز خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سايلام تۈزۈمىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى

ئېلىمىز سوتسىيالىستىك تۈزۈمىنىڭ خاراكتېرى ئومۇمىيۈزلۈك باراۋەر بولۇش، بىۋاسىتە سايلام بىلەن ۋاستىلىك سايلامنى بىرلەشتۈرۈش، يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش، ئارتۇق نامزاتلىق سايلامنى كاپالەتلەندۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئېلىمىز سايلام تۈزۈمىنىڭ مەزمۇنى:

1) سايلام ھوقۇقى ئومۇمىيۈزلۈك بولىدۇ. سايلام ھوقۇقىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك بولۇشى خەلقنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشتەك خوجايىنلىق ئورنىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئېلىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە سايلام قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سىياسىي ھوقۇقتىن مەھرۇم قىلىنغانلاردىن باشقا 18 ياشقا توشقان بارلىق پۇقرالىرى قانۇن بويىچە سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ. بۇ خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت خاراكتېرىنى، خەلقنىڭ دۆلەتنىڭ خوجايىنلىق ئورنىنى ۋە سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

2) خەلق ئاممىسى باراۋەر بولغان سايلام ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. سايلام ھوقۇقىنىڭ باراۋەر بولۇشى سوتسىيالىزمنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىقلىقى ۋە ئادىللىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. سايلام جەھەتتە، سايلىغۇچىلار باراۋەر ئاساستا سايلامغا قاتنىشىدۇ. جىنسىي، مىللىتى، دىنىي ئېتىقادى، مال - مۈلكى، كەسپى، ئائىلە كېلىپ چىقىشى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى قاتارلىق جەھەتلەردە چەكلىمە قويۇلمايدۇ. ھەربىر سايلىغۇچى بىر ئاۋاز بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە، ھەرقانداق كىشىنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ. بۇ باراۋەرلىك پرىنسىپلىرى سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ ھەقىقىي دېموكراتىيە ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئېلىمىزدە دۆلەت ئەھۋالى چىقىش قىلىنىپ، شەھەر بىلەن يېزا سايلىغان ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك قىلىدىغان

ئاھالە سانى ھەم ئاياللار، ئاز سانلىق مىللەتلەر، ھەربىيلەر، ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلارغا ئوخشاش ئالاھىدە توپنىڭ مەنپەئەتى ھەققىدە مەخسۇس بەلگىلىمە چىقىرىلغان.

3) بىۋاسىتە سايلام بىلەن ۋاسىتىلىك سايلام ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن. بىۋاسىتە سايلام بىلەن ۋاسىتىلىك سايلامنى تەڭ قوللىنىش دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى دېموكراتىيىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئېلىمىزدە سايلام قانۇنىغا ئاساسەن ناھىيىدىن تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى سايلاشتا بىۋاسىتە سايلام يولىغا قويۇلىدۇ. بۇ خىل سايلام تۈزۈمىدە، ھەم دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالى ئاساس قىلىنىپ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش روھى گەۋدىلەندۈرۈلگەن، ھەم سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ تەرەققىيات يۆلىنىشى گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

4) يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش يولىغا قويۇلغان بولۇپ، يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ۋە ئارتۇق نامزاتلىق ئۇسۇلىنى قوللىنىش دۆلىتىمىز سايلام تۈزۈمىنىڭ دېموكراتىيىلىكى ۋە چىنلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدا سايلىغۇچى ياكى ۋەكىل ئاۋاز بەرگەندە، سايلام بېلىتىگە ئىمزا قويمايدۇ. بۇ سايلىغۇچىلار ياكى ۋەكىللەرنىڭ ئۆز ئىرادىسىنى ئەركىن ئىپادىلەشكە، ئۆزى ئىشەنگەن نامزاتلارنى سايلاشقا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ كۈچلۈك كاپالىتى، شۇنداقلا زەربە بېرىپ ئۆچ ئېلىشتىن ساقلىنىشتىكى مۇھىم تەدبىر. ئارتۇق نامزاتلىق سايلام نامزات سانى سايلىنىدىغانلار سانىدىن كۆپ بولىدىغان بىر خىل سايلام تۈزۈمى بولۇپ ئۇ دېموكراتىيە، ياخشىلىرىنى تاللاش پرىنسىپىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ دۆلىتىمىزنىڭ سايلام تۈزۈمىدىكى بىر تۈرلۈك ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات ھېسابلىنىدۇ.

5) خەلق ئاممىسىنىڭ سايلام ھوقۇقى كۆپ جەھەتلەردە كاپالەتكە ئىگە، بۇ خىل كاپالەتنىڭ ئىپادىلىرى: بىرىنچى، ماددىي كاپالەت. ئېلىمىزدە سايلام قانۇنىغا ئاساسەن سايلام خىراجىتى دۆلەت غەزىنىسىدىن چىقىم قىلىنىدۇ. ئىككىنچى، تەرتىپ كاپالىتى. ئېلىمىز ئاساسىي قانۇنى ۋە سايلام قانۇنىدا ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە جامائەت خىزمەتچى خادىملىرىنى سايلاشقا دائىر بىر قاتار كونكرېت تەرتىپلەر سايلىغۇچىلارنىڭ سايلام ھوقۇقىنى ئۈنۈملۈك يۈرگۈزۈشىنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. ئۈچىنچى، قانۇن، ئىنتىزام كاپالىتى. پارتىيە ئىنتىزامى ۋە دۆلەت قانۇنلىرى بويىچە سايلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان، كۆز بويامچىلىق قىلغان، ياكى سايلىغۇچىلار ۋە ۋەكىللەرنىڭ سايلاش ـ سايلىنىش ھوقۇقىنى ئەركىن يۈرگۈزۈشكە توسقۇنلۇق قىلغانلارغا پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش، پارتىيە ئىچىدە قالدۇرۇپ سىناش ياكى پارتىيىدىن چىقىرىش چارىسى ۋە مەمۇرىي چارە كۆرۈلىدۇ، قىلمىشى ئېغىرلىرىغا جىنايى جازا بېرىلىدۇ. بۇ پۇقرالارنىڭ سايلاش، سايلىنىش ھوقۇقىنى ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى قانۇن تۈزۈم كاپالىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

## 3. ئېلىمىز سايلام تۈزۈمىدە قولغا كەلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر ۋە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر

ئېلىمىزدە 1953 ـ يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سايلىمى ئېلىپ بېرىلىپ، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى تەسىس قىلىنغان. 1954 ـ يىلى مەملىكەتلىك 1 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تەسىس قىلىنغان ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى بارلىققا كەلتۈرۈلگەن ھەم دۆلەت مەمۇرىي، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ باشلىقلىرى سايلاپ چىقىلىپ، ئېلىمىز خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى دەسلەپكى قەدەمدە ئورنىتىلغان شۇنىڭ بىلەن ئېلىمىزنىڭسايلام تۈزۈمىمۇ بارلىققا كەلگەن. 50 نەچچە يىللىق تەدرىجىي تەرەققىيات ئارقىلىق ئېلىمىزنىڭ سايلام تۈزۈمى قىسمەنلىكتىن ئومۇميلىققا، تار كۆلەمدىن كەڭ كۆلەملىككە قاراپ تەرەققىي قىلىپ، ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىپ باردى. خەلقنىڭ خوجايىنلىق ھوقۇقىمۇ كۈنسايىن كۈچىيىپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سايلام پائالىيىتىدە خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان 20 نەچچە يىلدىن بۇيان سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، «ئاساسىي قانۇن»، «سايلام قانۇنى»، «خەلق قۇرۇلتىيى تەشكىلىي قانۇنى»نىڭ بىر قانچە قېتىم تۈزۈلۈپ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈشى ھەمدە «ۋەكىللەر قانۇنى»نىڭ تۈزۈلۈشىگە ماس ھالدا سايلام تۈزۈمى زور دەرىجىدە مۇكەممەللەشتى ۋە قانۇن ئىزىغا سېلىندى.

ئېلىمىز دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئەھۋالىنى چىقىش قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، خەلق ئاممىسىنىڭ دېموكراتىيە ئېڭى ۋە ھاكىمىيەتكە قاتنىشىش ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە بىر قاتار ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، سايلام تۈزۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئىسلاھ قىلىپ، سايلام تۈزۈمىنى تەڭ نامزاتلىق سايلام تۈزۈمىدىن ئارتۇق نامزاتلىق سايلام تۈزۈمىگە، ئاشكارا سايلام تۈزۈمىدىن مەخپىي سايلام تۈزۈمىگە يۈزلەندۈرۈپ، بۈگۈنكى سايلام تۈزۈمى ۋە سايلام پائالىيىتىنىڭ ئاساسىنى ياراتقان بولسىمۇ، لېكىن ئېلىمىزنىڭ دېموكراتىيە، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش ئەنئەنىسىنىڭ كەمچىل بولۇشى، سايلام تۈزۈمىنىڭ سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش مەزگىلىدە پەيدا بولغانلىقى، يۇقىرى دەرىجىدە مەركەزلەشكەن پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى ۋە ھوقۇق يۇقىرى دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلگەن سىياسىي تۈزۈلمىنىڭ تەسىرىدىن تولۇق قۇتۇلالمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەتنىڭ تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىش ئەھۋالىغا ماسلىشالمايۋاتىدۇ. يەنىلا بەزى سەل قاراشقا بولمايدىغان مەسىلىلەر ساقلىنىۋاتىدۇ، بۇ بىزنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسلاھ قىلىشىمىز ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىزنى كۈتمەكتە. بۇنىڭ ئىپادىلىرى:

1) تارىخىي ۋە رېئال سەۋەبلەر، بولۇپمۇ سايلام تۈزۈمىنىڭ دېگەندەك مۇكەممەل بولماسلىقى، سايلام تەرتىپىنىڭ دېگەندەك ئەمەلىيلەشمەسلىكى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن سىياسىي تۇرمۇشنىڭ زىددىيىتى، سىياسىي سىستېما يۈرۈشۈشىنىڭ ئاشكارىلىق، ئايدىڭلىق دەرىجىسىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى تۈپەيلىدىن قىسمەن جايلاردا سايلام پائالىيىتىدە يۇقىرىنىڭ ئىرادىسىنى ئاساس قىلىش، شەكىلۋازلىق قىلىش، سايلىغۇچىلار بىرلىشىپ كۆرسەتكەن نامزات باراۋەرسىز مۇئامىلىگە ئۇچراش ھادىسىلىرى كۆرۈلۈپ، كىشىلەر سايلام پائالىيىتىدىكى دېموكراتىك كەيپىياتنىڭ يېتەرسىزلىكىنى ھېس قىلماقتا. بۇلار ئەمەلىيەتتە سايلام ھوقۇقى ئۇنۇمىنىڭ باراۋەرسىزلىكىنى پەيدا قىلىپ، سايلىغۇچىلارنىڭ ۋەكىللەرگە بولغان نازارەتچىلىك ھوقۇقى ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقىنى ھەقىقىي تۈردە يۈرگۈزۈشكە پاسسىپ تەسىر كۆرسەتمەكتە.

2) فېئودالىق ۋە «سولچىل» ئىدىيىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەسىرى، شۇنداقلا باشقا ھەر خىل ئامىللارنىڭ تەسىرىدىن خېلى بىر قىسىم سايلىغۇچىلارنىڭ دېموكراتىيە ئېڭى ئاجىز بولۇش، ساپاسى تۆۋەن بولۇش، سايلىغۇچىلارنىڭ ھوقۇق - مەجبۇرىيىتىگە بولغان تونۇشى ئېنىق بولماسلىق، سايلام پائالىيىتىگە ئاكتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن قاتناشماسلىق، مۇقەددەس سايلام ھوقۇقىنى دادىل يۈرگۈزەلمەسلىك، قارىغۇلارچە ئاۋاز بېرىش، خوجايىن چاكارغا ئايلىنىپ قېلىش ھادىسىلىرى پەيدا بولۇپ، سايلام نىشانىنىڭ تولۇق ئەمەلگە ئېشىشىغا، شۇنداقلا سايلام قانۇنىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە توسقۇنلۇق قىلىپلا قالماستىن، بەلكى سايلىغۇچىلارنىڭ دېموكراتىك ھوقۇق مەنپەئىتىنى زىيانغا ئۇچراتماقتا.

3) قاراش جەھەتتە، بەزى جايلاردا يۇقىرىلار خاتا ھالدا «خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولۇش» ھەر دەرىجىلىك ھەر ساھە كادىرلىرى بەھرىمەن بولىدىغان بىر خىل سىياسىي مۇئامىلە، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىلغارلارنى تەقدىرلىشىنىڭ بىر خىل شەكلى دەپ قارىغانلىقتىن، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سايلىمىدا نامزات كۆرسەتكەندە ۋەكىللەرنىڭ ئىدىيىۋى پەزىلىتى، خىزمەت ئىپادىسى ۋە تۆھپىسىگىلا ئەھمىيەت بېرىپ، نامزاتلارنىڭ مەسىلىلەرنى كۆزىتىش، بايقاش، ھۆكۈم قىلىش ۋە ھەل قىلىش ئىقتىدارى، ئىجتىمائىي، سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ئىقتىدارى؛ مەدەنىيەت سەۋىيىسى قاتارلىقلارغا سەل قاراش، ئىلغار نەمۇنىچىلار، ھەر خىل چولپانلار ۋە دىنىي ساھە ۋەكىللىرىگە كۆپ ئەھمىيەت بېرىش ئەھۋالى مەۋجۇت. قىسمەن نەمۇنىچىلار، چولپانلارنىڭ سىياسىي تەربىيىلىنىشى كەمچىل. ھاكىمىيەت باشقۇرۇشقا قاتنىشىش ئىقتىدارى، مەدەنىيەت ساپاسى تۆۋەن بولۇپ، ئۇلار يۈرەكلىك ھالدا يۇقىرى سۈپەتلىك تەكلىپ لايىھىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويالمايۋاتىدۇ. بۇ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئەڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا پاسسىپ تەسىر كۆرسەتمەكتە.

بۇ نەمۇنىچىلار ۋە چولپانلار خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولۇپ سايلانسا بولمايدۇ دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ۋەكىل نامزاتى جەزمەن كەسپىي بىلىمگە ئىگە بولۇشى، ماھىرلىق بىلەن كۆزىتىش، بايقاش، تەھلىل قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى، ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ئىقتىدارى يۇقىرى، دۆلەت ۋە خەلق مەنپەئەتىنى قوغداشقا جۈرئەت قىلالايدىغان، خەلقنىڭ ئىرادىسى ۋە ئارزۇسى بويىچە ئىش قىلىشنى چىقىش قىلىدىغان، ئۆزگىچە قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويالايدىغان ساپاغا ئىگە بولۇشى كېرەك، دېگەنلىك.

4) ئاساسىي قاتلام نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدا قىسمەن جايلاردا پارا بېرىپ سايلىنىش، ۋاكالىتەن

سايلاش، رەسمىيەتچىلىك قىلىش، قارىغۇلارچە ئاۋاز بېرىش قاتارلىق ھادىسىلەر مەۋجۇت بولۇپ، سايلام نەتىجىسى بىلەن سايلام نىشانى ماسلاشماي، سايلام ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت ئورگىنىنى قۇرۇلۇشىنى ساغلاملاشتۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈش قىيىن بولماقتا.

5) خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سايلىمىدا رىقابەت مېخانىزمى كەمچىل، سايلامدا نامزاتلار سايلىغۇچىلار بىلەن كۆرۈشۈش، ئۆز پىلان ـ تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش يېتەرلىك بولمىغاچقا، سايلىغۇچىلار قارىغۇلارچە ئاۋاز بېرىش ھادىسىسى ئېغىر بولماقتا. ئاۋاز بېرىش جەريانىدا تەشكىللەش يېتەرلىك بولماسلىق، سايلىغۇچىلارنى سەپەرۋەر قىلىش قىيىن بولۇش، سايلام قانۇنىدا بەلگىلەنگەن سايلام تەرتىپى ۋە بەلگىلىمىلەر تولۇق ئەمەلىيلەشمەسلىك ئەھۋاللىرى مەۋجۇت.

## 4. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سايلام تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ تەدبىرلىرى ئۈستىدە تەكلىپلەر

سايلام تۈزۈمىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر بىزدىن سايلام نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش ئاساسىدا، پىلانلىق، قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا سايلام تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئۇنى سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش دېموكراتىك ھوقۇقىغا تېخىمۇ ياخشى كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

1) پارتىيىنىڭ سايلام خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرىلارغا بولغان تەشۋىقات تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، يۇقىرىلارنىڭ سايلامغا بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، خەلق قۇرۇلتايلىرى ئاخبارات ۋاستىلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، يۇقىرىلارغا بولغان «ئاساسىي قانۇن»، «سايلام قانۇنى» ۋە «خەلق قۇرۇلتىيى تەشكىلىي قانۇنى» ھەققىدىكى تەشۋىقات تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئېڭىدىكى «قارار قىلىش ھوقۇقى يەنىلا رەھبەرلىكتە، ئۇلار ئۆز ئىچىدىن ئاللىقاچان سايلاپ بولغان تۇرسا، ئاۋاز بېرىشنىڭ نېمە ھاجىتى، سايلام مەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز كىم سايلانسا بولۇۋېرىدۇ» دەيدىغان بىر تەرەپلىمە خاتا قاراشنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئۇلاردا «بارلىق ھاكىمىيەت خەلققە مەنسۇپ، سايلام يۇقىرىلارنىڭ مۇقەددەس ھوقۇقى» دەيدىغان قاراشنى تۇرغۇزۇپ، ئېلىمىز سايلام تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ پۇختا بولغان ئىدىيىۋى ئاساسىنى بەرپا قىلىش كېرەك.

2) رىقابەت مېخانىزمىنى خەلق قۇرۇلتىيى سايلىمىدا قوللىنىش كېرەك. رىقابەت مېخانىزمى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سايلىمىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىدا ئىنتايىن زور رولغا ئىگە. ۋەكىل نامزاتى كۆرسەتكەندە ۋەكىللەرنىڭ تەركىبىي ۋە ھەر خىل ۋەكىل نىسبىتى مەسىلىسىدە بەك قاتتىق بەلگىلىمە چىقارماستىن، سايلىغۇچىلارنىڭ بىرلىكتە ئىمزا قويۇپ كۆرسەتكەن نامزات بىلەن پارتىيە، گۇرۇھ ۋە تەشكىلاتلار كۆرسەتكەن نامزاتلارغا باراۋەر مۇئامىلىدە بولۇش؛ ۋەكىل نامزاتلارنىڭ سايلىغۇچىلار بىلەن كۆرۈشۈش، نۇتۇق سۆزلەش، سايلىغۇچىلار سورىغان سوئاللارغا جاۋاب بېرىش، ھەتتا مۇنازىرىلىشىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قاراشلىرى، چۈشەنچە ۋە تەسەۋۋۇرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەشۋىق قىلىشىغا يول قويۇپ، سايلىغۇچىلارنىڭ نامزاتلارنى كەڭ، چوڭقۇر چۈشىنىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ۋەكىللەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرگىلى، سايلىغۇچىلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، سىياسىي قىزغىنلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى، نامزاتلارنى ئادىل رىقابەت پۇرسىتىگە ئېرىشتۈرۈپ، كۈچلۈك رىقابەت جەريانىدا ئۆزىنى سىناش، ئۆزىنىڭ ساپاسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى تونۇش ئارقىلىق ئىقتىدارلىقلار تاللىنىدىغان، ئىقتىدارسىزلار شاللىنىدىغان سايلام رىقابەت مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ.

3) يۇقىرىلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى ۋە سىياسىي ساپاسىنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سايلىمى، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئورگانلىرىغا بەلگىلىك ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلىپ بەلگىلەش ھوقۇقىنى يۈرگۈزەلەيدىغان كىشىلەرنى تاللايدىغان سىياسىي پائالىيەت. يۇقىرى ساپالىق ۋەكىللەرنى سايلاپ خەلق قۇرۇلتىيى ئورگانلىرىغا كىرگۈزۈش ياكى كىرگۈزمەسلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، بارلىق ھاكىمىيەت خەلققە مەنسۇپ بولۇش پرىنسىپىنى

ئىزچىللاشتۇرۇش، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىينى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا سايلام تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ئۇنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ... 

ئىزچىللاشتۇرۇش، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىينى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا سايلام تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى ئۆڭۈشلۈق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن، زور كۈچ بىلەن مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن، پۇقرالار ۋە كادىرلارغا بولغان دېموكراتىيە، قانۇن ـ تۈزۈم ۋە سىياسىي، پەننىي بىلىم تەربىيىسى ۋە تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىپ ئۇلارنىڭ دېموكراتىيە ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنىڭ سىياسىيغا ئىشتىراك قىلىش قىزغىنلىقىنى، ئىقتىدارى ۋە ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق سايلام ۋە پۈتكۈل دېموكراتىيە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىش كېرەك.

4) سىناق نۇقتىسى ئارقىلىق ئومۇمىي دائىرىنى يېتەكلەشتە چىڭ تۇرۇپ، نۇقتىلىق مەسىلىلەرنى ۋە قىيىن مەسىلىلەرنى ئوبدان ھەل قىلىش كېرەك. كۆپ يىللىق سايلام خىزمىتى ئەمەلىيىتىدىكى تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تىپ ئارقىلىق يول باشلاپ، سىناق نۇقتىسى ئارقىلىق ئومۇمىي دائىرىنى يېتەكلەش خىزمەت ئۇسۇلىدا چىڭ تۇرغاندىلا، سايلام خىزمىتىدىكى مۇھىم نۇقتىلارنى گەۋدىلەندۈرگىلى، ئوقنى نىشانلىق ئېتىپ، سايلام خىزمىتىدىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلغىلى، نۇقتىدا ئالدىن سىناق قىلىنغان ئورۇنلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، سىناق نۇقتا بىلەن ئومۇمىي دائىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز ئارا ئىلگىرى سۈرۈپ، سايلام خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى ئۈنۈملۈك كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

5) بىۋاسىتە سايلام دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ۋاستىلىك سايلام دائىرىسىنى قىسقارتىش كېرەك. ئېلىمىزدە نۆۋەتتە يولغا قويۇلۇۋاتقان بىۋاسىتە سايلام بىلەن ۋاستىلىك سايلامنى بىرلەشتۈرۈش تۈزۈمى دۆلەت ئەھۋالىغا ئومۇمىي جەھەتتىن ئۇيغۇن بولۇش، ئاددىي، تېجەشلىك، ئۈنۈمى يۇقىرى بولۇشتەك ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە بولۇپ، بەزى ئالاھىدە بەلگىلەنگەن نامزاتلارنىڭ سايلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش رولىنى ئوينىسىمۇ، ئەمما ئۇ غايىۋى، مۇكەممەل بولغان دېموكراتىك سايلام شەكلى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىلەن سايلىغۇچىلار، سايلىغۇچى ئورۇنلارنىڭ ئالاقىلىشىش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇش — خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىكى ئاچقۇچلۇق خىزمەت. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بىۋاسىتە سايلام دائىرىسىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى بىر دۆلەتنىڭ دېموكراتىيە دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىنىڭ مۇھىم بەلگىسى، سوتسىيالىزمدا كاپىتالىزمدىن يۇقىرى دېموكراتىيە بەرپا قىلىش ئۈچۈن جەزمەن بىۋاسىتە دائىرىنى كېڭەيتىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت ۋەزىيىتىنى يارىتىشقا تۆھپە قوشقىلى بولىدۇ.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. پۇشىڭزۇ: «بۈگۈنكى دەۋر جۇڭگو سىياسىي تۈزۈمى»، فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.
2. «سىياسىيشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 2005 ـ يىللىق 4 ـ سانى.
3. جۇڭ دېڭجيەن: «جۇڭگو سايلام ئەھۋالىدىن دوكلات»، جۇڭگو خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى.
4. «جۇڭگو سىياسىيسى» ژۇرنىلىنىڭ 2005 ـ يىللىق 5 ـ، 8 ـ، 12 ـ سانلىرى.


جاۋابكار مۇھەررىرى: مۇسا روزى

2007 - يىلى 3 - ئاي شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 28 - يىللىق 1 - سان
第28卷第1期 新疆大学学报(哲学社会科学维文版) 2007年3月

# غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش جەريانى ۋە مىللىي كۇلتۇر①لار ھەققىدە

ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق*

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش جەريانى ۋە مىللىي كۇلتۇرلەرنىڭ بۇ ئېچىش جەريانىدىكى ئەھۋالى ئەتراپلىق مۇھاكىمە قىلىنىدۇ ۋە بۇ جەھەتتىكى پاسسىپ ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن يېڭىچە سانائەتلىشىش يولىغا مېڭىش تەشەببۇسى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

**摘要**:本文全面探讨西部大开发的过程与民族文化在这一大开发过程中的状况,提出了为改变这方面的消极状况走新型工业化道路的倡议。

**Abstract**: This article discusses the process of western development and the state of national culture in it. This article also mentions the importance of industrialization in order to remove the passive aspects in this process.

## 1. غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش ئاتالغۇسى ۋە ھادىسىسى

بۈگۈن خەنزۇ تىلىدىكى 西部大开发 ئاتالغۇسى تىلىمىزغا ئاساسەن «غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش»، قىسمەن «غەربنى ئېچىش»، «غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش» شەكلىدە تەرجىمە قىلىنىدى ياكى ئۇ شەكىلدە ئىپادىلاندى. ئۇيغۇر تىلىدا «ئېچىش» دەپ تەرجىمە قىلىنغان « 开发 » سۆزى خەنزۇ تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتىدە مۇنداق ئىزاھلانغان: «(1) قاقاسلىقلار، مەدەن تاغلىرى، ئورمانلار ۋە سۇ كۈچى قاتارلىق تەبىئىي بايلىقلارنى ئوبيېكت قىلىپ ئېلىپ بېرىلغان ئەمگەك ئارقىلىق ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش مەقسىتىگە يېتىش؛ ئاچماق، ئۆزلەشتۈرمەك. مەسىلەن: قاقاس تاغلارنى ئېچىش. خۇاڭ خې دەرياسى سۇ بايلىقىنى ئېچىش، چېگرا رايونلارنى ئۆزلەشتۈرۈش. (2) ئىختىساسلىق خادىملارنى بايقاپ ياكى تېپىپ ئورتاق پايدىلىنىشقا سۇنۇش. مەسىلەن: ئىلغار تېخنىكلارنى تېپىش، ئىختىساسلىق خادىملارنى بايقاش مەركىزى»②.

يۇقىرىقى ئىزاھلاردىن خەنزۇ تىلىدىكى « 开发 » نىڭ ئېچىش، قېزىش، بايقاش، تېپىپ چىقىش دېگەندەك مەنىلىرىنىڭ بارلىقى كۆرۈلمەكتە.

كۈنىمىزدىكى « 西部大开发 » نىڭ بىزگە بېرىدىغان مەنىسى «غەربىي رايوننى تەرەققىي قىلدۇرۇش» بولۇشى ياكى ئۇ شەكىلدە چۈشىنىشىمىز كېرەك. ئەمما خەنزۇ تىلىنىڭ پەلسەپىسى ۋە تىل ئالاھىدىلىكى تۈپەيلى « 西部大发展 » ئەمەس « 西部大开发 » بولغان. ئەلۋەتتە « 开发 » بىلەن « 发展 » ئارىسىدا پەقەتلا خەت شەكلىدە ئەمەس سۆز مەنىسىدىمۇ پەرق بار.

تارىخقا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەركەز قىلىنغان چوڭ سۇلالە ۋە ئىمپېراتورلۇقلارنىڭ غەربىي رايوننى ئېچىش قەدىمىنىڭ توختاپ باقمىغانلىقى كۆرۈلىدۇ. خەن (غەربىي دىيار ۋە غەربىي جەنۇب تەرەپتىن شىمالىي ۋە جەنۇبىي يىپەك يوللىرىنىڭ ئېچىلىشى)، تاڭ (غەربىي دىياردا سىياسىي

* ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى مىللەتشۇناسلىق ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق ئىنستىتۇتى، جەمئىيەتشۇناسلىق فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى، ئاسپىرانت يېتەكچىسى، دوكتور. 100081

ۋە ئەسكىرىي نۇقتىلارنى تەسىس قىلىشى ۋە غەربىي جەنۇب تەرەپتىن تۇبۇت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەر)، يۈەن (تىبەت رايونىغا، غەربىي جەنۇبقا ۋە پۈتكۈل غەرب تەرەپكە قارىتا يۈرگۈزگەن بويسۇندۇرۇشلىرى؛ شىزاڭنى يۈەن سۇلالىسىنىڭ خەرىتىسى ئىچىگە ئېلىشى ۋە مياۋ، يى رايونلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك تۇسى /土司 تۈزۈمىنى يولغا قويۇشى)، مىڭ (موڭغۇل دەۋرىدىكى تۇسى تۈزۈمىنى ئاستا - ئاستا ئەمەلدىن قالدۇرۇپ <改土归流> بۇ رايونلارنىڭ خەنزۇ رايونلىرى بىلەن پۈتۈنلىشىشى يۆنىلىشىدە يولغا قويغان تەدبىرلىرى) ۋە چىڭ (غەربىي دىيارنىڭ تامامەن بويسۇندۇرۇلۇپ بىر ئۆلكە ھالىتىگە ئەكېلىنىشى ۋە باشقا ھەر خىل تەدبىرلىرى) سۇلالىسى دەۋرىدىكى بويسۇندۇرۇش، كۆچكەنلەرنى يەرلەشتۈرۈش ئارقىلىق بوز يەر ئېچىش ھەرىكەتلىرى بولسۇن، گومىنداڭ دەۋرىدىكى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا غەربنى شەرق بىلەن پۈتۈنلەشتۈرۈش بولسۇن ھەممىسىدە غەربىي رايوننى ئېچىش ئىزچىل بولدى، بۇلارنىڭ ھېچبىرى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن باشلانغان كەڭ كۆلەملىك ۋە ئىزچىل «غەربىي رايوننى ئېچىش» ھەرىكىتىچىلىك ئومۇمىيۈزلۈك بولمىغانىدى③.

يېقىنقى يىللاردىكى ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ مەلۇماتلىرىغا قارىغىنىمىزدا، كۈنىمىزدىكى «غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش»نىڭ مەزمۇنىنىڭ تۆۋەندىكى تۆت تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى كۆرۈلمەكتە④.

1. ئۇل قۇرۇلۇشلىرىنى ئېچىش.
2. كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش.
3. ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى تۈزەش.
4. پەن - تېخنىكا بىلەن دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش.

بۇلاردىن باشقا يەنە ئېچىشنىڭ پىكىر يولى ئۈچ جەھەتتە ئىپادىلەنمەكتە. ئىقتىسادنى مەركەز قىلىش، پەن - تېخنىكىنى يېتەكچى قىلىش، شەھەرلەرنى يۆلەنچۈك قىلىش.

كۈنىمىزدە «غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش» تىن سۆز ئېچىلغاندا، ناھايىتى كۆپ سانلىق كىشىلەر يەنىلا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەزگە قويىشىدۇ، ئاز ساندىكى بەزىلەر بولسا، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى بىلەن ئاسراشنىمۇ بۇنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈشىدۇ⑤.

غەربىي رايوننى ئېچىش — ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتۇر. ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى مەقسەت كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش. بۇ يەردىكى تۇرمۇش سۈپىتى ئادەتتە ئىقتىساد، مۇھىت ۋە كۇلتۇردىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرى كەمتۈك بولۇپ قالسا ياكى بىر - بىرىگە ماسلىشالماي قالسا، تۇرمۇش سۈپىتىنىڭ ئۆسكەنلىكىدىن بىخىرامان سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

## 2. غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش جەريانى ۋە مىللىي كۇلتۇرلەر

دۆلىتىمىزنىڭ غەربى ئەسلىدىلا تەرەققىياتى ناھايىتى تەكشىسىز بولغان بىر - بىرىدىن خېلىلا پەرقلىق رايون. مىللەت، دىنىي ئېتىقاد، ئىقتىسادىي ئاساس، كۇلتۇرەل ئەنئەنىسى بولغان، تەخمىنەن ئالتە مىليون 850 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرلىق بىپايان زېمىن بولۇپ پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي زېمىنىنىڭ 71% تىنى، نوپۇسى 320 مىليون بولۇپ پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 28.4% تىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەت نوپۇسى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئاز سانلىق مىللەت نوپۇسىنىڭ 86% تىنى ئىگىلەيدۇ⑥. ئۇنىڭ ئىجتىمائىي فورماتسىيىسى ئەسلىدىلا مۇرەككەپ. بۇ سەۋەبلىك غەربىي رايوننى ئېچىشتا ئەگەر كۇلتۇر ئامىلى نەزەردە تۇتۇلمىسا، مۇناسىۋەتلىك مىللىي كۇلتۇر تەرەققىيات ئىستراتېگىيىلىرى بېكىتىلمەي پەقەتلا ئىقتىسادىي تەرەققىيات تۇتقا قىلىنسا، تەسەۋۋۇر قىلىش بەكمۇ تەس بولغان بىر ئىشقا ئايلىنىپ قالىدۇ⑦.

غەربىي رايوننى ئېچىش ياكى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا شەرقىي رايوننىڭ ئۆرنەك ئېلىنىدىغانلىقى ۋە ياكى شەرقىي رايونلاردىكى ئەندىزىنىڭ غەربتە ئىجرا قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدىكى پىكىرلەرنى ئاڭلايمىز ياكى ئوقۇيمىز. بىزنىڭچە بولغاندا، غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش جەريانىدا، قارىغۇلارچە شەرقىي رايوننى تەقلىد قىلماسلىق كېرەك، يەنە دۇنيانىڭ باشقا يەرلىرىنىمۇ

قارىغۇلارچە دورىماسلىق كېرەك. شەرقىي رايون تەرەققىي قىلدى، ئەمما مەنىۋى جەھەتتىن قانچىلىك تەرەققىي قىلغانلىقى مەسىلىسى بولسا ھەممىمىزنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. كىشىلەرنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى، ئەخلاقى، كۇلتۇرەل سەۋىيىسىنىڭ قانداقلىقى ئۈستىدە توختۇلۇش ناھايىتى زۆرۈر⑧. بۇنىڭ ئەكسىچە، غەربىي رايوندىكىلەر ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقىنى، سەمىمىي ساپ پەزىلىتىنى، قىسقىسى، زامانىۋى ماددىي كۇلتۇرنىڭ مەنپىي تەسىرىگە ئۇچرىمىغان گۈزەل مەنىۋى قىممەتلىرىنى ساقلاپ قالالىغان. ئەسلىدە بۇ قىممەتلەر بۇ رايوننىڭ ئىجتىمائىي تەرتىپىدە ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ناھايىتىمۇ مۇھىم رول ئويناۋاتىدۇ.

بۇ سەۋەبلىك غەربىي رايوننى ئېچىش جەريانىدا چوقۇم مىللەتلەرنىڭ مىللىي كۇلتۇرلىرىغا ھۆرمەت قىلىش، ئۇنى ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بەدىلىگە قۇربان قىلىۋېتەمسىلىك ياكى ۋەيران قىلماسلىق كېرەك. مىللىي كۇلتۇر دېگىنىمىزدە، ئادەتتە مىللەتلەرگە ئۆزگىچە مىللىيلىق، ئۇ مىللەتلەرنى مىللەت قىلىپ تۇرۇۋاتقان قىممەتلەرنى، تۇرمۇش شەكىللىرىنى ۋە بۇ خىل تۇرمۇش شەكلىنى داۋام قىلدۇرۇش ئاساسىدا شەكىللەندۈرگەن ماددىي ۋاسىتىلەرنى، ھەر خىل مۇھىتلىرىنى كۆزدە تۇتىمىز. شۇڭا ھەر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاسلىقى بولىدۇ. بۇ خاسلىق ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي قىممەت قاراشلىرىنى، تۇرمۇش قامداش يوللىرىنى ھەتتا كېيىنكى كۈنلەردە مودا بولغان بېيىش شەكىللىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەريانىدا نەچچىلىگەن ئەسىرلەردىكى تەجرىبىلەردە بىرىككەن تۇرمۇش پەلسەپىلىرىنى، تۇرمۇش ئەندىزىلىرىنى، ئىقتىسادىي قىممەت قاراشلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك. بۇ نۇقتىدىن قارايدىغان بولساق، تەرەققىياتتا بەكرەك ئىقتىساد مەركەز قىلىنىۋاتقان كۈنىمىزدە، يەنىلا مىللىي قىممەتلەرگە سەل قارىماسلىق شەرتى ئاستىدا، يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي قىممەت قارىشىنىڭ نېمىلىكى، بۇ مىللەتنى بېيىتىشنىڭ يولىنىڭ قانداق ئىكەنلىكى ھەققىدە كۆپرەك باش قاتۇرۇش كېرەك. يۇقىرىدا توختالغان مىللەتلەرگە ئۆزگىچە مىللىي كۇلتۇر تۈپەيلى، ئوخشىمىغان مىللەتلەرنىڭ بېيىش ئىزدىنىشلىرىمۇ پەرقلىق بولىدۇ. مەسىلەن، جېجياڭلىق بىر دېھقاننىڭ بېيىش پەلسەپىسى بىلەن قەشقەر بوستانلىقىدىكى بىر ئۇيغۇر دېھقاننىڭ بېيىش پەلسەپىسى مۇقەررەركى ئوخشىمايدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق قىزىقارلىق بىر مىسال بار: شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مەلۇم بىر ناھىيىنىڭ نامرات يېزىسىنىڭ رەھبەرلىرى يۇقىرىدىن كەلگەن ياردەم بىلەن نامراتلارنى بېيىشقا يېتەكلىمەكچى بولىدۇ. بىلىم ئاشۇرغان يەردە ئىچكىرىدىكى دېھقانلارنىڭ قانداق بېيىغانلىقى ھەققىدىكى مىساللاردىن ئىلھام ئېلىپ، نامراتلارغا توخۇ ئېلىپ بېرىپ مۇشۇنى بېقىپ ياكى ئۇ كاكىلىغان تۇخۇم بىلەن بېيىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. لېكىن، دېھقانلارنىڭ كۆپچىلىكى بۇ يول بىلەن بېيىيالمىغان. بۇ ئەھۋالدىن كېيىن بۇ يېزىنىڭ بەزى مەسئۇللىرى «ئۇلارنىڭ ھورۇن ياكى بېيىشنى بىلمەيدىغان دىتسىزلىقى» دىن كايىغان. بۇ يەردە ساقلانغان مەسىلە، بىزنىڭچە بولغاندا، يېزا مەسئۇللىرىنىڭ بۇ يەرگە ماس كېلىدىغان بېيىش يوللىرىنى تاپالمىغانلىقىدا. مانا بۇ سەۋەبلىك خەلقنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغىيالمىغان ۋە پارتىيىنىڭ دېھقانلارنى بېيىتىش سىياسىتى مۇۋاپىق ئىجرا قىلىنالمىغان.

غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش جەريانى، نوپۇسنىڭ كەڭ كۆلەمدە يۆتكىلىشى، ئۇچرىشىشى شۇنداقلا كۇلتۇرلەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن بولىدىغان ئالاقىسىنىڭ قويۇقلىشىشى بولىدۇ. شەرقىي رايوندىكى مىللەتلەر ياكى ئۇ رايوندىكى كىشىلەر 20 نەچچە يىللىق ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جەريانىدا ھەممە جەھەتتىن كۆپ تەجرىبىلىك بولۇپ قالدى، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي قىممەت قارىشى غەربىي رايوندىكىلەردىن تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ ياكى تېخىمۇ رېئاللىشىپ ئەمەلىي بولۇپ كەتتى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، مەنپەئەت — پايدا قارىشى كۈچىيىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بازار ئىقتىسادىغا كۆنۈشلىرىمۇ ناھايىتى ئاسانغا توختىدى. مۇشۇنداق بولغانلىقى سەۋەبلىك كېيىنكى ئېچىش - تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانلىرىدا ئۇلار تېخىدىنمۇ كۆپرەك رېئال پايدىغا ئېرىشتى… غەربىي رايوندىكىلەر بولۇپمۇ يەرلىك مىللەتلەردە مەنىۋىيات قارىشى،

ھېسسىيات قارىشى شەرقتىكىلەردىن كۈچلۈك. ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇغراپىيىلىك شەرتلەر ۋە پىلانلىق ئىقتىساد دەۋرىدىكى ئېتىبار بېرىش سىياسىتىگە كۆنۈپ قالغان بولغاچقا، ھەرىكەت قىلىشنىڭ ئورنىغا، كۈتۈشكە ئامراق. ئىككىنچى بىر مەنىدە بىر ئاز تەمەخور بولۇپ قالغان. بۇ خىل ئاڭنىڭ بازار ئىقتىسادى ئېڭىغا ئۆزگىرىشى ناھايىتى ئاستا بولغاچقا، كۆپىنچە زىيان تارتىشقا مەجبۇر بولۇشقان. ئەلۋەتتە بۇ يەردە، بۇ مىللەتلەر ئىچىدىن چىققان زىيالىيلارنىڭ ئۆزىگە يۈكلەنگەن مەسئۇلىيەتنى ياخشى ئادا قىلمىغانلىقى، ياكى ئۇلارنىڭ «بىز»دىن بەكرەك «مەن» بىلەن بولۇپ كەتكەنلىكىدەك رېئاللىقنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك. زىيالىيلار ھادىسىلەرنى ئالدىن مۆلچەرلەپ سىگنال بېرىش ئورنىغا ھادىسە سادىر بولۇپ بولغاندىن كېيىن قۇرۇق بايان قىلىش ياكى «ئىگراش ــ ۋايساش» بىلەنلا بولغان، ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن ئومۇمىي گەۋدىنىڭ زېمىننى ئازايتىش يولىدا ئەمەلىي ھەرىكەت قىلىشمىغان. بۇ ھال، خۇسۇسەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدا نىسبەتەن ئومۇمىيدۇر. مەسىلەن، زىيالىيلىرىمىزنىڭ خېلى كۆپ سانلىقى تىرىكچىلىك قىلىش ۋە پۇل تېپىش مەقسىتىدە كاۋاپچىلىق كەسپى بىلەن مەشغۇل بولغانلارنى بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلى ئەيىبلەش ياكى ياقتۇرماسلىق پوزىتسىيىسىدە بولىدۇ، ھەتتا بەزىلىرى ئۇلارنىڭ بارلىقىدىن بىئارام بولىدۇ. ئەسلىدە مەنسۇبىيىتى تۈپەيلى مەسئۇلىيىتى بار بولغان بۇ زىيالىيلار ئۇلارنىڭ زامان ۋە ماكانغا لايىقلىششىغا (يېمەكچە تېخنىكا بىلەن كاۋابدانىنىڭ ياسىلىشى، مۇھىت ۋە ئىقتىسادىي قىممەت مۇناسىۋىتى، زامانىۋى مۇلازىمەت ھەتتا ماركىلىنىش... توغرىسىدا) ياردەم قىلىشى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئالدىغا ياخشى تالالاشلارنى سۇنۇشى كېرەك ئىدى، ئەمەلىيەتتە بۇنداق بولمىدى. نەتىجىدە بازار ۋە تاۋار ئېڭى يۇقىرى مىللەت مەنسۇپلىرى بۇ خىل ئەنئەنىۋى كۇلتۇر ئامىلىنى زامانىۋىلاشتۇرۇپ چوڭ ۋە زامانىۋى شەھەر مۇھىتىدا مەۋجۇتلۇقىنى ساقلىيالايدىغان ھالغا ئەكەلدى ۋە ھەتتا پاتېنتىنى ئالدى؛ بازار ئىقتىسادىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى بىلەن مۇلازىمەت كەسپى ۋە سەنئەت تۈرلىرىدىمۇ تېز سۈرئەتلىك ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىياتلار ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە چىقماقتا. بېيجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭجۇ قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە دەسلەپتە تىجارەت بىلەن مەشغۇل بولىدىغان ئۇيغۇرلار كۆپەيگەن بولسا، كېيىنچە مۇلازىمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارمۇ كۆپەيدى. جۈملىدىن رېستوران ۋە ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا ئۇسسۇل ئوينايدىغان بىر تۈركۈم قىزلار پەيدا بولدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىزگە يات بولغان ئەمما بازار ئىقتىسادىنىڭ تەلىپى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان ئەسلىدە ئەرەبلەرگە ئائىت بولغان كېيىملىرى بىلەن تۈركلەرگىمۇ تارقالغان تولغىما ئۇسسۇل ( 肚皮舞 ) ئويناپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان بىر تۈركۈم قىزلار پەيدا بولدى. مەيلى شىنجاڭدا ياكى ئىچكىرىدە بولمىسۇن بۇ خىل ھادىسىگە دۇچ كەلگەن زىيالىيلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى قوبۇل قىلالماسلىق ۋە نىسبەتەن نارازىلىق ئىچىدە تۇرىدۇ. بەزىدە ئەيىپلەيدۇ. ئەلۋەتتە توغرا چۈشىنىدىغانلارمۇ بار، «ئۇلار مۇشۇنداق قىلىپ جان باقمىسا، نان يېگىلى بولمايدۇ جۇمۇ» دەيدىغانلارمۇ بار. لېكىن ئۇلارنىڭ تەن گۈزەللىكى ۋە ئەۋرىشىملىكى كىشىلەرگە بېرىدىغان زوقى بىلەن ئېرىشىدىغان ئىقتىسادى قىممىتى ئارىسىدىكى پەرق بەكلا چوڭ ... بۇ يەردە بىزدىكى ئىقتىسادىي قىممەت قارىشىمىز ۋە بازاردىكى تەلەپ ــ ئارزۇ بىلەن قاندۇرۇش ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ياخشى بىر تەرەپ قىلالماسلىقىمىز ۋە ھەتتا مەسئۇلىيەت ئىگىسى زىيالىيلىرىمىزنىڭ ئاشۇ چارىسىز قىزلارنىڭ ئەمگىكىنىڭ ئەرزانلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ھېچبولمىغاندا پىكىر ــ لايىھە ئىشلەپچىقارمايۋاتقان رېئاللىقى ئەلۋەتتە مەۋجۇت. ئالدىنقى كۈنى ناشتا قىلىۋېتىپ ئادىتىم بويىچە تېلېۋىزور قاناللىرىدا تۈزۈكرەك بىرنېمە بارمىكىن دەپ تېز سۈرئەتتە يۆتكەۋاتاتتىم. تۇيۇقسىز BTV نىڭ تۆرمۇش قانىلىدىن تۈركچە تارقانىڭ شوخ ناخشىسى بىلەن توختىدىم. بۇرۇن لاتىن ئۇسسۇللىرى ئۆگىتىلىدىغان پروگراممىدا تولغىما ئۇسسۇل ئۆگىتىلىۋاتاتتى. ئۆگەتكۈچىنىڭ ۋۇجۇت قۇرۇلمىسى ۋە تەندىكى ئەۋرىشىملىكى ھەقىقەتەن بۇ ئۇسسۇلنى ياخشى ئويناشقا يېتەرسىز ئىدى. كاللامدىن چاقماق تېزلىكىدە شۇلار ئۆتتى: بېيجىڭدىكى رېستورانلاردا بۇنداق ئۇسسۇلنى ئوينايدىغان قىزلار پەيدا بولغىنىغا 10 يىل

بولاي دەپ قالدى، ئەرەبلەردىن قىلىشمىغۇدەك دەرىجىدە ئۇسسۇل ئوينايدىغان بۇ قىزلار ھەجەپ كۆرسىلىشىش، كەسپلىشىش يۆنىلىشىگە تەرەققىي قىلماپتۇ ـ يا؟ ئىچكىرىنىڭ بازىرى مەنىۋى نامراتلىق ئىچىدە بۇنداق سەنئەت تۈرلىرىگە بەكلا ئېھتىياجلىق، چوڭ شەھەردىكى كىشىلەر ھاللىق سەۋىيىگە يېتىپ بولدى، ئۇلار ئەمدىلىكتە تۇرمۇشنىڭ ھالاۋىتىنى، ھوزۇرىنى قوغلىشىدۇ … ئەگەر بۇ قىزلار مۇشۇ تەلەپنى، ئېھتىياجنى بىلگەن، ھېس قىلغان بولسا، ئۇسسۇللىرىنى تېخىمۇ مۇنتىزىم، سىستېمىلىق قىلىپ تاۋارلاشتۇرسا، كۇرس ئاچسا، تېخىمۇ كۆپ ئىقتىسادىي قىممەت ياراتماسمىدى، بىچارىلەر رېستوران ۋە كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا يېرىم يالىڭاچ ھالەتتە سائەتلىك ئۇسسۇل ئويناپ تايىنلىقلا پۇل تاپىدۇ، ئەگەر كۇرس ئاچسا نەچچە مىڭ، ھەتتا تۈمەن تاپقان بولۇر ئىدى… بۇنداق مىساللارنى خالىغانچە كۆپەيتىشىمىز مۇمكىن.

غەربتىكى رايونلار تېخنىكا ۋە مائارىپ جەھەتتىن ئارقىدا قالغانلىقى، قاتناشنىڭ قولايسىزلىقى، دۆلەتنىڭ شەرققە قاراتقان ئېتىبار سىياسىتى ياكى ئالاھىدە رايون سىياسەتلىرىدىن ۋاقتىدا بەھرىمەن بولالمىغانلىقىدەك كونكرېت سەۋەبلەر تۈپەيلى، سانائەتلىشىش يېتەرسىز بولدى. سانائەتلىشىشنىڭ يېتەرسىزلىكى يېزا نوپۇسىنىڭ كۆپ بولۇشىنى، نامراتلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە نوپۇس سۈپىتىدىكى پەرقنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقاردى. غەربىي رايوننى ئېچىش ئىستراتېگىيىسى باشلانغاندا، ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ يەنىلا شەرقتىكى سەرمايە ئىگىلىرى ياكى ئالدىن بېيىغان، تەرەققىي قىلغانلار بولدى ياكى شۇنداق بولۇشى مۇقەررەر ئىدى.

ئۇيغۇر رايونىنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، گەرچە ئۇيغۇرلاردا ۋە ئۇيغۇر رايونىدىكى سانائەتلىشىش ھەرىكىتى XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا باشلانغان، XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خېلىلا ئومۇملىشىشقا يۈزلەنگەن بولسىمۇ، شىنجاڭ رايونىنىڭ گېئوپولىتىك ئورنى ۋە بۇ رايوندا يۈز بەرگەن قالايمىقانچىلىق ۋە ئىچكى ئۇرۇشلار ئۇنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى كاپالەتكە ئالالمىدى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن كېيىن دۆلىتىمىز مىقياسىدا ئوتتۇرىغا چىققان ئۆزگىرىشلەردىن ئىلھام ئالغان مىللىي كارخانىچى ـ سودىگەرلەر ئەندىكىپرەك ۋە كىچىككىپرەك بولسىمۇ سانائەت ـ كارخانا قۇرۇش يولىغا پاسسىپ ھالدا ماڭدى. لېكىن بۇ خىل كارخانىچىلىقنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلما ئىچىدىكى تەجرىبە — سەرمايە جۇغلانمىسىنى ئىتتىرگۈچ كۈچ قىلغانلىقىنى ئېيتىش بىر ئاز قىيىن. دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلاردا يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇكتەك تۇركۈم ـ تۇركۈملەپ كۆپەيگەن يېزا ـ بازار كارخانىلىرى بۇ رايوندا كۆپىيەلمىدى. گەرچە بۇنداق بولۇشىدا ھەر خىل سەۋەبلەر بولسىمۇ، بىزنىڭچە كادىرلىرىمىز ۋە زىيالىيلىرىمىزنىڭ دۆلەت مىقياسىدىكى چوڭ سىياسەت ۋە تەرەققىياتقا پاراللېل شەكىلدە رايون خاراكتېرلىك، تېخىدىنمۇ توغرىسى، ئۆزلىرىنىڭ مىللىتىگە ماس تەرەققىيات ئەندىزىلىرىنىڭ شەكىللەندۈرۈلۈشىدە تېگىشلىك مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلالمايۋاتقانلىقى ھادىسىسى كۆزگە چېلىقىپلا تۇرىدۇ.

ئەمما ئۇيغۇر سودىگەرلىرى دۆلەت ئىچىدىكى تەرەققىياتقا ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدە بار بولغان تىجارەتچىلىك ئەنئەنىسى بىلەن گەرچە زامانىۋى باشقۇرۇش ۋە ئۇچۇر ئىلىملىرىدىن خەۋەرسىز بولسىمۇ قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىلا شاڭخەي، بېيجىڭ، گۇاڭجۇ، شېنجېنلاردا قايناملا چۆشكەندى. لېكىن كېيىنكى تەرەققىيات جەريانىدا باشلانغۇچتىكىدەك ئۈستۈنلۈك ياكى تەلىيى ئوڭدىن كېلىۋەرمىدى. 90 ـ يىللاردىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ كۇلتۇرەل ۋە ئىرقىي ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا سودا قىلىپ ئاز بولمىغان بەدەللەرنى تۆلىدى. لېكىن ئاساسلىق پايدىنى ئالالمىدى. ئەكسىچە، بۇ يەردىكى ئەڭ ئەرزان ۋە ئوڭاي بوزەك قىلىنىدىغان گۇرۇپ بولۇپ قالدى….

ئەگەر بىز سوغۇققانلىق بىلەن ئويلىنىپ كۆرىدىغان بولساق، نەتىجە ئالدىدىن مەلۇم ئىدى. ئۇلارنىڭ رولى ئەسلىدە ئوتتۇرىدىكى بىر خىل ۋاستىچىلىق سودىسىدىنلا ئىبارەتتى. زاۋۇت ئىگىلىرى ئۆزلىرى بىۋاسىتە بۇ رايونلاردا توپ تارقىتىش بازارلىرىنى قۇرۇشى بىلەنلا، تۈركۈم ـ تۈركۈملىگەن سودىگەرلەر زىيان تارتىشقا باشلىدى. زامانىۋىلىشىش جەريانىدا،

ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئامىللىرىدىن بىرى — ئىشلەپچىقىرىش مەركەزلىرى يەنى زاۋۇتلارنىڭ كۆپلەپ قۇرۇلۇشىدا. زاۋۇتلار پەقەتلا ئىقتىسادىي قىممەت ياراتماستىن يەنە جەمئىيەتتىكى ئىشسىزلىقنى مۇۋاپىق دەرىجىدە ھەل قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئۇ ماس قەدەملىك ياكى ئالاقىدار تەرەققىياتلارنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش جەريانىدىمۇ كۆپلىگەن زاۋۇت - كارخانىلار قۇرۇلۇۋاتىدۇ، لېكىن سەرمايە ۋە تېخنىكىلار ۋە ئىشچىلار ئاساسەن شۇ رايوندىن ئەمەس. بۇنىڭ بىلەن خېلى ئېغىر ئىشسىزلىق كېلىپ چىقتى.

كېيىنكى تەرەققىياتلارغا نەزەر سالىدىغان بولساق، بىزدىكى شىركەت ياكى كارخانىلار ئاساسلىقى يېمەك - ئىچمەك پىششىقلاپ ئىشلەش كاتېگورىيىسى بىلەن كۆڭۈل ئېچىش يەنى سەنئەت كاتېگورىيىسىگە مەركەزلەشكەنلىكى كۆرۈلىدۇ. سودىدا بولسا ئال - ساتچىلىق (مەيلى دۆلەت ئىچىدىكى تىجارەت ياكى دۆلەتلەر ئارا تىجارەت بولسۇن) ئاساسلىق ئورۇندا. تۈگمەنچىلىك يەنى ئۆزى ئىشلەپ، ئۆزى ساتىدىغان يۈرۈشلەشكەن تىجارەت بەكلا ئاجىز.

## 3 . قىسقىچە تەھلىل

يىغىنچاقلىساق، غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش ھەرىكىتى بىر تەرەپتىن، دۆلەت ئىچىدىكى تەكشى تەرەققىياتنى قوغلاشسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ ئارقىلىق دۆلەتنىڭ سوتسىئو=كۇلتۇرەل پۈتۈنلىشىشىنىمۇ ئىلگىرى سۈرىدىغان كەڭ كۆلەملىك ھەرىكەتتۇر. بۇ جەرياندا غەربىي رايون ئەسلىدىكى ئۆزىنىڭ بار بولغان تەرەققىيات سۈرئىتىنى سىرتقى تەسىر بىلەن تېزلىتىلىدىغانلىقى، شەرقنىڭ سەرمايىسى ۋە ئىلغار تېخنىكىسى بىلەن يېتىشكەن ئىختىساسلىق خادىملىرى بۇ جەرياندا مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقى تۈپەيلى، ئەگەر يەرلىكلەر پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆزلىرىگە خاس تەرەققىيات ئەندىزىسىنى تېپىپ چىقالمىسا ۋە ئومۇمىي ساپاسىنى مۇۋاپىق شەكىلدە يۇقىرى كۆتۈرۈپ رەھىمسىز بازار ئىقتىسادىغا ماسلىشىشنى ئۆگىنەلمىسە بەلكىم ناھايىتى پاسسىپ ۋە ئەگەشمە ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىپ «غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش» پويىزىدا «ئورۇندۇقسىز» بىلەتكە ئېرىشىپ قېلىشى مۇقەررەر.

غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش جەريانىدا، كۇلتۇرىمىز تارىختا كۆرۈلمىگەن دەرىجىدىكى تاللاشلارغا دۇچ كەلمەكتە. بۇ ئالدى بىلەن، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئىقتىسادىي پەلسەپىمىزنىڭ تېخىچە سىستېمىلاشتۇرۇلمىغانلىقى، دېھقانلىرىمىزنىڭ بېيىش يولىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى بىلمەسلىكى، يەرلىك قول ھۈنەرۋەنچىلىكىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇلۇپ كارخانىلاشتۇرۇلمىغانلىقى تۈپەيلى زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشى ۋە ئىشسىزلار قوشۇنىنىڭ ئاۋۇشى، دېھقانلىرىمىزنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ قىممەتسىزلىشىشى، خام مەھسۇلاتلارنىڭ پىششىقلاپ ئىشلىنەلمەسلىكى، تاۋارلاشتۇرۇلماسلىقى، تىجارەتتە داۋاملىق چېكىنىش قاتارلىق جەھەتتە روشەن كۆرۈلمەكتە. كۇلتۇرنىڭ ماددىي ئامىللىرىنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇلۇپ بازارلاشتۇرۇلماسلىقى (قول ھۈنەرۋەنچىلىك، مىللىي سانائەت، يېمەك - ئىچمەك سانائىتى، كۇلتۇرەل كەسىپلەر 文化产业)، بۇنىڭدىن باشقا غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش دولقۇنىدا يەرلىك مىللەتلەرنىڭ مائارىپىنىڭ جىددىي تاللاشلارغا دۇچ كەلگەنلىكى قاتارلىق مەسىلىلەرمۇ بار. بۇنىڭ ئۈچۈن، زىيالىيلىرىمىز چوڭ يۈزلىنىش بىلەن توقۇنۇشمايدىغان ئەمما ئۆز مىللىتىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە كۇلتۇرەل قۇرۇلمىسىغا ئۇيغۇن بولغان زامانىۋىلىشىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش مودېللىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك، يەنى پاسسىپ قوبۇل قىلىشنىڭ ئورنىغا ئاكتىپ ئەمما ئەقلىي قوبۇل قىلىش يوللىرىنى ئىزدىشى كېرەك.

ئىزاھلار:

① كۇلتۇر ئاتالغۇسى تىلىمىزدا دەل مەنىسى بىلەن ئىپادە قىلىنالمىغان ئاتالغۇ بولۇپ، بۇ ئاتالغۇ ئىنگلىز تىلىدا Culture سۆزى بىلەن، خەنزۇ تىلىدا بولسا 文化 شەكلىدە ئېلىنغان، ئىنگلىز تىلىدىكى Civilization بولسا خەنزۇچىدا 文明 شەكلىدە ئېلىنغان ۋە غەرب تىللىرىدىكى مەنىسى بۇ سۆزلەرگە يۈكلەنگەنىدى. تىلىمىزدا بولسا ھەر ئىككىسىلا مەدەنىيەت سۆزى ياكى مەدەنىيەتتىن تۈرلەنتىلگەن ئەمما 文化 ۋە Culture ئاتالغۇلىرىنى دەل ئىپادىلەشتىن ئۇزاق سۆزلەر بىلەن ھەل قىلىشقا تىرىشىلغان. ئۇيغۇر ئىجتىمائىي پەنلىرىدىكى تەرەققىياتنىڭ ئاستىلىقى، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق قاتارلىق ئىلىملەرنىڭ تېخىچە شەكىللەنمىگەنلىكى، بۇ تۈپەيلى بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ يوقلۇقىدەك رېئال سەۋەبلەر بىلەن «كۇلتۇر»گە ئوخشاش ئاتالغۇ ۋە ھادىسىلەر ئىلمىي شەكىلدە ئىزاھلىنىپ مۇقىملاشتۇرۇلمىغان. بۇ خىل مەسىلىلەرنى بۇرۇنلا ھەل قىلىپ بولغان مىللەتلەرنىڭ تىلىدىكى ئەسەرلەر ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغاندا، بۇ خىل ئاتالغۇلار تەرجىمانلار تەرىپىدىن يەنىلا «مەدەنىيەت» دەپ تەرجىمە قىلىنغان، ئاتالغۇغا يۈكلەنگەن مەنالار ئاڭقىرىلمىغان، بۇ سەۋەبلىك ئاتالغۇ قالايمىقانچىلىقى كېلىپ چىققان. ئەمەلىيەتتە «كۇلتۇر» جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە ئىنسانشۇناسلىق ئاتالغۇسى بولۇپ، ئادەتتە مىللەتكە ئۆزگىچە بولغان ھەممە نەرسىنى كۆرسىتىدىغان ئاتالغۇدۇر. «مەدەنىيەت» بولسا مىللەتلەرگە ئورتاق بولغان ياكى مۇئەييەن مىللەتلەرگە تەۋە بولغان، مەسىلەن: ئىسلام مەدەنىيىتى، غەرب مەدەنىيىتى دېگەندەك چوڭ دائىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەقتىكى نەزەرىيىۋى ئىزدىنىشىمىز ئايرىم ماقالە شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ تېخىمۇ كەڭرى مەلۇماتقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق: «كۇلتۇر ۋە مەدەنىيەت ئاتالغۇلىرىغا سوتسىئولوگىيىلىك ئىزاھات»، «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ 2003 ـ يىللىق 4 ـ سانىغا قاراڭ.

② 现代汉语词典(2002 年增补本),中国社会科学院语言研究所词典编辑室编.商务印刷馆.2002 年北京.698 页。

③ 张海洋.中国的西部开发与少数民族文化保护.西部开发与教育发展博士化坛.民族出版社.2001 年,233 页。徐平;民族教育也要大开发.西部开发与教育发展博士论坛.民族出版社.2001 年.86 页。

④ 滕星,西部开发与民族地区教育发展若干关系思考.西部开发与发展博士论坛.民族出版社.2001 年.3 页。

⑤ 张宗奇,民族团结的要义应贯穿在民族教育的始终.西部开发与教育发展博士论坛,民族出版社,2001 年.111 页。

⑥ 刘兴全等,中国西部开发史话,民族出版社.2001 年.1 页。

⑦ 何琼,西部民族文化研究,民族出版社,2004 年.339 页。

⑧ 张宗奇.民族团结的要义应贯穿在民族教育的始终,西部开发与教育发展博士论坛.民族出版社.2001 年.111 页。

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق: «كۇلتۇر ۋە مەدەنىيەت ئاتالغۇلىرىغا سوتسىئولوگىيىلىك ئىزاھات»، «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ 2003 ـ يىللىق 4 ـ سانى.

2. ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق: «كۇلتۇرنىڭ مەدەنىيەتتىن پەرقى ۋە مىللىي كۇلتۇر»، «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىللىق 2 ـ سانى.


جاۋابكار مۇھەررىرى: مۇسا روزى

# جەمئىيىتىمىزدىكى «ئاجىزلار توپى» ۋە ئۇلارنى يۆلەش سىياسىتى توغرىسىدا

ئابدۇۋەلى ھېمىت*

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، نۆۋەتتە جەمئىيەتتە ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇۋاتقان «ئاجىزلار توپى» ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى ھەم ئاجىزلارنى يۆلەش سىياسىتى ئۈستىدە قىسقىچە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要**：本文简要论述当前社会上普遍存在的《弱势群体》及其分类、扶助弱《势群体》的政策等。

**Abstract**: This article talks about the weak in our society, their kinds and the helpful policy to them.

پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈش جەريانىدا، ئېلىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئىشلىرىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. 21 ـ ئەسىرگە قەدەم قويۇشىمىزغا ئەگىشىپ غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىشى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېخىمۇ زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلدى. مۇشۇنداق ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنىڭ قۇربانى سۈپىتىدە «ئاجىزلار توپى» كۈندىن ـ كۈنگە گەۋدىلىنىپ، جەمئىيىتىمىزدە بىر ئالاھىدە مەسىلىگە ئايلاندى. پارتىيىمىزنىڭ باش سېكرېتارى خۇجىنتاۋ كۆپ قېتىم «ئاجىزلار توپى»غا كۆڭۈل بۆلۈش مەسىلىسىنى، قانداق قىلىپ دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ، دېگەن مەسىلىنى تەتقىق قىلىشنى، يېزىلار، يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار مەسىلىسىنىڭ پۈتۈن پارتىيىمىز خىزمىتىنىڭ مۇھىممىنىڭ مۇھىمى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى. دۆلەت ۋە پارتىيە رەھبەرلىرىنىڭ ئاجىزلار توپىغا كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىشى، جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئېڭىدىكى زور بىر ئىلگىرىلەش ھېسابلىنىدۇ.

## 1. «ئاجىزلار توپى» ئۇقۇمى

ئاجىزلار ئاساسلىقى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئاجىزراقلار ۋە ئاسانلا زىيانكەشلىككە ئۇچرايدىغان توپنى كۆرسىتىدۇ. ھەر خىل ئاجىزلار توپىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار ئەمگەك ئىقتىدارىنى يوقاتقان ۋە ئەمگەك ئىقتىدارى يوقلار، ئاساسىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامداشقا كېرەكلىك بولغان كىرىمى ئومۇمىيۈزلۈك يېتەرسىزلەردۇر①. ياۋروپا، ئامېرىكدىكى تەرەققىي تاپقان ئەللەردىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ بۇ توغرىسىدىكى تەتقىقاتى بىر قەدەر كۆپ ۋە چوڭقۇر بولۇپ، ئۇلار جەمئىيەتتىكى بارلىق تۆۋەن قاتلامدىكى ئاما، چەتكە قېقىلغان ئاما ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرايدىغان ئاممىنى «ئاجىزلار توپى» دەپ ئاتايدۇ. چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ۋىلسون ئۆزىنىڭ «ھەقىقىي ئاجىزلار: شەھەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكىلەر، تۆۋەن قاتلامدىكىلەر ۋە ئاممىۋى سىياسەت» دېگەن ئەسىرىدە «ئامېرىكا جەمئىيىتىدىكى

* ئابدۇۋەلى ھېمىت: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي ۋە ئاممىۋى باشقۇرۇش ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى، ماگىستىر. 830046

ئاجىزلار شەھەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ياغاچ قورۇلمىلىق ئۆيلەردە ئولتۇرىدىغانلار ۋە نامراتلار رايونىدىكى تۆۋەن قاتلام كىشىلەر، نېگىرلار ۋە رەڭلىك ئىرقلار، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاياللار، كۆچمەنلەر، ئاسىيا، ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىلىقلار پۇشتىدىن بولغان ئامېرىكىلىقلار، ياشانغانلار ۋە پېنسىيىگە چىققانلار، ئوخشاش جىنسلىقلار ئارا مۇھەببەتلەشكەنلەر ۋە پاھىشە ئاياللار، قىسقا ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىشسىزلار، پاراۋانلىققا تايىنىپ ياشايدىغانلار، تۇل ئاياللار، جىنايەت ئۆتكۈزۈش تارىخى بارلار ۋە زەھەر چەككۈچىلەر»[2] دەپ كۆرسەتكەن. «ئاجىزلار توپى ئۇقۇمى بىر نىسپىي ئۇقۇم، ئۇ بىر قىسىم ئاما (ئاز سانلىقلار) نى يەنە بىر قىسىم ئاممىغا (كۆپ سانلىقلار) غا سېلىشتۇرغاندا ئىقتىساد، مەدەنىيەت، تەن قورۇلۇشى، ئەقلىي ئىقتىدارى، تورۇۋاتقان شارائىتى قاتارلىق تەرەپلەردە پايدىسىز ئورۇندا تۇرىدۇ. مەسىلەن: ياشلارغا سېلىشتۇرغاندا بالىلار ۋە ياشانغانلار، ئەرلەرگە سېلىشتۇرغاندا ئاياللار، ساغلام كىشىلەرگە سېلىشتۇرغاندا مېيىپلار، ئىش ئورنى بارلارغا سېلىشتۇرغاندا ئىشسىزلار، نورمال كىرىملىكلەرگە سېلىشتۇرغاندا نامراتلار، ئاساسىي مەدەنىيەتتىكى ئاممىغا سېلىشتۇرغاندا ئىككىلەمچى مەدەنىيەتتىكى ئاما، كۆپ سانلىق مىللەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا ئاز سانلىق مىللەتلەر، ئەركىن گىراژدانلارغا سېلىشتۇرغاندا ئەركىنلىكىنى يوقاتقان ياكى ئەركىنلىكى چەكلەنگەن گىراژدانلار قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. بۈگۈنكى زاماندىكى جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق، قانۇنشۇناسلىق ۋە كىشىلىك ھوقۇق نەزەرىيىلىرىدە بۇلار «ئاجىزلار توپى» دەپ ئاتىلىدۇ»[3].

## 2. «ئاجىزلار توپى»نىڭ تۈرلىرى

نۆۋەتتە جەمئىيىتىمىزدىكى ئاجىزلار توپىنى تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

بىرىنچى، جىسمانىي خاراكتېرلىك ئاجىزلار. جىسمانىي خاراكتېرلىك ئاجىزلار دېگەندە، جىسمانىي سەۋەبتىن تۇرمۇشنىڭ مەلۇم تەرەپلىرىدە باشقىلارغا تايىنىدىغان، جەمئىيەت رىقابىتىدە ئاجىز ئورۇندا تۇرىدىغان ۋە ئاسانلا زىيانكەشلىككە ئۇچرايدىغان ئاما كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى ياشانغانلار، مېيىپلار، بالىلار، يېتىم بالىلار، ئۇزۇن مۇددەت كېسەل بولغانلار. ئۇلار ئەمگەك ئىقتىدارى يوق ۋە ئەمگەك ئىقتىدارىنى يوقاتقانلاردۇر، ئۇلار تۇرمۇش جەھەتتە جەمئىيەتنىڭ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشىگە ۋە قوغدىشىغا موھتاج. بۇلار ئىجتىمائىي پاراۋانلىق مۇلازىمىتىنىڭ ئوبيېكتلىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچى، نامرات دېھقانلار. تەرەققىي تاپقان ئەللەردىكى نامراتلار ئاساسەن شەھەرلەرگە مەركەزلەشكەن، تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەردە نامراتلار ئاساسەن يېزىلاردىكى دېھقانلار. نۆۋەتتە ئېلىمىزدە مۇتلەق كۆپ قىسىم نامرات ئاما دېھقانلار بولۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنىڭ ئېشىشى ئاستا، يۈكى ئېغىر، ئىجتىمائىي كاپالىتى يېتەرسىز. يەرلەرنىڭ ئازىيىشى تېز، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يەر ئاز، كىرىمى تۆۋەن. «ئاھالىنىڭ 80% نى ئىگىلەيدىغان دېھقانلارنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت چىقىمى پۈتۈن دۆلەت ئىجتىمائىي كاپالەت چىقىمىنىڭ 11% نى ئىگىلەيدۇ. ئاھالىنىڭ 20% نى ئىگىلەيدىغان شەھەر ئاھالىسى پۈتۈن ئىجتىمائىي كاپالەت چىقىمىنىڭ 89% نى ئىشلىتىدۇ. ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنىڭ قاپلىنىش دائىرىسى شەھەرلەرنىڭ 91% كە يەتكەن. يېزىلار بولسا ئاران 2%[4]. يېزىلارنىڭ ئىسلاھات قەدىمى ئارقىدا قالغان بولۇپ، يېزىلار، يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار مەسىلىسى بىرقەدەر گەۋدىلىك بولماقتا.

ئۈچىنچى، شەھەرلەردىكى غەيرىي شەھەر ئاھالىسى. شەھەرلەردىكى غەيرىي شەھەر ئاھالىسى دېگىنىمىز، شەھەرلەردە ياشاۋاتقان، لېكىن شەھەر ئاھالىلىرى بەھرىمەن بولىدىغان مۇلازىمەت ۋە كاپالەتتىن بەھرىمەن بولالمايدىغان يېزىلاردىن كەلگەن خەلق ئىشچىلىرى، سىرتتىن شەھەرگە كەلگەن ھۈنەرۋەنلەر، تىلەمچىلەر ۋە باشقا سىرتتىن كەلگەنلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ھېسسىيات جەھەتتە شەھەر ئاھالىلىرى بىلەن باراۋەر مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولالمايدۇ، ھەر خىل قىيىنچىلىقلارغا يولۇقۇپ تۇرىدۇ. ئۇلار نوپۇس، مەكتەپكە كىرىش، ئۆي سېتىۋېلىش، ئىشقا ئورۇنلىشىش، داۋالىنىش قاتارلىق جەھەتلەردە چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. ئۇلار شەھەرلەردىكى كۆزگە ئېلىنمايدىغان ۋە كەمسىتىلىدىغان ئاجىزلار توپى ھېسابلىنىدۇ.

تۆتىنچى، ئىشسىزلار ۋە ئىش ئورنىدىن قالغانلار. ئۇلار بازار ئىگىلىكى ئىسلاھاتىدا ئەمگەك كۈچى بازارلىرىدا رىقابەت ئىقتىدارى ئاجىز بولغاچقا رىقابەت

جەرياندا شاللىۋېتىلگەن قىيىنچىلىقى بار توپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئەمگەك ئىقتىدارىغا ئىگە. لېكىن ئىشقا ئورۇنلىشىشتا قىيىن ھالەتتە تۇرۇۋاتقان، تۇرمۇشى نامرات ئۆتىۋاتقانلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن، ئىجتىمائىي كاپالىتى يېتەرسىز، روھىي بېسىمى ئېغىر. ئۇلار ئىقتىسادىي جەھەتتە، ئىشقا ئورۇنلىشىش جەھەتتە ۋە روھىي جەھەتتە جەمئىيەتنىڭ قوللىشىغا مۇھتاج.

## 3. «ئاجىزلار توپى»نى قوغداش ۋە قوللاش تەدبىرلىرى

(1) ئىجتىمائىي بىخەتەرلىك تورى قۇرۇش كېرەك.

ئىجتىمائىي بىخەتەرلىك تورى دېگەندە، ھۆكۈمەت ۋە جەمئىيەت كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئاساسىي تۇرمۇش ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ كىرىمىنى تەقسىملەش ۋە قايتا تەقسىملەش ئارقىلىق، ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تۇرمۇشى قىيىنچىلىققا ئۇچرايدىغان كىشىلەرنى ماددىي ياردەم ۋە ئىجتىمائىي مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ بىر ئىجتىمائىي سىستېما بولۇپ ئىجتىمائىي كاپالەت، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ۋە ئىجتىمائىي مۇلازىمەت قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇ يەنە ھۆكۈمەت ياردەم بېرىدىغان، جەمئىيەت ياردەم بېرىدىغان ۋە شەخس ياردەم بېرىدىغان تارماق سىستېمىلاردىن تەركىب تاپىدۇ. ھۆكۈمەت ياردەم بېرىدىغان سىستېما دېگەندە، بىخەتەرلىك تورىنى قۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى ئاجىزلار توپى — ئىشسىزلار، ياشانغانلار، مېيىپلار، نوپۇسسىزلار قاتارلىقلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن كۈندىلىك تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ جەمئىيەتنىڭ ئادىللىقى، مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. جەمئىيەت ياردەم بېرىدىغان سىستېما دېگەندە، پاراۋانلىق مۇلازىمىتىنى ھۆكۈمەتتىن باشقا يەنە ئاممىۋى تارماقلار، پايدا ئالىدىغان تەشكىلاتلار ۋە پايدا ئالمايدىغان تەشكىلاتلار ۋە مەھەللە قاتارلىقلارنىڭ ئورتاق ئۈستىگە ئېلىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شەخس ياردەم سىستېمىسى دېگەندە، ئاجىزلار توپىدىكى قىيىنچىلىقى بارلارنىڭ نوقۇل ھالدىكى يۆلىنىۋېلىش، كۈتۈپ تۇرۇش، تەلەپ قىلىشتەك ئىدىيىلەردىن قۇتۇلۇپ ئۆز ئۆزىنى قوغداش، ئۆز ئۆزىنى ھۆرمەتلەش، ئۆز ئۆزىنى يۈكسەلدۈرۈش ئىدىيىسىنى كۈچەيتىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۆز ئۆزىنى قوللاشنى ئاساس قىلمىغاندا سىرتقى ياردەمنىڭ رولى كۆرۈنەرلىك بولمايدۇ.

(2) ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشى.

يولداش ۋېن جىياباۋ نۆۋەتتىكى ھۆكۈمەت دۇچ كېلىدىغان ئاساسلىق مەسىلىلەرنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلىدى: بىرىنچى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئاستا، دېھقانلارنىڭ كىرىمى تۆۋەن تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ ئىچكى ئېھتىياجنى ئاشۇرۇشقا توسالغۇ بولۇۋاتقان ئاساسىي مەسىلە. ئىككىنچى، بىر قىسىم كارخانىلارنىڭ تىجارىتى قىيىن، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى ئورنىتىش ئۇزۇن مۇددەتلىك ۋەزىپە. ئۈچىنچى، ئىش ئورنىدىن قالغانلار ۋە ئىشسىزلارنىڭ سانى ئۈزلۈكسىز كۆپەيمەكتە، ئىجتىمائىي كاپالەت بېسىمى ئىنتايىن ئېغىر. تۆتىنچى، شەھەرلەر بىلەن يېزىلارنىڭ، شەرقتىكى رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتى تەكشىسىز، خېلى بىر قىسىم رايونلار، خېلى بىر قىسىم ئائىلە نامراتلىق ھالىتىدە تۇرماقتا. بەشىنچى، مالىيە يۈكى ئېغىر، ناچار مۈلۈكنىڭ نىسبىتى يۇقىرى بولۇۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، يېزىلار، يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار مەسىلىسى نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي خىزمەتنىڭ مۇھىم ھالقىسى. دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش، شەھەرلەردىكى نامرات ئائىلىنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئىشسىزلارغا تېخىمۇ كۆپ ئىش ئورنى يارىتىپ بېرىش ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى ئاجىزلار توپىنى ئەمەلىي مەنپەئەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

(3) ئاجىزلار توپى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى ئىجتىمائىي سىياسەت.

بۇ ئىجتىمائىي سىياسەتنى تۆۋەندىكى نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

1) ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتى. جۇڭگودىكى ئەمگەك كۈچى 740 مىليون، ياۋروپا ۋە باشقا تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ بارلىق ئەمگەك كۈچى ئاران 430 مىليون. جۇڭگودا يەنە ھەر يىلى 10 مىليون ئەمگەكچى ئېشىپ بېرىۋاتىدۇ، جۇڭگودىكى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ۋە ئىشسىزلار 14 مىليوندىن ئاشىدۇ. شەھەرلەرگە كىرگەن خەلق ئىشچىلىرى 120 مىليوندىن ئاشىدۇ. جۇڭگو يۈزلىنىۋاتقان ئىشسىزلىق بېسىمى ئىنتايىن ئېغىر. دۆلىتىمىز نۆۋەتتە دۆلەت ئەھۋالى ۋە ئىسلاھاتنىڭ نىشانىنى چىقىش قىلىپ ئاكتىپ ئەمگەك

كۈچى بازىرى سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئىشسىزلارنى قوزغۇتۇش ۋە كەسىپكە يېتەكلەش، كەسىپ ئۆزگەرتىش بويىچە تەربىيىلەش، ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆز ئۆزىنى قۇتقۇزۇش قاتارلىق قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى تۈزۈملەشتۈرمەكتە. ئىشقا ئورۇنلىشىش ئورنىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن دۆلەت يۇقىرى قوشۇمچە قىممەت يارىتىدىغان يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە، كۆپ خىل مۈلۈكچىلىك شەكلىدىكى ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، شەخسلەرنىڭ ئىگىلىك تىكلىشىگە ئىلھام بېرىشتەك كۆپ خىل، جانلىق ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇۋاتىدۇ.

2) دېھقانلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش سىياسىتى. ئىسلاھات جۇڭگودىكى كۆپ قىسىم دېھقانلارنىڭ كىيىنىش ـ تويۇنۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى، لېكىن دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى يەنىلا باياشات ئەمەس، جۇڭگودىكى نامرات ئائىلىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يېزىلاردا. يېزىلارنىڭ ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش نىشانى ئىشقا ئاشمىسا، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش نىشانىنى ھەقىقىي يوسۇندا ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. يېزىلارنىڭ زامانىۋىلىشىشى بولمىغاندا، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ زامانىۋىلىشىشى ئىشقا ئاشمايدۇ. شۇڭا ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، يېزىلار ئاساسلىق ئورۇنغا قويۇلۇشى لازىم. زۇڭلى ۋېن جىاباۋ ئەتراپلىق يېزا ئىسلاھاتى تەدبىرىنى يەنى يېزا باج ئىسلاھاتى، ئاشلىق سېتىۋېلىش تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە دېھقانلارغا ياردەم پۇلى بېرىش ئىسلاھاتى، يېزا پۇل ـ مۇئامىلە ئىسلاھاتى، يېزا داۋالىنىش تۈزۈلمە ئىسلاھاتى تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭدىن كېيىن ھۆكۈمەت مالىيە قاتارلىق نۇرغۇن جەھەتلەردە دېھقانلارنى ئۈنۈملۈك قوللاش بىلەن بىرگە يەنە دېھقانلارنى غەيرىي يېزا ئىگىلىكى كەسىپلىرىگە يۆتكىلىش ۋە شەھەرلەرگە كىرىپ ئىش تېپىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش سىياسىتىنى يولغا قويۇۋاتىدۇ.

3) نامراتلارنى يۆلەش سىياسىتى. جۇڭگودا نۆۋەتتە بىر مىليارد 300 مىليونغا يېقىن نوپۇسنىڭ 900 مىليونى دېھقان. بۇنىڭ ئىچىدە 30 مىليون دېھقاننىڭ نامراتلىق مەسىلىسى تېخى ھەل بولمىدى، بۇ نامراتلارنىڭ يىللىق كىرىمى 625 يۈەنلىك ئۆلچەم ئاساسىدا ھېسابلانغان سان بولۇپ، ئەگەر خەلقئارادا ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغان كۈندىلىك كىرىم بىر ئامېرىكا دوللىرى بولۇش ئۆلچىمى بىلەن ھېسابلايدىغان بولساق، نامراتلارنىڭ سانى ئەمەلىي ساندىن كۆپ ئېشىپ كېتىدۇ. نۆۋەتتە شەھەرلەر بىلەن يېزىلار ئوتتۇرىسىدىكى، شەرقىي قىسىم رايونلار بىلەن غەربىي قىسىم رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى، شەھەرلەردىكى ھەرقايسى قاتلام ئوتتۇرىسىدىكى كىرىم پەرقى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ ھەممە كىشى كۆڭۈل بۆلىدىغان قىزىق نۇقتا بولۇپ قالدى. شۇڭا ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى تەرەققىيات پەرقى ۋە كىرىم پەرقىنى كىچىكلىتىش ئىجتىمائىي ئادىللىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم پرىنسىپى ھېسابلىنىدۇ. ئېلىمىزدىكى نامرات ئائىلىلەر ئاساسەن غەربىي رايونلاردىكى يېزىلارغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، دۆلەت غەربىي رايونلارغا ۋە يېزىلارغا سالىدىغان مەبلەغنى ئاشۇرۇش، يېزا مائارىپىنى كۈچەيتىش، نامرات ئائىلىلەرنى ئاساسىي ئىجتىمائىي مۇلازىمەت ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىقتىن بەھرىمەن قىلىش، ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق ئۇلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىۋاتىدۇ.

4) ئىجتىمائىي پاراۋانلىق سىياسىتى. جەمئىيەتتىكى ئاجىزلار توپىنى قوغداش ھۆكۈمەت چوقۇم ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت. ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىدىكى ئائىلىلەرنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى بىر تۈرلۈك ھۆكۈمەت مالىيىسى ئۈستىگە ئالىدىغان كاپالەت تۈزۈمى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئەڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى قامدايدىغان ئەڭ ئاخىرقى كاپالەت تۈزۈمى. نۆۋەتتە ئېلىمىز شەھەرلىرىدە 15 مىليوندىن ئارتۇق نامرات ئائىلە ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى ئېلىشقا موھتاج. لېكىن ئاران ئالتە مىليون نامرات ئائىلە ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىدىن بەھرىمەن بولالىدى، شەھەرلەردىكى كۆپ قىسىم نامرات ئائىلە ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىدىن بەھرىمەن بولالمىدى. ئەگەر يېزىلاردىكى نامرات ئائىلە ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت سىستېمىسىغا كىرگۈزۈلىدىغان بولسا ئۇ چاغدا مالىيە بېسىمى بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. شەھەرلەردىكى نامرات ئائىلىنى ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى بۇ خىزمەتنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ھەشەمەتلىك خىزمەت بىنالىرىنى ئاز سېلىشى، ھەر خىل نامدىكى كۆتۈۋېلىش زىياپەتلىرىنى ئازايتىشى، كىچىك ماشىنىنى ئاز سېتىۋېلىش يولىغا مېڭىشى، بۇ ئارقىلىق تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى خىراجىتىنى ھەل قىلىشى كېرەك.

5) ئىجتىمائىي كاپالەت سىياسىتى. بازار

ئىگىلىكى شارائىتىدا كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت باراۋەرلىك ۋە ئادىللىق ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ئىشچىلارنىڭ ئىشسىزلىق، پېنسىيە، داۋالىنىش قاتارلىق كاپالىتىنى ئۈستىگە ئېلىۋالىدىغان بولسا ئۇلار ھەرگىزمۇ باشقا ئىگىدارچىلىق شەكىلدىكى كارخانىلار بىلەن رىقابەتلىشەلمەي ۋەيران بولىدۇ. شۇڭا نۆۋەتتە بۇنداق كاپالەت شەكلى جەمئىيەت ئۈستىگە ئالىدىغان ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىگە ئۆزگىرىۋاتىدۇ. بۇ تۈزۈم ئىلگىرىكى نوقۇل ھالدىكى دۆلەت ۋە كوللېكتىپ ئۈستىگە ئېلىشتىن دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخس ئۈستىگە ئېلىشقا ئۆزگىرىۋاتىدۇ، ئىجتىمائىي كاپالەت، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ئۆزئارا بىرلەشكەن، بىرلىككە كەلگەن، ئىجتىمائىيلاشقان باشقۇرۇش شەكلىنى ئالغان ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى قۇرۇلۇپ ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىۋاتىدۇ. نۆۋەتتىكى ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ نىشانى — پەيدىنپەي بارلىق ئەمگەكچىلەرنى قاپلىغان، مەبلەغنىڭ كېلىش يوللىرى كۆپ خىللاشقان، كاپالەت شەكلى كۆپ قاتلاملاشقان، ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت ئۆزئارا ماسلاشقان، باشقۇرۇش قانۇنلاشقان، مۇلازىمەت ئىجتىمائىيلاشقان ئىجتىمائىي كاپالەت ھەرىكەت مېخانىزمى ۋە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىشتىن ئىبارەت.

6) كىرىمنى قايتا تەقسىملەش سىياسىتى. نۆۋەتتە شەخس كىرىم جەھەتتە تەڭ تەقسىماتچىلىق خاھىشى يەنىلا مەۋجۇت بولسىمۇ، ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا شەخس كىرىم پەرقىنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىجتىمائىي تەقسىمات جەھەتتىكى ئادىلسىزلىق كۆنسېرى گەۋدىلەنمەكتە. كىرىمنى قايتا تەقسىملەش سىياسىتى، باج سىياسىتى ۋە مالىيە سىياسىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. باج سىياسىتى يۇقىرى كىرىملىكلەردىن ئالىدىغان تاپاۋەت بېجىنى ئاشۇرۇپ تۆۋەن كىرىملىكلەردىن ئالىدىغان باجنى ئازايتىش ئارقىلىق يۇقىرى كىرىملىكلەرنىڭ قولىدىكى مىللىي دارامەتنىڭ بىر قىسمىنى تۆۋەن كىرىملىكلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. مالىيە سىياسىتى — مالىيىدىن چىقىم قىلىنىش ئارقىلىق تۆۋەن كىرىملىكلەرنى تۈرلۈك ئىجتىمائىي پاراۋانلىق، ئىجتىمائىي كاپالەت ۋە پاراۋانلىق توسىنى ئالغان ئاممىۋى مۇلازىمەت ۋە قۇتقۇزۇش بىلەن تەمىنلەشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يول ئارقىلىق مىللىي دارامەتنىڭ ئىچىدە تۆۋەن كىرىملىكلەرنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ كىرىم تەقسىماتىنى ئادىللاشتۇرغىلى بولىدۇ.


ئىزاھلار:

① «جۇڭگودىكى ئاجىزلار توپى ئۈستىدە تەتقىقات»، چاڭچۈن نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى نەشرى، 11 ـ، 12 ـ بەتلەر.

② «ھەقىقىي ئاجىزلار: شەھەرلىكلەر، تۆۋەن قاتلامدىكىلەر ۋە ئاممىۋى سىياسەت»، چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى نەشرى، 143 ـ بەت.

③ «قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان جەمئىيەت ۋە ئاجىزلار توپىنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقىنىڭ قوغدىلىشى»، «ئالدىنقى سەپ» ژۇرنىلىنىڭ 2001 ـ يىللىق 5 ـ سانى.

④ «يېرىم ئايلىق سۆھبەت»، ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇچە، 2001 ـ يىللىق 24 ـ سانى.


جاۋابكار مۇھەررىرى: مۇسا روزى

# «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى» ھەققىدە دەسلەپكى تەتقىقات

ئەسەت سۇلايمان*

قىسقىچە مەزمۇنى: ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەدرىجىي قېلىپلىشىشى خەلقئارا تۈركولوگىيە ساھەسىدىكى قىيىن تېمىلارنىڭ بىرى. بۇ ھەقتە شۋېتسىيە مىسسىئونېرلىرىنىڭ قەشقەردىكى باسمىخانىسى نەشر قىلغان زور مىقداردىكى يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەشر بۇيۇملىرى مۇھىم ماتېرىياللىق قىممەتكە ئىگىدۇر. 1892 - يىلى شۋېتسىيە باش دىنىي جەمئىيىتى جۇڭگونىڭ يىراق غەربىدىكى چېگرا شەھىرى قەشقەردە دىن تارقىتىش پونكىتى ئېچىشنى قارار قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن 1894 - يىلى قەشقەردە شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ دىن تارقىتىش پونكىتى رەسمىي قۇرۇلىدۇ ھەمدە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىغا قاراپ جىددىي رەۋىشتە كېڭىيىدۇ. 1912 - يىلىدىن باشلاپ ئۇلار قەشقەردە ئەسلىھەلىرى زامانىۋى بولغان باسمىخانا قۇرىدۇ ھەمدە زور مىقداردا ئۇيغۇر تىل يېزىقىدىكى كىتاب ماتېرىياللارنى نەشر قىلىشقا باشلايدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە تەخمىنەن %50 كە يېقىن باسما بۇيۇملار مەزمۇن جەھەتتىن خرىستىئان دىنى ۋە مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، قالغان يېرىمى دىنىدىن خالىي باسما بۇيۇملار — ئۇيغۇر تىلى ئوقۇشلۇقى، ئىملا قائىدىسى، گراممatika، لۇغەتلەر، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى، ئىلمىي جۇغراپىيە، تەبىئىي پەن ئوقۇشلۇقلىرى، فىزىئولوگىيە، تەبىئەت، كالېندار ۋە ۋەھاكازالار ئىدى. ئۆتكۈنچى دەۋرگە مەنسۇپ بولغان بۇ باسما بۇيۇملار ئۇيغۇر تىلىنىڭ چاغاتاي دەۋرىدىن ھازىرقى زامان دەۋرىگە ئۆتۈشتىكى مۇرەككەپ جەريانىنى تەتقىق قىلىشتا، جۈملىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە قېلىپلىشىشىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر. بۇ ماقالىدە، ئاپتور ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق ۋە تارىخىي مەدەنىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ قەشقەردىكى باسمىخانىسىنىڭ باش - ئاخىرى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىنى يورۇتۇشقا تىرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى» ۋە ئۇنىڭ تىل ئالاھىدىلىكلىرىنى نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلىدۇ.

* ئەسەت سۇلايمان: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، ئەدەبىيات پەنلىرى دوكتورى، ماگىستىر ئاسپىرانتلار يېتەكچىسى. 830046

بۇ ماقالە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىل - ئەدەبىيات پوست - دوكتورلۇق كۆچمە پونكىتىنىڭ تەتقىقات فوندىغا ئېرىشكەن « «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى»نىڭ تىل مەدەنىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات» (مەملىكەتلىك پوست - دوكتورلارنى باشقۇرۇش كومىتېتى ئىشخانىسى 2005 - يىلى 227 - نومۇرلۇق ھۆججەت) ناملىق تەتقىقات تېمىسىنىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىلىرىدىن بىرى؛ بۇ ماقالە يەنە ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مەكتەپلەردىكى ياش تايانچ تەتقىقاتچىلارنى قوللاش پىلانى فوندىنىڭ ئىقتىسادىي مەبلىغىگە ئېرىشكەن «شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ قەشقەردىكى باسمىخانىسى نەشر قىلغان ئۆتكۈنچى دەۋردىكى ئۇيغۇرچە باسما بۇيۇملار ھەققىدە تەتقىقات» (XJEDU2005E07) ناملىق تەتقىقات تېمىسىنىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىلىرىنىڭ بىرى.

**摘要**：现代维吾尔文学语言的诞生和形成仍是国际突厥学领域中的难题之一。关于这一点，瑞典传教团在喀什噶尔的印刷所(1912－1938)印刷出版的大量的维吾尔文印刷品具有重要的资料价值。1892年，瑞典教会做出了一项在中国新疆的喀什噶尔建立传教点的决定。1894年，瑞典首批传教士们在喀什噶尔建立了传教点之后，很快就把传教活动扩展到了新疆的西南部地区。1912年，他们在喀什噶尔老城又建立了一所设备齐全的现代化印刷所并开始印刷大量的维吾尔文印刷品。这是当时在新疆南部唯一的一所现代化印刷所。在25年的印刷活动当中，该印刷所印刷出版了宗教和世俗内容的大量的维吾尔文印刷材料。其中，宗教性质的印刷材料占50%左右，内容涉及到《圣经》的各种维吾尔文译本、圣歌集、基督教宣传品、小册子、神学作品等等。属于世俗教育和文化方面的非宗教印刷品包括维吾尔语教材、语法、正字法、词典、历史、地理学、科学教科书、人体学、生物学、历书、世界文学翻译作品、报纸等等。瑞典传教团在喀什噶尔的印刷所印刷出版的大量的近代维吾尔文印刷材料，对现代维吾尔文学语言的诞生、形成以及新疆现代民族语印刷业的发展，起到了重要的推动作用。本文从社会语言学和历史文化学的角度，较为全面的阐述瑞典传教团在喀什噶尔印刷所的始末、历史文化背景，重点探讨所谓的"喀什噶尔印刷品"及其语言文化特点。

**Abstract**: The formation of modern literary Uyghur is one of the virgin land and difficult research field of the current Turcology. Regarding on this topic, many few Turcologists concerning on the Uyghur printing materials printed by Swedish Mission Press in Kashgar (1912—1938). In 1892, the Mission Covenant Church of Sweden (Svenska Missionsförbundet) decided to open up a new mission field in Kashgar in the Chinese westernmost province of Xinjiang. The first Swedish missionaries who had began its activities in January 1892 in southwestern Xinjiang. The mission set up their own printing—office in Kashgar in 1912 which until 1938 was the only existing printing works in the southern parts of the Xinjiang. The Swedish printing—office during its 25 years of operation, printing and publishing thousands of books in Uyghur language which relating to religious literature and secular materials. Besides, they were also printed various kinds of teaching and science books, calendars, tracts and also modern newspapers. Swedish Missionaries and their modernized printing—office in Kashgar took an important role to the formation and development of modern standard Uyghur. This paper provides a linguistic and socio—cultural description to the formation of the modern standard literary Uyghur and its close relations with the cultural activities of the Swedish missionaries in the beginning of the 20th century. At the same time, this paper also intend to demonstrate the literary works and influences by the Swedish Missionaries on the formation and development of modern Uyghur on the basis of materials in Swedish archives and other sources. In other words, this paper has emphasized the language features of the Uyghur printing materials and its close relationship with the modern standard literary Uyghur.

# «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى»نىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن XX ئەسىرنىڭ دەسلەپكىچە بولغان مەزگىللەردە ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا قېرىنداش خەلقلەرگە ئوخشاشلا كلاسسىك دەۋردىن ھازىرقى زامان دەۋرىگە بۇرۇلۇشتەك ئۆتكۈنچى دەۋرنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. بۇ جەرياندا ئۇيغۇر تىل ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ ئىچكى ئۆزگىرىشلىرى ۋە تەبىئىي تەرەققىياتى بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ياۋروپا قىرغاقلىرىدىن كىرگەن تاشقى مەدەنىيەتلەرنىڭ مۇئەييەن دەرىجىدىكى زەرەتلىشىگىمۇ ئۇچرىدى.

XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن XX ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگىچە بولغان ئارىلىقتا ھىندىستاننى بېسىپ ياتقان بۈيۈك بىرىتانىيە ئىمپېرىيىسى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى ئىستىلا قىلغان چاررۇسىيە ئىمپېرىيىسى ئوتتۇرىسىدا پامىر ئېگىزلىكىنى تالىشىشنى يادرو قىلغان «بۈيۈك ئويۇن» (Great Game) يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، بۇ ئىككى ئىمپېرىيە ئوتتۇرىسىدىكى بىر

قاتار سىياسىي ۋە ھەربىي رىقابەتلەر ئۆز دەۋرىدىكى شىنجاڭ رايونىغا تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى. XIX ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چارىكىگە كەلگەندە، شىمالىي ياۋروپادىكى كىچىك ئەل شىۋېتسىيەدىن كەلگەن مىسسىيونېرلار ئۆمىكىنىڭ رايونىمىزنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىدىكى قەشقەر بوستانلىقىغا يېتىپ كېلىشى ۋە خرىستىيان دىنىنى تارقىتىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشى ئىجتىمائىي بۇرۇلۇش ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە يېڭى خىرىس ئېلىپ كەلدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، مىڭ يىللاردىن بۇيان ئىسلام مەدەنىيىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بۇ رايوندا ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىلەن ياۋروپا قىرغاقلىرىدىن كەلگەن خرىستىيان مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن توقۇنۇشلار يۈز بېرىشكە باشلىدى.

شىۋېتسىيە باش دىنىي جەمئىيىتى XIX ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چارىكىدە يىراق مەركىزىي ئاسىيادىكى قاتمۇقات تاغ تىزمىلىرىنىڭ قورشاۋى ئىچىدە تۇرغان ھەمدە ئىسلام مەدەنىيىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان قەشقەردە دىن تارقىتىش پونكىتى تەسىس قىلماقچى بولىدۇ.

مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا كافكازدىكى تىفلىس شەھرىدە تۇرۇۋاتقان پوپ ن. گ. ھۆيجېر ( N. F. Höijer ) جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولغان قەشقەردە يېڭى پائالىيەت ماكانى ئاچماقچى بولىدۇ. ھۆيجېر شىنجاڭنى، بولۇپمۇ برىتانىيە بىلەن چارروسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ پامىرنى تالىشىشتىكى سىياسىي مەركىزى بولغان قەشقەرنى ئۆزلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى ئەڭ مۇۋاپىق ماكان دەپ قارايدۇ①.

1891 - يىلى دېكابىردا ھۆيجېر بىرقانچە كىشىنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. ھۆيجېر بىلەن بىللە سەپەرگە ئاتلانغانلارنىڭ ئىچىدە يوھاننېس ئاۋېتارانىيان ئىسىملىك تۈرك قان تېپىدىن بولغان بىر كىشى ۋە تىفلىسلىق ئىككى نەپەر ئەرمەنىيىلىك بار ئىدى. ئۇلار 1892 - يىلى يانۋاردا قەشقەرگە يېتىپ كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا قەشقەر تېخى ياۋروپالىقلار كەمدىن - كەم بارىدىغان ئوتتۇرا ئەسىر مۇھىتىدىكى بېكىك جاي ئىدى.

ھۆيجېر قەشقەردە ئاران بىرقانچە كۈنلا تۇرىدۇ ھەمدە بۇ جاينىڭ ئەھۋالىنى بىر قۇر كۆزەتكەندىن كېيىن تىفلىسقا قايتىدۇ. ئاندىن ستوكھولمدىكى باش دىنىي جەمئىيەتكە ئۆزىنىڭ قەشقەردىكى سىناق خاراكتېرلىك تەكشۈرۈشىنى دوكلات قىلىدۇ ھەمدە جەنۇبىي شىنجاڭدا يېڭى دىن تارقىتىش پونكىتى ئېچىشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىگە كىرىشىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئاۋېتارانىيان ئۆزى يالغۇز قەشقەردە قېلىپ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا خرىستىيان دىنىنى تارقىتىشنىڭ دەسلەپكى پائالىيەتلىرىنى باشلايدۇ.

يوھاننېس ئاۋېتارانىيان ئەسلىدە تۈركىيىنىڭ ئەرزۇرۇم دېگەن يېرىدە بىر تۈرك مۇسۇلمان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان كىشى بولۇپ، ئەسلى ئىسمى مۇھەممەد شۈكرى ئىكەن. ياشلىق مەزگىلىدە كافكاز ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، روسىيە ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئەسىرگە چۈشىدۇ ھەمدە تۈرمىدە خرىستىيان دىنىغا كىرىدۇ. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، كافكازدىكى شىۋېت مىسسىيونېرلىرى ئۈچۈن ئىشلەيدۇ. 1891 - يىلى دېكابىردا ھۆيجېر قەشقەرگە بېرىش سەپىرىدە ئۇنى ئۆزىنىڭ ياردەمچىسى سۈپىتىدە تاللىۋالىدۇ.

ئاۋېتارانىيان قەشقەردە ئۆزىنىڭ ئانا تىلى بولغان تۈرك تىلىنى ياخشى بىلىشتەك ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ، ناھايىتى تېزلا ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىۋالىدۇ. ئاندىن ئىگە - چاقىسىز يېتىم باللار ئارىسىدا خرىستىيان دىنىنى تەشۋىق قىلىشقا باشلايدۇ. ئەمما قەشقەرگە ئوخشاش ئىسلام دىنى مۇھىتى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان بۇ جايدا ئۇ ھېچقانچە ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەيدۇ. شۇڭا شىۋېت مىسسىيونېرلىرى رەسمىي قەشقەرگە يېتىپ كەلگىچە بولغان ئىككى يېرىم يىل جەريانىدا ئۇ ئاساسىي كۈچىنى «ئىنجىل»نىڭ ئايرىم قىسىملىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئىشىغا قارىتىدۇ②.

1893 - يىلى شىۋېتسىيە دىنىي جەمئىيىتى ستوكھولمدا ئېچىلغان ئومۇمىي يىغىنىدا قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا جەنۇبىي شىنجاڭدا يېڭى دىن تارقىتىش نۇقتىسى ئېچىشنى قارار قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، شىۋېتسىيەنىڭ كافكاز ۋە ئىراندا تۇرۇشلۇق دىن تارقىتىش ئورنىدىن بىر ئۆمەك تەشكىللىنىپ، لارش - ئېرىك ھۆگبېرگ دېگەن پوپنىڭ يېتەكچىلىكىدە 1894 - يىلى فېۋرالدا قەشقەرگە يېتىپ بارىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قەشقەردە شىۋېتسىيەنىڭ تۇنجى دىن تارقىتىش نۇقتىسى قۇرۇلىدۇ③.

قەشقەردە شىۋېتسىيەنىڭ دىن تارقىتىش نۇقتىسى قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئۇلار جىددىي رەۋىشتە ئۆز پائالىيەت دائىرىسىنى قەشقەر ئەتراپىدىكى باشقا شەھەر ۋە بازارلارغا كېڭەيتىشكە باشلايدۇ. ئۆز دەۋرىدە زەئىپلىشىپ، دىپلوماتىيە جەھەتتىكى ئىقتىدارىنى يوقاتقان چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى شىۋېت مىسسىيونېرلىرىنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىگە سۈكۈت قىلىدۇ. يەرلىك مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ بۇ ھەقتىكى قارشىلىقى ۋە ئەرز - پىكىرلىرىگىمۇ پەرۋا

قىلمايدۇ.

شۋېت مىسسىئونېرلىرى بۇ ۋەزىيەتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ 1896 - يىلى يەركەندە، 1908 - يىلى قەشقەر يېڭى شەھەردە، 1912 - يىلى يېڭىساردا ئۆزلىرىنىڭ شۆبە دىن تارقىتىش نۇقتىلىرىنى قۇردى. كېيىنچە ئۇلار ھەتتا خوتەن، ئاقسۇ ۋە كۇچا قاتارلىق شەھەرلەردىمۇ ئۆزلىرىنىڭ شۆبە دىن تارقىتىش نۇقتىلىرىنى قۇرۇشنى پىلان قىلىدۇ. لېكىن تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ پىلانلىرى ئەمەلگە ئاشمايدۇ①.

شۋېت مىسسىئونېرلىرى ئۆزلىرىنىڭ دىن تارقىتىش مەقسىتىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن تۈرلۈك ۋاستىلەردىن پايدىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە گۇننار ياررىڭ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۈچلۈك دىنىي ھېسسىياتى ۋە غايىسىنى بىر مىنۇتمۇ ئېسىدىن چىقارمىغان. يەنى قەشقەر، يەركەن ۋە يېڭىسارنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خرىستىئان مەركەزلىرىگە ئايلاندۇرۇش خام خىيالىدا بولۇپ كەلگەن»⑤. بىراق، ئۆز دەۋرىدىكى قەشقەر ۋە يەركەنگە ئوخشاش ئىسلام دىنى ئەقىدىسى كۈچلۈك بولغان بۇ رايونلاردا ئۇلارنىڭ ئۆز مەقسەتلىرىگە دەرھال يېتىشى ناھايىتى تەس ئىدى. شۋېت مىسسىئونېرلىرى بۇ نۇقتىنى ئاستا - ئاستا چۈشىنىپ يېتىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردە ئېلىپ بارغان تىرىشچانلىقلىرىنىڭ ھېچقانچە ئۈنۈم بەرمىگەنلىكىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن، باشقىچە يول تۇتۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا خرىستىئان دىنىنى بىۋاستە تەشۋىق قىلىش ئۇسۇلىدىن ۋاز كېچىدۇ. ئالدى بىلەن دوختۇرخانا، مەكتەپ ۋە دارىلئېتام ئېچىش، كېسەل داۋالاپ بالا تەربىيىلەش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ دىن تارقىتىش مەقسىتىنى ئاستا - ئاستا ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولىدۇ.

1896 - يىلى شۋېت مىسسىئونېرلىرى ئاچقان تۇنجى مەكتەپ قەشقەردە قۇرۇلغان. بۇ مەكتەپ دەسلەپ ئىگە - چاقىسىز بالىلارنى ئوقۇتۇشقا باشلىغان. كېيىنچە بۇ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بالىلارنىڭ سانى ناھايىتى ئاستا رەۋىشتە كۆپىيىپ بارغان. بۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بارغان جون ھۇلتۋال (John Hultval) نىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، 1910 - يىللاردىن 1920 - يىللار ئەتراپىدا بۇ مەكتەپكە بارىدىغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى يۈزدىن ئېشىپ كەتكەن. 1923 - يىلى ئەڭ يۇقىرى چەككە يېتىپ 200 دىن ئاشقان. قەشقەر كونا شەھەر، يېڭى شەھەر، يېڭىسار ۋە يەركەن قاتارلىق جايلاردا شۋېتلارنىڭ بىرقانچىلىغان مەكتەپلىرى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلغان⑥.

شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرى ئىچىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، قەشقەردە شۋېت باسمىخانىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە زور مىقداردىكى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ نەشر قىلىنىشىدۇر.

قەشقەردە شۋېت باسمىخانىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ئەڭ ئالدى بىلەن خرىستىئان دىنىغا دائىر باسما بۇيۇملارنى كۆپلەپ بېسىش، تارقىتىش ۋە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش، شۇ ئارقىلىق شۋېتلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تەسىرىنى كېڭەيتىشنى مەقسەت قىلغانىدى. ۋەھالەنكى، بۇ زامانىۋى باسمىخانىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۆز دەۋرىدە جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ گېزىت - ژۇرنالچىلىق ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ جانلىنىشىدا مۇئەييەن روللارنىمۇ ئوينىدى. بولۇپمۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ چاغاتاي كلاسسىك يېزىق تىلىنىڭ ئەنئەنىلىرىدىن ھازىرقى زامان ئورتاق ئەدەبىي تىلغا تەرەققىي قىلىشىغا زور تۈرتكە بولدى.

ئەسلىدە 1893 - يىلىلا ستوكھولمدىكى باش دىنىي جەمئىيەت قەشقەرگە بىر مۇكەممەل باسما ماشىنىسى ئەۋەتىشنى پىلانلىغان. لېكىن ئارىدىكى ئۇزاق مۇساپە ۋە يول شارائىتىنىڭ ناچارلىقى تۈپەيلىدىن بۇ پىلان تاكى 1910 - يىلغىچە ئەمەلىيلەشمەيدۇ. 1901 - يىلىدىن ئېتىبارەن قەشقەردىكى شۋېت مىسسىئونېرلىرى ئىلگىرىكى قولدا يېزىپ تارقىتىدىغان ئىپتىدائىي ئۇسۇلنى توختىتىپ، ئۈنۈمى تېخىمۇ يۇقىرىراق بولغان يېڭىچە ئۇسۇل تېپىشقا تىرىشقان. بۇنىڭ بىلەن 1901 - يىلىدىن باشلاپ ئۇلار تاش باسما ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، بىر قىسىم قول يازمىلارنى كۆپەيتىشكە باشلىغان. 1910 - يىلىغا كەلگەندە يېڭى تىپتىكى يۇرۇشلەشكەن زامانىۋى باسما ماشىنىسى ستوكھولمدىن روسىيە زېمىنى ئارقىلىق قەشقەرگە ئەۋەتىلىدۇ. بۇ يۇرۇشلەشكەن باسما ماشىنىسى شۇ ۋاقىتتىكى ئەڭ ئىلغار بولغان يۇقىرى سۈرئەتلىك بىر بېسىش ماشىنىسى، خەت تىزىش تاختىسى، كېسىش ماشىنىسى ۋە تۈپلەش ماشىنىسىدىن تەركىب تاپقانىدى. بۇ ماشىنا ئارقىلىق ئۆز دەۋرىدە ئەرەب يېزىقى، لاتىن يېزىقى ۋە كىرىل يېزىقلىرىدا كىتاب نەشر قىلغىلى بولاتتى. شۇنداق قىلىپ بۇ باسما ماشىنىسى 1912 - يىلىدا رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلىدۇ⑦.

شۇنىڭدىن باشلاپ، قەشقەردىكى شۋېت باسمىخانىسى تاكى 1938 - يىلى شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى شۋېت مىسسىئونېرلىرىنى جەنۇبىي شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقارغانغىچە بولغان 25 يىل جەريانىدا توختىماستىن ئىشلىدى. 1930 - يىللاردىن كېيىن ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگۈزۈلگەن زامانىۋى

باسما ماشىنىلىرى ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈشتىن ئىلگىرى، بۇ باسما ماشىنىسى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىردىنبىر زامانىۋى باسما ئەسلىھەسى سۈپىتىدە رول ئوينىدى. بۇ يىللاردا شۋېت باسمىخانىسىدا بېسىلغان نەچچە يۈزلىگەن تۈرلۈك ساھەلەرگە دائىر ئۇيغۇرچە كىتاب - ماتېرىياللارنىڭ ھەقىقىي سانىنى ئېنىقلاش خېلى تەس. ھازىر شۋېتسىيە ئارخىپلىرىدا ساقلىنىۋاتقان ئۆز دەۋرىدە قەشقەردە بېسىلغان ئۇيغۇرچە كىتاب - ماتېرىياللارنىڭ كاتالوگى گۇننار ياررىڭ تەرىپىدىن 1991 - يىلى ستوكھولمدا نەشر قىلىندى⑧. بۇ باسمىخانىدا نەشر قىلىنغان بەزى دەرسلىكلەر ۋە كىتابلارنىڭ تىرارژى ھەتتا 1000 — 2000 دىنمۇ ئاشقان. بەزىلىرى بىرقانچە قېتىم قايتا - قايتا نەشر قىلىنغان. 1933 - يىلىغا بارغاندا جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ئىچىدە قالدى. قەشقەردىكى شۋېت باسمىخانىسى بىر مەھەل يەرلىك كۈچلەرنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتۈپ قالدى ھەمدە ئۇلارنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تەشۋىقاتلىرىنى نەشر قىلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن تاكى 1938 - يىلى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىۋاسىتە ھەربىي ياردىمى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنى تولۇق ھالدا ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالغىچە بولغان ئارىلىقتا شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرى كۈندىن - كۈنگە قىيىنلاشتى. 1933 — 1937 - يىللاردىكى قەشقەر، يەركەن ۋە خوتەنلەردە بولۇپ ئۆتكەن ئىنقىلابلار ۋە مالىمانچىلىقلاردا شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا قۇرغان چېركاۋلىرى كۆيدۈرۈلدى، مەكتەپلىرى تاقىۋېتىلدى. مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا شۋېت مىسسىئونېرلىرى ئۆزلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئامالسىز قالدى. 1938 - يىلى ئەتىيازدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا مايىل شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بارلىق شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ شەرتسىز ھالدا چېگرىدىن چىقىپ كېتىشىنى ئۇقتۇردى. شۋېت مىسسىئونېرلىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، گەرچە گۇستاف ئاھلبېرت، جون ئاندېرسون ۋە سىگفرىد مۆن قاتارلىق ئەڭ ئاخىرقى ئۈچ مىسسىئونېر ۋەزىيەتنىڭ ياخشىلىنىشىنى كۈتۈپ ئۆز ئورنىدا قېپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن شۇ يىلى 17 - ئاۋغۇستتا ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مەجبۇرىي ھالدا ھىندىستانغا قوغلاپ چىقىرىلدى. شۇنىڭ بىلەن شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 50 يىلغا يېقىن دىن تارقىتىش پائالىيىتى ئاخىرلاشتى.

شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ دىيارىمىزنىڭ جەنۇبىي بۆلىكىدە ئاز كەم يېرىم ئەسىرگە يېقىن داۋاملاشتۇرغان دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرى بۇ رايوندىكى خەلقلەرنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋردىكى تارىخىي مۇساپىسىدە كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كېتىلگەن بىر پەردە كۆڭۈلسىز تىياتىر بولۇپ قالدى. بۇ XX ئەسىردىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ روھىيەت بوشلۇقىغا مەلۇم دەرىجىدە ئۆز كۆلەڭگىسىنى چۈشۈرمەي قالمىدى. ئەمما تەكىتلەشكە تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى، شۋېتلارنىڭ قەشقەردىكى زامانىۋى باسمىخانىسىدا بېسىلغان زور كۆلەمدىكى ئۆتكۈنچى دەۋرگە مەنسۇپ دىنىدىن خالىي ئۇيغۇرچە كىتاب - ماتېرىياللار ۋە باسما بۇيۇملار XX ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا مۇئەييەن قىممەتكە ئىگە. بولۇپمۇ قەشقەردىكى شۋېت باسمىخانىسى ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلغان ئۆتكۈنچى دەۋردىكى باسما بۇيۇملار جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ۋە نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى شۇنىڭدەك ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇئەييەن روللارنى ئوينىدى.

## «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى» ۋە ئۇنىڭ تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى

گۇننار ياررىڭ XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن XX ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىغىچە بولغان ئارىلىقتا شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ قەشقەردىكى باسمىخانىسىدا بېسىلغان ئۆتكۈنچى دەۋرگە مەنسۇپ ئۇيغۇرچە باسما بۇيۇملارنى «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى» (Printis from Kashgar) دەپ ئاتىغان⑨. شۇنىڭدىن باشلاپ خەلقئارا تۈركولوگىيە ساھەسىدىكىلەر بۇ ئاتالغۇنى بىردەك قوبۇل قىلغان.

ھازىر ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىن ئۆز دەۋرىدە قەشقەردىكى شۋېت باسمىخانىسى نەشر قىلغان ئۇيغۇرچە كىتاب - ماتېرىياللارنى تېپىش تولىمۇ قىيىن. بۇ باسما بۇيۇملار ئۆز ۋاقتىدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كەڭ تارقىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھازىرغىچە ساقلانمىغان.

ۋاھالەنكى، شۋېتلارنىڭ قەشقەردىكى باسمىخانىسىدا بېسىلغان زور مىقداردىكى ئۇيغۇرچە كىتاب - ماتېرىياللار ھازىرغا قەدەر شۋېتسىيە ئارخىپخانىلىرىدا ساقلانماقتا. ھازىر ھەرقانداق بىر كىشى بۇ باسما ماتېرىياللارنى

شۋېتسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىنىڭ گۇننار ياررىڭ نامىدىكى شەرق قولىيازمىلىرى بۆلۈمىدىن؛ ستوكھولمدىكى خانلىق كۇتۇپخانىسىدىن؛ ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى ئوتتۇرا ئاسىيا ماتېرىياللىرى بۆلۈمىدىن ھەمدە ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدىن تاپالايدۇ.

1912 ـ يىلىدىن 1938 ـ يىلىغا قەدەر بولغان 25 يىل جەرياندا قەشقەردىكى شۋېت باسمىخانىسىدا بېسىلغان تۈرلۈك مەزمۇندىكى كىتاب ـ ماتېرىياللار ۋە نەشر بۇيۇملىرىنىڭ ھەقىقىي سانىنى ئېلىش ناھايىتى قىيىن. گۇننار ياررىڭمۇ 1991 ـ يىلى نەشر قىلدۇرغان «قەشقەردىكى باسما بۇيۇملار» ناملىق كىتابىدا بۇ نۇقتىنى ئېنىق تەكىتلەيدۇ: «ھازىر ئۆز دەۋرىدە قەشقەردىكى شۋېت باسمىخانىسىدا بېسىلغان باسما بۇيۇملارنىڭ تولۇق ۋە مۇكەممەل تىزىملىكىنى تۇرغۇزۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. مېنىڭ بۇ كاتولوگىمدا بىر قىسىم باسما بۇيۇملارنىڭ تىزىملىكىنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىدا شەك ـ شۈبھە يوق. بەزى باسما بۇيۇملارنىڭ نۇسخىسىنى ھەتتا باسمىخانىمۇ ئۆز ۋاقتىدا ساقلاپ قالالمىغان. يەنە بىر قىسىملىرى 1930 ـ يىللاردا جەنۇبىي شىنجاڭدا يۈز بەرگەن مالىمانچىلىقتا يوقاپ كەتكەن»[10].

بۇ نەشر بۇيۇملار ۋە كىتاب ـ ماتېرىياللارنىڭ مەزمۇنى تۈرلۈك ساھەلەرگە چېتىلغان بولۇپ، تەخمىنەن 50% تىن كۆپرەكىنى خرىستىيان دىنى ھەمدە «ئىنجىل» غا دائىر كىتابلار ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ مەكتەپلىرى ئۈچۈن تۈزۈلگەن ئۇيغۇرچە دەرسلىك كىتابلار مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە شەرقىي تۈركىي تىلى (شۋېتلار ئۆز ۋاقتىدا ئۇيغۇر تىلىنى «شەرقىي تۈركىي تىلى» دەپ ئاتىغان) ئوقۇتۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئا ـ ب كىتابى، گراماتىكا كىتابى، ئوقۇش كىتابى، ئىملا كىتابى قاتارلىق بىر يۈرۈش كىتابلارنى؛ تەبىئىي پەن كىتابلىرىدىن ھېساب كىتابى، جۇغراپىيە، پەن ـ تېخنىكا، ئاناتومىيە ۋە تەبىئەت قاتارلىق كىتابلارنى؛ چەت ئەل تىلى ئوقۇتۇشىغا دائىر كىتابلاردىن ئىنگلىزچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت، ئىنگلىز تىلى ئوقۇشلۇقى قاتارلىقلارنى؛ تارىخقا دائىر كىتابلاردىن ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى؛ ھەمدە گۇستاف ئاھلبېرت تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ تۇنجى ئىملا كىتابى قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، شۋېت مىسسىئونېرلىرى 1908 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇر تىلىدا يىللىق كالېندار چىقىرىشقا باشلىغان. يەنە بىر ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە ئەمگەكلەردىن بىرى ئۇيغۇرچە ئۆلچەملىك خەت ـ چەك يېزىش ئۈرنەكلىرى بولۇپ، 1931 — 1937 ـ يىللاردا قايتا ـ قايتا ئۈچ قېتىم نەشر قىلىنغان. بۇ يىللاردا يەنە قەشقەردىكى شۋېت باسمىخانىسىدا دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى بىر قىسىم ئەسەرلەردىن ئۆلگىلەر ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ۋە بېسىپ تارقىتىلغان. بۇ ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى دىنىي مەزمۇنغا چېتىلىدىغان ئەسەرلەر بولۇپ، بىۋاسىتە ئەرەب، ئىنگلىز ۋە شۋېت تىللىرىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا، قەشقەردىكى شۋېت باسمىخانىسىدا بېسىلغان ئۇيغۇرچە گېزىت ـ ژۇرناللارنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش زۆرۈر.

يۇقىرىقى كىتاب ۋە چوڭ ھەجىملىك باسما ماتېرىياللاردىن باشقا، قەشقەردىكى شۋېت باسمىخانىسى يەنە ئىقتىسادىي كىرىم قىلىش ئۈچۈن قەشقەردىكى چەت ئەل كونسۇلخانىلىرىنىڭ تۈرلۈك خەت ـ چەك ۋە ھۆججەتلىرى، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ پوچتا تالونلىرى، قەشقەردىكى روسىيە بانكىسىنىڭ جەدۋەللىرى قاتارلىقلارنىمۇ باسقان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ۋە شەخسلەر ئۈچۈن تۈرلۈك پلاكاتلار ۋە ئېلانلار، كىتابچىلار ۋە ئوقۇشلۇقلار، تەكلىپنامە ـ باغاقچىلار، جەدۋەل ۋە ئىلتىماس قەغەزلىرى، تۈرلۈك شەكىلدىكى تالون ـ ھۆججەتلەر قاتارلىقلارنىمۇ ئۇيغۇرچە ۋە پارسچە تىللاردا بېسىپ بەرگەن[11].

XX ئەسىردىن بۇيانقى ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشى ھەققىدىكى تەتقىقاتلاردا قەشقەردىكى شۋېت باسمىخانىسىدا بېسىلغان زور كۆلەمدىكى ئۇيغۇرچە كىتاب ـ ماتېرىياللارنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىگە تىلشۇناسلار ناھايىتى ئاز دىققەت قىلدى ياكى ئاساسەن دىققەت قىلمىدى. شىنجاڭدا بولسا بۇ ھەقتە ھازىرغىچە ھېچقانداق تەتقىقات يوق. بىز بۇ قىممەتلىك ماتېرىياللارنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىنى تەكشۈرگىنىمىزدە، ئۇيغۇر تىلىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ دىئالېكتىنىڭ XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە يېڭى يۈزلىنىشىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

قەشقەر باسما بۇيۇملىرىنى رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىشتا باشلامچىلىق رول ئوينىغان شەخس دەل شۋېتسىيىلىك مەشھۇر دىپلومات، دۇنياغا تونۇلغان ئۇيغۇرشۇناس گۇننار ئالفرېد ياررىڭ (2002 — 1907) دۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر تىلى، ئەدەبىياتى ۋە فولكلور مەدەنىيىتى ساھەسىدە ئېلىپ بارغان ئۇزاق مەزگىللىك تەتقىقاتى داۋامىدا شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان ئاز كەم يېرىم ئەسىرلىك پائالىيەتلىرى ھەمدە بۇ جەرياندا مەيدانغا چىققان «قەشقەر

باسما بۇيۇملىرى» ھەققىدە ئاز بولمىغان ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ باردى. 1979 - يىلى گۇننار ياررىڭ ستوكھولمدا ئۆزىنىڭ شۋېت تىلىدىكى ئەسلىمە خاراكتېرلىك كىتابى «قەشقەرگە قايتا سەپەر»نى ئېلان قىلدى⑫. بۇ كىتابنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسى 1986 - يىلى ئەنگلىيىنىڭ ديۇك ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى⑬. ئۇزاق ئۆتمەي، بۇ كىتابنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى 1994 - يىلى⑭، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى 1998 - يىلى⑮ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. ياررىڭ ئۆزىنىڭ بۇ كىتابىدا بىر شەرقشۇناس بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ شىنجاڭغا قىلغان ئىككى قېتىملىق ئىلمىي تەكشۈرۈشى (1903 — 1929 - يىللاردا بىرىنچى قېتىم؛ 1978 - يىلى ئىككىنچى قېتىم) جەريانىدا ئېرىشكەن تەسىراتلىرىنى ئەسلىمە سۈپىتىدە تەپسىلىي بايان قىلىدۇ. بولۇپمۇ شۋېت مىسسىيونېرلىرىنىڭ ئۆز دەۋرىدە جەنۇبىي شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى، قەشقەردە شۋېت باسمىخانىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ھەمدە بۇ يەردە نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرچە باسما بۇيۇملار ھەققىدە دەسلەپكى قەدەمدە مۇپەسسەل ئۇچۇرلار بېرىدۇ⑯.

1991 - يىلى 84 ياشقا كىرگەن ياررىڭ ئەپەندى ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي، شۋېت مىسسىيونېرلىرى XX ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا قەشقەردە نەشر قىلغان ئۇيغۇرچە باسما بۇيۇملارنىڭ كاتالوگىنى ئىشلەپ چىقىدۇ ھەمدە ستوكھولمدا رەسمىي نەشر قىلدۇرىدۇ. «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى: شۋېت مىسسىيونېرلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى باسمىخانىسىنىڭ تارىخى ۋە باسما بۇيۇملار ھەققىدە بايان»⑰ دەپ ئاتالغان بۇ كاتالوگ خەلقئارا تۈركولوگىيە ساھەسىدە «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى»نى تەتقىق قىلىشتا ئاچقۇچلۇق ماتېرىيال ياكى مەنبە سۈپىتىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ياررىڭ ئەپەندى بۇ كاتالوگنى ئىشلىگەن ۋاقىتىدا، «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى»نىڭ نەشر قىلىنغان يىل تەرتىپى بويىچە، ھەربىر كىتابنىڭ ئاپتورى (ياكى باش مۇھەررىرى، تەرجىمە قىلغۇچى، تۈزگۈچى، مۇھەررىرى، يەرلىك ھەمكارلاشقۇچى)، كىتاب نامى، نەشر ئورنى، نەشر ۋاقتى، فورماتى، باسما تاۋىقى، نەشر قېتىم سانى، باسما قېتىم سانى، تىرازى، بەت سانى، مۇقاۋىسى، تېتولى، قەغەز سۈپىتى قاتارلىق ئۇچۇرلارنى ناھايىتى تەپسىلىي بېرىدۇ. خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە بەلگىلىرى ئارقىلىق ھەربىر كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە نامىنى بەرگەندىن باشقا ئۇنىڭغا پاراللېل قىلىپ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنىمۇ بېرىدۇ. بۇ ھال مەزكۇر كاتالوگنىڭ ئۇچۇرلۇق قىممىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ. بولۇپمۇ شۋېت مىسسىيونېرلىرىنىڭ 1901 — 1938 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا قەشقەردە نەشر قىلدۇرغان ئۇيغۇرچە باسما بۇيۇملىرىنى تەتقىق قىلىشتا بىرىنچى قول ماتېرىيال ۋە ئاچقۇچلۇق ئىندېكس ھېسابلىنىدۇ.

شۋېتسىيە باش دىنىي جەمئىيىتىدە ئۇزۇن مەزگىل خىزمەت قىلغان جون ھولتۋال دېگەن كىشىنىڭ 1981 - يىلى شۋېت تىلىدا ستوكھولمدا نەشر قىلدۇرغان «شۋېتسىيە مىسسىيونېرلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرى ۋە شىنجاڭدىكى ئىنقىلاب (1892 — 1938)»⑱ ناملىق ئەسىرى بىزنىڭ دىققىتىمىزنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ. 1987 - يىلى بۇ كىتابنىڭ قىسقارتىلغان تەرجىمىسى ئەنگلىيىنىڭ گلاسگو شەھىرىدە نەشر قىلىنىدۇ⑲. ئاپتور بۇ كىتابتا شۋېت مىسسىيونېرلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر، يەركەن، يېڭىسار قاتارلىق جايلاردا ئېلىپ بارغان يېرىم ئەسىرگە يېقىن دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرىنى تارىخىي ۋە مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن تەپسىلىي بايان قىلىدۇ. شۋېت مىسسىيونېرلىرىنىڭ بۇ جەرياندىكى كەچۈرمىشلىرى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خىرىستىئان مۇخلىسلىرىنىڭ ئەھۋالى، شۋېت دوختۇرخانىلىرى، مەكتەپلەر ھەمدە قەشقەردىكى شۋېت باسمىخانىسى نەشر قىلغان ئۇيغۇر تىلىدىكى باسما بۇيۇملار شۇنداقلا يەرلىك دائىرىلەر بىلەن بولغان نازۇك مۇناسىۋەت قاتارلىق تېمىلار ناھايىتى تەپسىلىي يورۇتىلىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ كىتاب «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى»نىڭ تارىخىي ۋە مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ماتېرىياللىق قىممىتكە ئىگە.

بۇ ھەقتە يەنە بىر شۋېتسىيىلىك تۈركولوگ، گېرمانىيە ماينىز ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى لارش يوھانسوننىڭ يېقىندا ئېلان قىلغان «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، شەرقىي تۈركىي تىلى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»⑳ ناملىق ماقالىسىمۇ دىققەتكە سازاۋەردۇر. ئاپتور بۇ ماقالىسىدە تارىخىي تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، شەرقىي تۈركىي تىلى (شۋېت تۈركولوگلىرى XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى «شەرقىي تۈركىي تىلى» دەپ ئاتىغان) ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرىسىدىكى تارىخىي مۇناسىۋەتلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن چۈشەندۈرۈشكە تىرىشقان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قەشقەر باسما بۇيۇملىرىنىڭ تىلى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ باغلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

ياپونىيە ئالىملىرىنىڭ بۇ ساھەدە ئېلىپ بارغان بىر قاتار ئەمگەكلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

توكيودىكى مەركىزىي ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئىچكى ئاسىيا تارىخ مەدەنىيىتى بويىچە پروفېسسورى شىنمەن ياسۇشى ئەپەندى 1994 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1995 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا شۋېتسىيىنىڭ لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ماتېرىيال ئاختۇرۇپ، مول ھاسىلاتلارغا ئېرىشتى. ئۇ ياپونىيىگە قايتقاندىن كېيىن 1996 ـ يىلى 11 ـ ئايدا توكيودا چىقىدىغان «ئىچكى ئاسىيا تارىخى تەتقىقاتى» ناملىق مەجمۇئەدە «شۋېتسىيىدە ساقلىنىۋاتقان شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر تىل يېزىقىغا دائىر ماتېرىياللار ھەققىدە بايان» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. ئىككى يىلدىن كېيىن بۇ ماقالە ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى[21]. ئاپتور بۇ ماقالىدە شۋېتسىيىنىڭ ھەرقايسى ئارخىپخانىلىرى، كۇتۇپخانىلىرى، ۋە مۇزېيلىرىدا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرچە قوليازمىلار ۋە باسما بۇيۇملار ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىدۇ. بولۇپمۇ قەشقەر باسما بۇيۇملىرىنىڭ تىلشۇناسلىق قىممىتى ھەققىدە مۇھاكىمىلەر يۈرگۈزىدۇ. تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان بىر نۇقتا شۇكى، شىنمەن ياسۇشى، جۇن سۇگاھۋارا قاتارلىق تەتقىقاتچىلار شۋېت ئارخىپلىرىدا ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى»نىڭ ئورىگىنال تېكىستلىرىنى فوتوكوپىيە قىلىپ ئالغاندىن كېيىن، مەخسۇس تور بېتى لايىھەلەپ بۇ ماتېرىياللارنى ئىنتېرنېت تورىغا قويۇپ بەرگەن. ھازىر ھەرقانداق بىر كىشى بۇ ماتېرىياللارنىڭ بىر قىسمىنى مۇشۇ تور بېتىدىن كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە[22].

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى نىۋ رۇجىنىڭ 1994 ـ يىلى ئېلان قىلغان «شۋېتسىيىدە ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر ۋە شۋېتسىيە ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىدىن قىسقىچە بايان»[23] ناملىق ماقالىسىمۇ بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتىدۇ.

مۇئەللىپ شۋېتسىيىدە ئوقۇش ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان بىر يىل داۋامىدا (2003 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 2004 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە)، شۋېت ئارخىپلىرىدا ساقلىنىۋاتقان شىنجاڭغا دائىر ماتېرىياللارنى، بولۇپمۇ شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ قەشقەردىكى باسمىخانىسىدا بېسىلغان ئۇيغۇرچە باسما بۇيۇملارنى كۆرۈش ۋە تەتقىق قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. بۇ جەرياندا «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى ۋە ئۇنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى» ناملىق ئىنگلىز تىلىدا يېزىلغان 50 مىڭ خەتكە يېقىن ئىلمىي دوكلاتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىدى[24]. بۇ ماقالىدە ئاپتور شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ قەشقەردە نەشر قىلغان ئۇيغۇر تىلىدىكى باسما بۇيۇملىرىنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈش ئوبيېكتى قىلغان بولۇپ، بۇ باسما بۇيۇملارنىڭ دائىرىسى، تۈرلىرى، مەزمۇن ئالاھىدىلىكى، تىل ئۇسلۇبى ھەمدە ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئوينىغان رولىنى مۇھاكىمە قىلىدۇ.

قىسقىسى، «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى» ھەققىدىكى تەتقىقاتلار نۆۋەتتە تېخى باشلىنىش ھالەتتە تۇرماقتا. ئۇنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش ۋە بۇ ھەقتە كەڭ كۆلەمدە تەتقىقاتلارنى قانات يايدۇرۇش XX ئەسىردىن بۇيانقى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى»نىڭ تىل ئالاھىدىلىكى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە

شۋېتسىيە ئارخىپلىرىدا ساقلىنىۋاتقان زور مىقداردىكى «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى» ھەققىدىكى تەتقىقات خەلقئارا تۈركولوگىيە ساھەسىدە تېخى بىر كۆلەم ھاسىل قىلالمىدى. مەملىكىتىمىزدە، جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزدا بۇ تۈردىكى ئەسلى ماتېرىياللارنىڭ كەم بولۇشى، بىزنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشى ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرىمىزنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چوڭقۇرلىشىشىغا مەلۇم توسالغۇلارنى شەكىللەندۈردى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شۋېت ئارخىپلىرىدا ساقلىنىۋاتقان زور مىقداردىكى «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى»نىڭ بايقىلىشى ۋە ئۇنىڭغا بولغان تونۇشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، بىزنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىشى جەريانىدىكى بەزىبىر ماھىيەتلىك مەسىلىلەرنى چۈشىنىۋېلىشىمىزغا ئاساس ھازىرلاپ بەردى.

«قەشقەر باسما بۇيۇملىرى»نىڭ چېتىلىدىغان مەزمۇن دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى خېلى كۆپ باسما بۇيۇملار مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن ھازىرقى زامان مائارىپى ۋە مەدەنىيىتىگە باغلانغان. شۇنداق بولغاچقا بۇ باسما بۇيۇملارنىڭ تىلى فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گراماتىكىلىق قۇرۇلما جەھەتتىن چاغاتاي تۈركىي ئەدەبىي تىلىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا قاراپ تەدرىجىي ئۆزگىرىش ياساۋاتقان

ئۆتكۈنچى دەۋردىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىدە نامايان قىلغان. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ قەشقەردىكى باسمىخانىسىدا نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر تىلىدىكى باسما بۇيۇملارنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

**بىرىنچى، «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى» چاغاتاي تۈركىي تىلىنىڭ فونېتىكا جەھەتتىكى بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىدە بىۋاستە ئەكس ئەتتۈرگەن**

«قەشقەر باسما بۇيۇملىرى» نىڭ ئىملاسى ناھايىتى زور دەرىجىدە چاغاتاي تۈركىي تىلىنىڭ ئىملاسىغا ۋارىسلىق قىلغان. چاغاتاي تىلىدا ئەرەب، پارس تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئىملاسى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى يېزىلىش ھالىتىنى ساقلىغان. «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى» دىمۇ بۇ خىل ئالاھىدىلىك گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا، بولۇپمۇ قەشقەر ۋە يەركەن شېۋىلىرىدە بەزى سۆزلەرنى تەلەپپۇز قىلغاندا دائىم چۈشۈپ قالىدىغان (r) فونېمىسى «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى» دا چۈشۈپ قالماستىن تولۇق يېزىلغان. بۇ ھال بىزگە چاغاتاي تۈركىي يېزىق تىلىنىڭ «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى» نىڭ فونېتىكىلىق قۇرۇلمىسى ۋە ئىملا ئالاھىدىلىكىگە بولغان كۈچلۈك تەسىرىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. مەسىلەن:

پەنجشەنبە (پەيشەنبە)، گوشت (گۆش)، دەرەخت (دەرەخ)، كوھنە (كونا)، ئاھىستە (ئاستا)، ئاخۇند (ئاخۇن)، كەبۇتەر (كەپتەر)، ئافتاپپەرەست (ئاپتاپپەرەس)، ئەرتە (ئەتە)، ئەرابە (ھارۋا)، ئارمۇت (ئامۇت)، قارغا (قاغا)، ئۆرمەچۈك (ئۆمۈچۈك)، يولبارس (يولۋاس)، تەيخەر (تەخەي)، تەرس (تەس)، تۆرت (تۆت) قاتارلىقلار.

**ئىككىنچى، «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى» نىڭ تىلى چاغاتاي تۈركىي تىلىنىڭ لېكسىكا جەھەتتىكى بەزى سۆزلۈكلىرىنى خېلى دەرىجىدە ساقلىغان**

«قەشقەر باسما بۇيۇملىرى» گەرچە ئۆتكۈنچى دەۋردىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىدە نامايان قىلغان ھەمدە يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر يېزىق تىلىغا بولغان مايىللىقنى ئىپادىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ چاغاتاي تۈركىي تىلىنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردىكى بىۋاستە داۋامى ۋە تەرەققىياتى بولۇش سۈپىتى بىلەن چاغاتاي تىلىدا ساقلانغان زور مىقداردىكى ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرگە ۋارىسلىق قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە چاغاتاي تىلىنىڭ سۆز ياساش ئالاھىدىلىكلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ يېڭى شەيئىلەرنى ئىپادىلەش ئېھتىياجىدىن چىققان. مەسىلەن:

كەررەئىي مۇجەسسەمە (گۇلۇبۇس)، قۇتۇبنامە (كومپاس)، ئىستىقلال (مۇستەقىللىق)، رەئىس جۇمھۇر (زۇڭتۇڭ)، سەر كاتىب (باش كاتىپ)، خەستەخانە (دوختۇرخانا)، مەجنۇنخانا (روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى)، يېتىمخانا (دارىلئېتام)، مۇختارىيەت (ئاپتونومىيە)، پەلەڭ (يىلپىز)، شۇتۇرمۇرغ (تۆگە قۇش) قاتارلىقلار.

**ئۈچىنچى، «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى» نىڭ تىلى ئۇيغۇر تىلىنىڭ غەربىي جەنۇبىي شېۋىلىرىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىدە گەۋدىلەندۈرگەن**

(1) شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرى ئاساسەن قەشقەر ۋە يەركەن قاتارلىق جايلار بىلەن چەكلەنگەن. ئۇلار قۇرغان زامانىۋى باسمىخانىمۇ قەشقەر شەھىرىنى مەركەز قىلىپ كىتاب ـ ماتېرىياللار نەشر قىلغان. شۇنداق بولغاچقا، «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى» نىڭ تىلى خېلى زور دەرىجىدە يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ غەربىي ـ جەنۇبىي شېۋىلىرى، جۈملىدىن قەشقەر شېۋىسىنىڭ بەزىبىر ئاغزاكى ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، قەشقەر شېۋىسىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋلىشىش ھالىتىدىكى ماسلىشىشنىڭ بۇزۇلۇشى «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى» دا روشەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەسىلەن:

ئويان (ئويۇن)، بويان (بويۇن)، كۆيەك (كۆيۈك)، توقام (توقۇم)، سوقاش (سوقۇش)، ئۆتەك (ئۆتۈك)، ئۆلەم (ئۆلۈم)، قوڭغاز (قوڭغۇز) قاتارلىقلار.

(2) «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى» لېكسىكا جەھەتتىن يەنە قەشقەر شېۋىسىگە خاس بولغان بىر قىسىم سۆز ـ ئاتالغۇلارنى ساقلىغان. مەسىلەن:

ئوتياش (كۆكتات)، ھەمسايە (قوشنا)، پىشكى (بىراز)، چەپ (سول)، خۇمرا (كوزا)، غولدىماق (كۆپەيمەك)، سوقۇچاق (تۆمۈرتۇمشۇق) قاتارلىقلار.

**تۆتىنچى، «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى» دا چەت تىللاردىن كىرگەن ئۆزلەشتۈرمە (كىرمە) سۆزلەرنىڭ مەنبەسىدە ئۆزگىرىش بولغان**

ھەممىگە مەلۇمكى، چاغاتاي تۈركىي تىلىدىكى ئۆزلەشتۈرمە سۆزلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆزىگە مەنبە قىلغان. XX ئەسىرنىڭ

باشلىرىغا كەلگەندە، شەرقتىكى نۇرغۇن مىللەتلەرگە ئوخشاشلا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە كۆرۈلگەن ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر ۋە تەرەققىياتقا بولغان كۈچلۈك تەلەپلەر نەتىجىسىدە، ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، روسىيە ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى خەلقلەر مەدەنىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى كۈچەيدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، چاغاتاي تۈركىي تىلىغا ئوخشىمىغان ھالدا، يېڭى تارىخىي دەۋردىكى ئۇيغۇر تىلى ئۆزىنىڭ يېڭى سۆز ـ ئاتالغۇلارغا بولغان جىددىي ئېھتىياجىنى ئەرەب، پارس تىللىرىدىن ئەمەس، بەلكى رۇس ۋە خەنزۇ تىللىرىدىن كىرگەن ئۆزلەشتۈرمە سۆزلەردىن قاندۇرىدىغان بولدى. بۇ خىل ئەھۋال «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى»نىڭ تىلىدا روشەن ئىپادىلەندى.

(1) خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن ئۆزلەشتۈرمە سۆزلەر

چاغاتاي تۈركىي تىلىغا ئوخشىمىغان ھالدا، «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى»دا خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن بىر تۈركۈم ئۆزلەشتۈرمە سۆزلەر كۆرۈلۈشكە باشلىغان. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىي تىلىغا كىرىپ ئۆزلەشكەن خەنزۇچە ئۆزلەشتۈرۈلمە سۆزلەر ئەڭ دەسلەپ «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى»دا كۆرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن:

جاۋەن (架碗)، چاڭچىلە (唱戏)، سەي (菜)، چىڭسەي (青菜)، بەسەي (白菜)، لاڭخابىي (亮哗白)، ياڭيو (洋芋)، لوبو (萝卜)، جاڭدو (豇豆)، ئۇسۇڭ (吴葱)، ياڭزا (样子)، مىلەڭزە (门帘子)، مانتو (馒头)، لەڭمەن (拉面)، ماتاڭ (麻糖)، دادۇر (大豆)، چىزا (尺子) قاتارلىقلار.

(2) رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق ياۋروپا تىللىرىدىن كىرگەن ئۆزلەشتۈرمە سۆزلەر

«قەشقەر باسما بۇيۇملىرى» دا يەنە رۇس تىلى ۋە رۇس تىلىنىڭ ۋاستىسى بىلەن باشقا ياۋروپا تىللىرىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن بىر قىسىم سۆز ـ ئاتالغۇلار ئۇچرايدۇ. بىزنىڭ دەسلەپكى ئىزدىنىشلىرىمىزگە قارىغاندا، رۇس تىلى ۋە رۇس تىلىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىي تىلىغا كىرگەن ئۆزلەشتۈرمە سۆزلەر ئەڭ دەسلەپ «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى» دا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن:

بالشاۋىك (بولشېۋىك)، پۇرغىرام (پروگرام)، ماناپولىيە (مونوپولىيە)، قونسۇلۇس (كونسۇل)، بانقە (بانكا). گازىتە (گېزىت)، ژۇرنال، زاكاز، بېلەت، فورمە قاتارلىقلار.

بەشىنچى، «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى» دا تۇنجى قېتىم ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكا ئاتالغۇلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىغان

شۇنىسى ئېنىقكى، ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكا ئاتالغۇلىرىنىڭ يېزىق تىلدا كۆرۈلۈشى ۋە ئىشلىتىلىشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنىڭ مۇھىم بەلگىلىرىدىن بىرىدۇر. چاغاتاي تىلىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، بولۇپمۇ ئۇيغۇر تىلى قولليازمىلار دەۋرىدىن ھازىرقى زامان مەتبە دەۋرىگە كىرگەن زور بۇرۇلۇش دەۋرىدە يېڭى زاماننىڭ پەن ـ تېخنىكا ئاتالغۇلىرىغا بولغان ئېھتىياجى كۈچەيگەن. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، قەشقەردىكى شۋېت باسمىخانىسى نەشر قىلغان زور مىقداردىكى ئۇيغۇرچە دەرسلىكلەر ۋە باشقا قورال كىتابلاردا ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكا ئاتالغۇلىرى قوللىنىلىشقا باشلىغان. تۆۋەندە بۇ ھەقتىكى سۆز ـ ئاتالغۇلاردىن ئۈلگىلەرنى كۆرۈپ باقايلى.

(1) تەبىئىي جۇغراپىيىگە دائىر ئاتالغۇلار

«قەشقەر باسما بۇيۇملىرى»نىڭ ئىچىدە 1929 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئىلمىي جۇغراپىيە» ناملىق بىر كىتاب ئۇچرايدۇ. بۇ كىتاب شۋېت تىلىدىن بىۋاسىتە ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، قەشقەردىكى شۋېت باسمىخانىسىدا نەشر قىلىنغان بولۇپ، تەبىئىي جۇغراپىيىگە دائىر كۆپلىگەن ئاتالغۇلار ئۇچرايدۇ. بۇ ئاتالغۇلارنىڭ بەزىلىرى ياسالغان، بەزىلىرى ئەرەب، پارس تىللىرىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن. مەسىلەن:

جەزىرە (ئارال)، يارىم جەزىرە (يېرىم ئارال)، تاقىم جەزىرە (تاقىم ئارال)، بۇرۇن (تۇمشۇق)، بەھىر (ئوكيان)، بەھىر مۇھىت كەبىر (تىنچ ئوكيان)، بەھىر مۇھىت ئاتلاسى (ئاتلانتىك ئوكيان)، كورفىز (قولتۇق)، نەسفى كەررەئىي شىمالىي (شىمالىي يېرىم شار)، نەسفى كەررەئىي جەنۇبىي (جەنۇبىي يېرىم شار)، كەررەئىي مۇجەسسەمە (گۇلوبۇس) قاتارلىقلار.

(2) دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ۋە مەشھۇر شەھەرلەرنىڭناملىرى تاتار ۋە تۈرك تىللىرىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئۆزلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى يېزىلىشىدىن مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن:

خاقانىستان \ چىن (جۇڭگو)، سۋېدىيە \ ئىسۋەچ (شۋېتسىيە)، نورۋېچ (نورۋېگىيە)، دانىمارقە (دانىيە)، بېلۇچىقا (بېلگىيە)، ئالمانىيە (گېرمانىيە)، ماجارىيە (ۋېنگرىيە)، يۇنانىستان (گرېتسىيە)، ھەبەشىستان (ئېفىئوپىيە)، ئارجىنتىن (ئارگېنتىنا)، فورمۇزا (تەيۋەن)، سىيام (تايلاند)، قۇلقۇتتا (كالكوتتا)، قولۇمبو (كولۇمبو)، ئوساقا

(ئوساكا)، ئىستوقهولم (ستوكهولم)، ۋىكتورىيە (ۋىكتورىيە) قاتارلىقلار.

(3) «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى» ئىچىدە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ فىزىئولوگىيە ۋە ئاناتومىيە دەرسلىكلىرى بار بولۇپ، ئۇنىڭدا قوللىنىلغان كەسپىي ئاتالغۇلار بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. مەسىلەن:

پەنجە (قول)، قارىن (ئاشقازان)، ماددەتۇل ھەيات (ئوكسىگېن)، كۆمۈر ساسىقى (كاربون تۆت ئوكسىدى)، تىنىق ئەسبابلارى (نەپەس ئەزالىرى)، ھەزىم نورى (ھەزىم قىلىش يوللىرى)، مىڭە كاۋاكى (مىڭە بوشلۇقى)، تۇيماغلىق (تۇيغۇ \ سەزگۇ) قاتارلىقلار.

(4) «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى» ئىچىدە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ماتېماتىكا دەرسلىكلىرى نەشر قىلىنغان بولۇپ، ئۇلاردا ئەڭ دەسلەپكى ماتېماتىكىلىق ئاتالغۇلار ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن:

پۈتۈن ئەدەد (پۈتۈن سان)، كەسىر ئەدەد (كەسىر سان)، ئارىلاش ئەدەد (مۇرەككەپ سان)، جەمئى قىلماق (قوشۇش)، چىقارماق (ئېلىش)، سەرب قىلماق (كۆپەيتىش)، بۆلمەك (بۆلۈش)، مۇرەببە (كۋادرات) قاتارلىقلار.

## «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى»نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى

شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ قەشقەردىكى باسمىخانىسىدا نەشر قىلىنغان زور مىقداردىكى ئۇيغۇرچە باسما بۇيۇملار XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ غەربىي جەنۇبىي شېۋىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى تولۇق نامايان قىلغان. شۇنداق بولغاچقا، «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى» ئۆز دەۋرىدە چاغاتاي يېزىق ئەدەبىي تىلىنىڭ ئەنئەنىلىرىدىن ئاستا ـ ئاستا يىراقلىشىپ، خەلقنىڭ جانلىق ئېغىز تىلىغا قاراپ يېقىنلىشىۋاتقان ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا مۇئەييەن تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. بىز بۇنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىلاردىن مۇلاھىزە قىلىشىمىز مۇمكىن.

بىرىنچى، «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى» XX ئەسىردىن بۇيان رايونىمىز شىنجاڭدا رەسمىي زامانىۋى مەتبەئەدە بېسىلغان تۇنجى زور كۆلەمدىكى ئۇيغۇرچە نەشر بۇيۇملىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخارا، سەمەرقەند، تاشكەنت ھەمدە تاتارىستاننىڭ قازان شەھەرلىرىدە تاش باسمىدا كىتاب بېسىش تېخنىكىسى ئومۇملاشقان. بۇ تۈردىكى تاش باسما كىتابلار تۈرلۈك يوللار بىلەن رايونىمىز شىنجاڭغا ئېلىپ كىرىلىپ، قەشقەر، يەركەن، خوتەن قاتارلىق شەھەرلەردە سېتىلغان. بۇنىڭ بىلەن ئىلگىرىكى زامانلاردىكىدەك ئەدىبلەر ئەسەر يازغاندىن كېيىن مىرزا ـ كاتىپلار مەخسۇس قولدا كۆچۈرۈپ كۆپەيتىدىغان ئىپتىدائىي ئۇسۇلغا ئاستا ـ ئاستا خاتىمە بېرىلگەن. 1912 ـ يىلىدىن باشلاپ شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ قەشقەردە زامانىۋى باسما ماشىنىسىدا كىتاب نەشر قىلىشقا باشلىشى، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا شۇنداقلا مىللىي نەشرىياتچىلىقنىڭ گۈللىنىشىدە دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇيغۇر تىل يېزىقى ئىلگىرىكى خوتەن قەغىزىگە يېزىلىدىغان قوليازما دەۋرىدىن قۇتۇلۇپ، زامانىۋى مەتبەئە ئارقىلىق تارقىلىدىغان يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى. 1930 ـ يىللاردىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگۈزۈلگەن باسما ماشىنىلىرى شىنجاڭنىڭ چوڭ شەھەرلىرىدە ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. بۇ جەھەتتە قەشقەردىكى شۋېت باسمىخانىسىنىڭ ئوينىغان باشلامچىلىق رولىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك.

ئىككىنچى، «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى»نىڭ تىلى خېلى زور دەرىجىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ غەربىي ـ جەنۇبىي شېۋىلىرى، جۈملىدىن قەشقەر ۋە يەركەن رايونىدا كەڭ قوللىنىلىدىغان ئاغزاكى شېۋە تىلىغا يېقىنلاشقان بولۇپ، بۇ ھال ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ چاغاتاي دەۋرىدىكى يۇقىرى قاتلام يېزىق تىللىق رامكىلىرىدىن ئاستا ـ قۇتۇلۇپ، زور دەرىجىدە خەلقنىڭ جانلىق تىلىغا يېقىنلىشىشىغا ئاساس سالغان.

XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر يېزىق تىلى «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى» تىكلەپ بەرگەن ئۈلگە بويىچە ئاستا ـ ئاستا ئاممىباپلىشىپ، 1930 ـ يىللاردىكى بىر قاتار ئىسلاھاتلار نەتىجىسىدە قېلىپلىشىشقا باشلىغان شۇنداقلا يېزىق ئەدەبىي تىلى بىلەن خەلقنىڭ ئاغزاكى تىلى ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنى قىسقارتقان.

ئۈچىنچى، «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى»دا ئىشلىتىلگەن سۆز بايلىقلىرىنى تەكشۈرگىنىمىزدە، ئۇنىڭ چاغاتاي تىلىدىكى لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلەر بىلەن بەزىبىر روشەن سېلىشتۇرۇلمىلارنى ھاسىل قىلغانلىقىنى، ئەرەب، پارس تىللىرىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن كىرمە سۆزلەرنىڭ چاستوتىسىنىڭ بارغانسېرى كىچىكلەپ بارغانلىقىنى، رۇس ۋە خەنزۇ تىللىرىدىن كىرگەن بىر قىسىم يېڭى ئاتالغۇلارنىڭ ئۆزلىشىۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز. بۇ ھال بىزگە XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ ئۇزاق ئوتتۇرا ئەسىردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن ئىسلام دۇنياسى بىلەن بولغان قويۇق ئالاقىلىرىدىن قول ئۈزۈپ، ئىچكى ئۆلكىلەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق ياۋروپا مەدەنىيىتىگە بولغان كۆچلۈك خاھىشىنى ئىپادە قىلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بەشىنچى، «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى» XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا رايونىمىز شىنجاڭدا ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان زور مىقداردىكى تۇنجى باسما بۇيۇملار بولۇشىغا قارىماي، ئىملا جەھەتتىن ئۆتكۈنچى دەۋردىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ مۇكەممەل ئىملا قائىدىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلغان نەشر بۇيۇملىرى ھېسابلىنىدۇ. 1929 ـ يىلى قەشقەردىكى شۋېت باسمىخانىسى گۇستاف ئاھلبېرتنىڭ باش مۇھەررىرلىكى، ئابدۇلقادىر ئاخۇننىڭ ياردەمچى مۇھەررىرلىكىدە «ئالتە شەھەرنىڭ زەبانى، يەنى كاشغەر ۋە ياركەندە پۈتۈلەدۇرغانغە مۇۋافىق كىتابى ئىلىم ـ ئىملا» ناملىق سىستېمىلىق ئىملا كىتابىنى نەشر قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىي تىلىنىڭ تۇنجى ئىملا قائىدىسى دۇنياغا كېلىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، قەشقەردىكى شۋېت باسمىخانىسى مۇشۇ ئىملا قائىدىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلغان ھالدا كىتاب نەشر قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى ۋە نەشرىياتچىلىق قائىدىلىرىنىڭ قېلىپلىشىشى ئۈچۈن دەسلەپكى ئاساس يارىتىلىدۇ.

ئىزاھاتلار:

① [瑞典]贡纳尔·雅林:《重返喀什噶尔》,新疆人民出版社,1994 年版,第 70 页

② John Hultvall, *Mission och revolution i Centralasien*; *Svenska Missionsforbundets i Ostturkestan* 1892—1938, Gummessons, Stockholm, 1981, pp. 42—43; Gunnar Jarring, *Prints from Kashghar*, p. 8; Gunnar Jarring, *Return to Kashghar*, pp. 93—94; www. Margaretta Hook's homepage. se

③ Gunnar Jarring, *Prints from Kashghar*, p. 8

④ Gunnar Jarring, *Return to Kashghar*, p. 94; *The Report to the Svenska Missionsforbundet at Stockholm from the Swedish Mission Stations in Kashghar*, China, Swedish Mission Press, Kashghar, 1926

⑤ Gunnar Jarring, *Return to Kashghar*, p. 99

⑥ John Hultvall, pp. 59—61

⑦ Gunnar Jarring, *Prints from Kashghar*, pp. 9—10

⑧,⑨ Gunnar Jarring: *Prints from Kashgar*: *The Printing—office of the Swedish Mission in Xinjiang History and Production with an Attempt at a Bibliography*, Stockholm. 1991

⑩ Gunnar Jarring, Ibid, p. 5

⑪ Gunnar Jarring, *Prints from Kashghar*, p. 15—18

⑫ Gunnar Jarring, *Ater till Kaschgar*, Stockholm, 1979

⑬ Gunnar Jarring, *Return to Kashgar: Central Asian memories in the present*, Duke University Press, Durham, 1986

⑭ 贡纳尔・雅林著、崔延虎／郭颖杰译《重返喀什噶尔——对中亚的回忆与思考》，新疆人民出版社，乌鲁木齐，1994 年第一版，1999 年第二版

⑮ گۇننار ياررىڭ: «قەشقەرگە قايتا سەپەر»، ئابدۇغوپۇر سەئىددىن تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1998 ـ يىلى نەشرى.

⑯ Gunnar Jarring, *Return to Kashgar*, pp. 92—104；贡纳尔・雅林：《重返喀什噶尔》，第 64—79 页；Gunnar Jarring：Qäšqärgä qayta säpär, bb. 121—145

⑰ Gunnar Jarring：*Prints from Kashgar: The Printing—office of the Swedish Mission in Xinjiang History and Production with an Attempt at a Bibliography*, Stockholm. 1991

⑱ John Hultvall, *Mission och revolution i Centralasien*, *Svenska Missionsförbundets mission i Östturkestan* 1892—1938, Stockholm, 1981

⑲ John Hultvall, *Mission and Change in Chinese Turkestan in* 1892—1938, An authorised translation of the original text by Ruth Lyons, Glasgow, 1987

⑳ Lars Johanson, Old Uyghur, Eastern Turki, Modern Uyghur, *Orientalia Suecana*, LI—LI I [2002—2003], Uppsala, pp. 257—266

㉑ شىنمەن ياسۇشى، «شۋېتسىيىدە ساقلانغان شىنجاڭغا دائىر ماتېرىياللار»، ياپونچىدىن مەرىيەم ساقىم تەرجىمىسى، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1998 ـ يىللىق 4 ـ سان، 21 — 29 ـ بەتلەر.

㉒ http/www. gicas. jp/orias/digibooks. htm

㉓ 牛汝极：《瑞典的维吾尔文文献资料及维吾尔研究总览》，《新疆文物》，1994 年第 1 期

㉔ Äsäd Sulayman, *Swedish Contributions to the Formation and Development of Modern Standard Uyghur* (1892—1938): *A research report based on materials in Swedish archives*, Forum for Central Asian Studies, Institute of the Oriental Languages, Stockholm University, FoCAS Working Paper 3 , Stockholm, September, 2004, pp. 35;

Äsäd Sulayman, Uyghur Printing Materials published by Swedish Mission Press in Kashgar and Its Socio—Linguistic Features (1892—1938) — A research report based on materials in *Swedish archives*, *Study on Uyghur Language and Literature*, Xinjiang University Press, Urumchi, 2007 (Forthcoming)

جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

# ئۇيغۇر تارىخى ۋە ئەدەبىياتىغا دائىر قولىيازمىلار تەتقىقاتىدا ئەسەر ناملىرىنىڭ ئىملاسى مەسىلىسى

ئابلىمىت ئەھەت بۆگۈ*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، ئۇيغۇر تارىخى، يازما ئەدەبىياتىغا دائىر بىر قىسىم ئەسەر ناملىرىنىڭ ئىملاسى ۋە تەلەپپۇزىدا كۆرۈلۈۋاتقان بىرقەدەر ئومۇمىي دەپ قارالغان مەسىلىلەردىن مەلۇملىرىنى مىسال تەرىقىسىدە سېلىشتۇرۇش بىلەن، مەزكۇر نام - ئىسىملارنىڭ ئىملاسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش — توغرا ترانسكرىپسىيە قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە پرىنسىپلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزىلىك قاراشلار بايان قىلىنىدۇ.

**摘要**：本文以维吾尔族历史和书面文学的一部分作品名称的正字法和读法出现的比较普遍的问题为例进行比较,阐述自己关于统一这些名称的写法、准确转写的必要性以及原则的观点。

**Abstract**: By comparing the gerneral problems in the orthography and pronunciation of the names of some works in Uighur history and literature, this article discusses the necessity and principle of writing and reading of these names.

ئۇيغۇر تارىخى ۋە ئەدەبىياتىغا دائىر قولىيازمىلار سانىنىڭ كۆپلۈكى، تۈرىنىڭ خىلمۇخىللىقى مەزمۇنىنىڭ موللىقى، بەدىئىيلىكىنىڭ يۇقىرىقلىقى، جۇملىدىن، تارىخىي ۋە رېئال ئىجتىمائىي، تەربىيىۋى قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا ئەقىل - پاراسەت جەۋھەرلىرىنىڭ نامايەندىسى بولغان نۇرغۇن قىممەتلىك ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن. بۇلارنىڭ تۈرلۈك قولىيازما نۇسخىلىرى قولدىن قولغا ئۆتۈپ، كۆچۈرۈلۈپ ناھايىتى كەڭ تارقالغان. خېلى بىر قىسمى گەرچە تارىخنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىدا دەۋر بارخانلىرى ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەنلىرىمۇ ئاز ئەمەس. بىلىشىمىزچە، ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردا ساقلىنىۋاتقان كلاسسىك ئەسەرلەر (يازما يادىكارلىقلار) 10 مىڭ پارچىدىن ئاشىدىكەن. يىغىپ ساقلىنىۋاتقان بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەرقايسى پەنلەر بىلەن بولغان چېتىشىش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، خېلى بىر قىسمى يەنىلا ئۆگىنىشىمىزنى، رەتلىشىمىزنى، تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشىمىزنى، ھەتتا جىددىي قۇتقۇزۇشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

دەرۋەقە، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر تارىخى ۋە ئەدەبىياتىغا دائىر قولىيازمىلارنى يىغىش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش جەھەتتە كۆپلىگەن ئۇنۇملۇك خىزمەتلەر ئىشلەندى. نادىر قولىيازمىلاردىن خېلى نۇرغۇن ئەسەر ترانسكرىپسىيىلىك تېكىست (قىسمەن فاكسىمىل) ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسى بويىچە نەشر قىلىنىپ، ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بولۇپمۇ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىۋاتقان «بۇلاق» ژۇرنىلىدا مول ماتېرىياللىق قىممىتىگە ئىگە نۇرغۇن نادىر قولىيازمىلار قۇتقۇزۇۋېلىنىدى. يېقىنقى ئون يىل ئىچىدىلا سابىق ئۇيغۇر

---

* ئابلىمىت ئەھەت بۆگۈ: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى. 830046

كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئويۇشتۇرۇشى بىلەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئون ئىككى مۇقامغا دائىر 60 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر نەشر قىلىندى. تەتقىقاتقا ئائىت نەچچە توم ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى، «ئۇيغۇرلاردا كلاسسىك ئەدەبىيات»، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تىزىسلىرى»، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، «دىڭىز ئۈنچىلىرى»، «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە تارىخ ئاتالغۇلىرى سېلىشتۇرمىسى»، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا دائىم ئۇچرايدىغان ئاتالغۇلارغا ئىزاھات» ... قاتارلىق مۆتىۋەر ئەسەرلەر، قوللانمىلار بارلىققا كەلدى. بۇلاردىن خېلى بىر قىسمى نۆۋەتتە ئالىي مەكتەپلەردە تولۇق كۇرس ۋە ماگىستىر ئاسپىرانتلار ئۈچۈن مۇھىم دەرسلىك قىلىپ ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. نەتىجە ھەقىقەتەن زور. بىراق، مەزكۇر كىتابلارنىڭ كۆپىنچىسىدە نەقىل ئېلىنغان ترانسكرىپسىيىلىك تېكىست، يەر ـ جاي، كىتاب ناملىرى، كىشى ئىسىملىرى قاتارلىقلارنىڭ ئىملاسىدا ئاز بولمىغان مەسىلىلەرمۇ ساقلانماقتا.

يېقىندا دەرس ئۆتۈۋاتقىنىمدا، ئوقۇغۇچىلار مەندىن بەس ـ بەستە «ئافاق خوجا، ئاپاق خوجا، ئاپئاق خوجا، ئاپپاق خوجا كىملەر؟ ئۇلار بىر ئادەم ئىسمىمۇ ياكى باشقا ـ باشقا ئادەم ئىسمىمۇ؟ (قاراڭ: A ـ 775 ـ ، 779 ـ ، 1220 ـ بەتلەر، B ـ 686 ـ ، 724 ـ ، بەتلەر؛ D ـ 3 ـ ، 87 ـ بەتلەر).

«غازائىنۇل مەئانى»، «خەزىنە ئۇل مەئانى»، «زائىنۇل مەئانى»، «خەزايىنۇل مەئانى»، «خەزائىنۇل مەئانى»، «خەزائىنۇل مائانى»، ... دېگەنلەرچۇ؟ بۇلار بىر ئەسەرمۇ ياكى باشقا ـ باشقا ئەسەرمۇ؟ بىر ئاپتورنىڭ ئەسىرىمۇ؟ ياكى باشقا ـ باشقا ئاپتورنىڭ ئەسىرىمۇ؟ ئەگەر بىر كىشى، بىر ئەسەر بولسا، ئىملاسى نېمە ئۈچۈن بىردەك ئەمەس؟ (قاراڭ: E ـ 78 ـ ، 87 ـ ، 93 ـ بەتلەر؛ C ـ 360 ـ ، 388 ـ بەتلەر؛ F ـ 121 ـ بەت؛ G ـ 361 ـ بەت)... دېگەندەك سوئاللارنى ياغدۇرۇۋەتتى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۇيغۇر تارىخى، يازما ئەدەبىياتى تەتقىقاتىغا ئائىت نوپۇزلۇق ئەسەرلىرىمىزدە، ماقالىلىرىمىزدا كۆرۈلۈۋاتقان كىشى ئىسىملىرى، كىتاب ناملىرىنىڭ ئىملاسىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلىلەر ئىدى. مەن دەرستىن كېيىن دەرھال مۇناسىۋەتلىك بىرقانچە مۆتىۋەر كىتاب ۋە ژۇرناللارنى قولۇمغا ئېلىپ، شۇ كىتاب، ژۇرناللاردا ئالايىتەن كۆرسىتىلگەن نام ـ ئىسىم، ئاتالغۇلارغا بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتىم. بەرھەق، مەسىلە ئاز ئەمەس ئىكەن. مەزكۇر ئەسەر (دەرسلىك) لەردە نەقىل ئېلىنغان ترانسكرىپسىيىلىك تېكىستلەرنىڭ ئىملاسىنى دېمەيلا قويايلى، مەشھۇر تارىخىي شەخسلەر، كلاسسىك شائىر، يازغۇچىلارنىڭ خاس ئىسمى، ئەدەبىي تەخەللۇسى (لەقەبلىرى)، يەر ـ جاي، كىتابلارنىڭ خاس ناملىرىنىڭ ئىملاسى بىر كىتاب، بىر پارچە ماقالە، ھەتتا بىر بەت ئىچىدىمۇ بىر ـ بىرىگە زادىلا ئوخشىمايدۇ. ناۋادا شۇ ئەسەر، ماقالىنى تەپسىلىي ئوقۇمىسىڭىز بىرقانچە خىل ئىملادا كۆرۈلۈۋاتقان خاس بىر كىتاب — ئەسەر نامىنىڭ ۋە خاس بىر ئادەم ئىسمىنىڭ خاس بىر كىتاب — ئەسەرنى ياكى خاس ئىسمىنى بىلدۈرىدىغانلىقىغا زادىلا ئىشەنگۈڭىز كەلمەيدۇ. ھازىرغۇ بۇ نام — ئىسىملاردىكى پەرقنىڭ ئىملادىكى مەسىلە ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىزچە تۈزىتىپ چۈشەندۈرەرمىز. كېيىنچۇ؟ كەلگۈسى ئەۋلادلارغىچۇ؟ 50 يىل، 100 يىللاردىن كېيىنچۇ؟

قاراڭ، بۈيۈك قامۇس «دىۋانۇلۇغاتىت ـ تۈرك» («تۈركى تىللار دىۋانى») 1981 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغاندا، بۈۋىمىز مەھمۇد كاشغەرى (قەشقەرى) ئۆز قەلىمى بىلەن پۈتكەن مۇبارەك نام «ديوان لغات الترك» ئەسلى تەلەپپۇزى بويىچە «دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك» دەپ ئوقۇلۇپ، ھۆسنخەت بىلەن ئۇشبۇ قامۇسنىڭ مۇقاۋا ۋە تىتۇلىغا توغرا يېزىلغانىدى. ئەپسۇس، تولىمۇ ئەپسۇس، ئەمدىلىكتە ئىملا جەھەتتىكى بىردەكلىككە ـتارىخىي ئىزچىللىققا ئېتىبار بىلەن قارالمىغاچقا، مەزكۇر قامۇسنىڭ مۇبارەك نامى بىر ئەسەر، ھەتتا بىر پارچە ماقالە ئىچىدىمۇ باشتىن ـ ئاخىر «دىۋان لوغات تۈرك»، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك»، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» دېگەندەك خاتا ئىملادا كۆرۈلۈۋاتىدۇ (قاراڭ: A ـ 8 ـ ، 27 ـ ، 53 ـ ، 61 ـ ، 63 ـ ، 304 ـ ، 674 ـ ، ... بەتلەر).

لۇغەت سۆزى: سۆز؛ لۇغەت (مەلۇم تىلدىكى سۆزلەرنى يىغىپ ۋە ئۇنىڭغا ئىزاھات بېرىپ، مەلۇم مەقسەت ۋە پرىنسىپقا ئاساسەن تۈزۈلگەن سۆزلەر توپلىمى) دېگەندەك مەنىگە ئىگە بولۇپ، بىرلىكتە «لۇغەت» [لغت] سۆز، تىل؛ كۆپلۈكتە «لۇغات» [لغات] سۆزلەر، تىللار شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ (قاراڭ: H ـ 584 ـ بەت).

دېمەك، بۇ يەردە كۆرۈلۈۋاتقان «لۇغەت» بىلەن «لۇغات» تەڭ مەنىلىك سۆز ئەمەس. جۈملىدىن، تەلەپپۇزى ـ ئىملاسىمۇ ئوخشاش ئەمەس.

«ئافاق» سۆزى ئىسىم بولۇپ، ئەسلىدە بىرلىكتە «ئۇفۇق» [افق]؛ كۆپلۈكتە «ئافاق» [افاق] شەكلىدە يېزىلىپ، ئاسمان، ئۇپۇقلار؛ دۇنيا ئالەم دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى (قاراڭ: H ـ 13 ـ بەت). ناۋادا بۇ سۆز «ئافاق» دەپ

تەلەپپۇز قىلىنماي ياكى ترانسكرىپسىيە قىلىنماي «ئاپاق، ئاپپاق ياكى ئاپئاق» تەلەپپۇز قىلىنسا ياكى شۇنداق ترانسكرىپسىيە قىلىنسا، ئۇ ھالدا بۇ سۆزنىڭ مەنىسى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتكەن بولىدۇ. «ئاق» دەرىجىلىك سۈپەتنىڭ ئەسلى شەكلى. ئۇ پەقەت سۈپەت ئىپادىلىگەن بەلگىنىڭ نورمال دەرىجىسىنى بىلدۈرىدۇ. «ئاپاق، ئاپپاق، ئاپئاق» (توغرا ئىملاسى «ئاپئاق»، قاراڭ: K ـ 62 ـ بەت) شۇ دەرىجىلىك سۈپەت «ئاق» نىڭ ئاشۇرما دەرىجە شەكلى.

ئەمدى، يۇقىرىقى ئەسەرنىڭ توغرا ئىملاسى ۋە تەلەپپۇزى «خەزايىنۇل ـ مەئانى» [خزاين المعانى] (مەنىلەر خەزىنىسى) بولۇپ، ئىنىقلانغۇچى (بېقىنغۇچى) سۆز بىرلىكتە «خەزىنە»، كۆپلۈكتە «خەزايىن» (خەزىنىلەر)؛ ئىنىقلىغۇچى (بېقىندۇرغۇچى) سۆز بىرلىكتە «مەئنا»، كۆپلۈكتە «مەئانى» (مەنىلەر) شەكلىدە كۆرۈلىدۇ قاراڭ: H— 591 ـ بەت). مەزكۇر ئىنىقلىغۇچى (بېقىندۇرغۇچى) سۆزنىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپ كېلىۋاتقان «ال» (ئەلىف لام) بولسا، ئىنىقلانغۇچى ۋە ئىنىقلىغۇچى، يەنى بېقىنغۇچى ۋە بېقىندۇرغۇچى مۇناسىۋىتىدىكى تەڭسىز بىرىكمىنى بىرىكتۈرۈپ كۆرسەتكۈچى «ئەرەبچە ئىزافەت» چۈشەنچىسىدىن ئىبارەت، خالاس.

خوش، بىز تۆۋەندە ماقالىمىزنىڭ تېمىسىغا كۆرە ئۇيغۇر تارىخى ۋە ئەدەبىياتىغا دائىر قولىيازمىلار تەتقىقاتىدا تىلغا ئېلىنىۋاتقان يەر ـ جاي ناملىرى ۋە كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئىملاسىدىكى مەسىلىلەرنى كېيىنكى ماقالىمىزغا قالدۇرۇپ، پەقەت بىر قىسىم ئەسەر ناملىرىنىڭ ئىملاسىدا كۆرۈلۈۋاتقان — بىرقەدەر ئومۇمىي دەپ قارالغان مەسىلىلەردىن مەلۇملىرىنى مىسال تەرىقىسىدە سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش ۋە تۈزىتىش بىلەن، كلاسسىك ئەسەر ناملىرىنىڭ ئىملاسى ۋە تەلەپپۇزىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە پرىنسىپلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزىلىك قاراشلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمىز.

سېلىشتۇرۇڭ:

«ئاقائىد جەۋھەرىيە» (A ـ 1152 ـ بەت)

«ئاقائىت جەۋھەرىيە» (A ـ 1220 ـ بەت)

ئېتىقاد، ئىشەنچ؛ ئىخلاس مەنىسىدىكى بۇ سۆز بىرلىكتە «ئەقىدە» [عقيد]، كۆپلۈكتە «ئەقائىد» [عقائد].

توغرا ئىملاسى ۋە تەلەپپۇزى «ئەقائىد جەۋھەرىييە» (ئەقىدىلەر جەۋھىرى، نېگىزلىك /تاۋلانغان /ئەقىدىلەر)

«ئاجايىپۇل مەخلۇقات ۋە غارايىبۇل مەۋجۇدات» (Λ ـ 902 ـ بەت)

مەزكۇر «ئەرەبچە ئىزافەت» تەركىبىدىكى «ئاجايىپ» سۆزى بىرلىكتە «ئەجىب» [عجيب]، كۆپلۈكتە «ئەجايىب» [عجايب]؛ «غارايىب» سۆزى بىرلىكتە «غەرىب» [غريب]، كۆپلۈكتە «غەرايىب» [غرايب].

توغرا ئىملاسى ۋە تەلەپپۇزى «ئەجايىبۇل ـ مەخلۇقات ۋە غەرايىبۇل ـ مەۋجۇدات».

«ئاقائىد زۆرۈرىيە» (Λ ـ 1152 ـ بەت)

«ئەقائىد زەرۇرىيە» (Λ ـ 1220 ـ بەت)

توغرا ئىملاسى ۋە تەلەپپۇزى «ئەقائىدى زەرۇرىييات» (زۆرۈرىي ئەقىدىلەر).

«ئەسھابۇلكەھىپ» (C ـ 71 ـ بەت)

«ئەسھابۇلكەھب» (Λ ـ 538 ـ بەت)

«ئەسھابۇل كەھىب» (Λ ـ 900 ـ بەت)

«ئەسھابۇل كەئىب» (Λ ـ 923 ـ بەت)

«ئەسھابۇل كەب» (F ـ 219 ـ بەت)

مەزكۇر «ئەرەبچە ئىزافەت» تەركىبىدىكى ئىنىقلىغۇچى سۆز ھەمدە «ئىزافەت» كۆرسەتكۈچى «ال» (ئەلىف لام) نىڭ ئىملاسى خاتا يېزىلغان.

توغرا ئىملاسى ۋە تەلەپپۇزى «ئەسھابۇل ـ كەھف» (غاردا بىللە بولغانلار، غاردىكى سۆھبەتداشلار).

«ئەشئەرى سادىق» (A ـ 1220 ـ بەت)

ئىنىقلانغۇچى سۆز بىرلىكتە «شېئىر» [شعر]، كۆپلۈكتە «ئەشئار» [اشعار] (شېئىرلار). «ئى» پارسچە «ئىزافەت» كۆرسەتكۈچى.

توغرا ئىملاسى ۋە تەلەپپۇزى «ئەشئارى سادىق» (سادىق / سادىقنىڭ / شېئىرلىرى)

«بەدايىئۇلۋەسەت» (A ـ 530 ـ، 1084 ـ بەتلەر)

«بەدائىئۇلۋەسەت» (A ـ 667 ـ، 1220 ـ بەتلەر)

«بەدايىئول ۋەسەت» (M ـ 30 ـ بەت)

«بەدەيئول ـ ۋاسمەت» (C ـ 382 ـ بەت)

«بەدەينول ـ ۋاست» (C ـ 391 ـ، 392 ـ بەتلەر)

«بەدايئول ۋەسەت» (C ـ 388 ـ بەت)

«بىدائىيۇل ۋەسەت» (E ـ 93 ـ بەت)

بىقىنغۇچى سۆز بىرلىكتە «بەدىئ» (گۈزەل، نەپىس، نادىر، ئاجايىپ)، كۆپلۈكتە «بەدايىئ»؛ بېقىندۇرغۇچى سۆز «ۋەسەت» (ئوتتۇرا).

توغرا ئىملاسى ۋە تەلەپپۇزى «بەدايىئۇل ـ ۋەسەت» (ئوتتۇرا ياشلىق گۈزەللىكلىرى)

«تارىخى رەشىدى» (A ـ 901 ـ بەت)

«تارىخى رەشىدىيە» (F ـ 129 ـ بەت)

مەزكۇر بىرىكمە ئەسلىدە قۇرۇلمىسى جەھەتتىن «پارسچە ئىزافەت» بولۇپ، بۇ خىل تەگسىز بىرىكمىلەردە «ئىزافەت» كۆرسەتكۈچىنى «ىي» شەكلىدە ترانسكرىپسىيە قىلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى «ىي» «ئىزافەت» كۆرسەتكۈچى ئەمەس، بەلكى ئىسىمدىن سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىدۇر.

توغرا ئىملاسى ۋە تەلەپپۇزى «تارىخى رەشىدى» [تاريخ رشيدى].

«تارىخ تەبەرى» (A ـ 901 ـ بەت)

«تارىخ تەبىرى» (F ـ 220 ـ بەت)

«تەۋارىخى تەبىرى» (D ـ 7 ـ، 25 ـ بەتلەر)

«تارىخى تەبەرى» (N ـ 596 ـ بەت)

ئېنىقلانغۇچى سۆز بىرلىكتە «تارىخ»، كۆپلۈكتە «تەۋارىخ». ئەسلى ئىملاسى [تواريخ طبرى] (قاراڭ: D ـ سۈرەتكە ئېلىنغان نۇسخا 5 ـ بەت)

توغرا تەلەپپۇزى «تەۋارىخى تەبەرى». مەزكۇر ئېنىقلانغۇچى سۆز «تەۋارىخ»قا قوشۇلۇپ كېلىۋاتقان «ى» بولسا، پارسچە «ئىزافەت»، يەنى ئېنىقلىغۇچى بىلەن ئېنىقلانغۇچىنى باغلاپ، ئېنىقلاش ـ ئېنىقلىنىش مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان تىل تاۋۇشى.

«تارىخى ئەنبىيا ۋە ھۆكەمە» (A ـ 667 ـ بەت)

«تارىخى ئەنبىيا ۋە ھۆكەما» (A ـ 1224 ـ بەت)

مەزكۇر تەگداش ئېنىقلىغۇچى تەركىبىدىكى كېيىنكى سۆز بىرلىكتە «ھەكىم»، كۆپلۈكتە «ھۆكەما» (ھەكىملەر، دانىشمەنلەر).

توغرا ئىملاسى ۋە تەلەپپۇزى «تارىخى ئەنبىيا ۋە ھۆكەما» (پەيغەمبەرلەر ۋە دانىشمەنلەر تارىخى).

«تەلىمى سەبىيان» (A ـ 1153 ـ، 1225 ـ بەتلەر)

ئېنىقلانغۇچى سۆزنىڭ تەلەپپۇزى «تەئلىم»، ئېنىقلىغۇچى سۆز بىرلىكتە «سەبىي»، كۆپلۈكتە «سىبيان» (گۆدەكلەر، سەبىيلەر).

توغرا ئىملاسى ۋە تەلەپپۇزى «تەئلىمى سىبيان» (سەبىيلەرگە تەربىيە).

«تەسھىلىل ھېساب» (G ـ 1160 ـ بەت)

ئېنىقلانغۇچى سۆز «ئاددىيلىق، ئاسانلىق، قۇلايلىق» مەنىسىدىكى ئىسىم سۆز بولۇپ، مەزكۇر نامنىڭ توغرا ئىملاسى ۋە تەلەپپۇزى «تەسھىلۇل ـ ھىساب» (ھېسابتىكى /ھېسابلاشتىكى / قۇلايلىق) بولۇشى كېرەك.

«تۆھفەتۇلئەپكار» (A ـ 663 ـ بەت)

«تۆھپەتۇل ئەفكار» (B ـ 597 ـ بەت)

«توھفەتۇل ئەفگار» (M ـ 34 ـ بەت)

«توھفەتول ئەفكار» (C ـ 388 ـ بەت)

ئېنىقلانغۇچى سۆز «تۆھفە» (تۆھپە، سوۋغات، تارتۇق)، ئېنىقلىغۇچى سۆز بىرلىكتە «فىكر»، كۆپلۈكتە «ئەفكار» («ئەفگار» ئەمەس).

توغرا ئىملاسى ۋە تەلەپپۇزى «تۆھفەتۇل ـ ئەفكار» (پىكىرلەر سوۋغىسى).

«تەزكىرىيە تۇل ۋاقىئەت» (N ـ 159 ـ بەت)

ئېنىقلانغۇچى سۆز «تەزكىرە» («تەزكىرىيە» ئەمەس)؛ ئېنىقلىغۇچى سۆز بىرلىكتە «ۋاقىئە»، كۆپلۈكتە «ۋاقىئات» (ۋەقەلەر).

توغرا ئىملاسى ۋە تەلەپپۇزى «تەزكىرە تۇل ـ ۋاقىئات».

مەزكۇر تەگسىز بىرىكمىنىڭ «ئەرەبچە ئىزافەت» كۆرسەتكۈچىدە كۆرۈلۈۋاتقان «ت ـ ە، ة» تاۋۇشى كۆپ ھالللاردا مۇئەننەس سىغىسى (ئايال جىنسلىق تۈرى) نى ئىپادىلىگۈچى شەكىل بولۇپ، ئۇ پەقەت ئەرەب تىلىدىن قوبۇل قىلىنىپ، شۇ بويىچە ئۆزلەشكەن بەزى تەركىبلەردە (بىر قىسىم سۆز بىرىكمىلىرىدە) قوشۇپ، ئېنىقلىغۇچى سۆزدىكى ئالدىنقى ھەرپىنىڭ ئاي ھەرپى (ھۇرۇفى قەمەرى) ياكى قۇياش ھەرپى (ھۇرۇفى شەمسى) بولۇشى جەھەتتىن پەرقلىق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن: «تەزكىرە تۇل ـ ھىدايەت»، «تەزكىرەتۇر ـ رەشاد» («تەزكىرە تۇلرشات» ئەمەس. قاراڭ: A ـ 900 ـ، 1225 ـ بەتلەر)

«جەمئىل تارىخ» (A ـ 911 ـ بەت)
«جەمىئۇل تەۋارىخ» (A ـ 1227 ـ بەت)
«جەمىئىل تارىخ» (A ـ 1227 ـ بەت)
«جەمئىتىل تارىخ» (F ـ 288 ـ بەت)
ئىنىقلانغۇچ «جەمئ» (ھەممە، بارچە)، ئېنىقلىغۇچى ئېنىقلانغۇچى سۆزنىڭ مەنىسىگە كۆرە بىرلىكتە ئەمەس، كۆپلۈكتە ـ «تەۋارىخ» شەكلىدە ترانسكرىپسىيە قىلىنىسا مۇۋاپىق.
توغرا ئىملاسى ۋە تەلەپپۇزى «جەمئىۇت ـ تەۋارىخ» (تارىخلارنىڭ جەمئىيسى)
«چاھار دىۋان» (A ـ 679 ـ بەت)
«چار دىۋان» (B ـ 1171، C ـ 257 ـ، 360 ـ بەتلەر)
ئېنىقلىغۇچى «چار» ئەسلىدە «چەھار» (تۆت. سان) سۆزىنىڭ ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن شېئىرىي مىسرالاردىكى قىسقارتىلغان شەكلى بولۇپ، ماۋزۇلاردا كۆپىنچە «چەھار» [چهار] شەكلىدە كۆرۈلىدۇ.
توغرا ئىملاسى ۋە تەلەپپۇزى «چەھار دىۋان» (تۆت دىۋان).
«خەمسەتۇلمۇتەييىرىن» (A ـ 667 ـ بەت)
«خەمسەتول ـ موتەخەيىرىن» (C ـ 349 ـ بەت)
توغرا ئىملاسى ۋە تەلەپپۇزى «خەمسەتۇل ـ مۇتەھەييىرىن» (كىشىنى ھەيرەتتە / ھەيرانلىقتا / قالدۇرىدىغان بەش داستان).
«خۇشھال غەربى» (A ـ 892 ـ بەت)
«خوشھال غىرىبى» (A ـ 894 ـ بەت)
توغرا ئىملاسى ۋە تەلەپپۇزى «خۇشھال غەربى»
يـۇقـىـرىـقـى ئـەسـەرلـەردە ئەدەبىي لـەقـەب «غـەرىـب ـ غـەرىـبى» نىڭ ئىـملاسـى بـاشـتـىـن ـ ئـاخـىـر «غەرب ـ غەربى، غىرىب غىرىبى» شەكلىدە يېزىلغان. «پارىچە ئىزافەت» بويىچە تۈزۈلگەن خېلى بىر قىسىم تەگسىز بىرىكمىلىك نام ـ ئىسىملار، تەخەللۇس (لەقەب) نىڭ ئىملاسىمۇ توغرا يېزىلمىغان. مەسىلەن:
«دىۋان فانى»، «دىۋان پانى»، «دىۋانى پۇتوھى»، «دىۋان مـەھزۇن»، «دىۋان شـەۋقـى»، «دىۋان مـەسـنـەۋى»، «دىۋانـى نـۇبـىتـى»، «دىۋان نۇۋبەتى» (A ـ 667 ـ، 813 ـ، 869 ـ، 911 ـ، 1140 ـ، 805 ـ، 861 ـ بەتلەر).
توغرا ئىملاسى ۋە تەلەپپۇزى «دىۋانى فانى»، «دىۋانى فۇتۇھى» («پۇتوھى» ئەمەس)، «دىۋانى مەھزۇن»، «دىۋانى شەۋقى»، «دىۋانى مەسنەۋىي»، «دىۋانى نەۋبەتى» («نۇبىتى، نۇۋتى» ئەمەس).
«رەۋزە تۇل زوھرا» (A ـ 893 ـ بەت)
«رەۋزەتۇلزۇھرە» (A ـ 1231 ـ بەت)
«رەۋزەتىل زىھرا» (F ـ 184 ـ بەت)
مەزكۇر «ئەرەبچە ئىزافەت» نىڭ ئىملاسى خاتا ترانسكرىپسىيە قىلىنغان. تـوغـرا ئـىـملاسـى ۋە تـەلـەپـپـۇزى «رەۋزەتۇس ـ زۇھرە» (گۈزەل باغ، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان باغ). ئەسلىدە ئېنىقلىغۇچى سۆزنىڭ ئالدىنقى تاۋۇشى «ز» سىيرىلاڭغۇ جاراڭلىق ئۈززۈك تاۋۇش بولۇپ، ھەرپ ئايرىمىسى قۇياش ھەرپى. ئۇ «ئەرەبچە ئـىـزافەت» كۆرسەتكۈچى «ال» (ئەلىف لام) غا ئۇرۇلۇپ، تەشدىدلىك تەلەپپۇز قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئۇتۇق ئېقىمىدىكـى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش نەتىجىسىدە سىيرىلاڭغۇ جاراڭسىز ئۈززۈك تاۋۇش «س» غا ئۆۋەتلىشىدۇ.
«زەپەرنامە» (A ـ 20 ـ، 609ـ، 1231 ـ بەتلەر)
«زۇپەرنامە» (A ـ 900 ـ، 1231 ـ، 1232 ـ بەتلەر)
«زوپەرنامە» (F ـ 237 ـ بەت)
«غەلىبە ھەققىدە يېزىلغان پۈتۈك» مەنىسىدىكى بۇ ئىبارىنىڭ ئەسلى ئىملاسى «ظفرنامە» [زەفەرنامە] بولۇپ، «غەلىبە» مەنىسىدىكى «زەفەر» سۆزى خاتا تەلەپپۇز قىلىنغان ھەم خاتا ترانسكرىپسىيە قىلىنغان.
«سەبئىي سەييارە» (A ـ 663 ـ، 667 ـ، 678 ـ بەتلەر)
«سەبئى سەييارە» (B ـ 511 ـ، 534 ـ بەتلەر)
«سەبائى سەييار» (F ـ 121 ـ بەت)
«سەبائى سايىيار» (F ـ 197 ـ بەت)
«سەبئى سەييار» (C ـ 381 ـ، 402 ـ بەتلەر)
«سەبئىي ـ سەييارە» (E ـ 90 ـ، 93 ـ بەتلەر)
«سەبئەئى سەييار» (يەتتە سەييارە) بۈيۈك شائىرىمىز ئەلىشىر نەۋايىنىڭ «خەمسە» سى ئىچىدىكى تۆتىنچى داستانىنىڭ نامى بولۇپ، مەزكۇر ئەسەرلەردە خاتا ئىملادا ترانسكرىپسىيە قىلىنغان.

«سەفنەتۇششۇئرا» (A ـ 609 ـ، B ـ 459 ـ بەت)

بېقىنغۇچى سۆزنىڭ تەلەپپۇزى «سەفىنە» ئەمەس «سەفنە» (شېئىرلار توپلىمى، شېئىرىي توپلام)؛ بېقىندۇرغۇچى سۆز بىرلىكتە «شائىر»، «كۆپلۈكتە «شۇئەرا».

توغرا ئىملاسى ۋە تەلەپپۇزى «سەفنەتۇش ـ شۇئەرا» (شائىرلارنىڭ شېئىرىي توپلىمى).

«سىراجۇل مۇسلىمىن» (A ـ 667 ـ بەت)

«سىراجىلمۇسلىمىن» (A ـ 1233 ـ بەت)

توغرا ئىملاسى ۋە تەلەپپۇزى «سىراجۇل ـ مۇسلىمىن» (مۇسۇلمانلار چىرىقى).

«شەجەرىل ئىرشات» (A ـ 1234 ـ بەت)

بېقىنغۇچى سۆزنىڭ توغرا تەلەپپۇزى «شەجەرە» (يىلتىزداشلار، نەسلۇنەسەب خاتىرىسى)؛ بېقىندۇرغۇچى سۆزنىڭ توغرا تەلەپپۇزى «ئىرشاد» (توغرا يول كۆرسىتىش).

توغرا ئىملاسى ۋە تەلەپپۇزى «شەجەرەتۇل ـئىرشاد» (توغرا يول كۆرسەتكۈچىلەر شەجەرىسى).

«فاسايىھۇل ئەتفال» (A ـ 1153 ـ بەت)

«فەسايىھۇل ئەتپال» (A ـ 1235 ـ بەت)

بېقىنغۇچى (ئېنىقلانغۇچى) سۆزنىڭ تەلەپپۇزى خاتا بولغان. يۇقىرىقى ئىملا بويىچە بېقىنغۇچى سۆز «فەسىھ» نىڭ كۆپلۈكى دېيىلسە، ئۇ ھالدا «فاسايىھ» ياكى «فەسايىھ» ئەمەس، «فۇسەھا» بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇڭا بۇ سۆز ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا كۆرە «نەسىھەت»نىڭ كۆپلۈكى «نەسايىھ» (نەسىھەتلەر، ئۈگۈتلەر) دەپ تەلەپپۇز قىلىنسا توغرا بولغان بولىدۇ.

بېقىندۇرغۇچى (ئېنىقلىغۇچى) «ئەتفال» (گۈدەكلەر، ئۆسمۈرلەر) «تىفل» (گۈدەك، ئۆسمۈر) سۆزىنىڭ كۆپلۈك شەكلىدۇر. ئۇشبۇ ئەسەر مەشھۇر مەرىپەتپەرۋەر شائىر ئابدۇقادىر داموللام (1923—1854) نىڭ باللار تەربىيىسىگە ئائىت پەننىي ئەسىرى بولۇپ، توغرا ئىملاسى ۋە تەلەپپۇزى «نەسايىھۇل — ئەتفال» (ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئۈگۈت).

«پەۋائىدۇل كىبار» (B ـ 598 ـ بەت)

«فەۋائىدول كىبار» (C ـ 389 ـ بەت)

«فەۋەيدول ـ كىبىر» (C ـ 392 ـ بەت)

بېقىنغۇچى سۆز بىرلىكتە «فايدە»، كۆپلۈكتە «فەۋايىد» (پايدىلار، نەپلەر)؛ بېقىندۇرغۇچى سۆز بىرلىكتە «كەبىر»، كۆپلۈكتە «كىبار» (ياشانغان، چوڭ ياشلىق).

توغرا ئىملاسى ۋە تەلەپپۇزى «فەۋايىدۇل ـ كىبار» (قېرىلىقنىڭ پايدىلىرى).

«قامۇسۇلئەلەم» (A ـ 1235 ـ بەت)

بېقىندۇرغۇچى سۆزنىڭ ئەسلى ئىملاسى «علم» يېزىلغان بولۇپ، بۇ سۆزنى كونتېكىستتىكى مەنىسىگە ئاساسەن ھەم «ئەلەم» (بەلگە، نىشان؛ تۇغ، بايراق) دەپ، ھەم «ئىلىم» دەپ تەلەپپۇز قىلىشقا بولىدۇ. ئەمما بۇ يەردىكى تەلەپپۇزى «ئىلىم»، «ئەلەم» ئەمەس.

توغرا ئىملاسى ۋە تەلەپپۇزى «قامۇسۇل ـ ئىلىم» (ئىلىم قامۇسى، بىلىم لۇغىتى).

«كىتابۇ شېئىر» (A ـ 341 ـ بەت)

«كىتابۇششېئىر» (A ـ 348 ـ، 1237 ـ بەتلەر)

بېقىندۇرغۇچى سۆزنىڭ ئالدىنقى ھەرپى قۇياش ھەرپى (ھۇرۇفى شەمسى)، ئۇ «ئەرەبچە ئىزافەت» كۆرسەتكۈچى «ال» (ئەلىف لام)غا ئۇرۇلۇپ، تەشدىدلىك تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

توغرا ئىملاسى ۋە تەلەپپۇزى «كىتابۇش ـ شېئىر» (شېئىرىيەت ھەققىدە).

«گۈلزار بىنىش» (A ـ 1124 ـ، B ـ 1135 ـ بەت)

«گۈلزارى بېنىش» (A ـ 1239 ـ بەت)

ئېنىقلانغۇچى سۆزنىڭ تەلەپپۇزى «گۈل» ئەمەس «گۇل». توغرا ئىملاسى ۋە تەلەپپۇزى «گۇلزارى بىنىش» (تىكەنسىز گۇل)

«لىسانۇتتەيىر (A ـ 664 ـ، 834 ـ بەتلەر)

«لىسانۇت تەير» (B ـ 959 ـ بەت)

«لىسانوت تەيىر» (C ـ 388 ـ بەت)

«لىسانۇت تەيىىر» (C ـ 387 ـ بەت)

«لىساتتەيىر» (E ـ 93 ـ بەت)

ئېنىقلانغۇچى «لىسان» (تىل)، ئېنىقلىغۇچى «تەير» (قۇش)؛ ئېنىقلىغۇچى سۆزنىڭ ئالدىنقى ھەرپى قۇياش ھەرپى (ھۇرۇفى شەمسى) «ئەرەبچە ئىزافەت» كۆرسەتكۈچى «ال»غا ئۇرۇلۇپ، تەشدىدلىك تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

توغرا ئىملاسى ۋە تەلەپپۇزى «لىسانۇت ـ تەير» (قۇش تىلى)
«مەجمۇئەتۇل قەسائىد» (A ـ 1194 ـ بەت)
«مەجبۇئەتەلقەسائىت» (A ـ 1240 ـ بەت)
«مەجبۇئەتۇلقە سائىد» (A ـ 1240 ـ بەت)
بىقىندۇرغۇچى سۆز بىرلىكتە «قەسىدە»، كۆپلۈكتە «قەسايىد» (قەسىدىلەر).
توغرا ئىملاسى ۋە تەلەپپۇزى «مەجمۇئەتۇل ـ قەسايىد» (قەسىدىلەر مەجمۇئەسى).
«مىفتائۇل ئۇلۇم» (A ـ 520 ـ بەت)
«مۇفتاھۇلئالۇم» (A ـ 581 ـ بەت)
«موپتاھىل ئۆلۇم» (F ـ 55 ـ بەت)
«مۇفتاھىل ـ ئۆلۇم» (C ـ 281 ـ بەت)
«مىفتۇھۇل ئۇلۇم» (C ـ 494 ـ بەت)
ئىنىقلانغۇچى سۆزنىڭ توغرا تەلەپپۇزى «مىفتاھ» (ئاچقۇچ، كىلىت)، ئىنىقلىغۇچى سۆزنىڭ توغرا تەلەپپۇزى «ئۇلۇم» («ئىلىم» نىڭ كۆپلۈكى. ئىلىملەر).
توغرا ئىملاسى ۋە تەلەپپۇزى «مىفتاھۇل ـ ئۇلۇم» (ئىلىملەر ئاچقۇچى).
«نەسائىمول مۇھەببەت» (A ـ 470 ـ بەت)
«ناسائىمۇلمۇھەببەت» (A ـ 664 ـ بەت)
«نەسەئىمۇلمۇھەببەت» (A ـ 676 ـ بەت)
«ناسايىمول ـ مۇھەببەت» (C ـ 282 ـ بەت)
ئىنىقلانغۇچى سۆزنىڭ توغرا تەلەپپۇزى «نەسايىم» (شاماللار، تاڭ شاماللىرى. بىرلىكى «نەسىم»).
توغرا ئىملاسى ۋە تەلەپپۇزى «نەسايىمۇل ـ مۇھەببەت» (مۇھەببەت شاماللىرى).
«ھەيرەتۇلئەبراز» (A ـ 675 ـ بەت)
«ھەيراتۇل ئەبرار» (A ـ 785 ـ، 786 ـ، 1244 ـ بەتلەر)
«ھەيراتۇل ئەبراز» (E ـ 93 ـ بەت)
ئىنىقلانغۇچى سۆزنىڭ توغرا تەلەپپۇزى «ھەيرەت» (ھەيرانلىق، تاڭ قېلىش)، ئىنىقلىغۇچى سۆزنىڭ توغرا تەلەپپۇزى «ئەبرار» (ياخشىلار، ياخشىلىق بىلەن تونۇلغانلار، پاك كىشىلەر).
توغرا ئىملاسى ۋە تەلەپپۇزى «ھەيرەتۇل ـ ئەبرار» (ياخشىلارنىڭ ھەيرانلىقى).
«ھىببىل بەھر» (A ـ 896 ـ بەت)
«ھەببىل بەھر» (A ـ 1244 ـ بەت)
ئىنىقلانغۇچى سۆزنىڭ توغرا تەلەپپۇزى «ھەبىب» (دوست)، ئىنىقلىغۇچى سۆز «بەھر» (نىسۋە، ئۈلۈش، پايدا، مەنپەئەت).
توغرا ئىملاسى ۋە تەلەپپۇزى «ھەبىبۇل ـ بەھر» (مەنپەئەتلىك دوست).
«تارىخى جاھان گۇشاھ» (A ـ 1224 ـ بەت)
«تارىخي جاھانكۇشاي» (M ـ 211 ـ بەت)
ئىنىقلىغۇچى سۆزنىڭ توغرا تەلەپپۇزى «جەھانكۇشاي» (بۈيۈك پادشاھلار).
توغرا ئىملاسى «تارىخى جەھانكۇشاي« (بۈيۈك پادشاھلار تارىخى).
......

روشەنكى، كلاسسىك ئەسەر ناملىرىنىڭ ئىملاسىدا كۆرۈلۈۋاتقان بۇ بىر قاتار مەسىلىلەر تېكىستشۇناسلىقتا سەل قارىغانلىقىمىزدىن كېلىپ چىققان. بىزدە ھازىرغىچە مەلۇم بولغان كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ ناملىرى ئاساسەن ئەرەبچە، پارسچە «ئىزافەت» شەكلىدە كۆرۈلىدۇ. ئۇ مەيلى فونېتىك شەكلى جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى قۇرۇلمىسى، يەنى بىرىكىش تەرتىپى جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى تەلەپپۇزى بولسۇن ياكى ترانسكرىپسىيىسى بولسۇن، ئومۇمەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نام ـ ئىسىملاردىن مۇئەييەن ئالاھىدىلىكلەر بويىچە پەرقلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسىنى تۈزۈشتە مورفولوگىيىلىك پرىنسىپ ئاساس قىلىنغان. ئەمما كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ ترانسكرىپسىيىلىك تېكىستلىرىدە، كىشى ئىسمى، يەر ـ جاي، كىتاب ناملىرىنىڭ ئىملاسىدا تارىخي پرىنسىپنى ئاساس قىلىش كېرەك. چۈنكى ئۇ «ئەمەلىيەتتە سۆزلەرنىڭ فونېتىكىلىق پرىنسىپ بويىچە تارىخي جەھەتتىن قېلىپلىشىپ قالغان شەكلىنى يېزىقتا ئىپادىلەش پرىنسىپىدۇر.»①

1. كلاسسىك يازما يادىكارلىقلارنىڭ ناملىرىدا كۆرۈلىدىغان «ئا، ئە» تاۋۇشلىرىنى ئەسلى ئىملاسىغا كۆرە «ئې، ئى» تاۋۇشىغا ئاجىزلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. مەسىلەن:
«مەسنەۋى خەراباتى» («مەسنىۋى خاراباتى» ئەمەس)

«مەسنەۋى شەرىف» («مەسنىۋى شېرىف / شىرىپ» ئەمەس).
«مۇھاكەمەتۇل ـ لۇغەتەين» («مۇھاكىمەتۇل لۇغاتەين / لۇغەتەين /» ئەمەس).
«خەيال ۋە ۋىسال» («خىيال ۋە ۋىسال» ئەمەس).
«مەخزەنۇل ـ ئەسرار» («مەخزىنۇلئەسرار» ئەمەس).

2. ئەسلىدە يالغۇز فەتھە بىلەنلا ئىپادىلەنگەن قىسقا سوزۇق تاۋۇشنىڭ «ئەلىف» لىق بۇغۇمىدىن بۇرۇن كەلگەنلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا كۆپىنچە «ئا» تەلەپپۇز قىلىنغان ھەم شۇنداق يېزىلغان. ئەمما كلاسسىك ئەسەرناملىرىدا «ئە» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ ھەم شۇنداق ترانسكرىپسىيە قىلىنىدۇ. مەسىلەن:
«جەھاننامە» («جاھاننامە» ئەمەس)
«ئەجايىبۇد ـ دۇنيا» («ئاجائىبۇد دۇنيا» ئەمەس)
«نەۋادىرۇش ـ شەباب» («ناۋادىرۇش شاباپ» ئەمەس)
«ھەسبى ھال» («خاسبى ھال» ئەمەس)
«ۋەفانامە» («ۋاپانامە» ئەمەس)

3. يازما يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدىغان «ث . ح، ذ، ص، ض، ط، ظ، ع» قاتارلىق ھەرپلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئۇزۇك تاۋۇشلار ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇناسىپ ئۇزۇك تاۋۇش ھەرپلىرى ياكى بەلگىلەر بويىچە ترانسكرىپسىيە قىلىنغاندىن باشقا، «ب، د، ف، ھ، ۇ (ھەمزە)» كىتاب ناملىرىنىڭ ھەرقانداق بۇغۇمىدا كېلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئەسلى ئىملاسى ۋە تەلەپپۇزى بىلەن ئوخشاش ترانسكرىپسىيە قىلىنىدۇ. «ب، ف» تاۋۇشىنى «پ» غا، «د» نى «ت» غا ئالماشتۇرۇشقا؛ «ھە، ۇ (ھەمزە)» نى قالدۇرۇپ ترانسكرىپسىيە قىلىشقا بولمايدۇ. مەسىلەن:
«فەرھاد ـ شىرىن» («پەرھات ـ شېرىن» ئەمەس)
«فىراقنامە» («پىراقنامە» ئەمەس)
«سەفەرنامە» («سەپەرنامە» ئەمەس)
«زەفەرنامە» («زەپەرنامە / زوپەرنامە/» ئەمەس)
«مەھبۇبۇل ـ قۇلۇب» («مەھبۇبۇلقولوپ» ئەمەس)
«قىسسەئى شاھ مەشرەب» («قىسسەئى شامەشرەپ» ئەمەس)
«مىئراجنامە» («مىراجنامە» ئەمەس)

4. ئەسلىدە زەممە (پەش) ئارقىلىق، بەزىدە «و» (ۋاۋ) ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان قىسقا «ئۇ» تاۋۇشى تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قائىدىسىگە بويسۇندۇرۇلماي، بىردەك «ئۇ» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ ھەم شۇنداق ترانسكرىپسىيە قىلىنىدۇ. مەسىلەن: «گۇل ۋە بۇلبۇل» («گۈل ۋە بۇلبۇل» ئەمەس)
«يۇسۇف ۋە زۇلەيخا» («يۇسۇپ ۋە زىلەيخا» ئەمەس)
«تاھىر ۋە زۇھرە» («تاھىر ۋە زۆھرە / زوھرا/» ئەمەس)
«تەۋارىخى ھۇكەما» («تەۋارىخى / تارىخى / ھۆكەما» ئەمەس)

5. ئۇيغۇر تارىخى ۋە ئەدەبىياتىغا دائىر قولىيازمىلاردا ئىزافەت كۆرسەتكۈچى «ال» (ئەلىف لام) ئارقىلىق تۈزۈلگەن ھەمدە «ئى» ئارقىلىق بىرىككەن، ئېنىقلانغۇچى ۋە ئېنىقلىغۇچى، يەنى بېقىنغۇچى ۋە بېقىندۇرغۇچى شەكلىدە كەلگەن ئەرەبچە، پارسچە تەركىبلەر — ئەسەر ناملىرى كۆپرەك.

«ئىزافەت» قوشۇش، باغلاش دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ ئېنىقلانغۇچى ۋە ئېنىقلىغۇچى مۇناسىۋەتلىرىنى ئىپادىلىگۈچى چۈشەنچىدىن ئىبارەت. ئەرەبچە تەركىبلەردە ئىملادا ئېنىقلىغۇچى سۆزنىڭ ئالدىغا ئادەتتە ئالدى قوشۇمچە رولىدىكى «ال» قوشۇلۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ئەرەب ھەرپلىرى قۇياش ھەرپلىرى (ھۇرۇفى شەمسى): ت ث د ذ ر ز س ش ص ض ط ظ ل ن ۋە ئاي ھەرپلىرى (ھۇرۇفى قەمەرى): ا ب ج ح خ ع غ ف ق ك م ھ و ى دىن ئىبارەت ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنگەن بولۇپ، «ال» نىڭ تەلەپپۇزى ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن ھەرپنىڭ قايسى گۇرۇپپىدىكى ھەرپ ئىكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

(1) «ال» قوشۇلغان ئېنىقلىغۇچى سۆزنىڭ باش ھەرپى قۇياش ھەرپى بولسا، «ال» [ئۇ] تەلەپپۇز قىلىنىپ، ئېنىقلىغۇچى سۆزنىڭ باش ھەرپى تەكرارلىنىدۇ ھەم شۇنداق ترانسكرىپسىيە قىلىنىدۇ. مەسىلەن:
نوادرالشباب [نەۋادىرۇش ـ شەباب] (يىگىتلىك نادىرلىقلىرى)
منطق الطير [ مەنتىقۇت ـ تەير] (قۇش تىلى)
كتاب الشفا [ كىتابۇش ـ شىفا] (دورىگەرلىك كىتابى)

(2) «ال» قوشۇلغان ئېنىقلىغۇچى سۆزنىڭ باش ھەرپى ئاي ھەرپى بولسا، «ال» [ئۇل] تەلەپپۇز قىلىنىدۇ ھەم شۇنداق ترانسكرىپسىيە قىلىنىدۇ. مەسىلەن:
مخزن الاسرار [مەخزەنۇل ـ ئەسرار] (سىرلار خەزىنىسى)
ميزان الاوزان [ مىزانۇل ـ ئەۋزان] (ۋەزىنلەر ئۆلچىمى)

محبوب القلوب [مەھبۇبۇل - قۇلۇب] (كۆڭۈللەر سۆيگۈنى)

(3) ئىنقىلانغۇچى سۆزنىڭ ئالدىدا، شۇ بىرىكمە ئىنقىلايدىغان يەنە بىر سۆز كەلسە، «ال» نىڭ ئالدىدىكى بىرىكمە [ئۇ] ئارقىلىق ئۇزئارا بىرىكىدۇ؛ «ال» نىڭ تەلەپپۇزىدىكى [ئۇ] ئىزافە [ئى] تاۋۇشىغا ئۆزگىرىدۇ ھەم شۇنداق ترانسكرىپسىيە قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

لغات الترک [لۇغاتۇت - تۈرك] (تۈركىي تىللار)

ديوان لغات الترک [دىۋانۇلۇغاتىت - تۈرك] (تۈركىي تىللار دىۋانى)

روضەالصفا [رەۋزەتۇس - سەفا] (ساپالىق باغ)

تواريخ روضەالصفا [تەۋارىخۇ رەۋزەتىس - سەفا] ( ساپالىت باغ تارىخى)

پارسچە تەركىبلەردە ئىملادا ئىنقىلانغۇچىنىڭ ئاخىرىدا ئىزافەت مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرگۈچى تىل تاۋۇشى «ئى» قوشۇلۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ھەم شۇنداق ترانسكرىپسىيە قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

تاريخ رەشيدى [ تارىخى رەشىدى]

تواريخ عجم [تەۋارىخى ئەجەم]

ديوان قديرى [ دىۋانى قىدىرى]

كتاب عبدالله [كىتابى ئەبدۇللاھ]

مەلۇمكى، ئۇيغۇر تارىخى ۋە ئەدەبىياتىغا دائىر قولىيازمىلارنى نەشرگە تەييارلاش ئىلمىيلىكنى، كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىقنى، ئەمەلىياتچانلىقنى، بولۇپمۇ توغرا بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان خىزمەت. ئۇيغۇر تارىخى ۋە ئەدەبىياتىغا دائىر قولىيازمىلار تىل - يېزىق جەھەتتىن ئۆزگىچىلىككە ئىگە. شۇڭا كلاسسىك ئەسەرلەر (يازما يادىكارلىقلار) نى نەشرگە تەييارلىغاندا ياكى شۇ ئەسەرلەردىن نەقىل ئالغاندا مەيلى تەلەپپۇزى جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى ئىملاسى جەھەتتىن بولسۇن، تەركىبىدىكى ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەرنىڭ، بولۇپمۇ يەر - جاي، كىتاب ناملىرى، كىشى ئىسىملىرىنىڭ ترانسكرىپسىيىسىنى — ئىملاسى ۋە تەلەپپۇزىنى ئىمكان بار «ئەسلىگە سادىق بولۇش» پرىنسىپى بويىچە ئەينەن ئىپادىلىشىمىز، دەۋر تۈسى، دەۋر ئالاھىدىلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقىمىز لازىم.

## ئىزاھ:

① «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 - يىلى نەشرى، 5 - بەت.

## كۆرسەتمە:


A. «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2002 - يىلى نەشرى.

B. «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تىزىسلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 - يىلى نەشرى.

C. «ئۇيغۇرلاردا كلاسسىك ئەدەبىيات»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1988 - يىلى نەشرى.

D. «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 - يىلى نەشرى.

E. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 2002 - يىلى 1 - سان.

F. «دىڭىز ئۈنچىلىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1990 - يىلى نەشرى.

G. «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1990 - يىلى نەشرى.

H. «چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 - يىلى نەشرى.

K. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 - يىلى نەشرى.

M. «مۇھاكەمەتۇل - لۇغەتەين»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 - يىلى نەشرى.

N. «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە تارىخ ئاتالغۇلىرى سېلىشتۇرمىسى»، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى، شىنجاڭ ئۈنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2003 - يىلى نەشرى.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

2007 ـ يىلى 3 ـ ئاي شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 28 ـ يىللىق 1 ـ سان
第 28 卷第 1 期 新疆大学学报(哲学社会科学维文版) 2007 年 3 月

# 1979 ـ يىلدىن 1986 ـ يىلغىچە «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان پروزا ئەسەرلىرىنىڭ بايان ماھارىتىگە نەزەر

مۇھەممەت ھوشۇر*

قىسقىچە مەزمۇنى: مەزكۇر ماقالىدە، «تارىم» ژۇرنىلىدا «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» ئاخىرلىشىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنكى سەككىز يىل ئىچىدە ئېلان قىلىنغان پروزا ئەسەرلىرىنىڭ بايان ماھارىتىنى تۇتقا قىلىپ، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ئىپادىلەش سەۋىيىسىنى مۆئەييەن دەرىجىدە يورۇتۇپ بېرىش مەقسەت قىلىنىدۇ.

**摘要**：本文从维吾尔文重要文学杂志《塔里木》在文革后的 8 年期间刊发的发非韵文作品的叙述技巧入手，试图阐明新时代维吾尔族非韵文作品的初期表达水平。

**Abstract**: This article briefly exposes the early expression level of new times Uighur prosaic works by analysing the describing skill of it.

«تارىم» ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا نەشر قىلىنىدىغان بىردىنبىر چوڭ تىپتىكى ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال. ئۇ ئۆزىنىڭ 55 يىللىق تارىخىي مۇساپىسىدە بوگۇنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. بولۇپمۇ، پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان «تارىم»دا ئېلان قىلىنغان ھېكايە، پوۋېستلار يېڭى دەۋر پروزىچىلىقىمىزنىڭ ئاساسىي سەۋىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

«ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق»تىن كېيىن قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن «تارىم» ژۇرنىلى تاكى 80 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىغا قەدەر ئۆزى يالغۇز ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئېغىر يۈكىنى زىممىسىگە ئالدى. (كېيىنچە، يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللار ئارقا ـ ئارقىدىن تەسىس قىلىندى). ئۇيغۇر يېڭى دەۋر پروزىچىلىقىنىڭ بىخ ھالىتى ھېسابلانغان بۇ مەزگىللەردە ئەسەرلەر ئاساسەن مۇشۇ ژۇرنال ئارقىلىق كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

پروزىچىلىقىمىزنىڭ ئەشۇ ئالاھىدە تارىخىي دەۋردىكى ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئەتراپلىق چۈشىنىش بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىپادىلەش سەۋىيىسىدىكى تەرەققىيات جەريانى ۋە ئالاھىدىلىكىنى ئىلمىي كۆزىتىش، خۇلاسىلەشتە مەزكۇر ئەسەرلەر ئۆزگىچە ئەھمىيەتكە ئىگە.

مۇشۇ نۇقتىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئاپتور 1979 ـ يىلدىن 1986 ـ يىلغىچە بولغان 96 سان ژۇرنالدىكى 427 پارچە ئەسەر (بۇنىڭ ئىچىدە ھېكايە 395 پارچە، پوۋېست 27 پارچە، رومان بۆلىكى بەش پارچە) نىڭ بايان ماھارىتىگە قارىتا تەھلىل يۈرگۈزدى ۋە تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرلۈكلەرگە ئېرىشتى:

* مۇھەممەت ھوشۇر: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ 2003 ـ يىللىق دوكتور ئاسپىرانتى. 830046

## بىرىنچى، بايان ئەندىزىسى جەھەتتە

كىشىلەر نەزەرىدىكى ئەندىزە بولسا تۈرلۈك هادىسىلەرنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان بىر خىل هالەت، بىر خىل رامكا ياكى ئورتاق بويسۇنۇلىدىغان قېلىپتىن ئىبارەت. بىز تۆۋەندە تىلغا ئالماقچى بولغان «بايان ئەندىزىسى» «كۆپلىگەن پروزا ئەسەرلىرىدىكى مول ۋە ئۆزگىرىشچان هادىسە توقۇلمىلىرىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان بەزىبىر ئاساسىي بىرلىككە ئىگە بايان قېلىپىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ خىل قېلىپ ئەمەلىيەتتە يازغۇچىنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى بەدىئىي ئىگىلەش ئۇسۇلىدۇر»①.

ئۇ پېرسوناژ، سۇژېت، تېمىلارنىڭ ئەسەر قۇرۇلمىسىدىكى مەۋجۇتلۇق هالىتىدۇر.

غەرب هازىرقى زامان يېڭى تەنقىدچىلىك ئېقىمىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بولغان ۋېرلېك بىلەن ۋورلۇننىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، بايان ئەندىزىسى يازغۇچىنىڭ بەدىئىي تەپەككۇر كەڭلىكى ۋە «ئۇلۇغ» ياكى «ئاددىي»لىقىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم شەرتتۇر.

مەزكۇر سەككىز يىلدىكى پروزا ئەسەرلىرىدە نىسبەتەن كەڭرەك ئۇچرايدىغان بايان ئەندىزىلىرى تۆۋەندىكىچە:

### 1. خىلمۇخىل «كۆرەش» ئەندىزىلىرى

بۇ ئاساسەن سىياسىي تېمىدىكى ئەسەرلەردە ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان بايان قېلىپى بولۇپ، ئۇنىڭدىكى فوكۇس ـ پېرسوناژلارنىڭ سىياسىي مەيدانى، ئىپادىلىنىش شەكلى ئۆزئارا توقۇنۇشتىن ئىبارەت. ئۇ خاراكتېرىگە قاراپ يەنە مۇنداق ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

#### (1) «سىنىپىي كۆرەش» ئەندىزىسى

بۇ خىلدىكى ئەسەرلەر ئاساسەن ئەزگۈچى سىنىپ (باي، پومېشچىكلار) بىلەن ئېزىلگۈچى سىنىپ «دېھقان، چارۋىچىلار) ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەسسەسىز كۆرەشنى تۈتقا قىلغان بولۇپ كېيىنكىسىنىڭ ئالدىنقىسىدىن هېساب ئېلىشى بىلەن تاماملىنىدۇ، بۇ خىل ئەندىزىدىكى ئەسەرلەر ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە ناهايىتى كۆپ يېزىلغان، پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى ئىككى يىلدا يەنە ئەۋج ئالدى. بۇنىڭغا قەييۇم تۇردىنىڭ «قۇتلۇق يالداما»، «بۇغدا ئاتا»، «يېشىل مەرۋايىت» ناملىق هېكايە، پوۋېستلىرى، ياسىن خۇدابەردىنىڭ «پويىزدا ئۇچرىشىش»، نۇر روزىنىڭ «مۆمىننىڭ مومىغا چىقىشى» هېكايىلىرى مىسال بولالايدۇ.

#### (2) «لۇشيەن كۆرىشى» ئەندىزىسى

پارتىيىنىڭ يېڭى دەۋردىكى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى بىلەن باش قەھرىماننىڭ ئىلگىرى (ئاساسلىقى مەدەنىيەت ئىنقىلابى)كى كونا كۆز قاراشلىرىنىڭ زىددىيەت توقۇنۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئوبيېكت قىلىنغان. مەسىلەن، قەييۇم تۇردىنىڭ «يول»، قاهار جېلىلنىڭ «مېھرىبان»، ئالىمجان ئىسمائىلنىڭ «تەقدىر» پوۋېستلىرى.

#### (3) «ئىدىيىۋى كۆرەش» ئەندىزىسى

بۇنداق ئەسەرلەر خۇددى «چېنىقىش» هېكايىسىدىكى مەتنىيازنىڭ ئىدىيىسىدە ئاستا ـ ئاستا بۇرۇلۇش ياسىغىنىغا ئوخشاش، باش قەھرىماننىڭ مەلۇم بىر خىل قىممەت قارىشىنى ئۆزگەرتىپ يېڭى قاراشقا ئىگە يېڭى ئادەم بولۇش جەريانىغا كۆز تىكىلىدۇ. مەسىلەن، ئابدۇقادىر سادىرنىڭ «مەسئۇلىيەت»، مەمتىمىن ئابدۇۋەلىنىڭ «مېنى كەچۈرۈڭلار»، توختى ئايۇپنىڭ «هايات قەدرى» هېكايىلىرى، سەمەت دۇگايلىنىڭ «كىچىك لەقۋا» پوۋېستى.

### 2. «نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش» ئەندىزىسى

باش قەھرىمان توغرا سىياسەتنىڭ تۈرتكىسىدە جاپالىق ئىشلىگەچكە ئىقتىسادىي جەھەتتىن قەددىنى رۇسلاپ «باي» بولىدۇ. بۇ خىل ئەسەرلەردە ئاساسلىقى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى يېزىلارنىڭ يېڭىچە قىياپىتى سۈرەتلەنگەن. مەسىلەن: سەلەي قاسىمنىڭ «سىدىق لاي ـ لاي»، زوردۇن سابىرنىڭ «قوشنىلار»، زۇلپىقارنىڭ «بىدىكنىڭ كۈلكىسى» هېكايىلىرى، سېيىت زۇنۇننىڭ «يېشىل چىراغ»، ئابلا ئەخمىدىنىڭ «قاپاقتېرەكلىك هويلا» پوۋېستلىرى.

### 3. «چىرىكلىك ـ پاكلىق» ئەندىزىسى

بۇ خىلدىكى ئەسەرلەر كېيىنكى بەش يىلدا ئەڭ كۆپ يېزىلغان. ئۇنىڭدا رەھبىرىي كادىرلار ۋە ئىشچى خىزمەتچىلەردىكى خىزمەت ئىستىلى بايان مەركىزىدە تۇرىدۇ. پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىك، تۆرىچىلىك، تەخسىكەشلىك، پۇرسەتپەرەسلىك قاتارلىق ئىللەتلەر بىلەن پاك دىيانەتلىك، ئاددىي ـ ساددىلىق، سەممىيلىك مۇنداق ئەسەرلەرنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈش ئوبيېكتىدۇر. مەسىلەن: «ھەسىنەم»، «مەن كۆرگەن كىشىلەر ئىچىدە»، «قۇربانلىق»، «كۆپۈك»، «داغ» هېكايىلىرى مۇشۇ جۈملىدىندۇر.

### 4. «نامى ئەسلىگە كېلىش» ئەندىزىسى

باش قەھرىمان «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا نۇرغۇن ئۆۋالچىلىقلارغا ئۇچراپ، ئېغىر رىيازەتلەرنى چېكىدۇ،

پەقەت «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن ئىلگىرىكى نورمال تۈرمۇشىغا قايتا ئېرىشىدۇ. بۇ خىل ئەسەرلەردە «ئون يىللىق مالىمانچىلىق» بىلەن 3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىنكى يېڭى دەۋر روشەن سېلىشتۇرما قىلىنغان. مەسىلەن: ئابدۇرېشىت قادىرنىڭ «تەلپۈنۈش»، نۇرمۇھەممەد دۆلەتنىڭ «ئۇنىڭ خۇشاللىقى»، يولۋاس راشىدىنىنىڭ «ئۇستاز» ھېكايىلىرى ھەمدە قەييۇم تۇردىنىڭ «گۈلزارلىق ھويلىدىكى كىشىلەر»، ئابلىمىت ھاجىنىڭ «تولۇنئاي» پوۋېستلىرى.

5. «يۇرتىغا قايتىش» ئەندىزىسى

باش قەھرىمان ئايرىلغىلى ئۇزۇن زامانلار بولغان يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ ئۇنىڭدىكى ئادەم ۋە شەيئىلەردە يۈز بەرگەن نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەردىن خەۋەر تاپىدۇ. مەسىلەن: مەتتۇرسۇن سۇلايماننىڭ «30 يىلدىن كېيىن»، جالالىدىن بەھرامنىڭ «هارۋىكەش»، تۇرسۇنئاي يۇنۇسنىڭ «ئاقىۋەت» ھېكايىلىرى، توختى ئايۇپنىڭ «مارجانبۇلاق» پوۋېستى. . .

6. «مۇھەببەت - ئەمگەك» ئەندىزىسى

بۇ 80 - يىللاردىكى پروزىمىزدا خېلىلا تىپىك ئەندىزىلەرنىڭ بىرى بولۇپ ئۇنىڭدا مۇھەببەت بىۋاسىتە تەسۋىرلەنمەستىن، بەلكى قىز - يىگىتنىڭ ئەمگەك قارىشى ۋە ئەمگەك پوزىتسىيىسىنى مۇھەببەتكە ئېرىشىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىدۇ. يىگىت ئۆز ئىشىدا مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن ئاندىن قىزنىڭ ۋىسالىغا يېتىدۇ. مەسىلەن: توختى ئايۇپنىڭ «ۋىسال كېچىسى»، ئەزىز ساۋۇتنىڭ «ئىستىقبال»، مۇھەممەت باغراشنىڭ «ھايات ھەققىدە ناخشا»، سۇلتان ھاشىمنىڭ «ئىنتىلىش»، ھوشۇر ئەخمەتنىڭ «گۈلسۇرۇخ» ھېكايىلىرى، توختى ئايۇپنىڭ «ئارمان» پوۋېستى. . .

7. «ئاددىي كىشىلەر - ئېسىل پەزىلەت» ئەندىزىسى

بىر مەزگىللىك «قەھرىمان شەخسلەر»، «ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى»نى يېزىش دولقۇنىدىن كېيىن جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى نامسىز تۆھپىكارلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش پروزىمىزنىڭ يېڭى مەزمۇنى بولدى. بۇنداق ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلارنىڭ قەلبى ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ ئەكسىچە ئالتۇندەك ساپ ۋە گۈزەل. ئۇلار ئۈن - تىنسىز ئىشلەپ باشقىلاردىن، جەمئىيەتتىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايدۇ. مەسىلەن: مۇھەممەد باغراشنىڭ «ئېگىز بىناغا ياندىشقان بوتكا» ھېكايىسىدىكى تۇنىكىچى بوۋاي، «نۇر» ھېكايىسىدىكى ئەخلەت يىغقۇچى، مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «كونا - يېڭى ئىشلار»دىكى ساۋۇر ئاكا ...

يۇقىرىقىلاردىن باشقا بۇ مەزگىللەردىكى پروزىچىلىقىمىزدا يەنە تەكرارلىق (چاستوتىسى) ئانچە يۇقىرى بولمىغان ئەندىزىلەرمۇ ئۇچرايدۇ. بىز ئۇلار ئۈستىدە ئايرىم توختالمايمىز.

## ئىككىنچى، بايان مەۋقەسى جەھەتتە

بايان مەۋقەسى — پروزا ئەسەرلىرىنىڭ تىلىدىكى ھېكايە مەزمۇنىغا قارىتا كۆزىتىش ئېلىپ بارىدىغان ۋە بايان يۈرگۈزىدىغان ئالاھىدە نۇقتا، ئۇ يەنە «بايان فوكۇسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئوخشاش بىر ۋەقەنى ئوخشىمىغان نۇقتىدىن كۆزەتكەندە ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىش ھالىتى، كىتابخانلارغا بېرىدىغان تەسىرى قاتارلىقلارمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. باياننىڭ سېھرىي كۈچى يالغۇز قايسى ۋەقەنىڭ سۆزلەنگىنىدىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئۇنى كىمنىڭ، قانداق مەۋقەدە تۇرۇپ سۆزلىگەنلىكى بىلەنمۇ باغلىنىشلىق بولىدۇ.

بايان مەۋقەسىنى بىرىنچى، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى شەخس بايانى، ئارىلاشما بايان دەپ تۆت تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن. پروزا ئەسەرلىرىدە ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغىنى يەنىلا بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى شەخس بايانلىرىدۇر.

فونكسىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا بىرىنچى شەخس باياندا بايان قىلىنغۇچى بىلەن بايانچى بىردەكلىككە ئىگە بولۇپ، بايانچى ئوخشاش ۋاقىتتا يەنە ھېكايىگە قاتناشقۇچى بىر پېرسوناژدۇر. بۇ خىل باياننىڭ فوكۇس دائىرىسى نىسبەتەن تارراق، بايانچىنىڭ ھوقۇقى بىر قەدەر چەكلىك بولۇپ، ئۇ ئۆزى بىۋاسىتە قاتناشمىغان ياكى كۆرمىگەن ۋەقەنى بايان قىلالمايدۇ. شۇڭا كىتابخانلارغا خېلى زور بەدىئىي تەپەككۇر بوشلۇقى قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئەسەر بىلەن بولغان پسىخىك ئارىلىقىنى قىسقارتىدۇ.

بىرىنچى شەخس باياننىڭ كۆپلەپ قوللىنىلىشى يەنە بىر تەرەپتىن پروزا ئىجادىيىتىنىڭ مۇئەييەن دەرىجىدە شەخسىيلىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئۈچىنچى شەخس باياندا يېزىلغان ئەسەرلەردە

بايانچى ھېكايە ۋەقەلىكى بىلەن مۇناسىۋەتسىز مەيداندا تۇرۇپ بايان يۈرگۈزگەچكە بىرقەدەر تولۇق ئەركىنلىككە ئىگە. ئۇ خۇددى ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى ئىلاھ سۈپىتىدە ئوقۇرمەنلەرگە بايان قىلىنغۇچىنىڭ بارلىق ئىش ــ ھەرىكەتلىرى، ئۆتمۈشى، كەلگۈسى ۋە ھەتتا ئەڭ پىنھان روھىي داۋالغۇشلىرىدىن خالىغانچە مەلۇمات بېرەلەيدۇ. شۇڭا ئۇ فوكۇسسىز بايان دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل بايان ئۇسۇلىدا يېزىلغان ئەسەرلەرگە نىسبەتەن، كىتابخانلارنىڭ ئىزدىنىش، ئىزاھلاش ھوقۇقى ئىنتايىن چەكلىك بولىدۇ.

مۇشۇ يىللاردىكى پروزا ئەسەرلىرىدە بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى شەخس بايانلىرىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى تۆۋەندىكىچە:

| شەخس تۈرى | ئەسەر سانى | نىسبىتى |
|---|---|---|
| «مەن» | 105 پارچە | 24.6% |
| «سەن» | — | — |
| «ئۇ» | 312 پارچە | 73.06% |
| ئارىلاش بايان | 10 پارچە | 2.34% |

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ مەزگىلدىكى پروزا ئىجادىيىتىدە ئۈچىنچى شەخس بايانىدا يېزىلغان ئەسەرلەر بىرىنچى شەخس بايانىدىكىگە قارىغاندا ئۈچ ھەسسە كۆپ. بىز يەنە ھەربىر يىل ئىچىدە ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ بايان مەۋقەسىنى ئايرىم ستاتىستىكا قىلىش ئارقىلىق بىرىنچى شەخس بايانىنىڭ يىلدىن ــ يىلغا ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى، ھەمدە 1986 ــ يىلى مۇشۇ سەككىز يىل ئىچىدىكى ئەڭ يۇقىرى چەك (43%) كە يەتكەنلىكىنى بايقايمىز.

27 پارچە پوۋېستتىن ئىككى پارچىسى ئارىلاش باياندا، ئۈچ پارچىسى بىرىنچى شەخس بايانىدا، 22 پارچىسى ئۈچىنچى شەخسى بايانىدا يېزىلغان بولۇپ بۇلارنىڭ نىسبىتى ناھايىتى چوڭ پەرقلەنگەن.

ئارىلاش بايانىدىكى ئەسەرلەر ئاساسەن «رېئاللىق + سالام خەت»، «رېئاللىق + كۈندىلىك خاتىرە» ياكى «ئەسلىمە + رېئاللىق» شەكلىدە يېزىلغان.

## ئۈچىنچى، بايان تەرتىپى جەھەتتە

بايان تەرتىپى — «ھېكايە ۋاقتىدىكى ۋەقەنىڭ يۈز بېرىش، راۋاجلىنىش، ئىلگىرى ــ كېيىنلىكى بىلەن تېكىست ۋاقتىدىكى بايان تىلىنىڭ رەتكە تىزىلىشى ئوتتۇرىسىدىكى سېلىشتۇرۇلۇشتىن شەكىللەنگەن مۇناسىۋەت»②.

ئەڭ قەدىمىي ۋە تەبىئىي بايان ئۇسۇلى ھېكايە ۋاقتى بىلەن تېكىست ۋاقتىنىڭ بىردەكلىكى، يەنى ئالدى بىلەن ۋەقەنىڭ تۇغۇلۇشى، ئاندىن كۈلمىناتسىيە، ئاخىرىدا يېشىمدىن ئىبارەت بولۇپ ئادەتتە «ئوڭ بايان» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە بولغىنى ئومۇمەن «تەتۈر بايان» ھېسابلىنىدۇ.

بايانىي ئەسەرلەردىكى بايان تەرتىپى ھەرگىزمۇ ئاددىي ھالدىكى سۆزنىڭ قايتا گۇرۇپپىلاش جەريانى بولماستىن بەلكى ئەسەرنىڭ ئىپادىلىنىش زۆرۈرىيىتىدىن شەكىللەنگەن ئىچكى ئېھتىياجدۇر. ئۇ يازغۇچىنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ ئەسەرنىڭ ئېستېتىك ئۈنۈمىگە بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك تەسىرلەرنى كۆرسىتەلەيدۇ.

بۇ مەزگىلدىكى پروزا ئەسەرلىرىنىڭ بايان تەرتىپىدە گەۋدىلەنگەن ئورتاق بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، بايان تىلىدىكى ۋاقىت سىزىمى ئىنتايىن كۈچلۈك ۋە روشەن. بايان تەرتىپى نىسبەتەن تۇراقلىق، ئاددىي، چوڭ ئۆزگىرىشلەر ئاز.

دەسلەپكى ئۈچ يىلدا چېكىنمە بايان تەرتىپىدە يېزىلغان ئەسەرلەر بىرقەدەر كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇلار ئاساسلىقى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىكى ئۆتمۈش تېما قىلىنغان ئەسەرلەردىن بولۇپ ھەممىسى دېگۈدەك ئەسلىمە شەكلىدە يېزىلغان. ئىككى خىل زامانىنى ئايرىپ تۇرغۇچى پاسىل كۆپىنچە «··· كۆز ئالدىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى»، «··· ئەسلەشكە باشلىدى»، «قەلب ئېكرانىدىن ئۆتمەكتە»، «··· ئىختىيارسىز ئايلىنىپ قالدىم» ··· دېگەندەك جۈملىلەرگە مەركەزلەشكەن.

كېيىنچە، ئوڭ بايان تەرتىپىدە يېزىلغان ئەسەرلەر سان جەھەتتە مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن. بىراق بۇلاردىمۇ يازغۇچىلار ئوخشاشلا بايان قىلىنىۋاتقان ۋەقەنىڭ يۈز بەرگەن ۋاقتىنى ئەستايىدىل ئوتتۇرىغا قويۇشنى ئۇنتۇمىغان. «×× يىلىنىڭ تۇنجى باھارى ···»، «ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ ···»، «× ئاينىڭ × كۈنى ···» قاتارلىق دوكلات خاراكتېرلىك بايانلار بۇ مەزگىلدىكى ئەسەرلەرگە قويۇق ئاخبارات تۈسى بەخش ئەتكەن.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، بۇ سەككىز يىللىق «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ ئالدىنقى بەش يىلىدا ئېلان قىلىنغان پروزا ئەسەرلىرىدە بىر تۈرلۈك ئىدىيە ئاشكارىلىقى كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. بۇنداق ئاشكارىلىق ئالدى بىلەن

كۆپلىگەن ئەسەرلەرنىڭ بايان قۇرۇلمىسىدىن «مانا مەن» دەپ چىقىپ قالىدۇ. ئوقۇرمەن ئەسەرنىڭ بېشىنى ئوقۇپلا ئايىغىنى سېزىۋالىدۇ ـ دە، ئەسەر ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچىنى يوقىتىدۇ. بۇنىڭدىكى تۈپ سەۋەب شۇكى، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا دۆلىتىمىزدە پەيدىنپەي يېڭىچە سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئورنىتىلىپ، يەرلەر دېھقانلارغا ئارقا ـ ئارقىدىن كۆتۈرە بېرىلدى، زاۋۇتلار قايتا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، كەڭ زىيالىيلارنىڭ ئورنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ... دەۋردىكى مۇنداق زور ئۆزگىرىش مىللىي يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئىلھام بۇلىقىنى ئېچىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يېزا ـ قىشلاقلارغا، زاۋۇت، كان، كارخانىلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، كۆز ئالدىدىكى قاينام ـ تاشقىنلىق ھايات مەنزىرىسىنى سۈرەتلەشكە كىرىشتى. نەتىجىدە پروزىچىلىقىمىزدا سىياسىي ئىقتىسادىي ۋە ئەمگەك مەسىلىلىرى چۆرىدەلگەن ئەسەرلەر ناھايىتى كۆپلەپ يېزىلدى. بۇ تەبىئىي ھالدا شۇ مەزگىللىك پروزا ئىجادىيىتىمىزدىكى تېما ۋە بايان تەكرارلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەينى چاغدىكى يازغۇچىلار قوشۇنىمىزنىڭ تەجرىبىسىنىڭ كەملىكى، ئوقۇرمەنلەر سەۋىيىسىنىڭ چەكلىكلىكى ئىجادىيەت سۈپىتىگە بىۋاستە ۋە ۋاستىلىك تەسىرلەرنى كۆرسەتتى.

كېيىنكى ئۈچ يىلدا غوللۇق ئەدىپلىرىمىزنىڭ تىنىمسىز تەر تۆكۈپ ئەجىر قىلىشى ئارقىسىدا ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيىۋىلىكى ھەم بەدىئىيلىكى ئاستا ـ ئاستا بىر ئورۇبىتىغا قايتىپ، يېڭى دەۋر پروزىچىلىقىمىزدا مۇئەييەن چوڭقۇرلۇققا ئىگە، ئەنئەنىۋى بايان قېلىپلىرىدىن خالىي، كىتابخانلارغا خېلىلا يۇقىرى ئېستېتىك زوق بېرەلەيدىغان بىر تۈركۈم ئېسىل ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى.

بۇ مەزگىلدىكى ۋەكىللىك يازغۇچىلار

قەيۇم تۇردى، توختى ئايۇپ، زوردۇن سابىر، ئەخەت تۇردى، سەمەت دوگايلى، مالىك كېۋىر، ئابلا ئەخمىدى، جالالىدىن بەھرام، سېيىت زۇنۇن، قاھار جېلىل، سۇلتان ھاشىم، قادىر ئارسلان، ئەخەت ھاشىم، ئىدرىس بارات، ئابدۇراخمان ئەبەي، ئابدۇراخمان قاھار، ئېزىز ساۋۇت، نۇر روزى، ئابلىمىت سابىر، مەمتىمىن شىپە، مەمتىمىن ئابدۇۋەلى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئىزاھلار:

① خې يەنخۇڭ: «دەۋرىمىز زىيالىيلىرىنىڭ يېزىقچىلىقى ۋە زامانىۋىلىق مەسىلىلىرى»، مەركىزىي تەرجىمە نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى 5 ـ ئاي، 194 ـ بەت.

② «ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدىن ئومۇمىي بايان»، ۋۇخەن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 4 ـ ئاي نەشرى، 262 ـ بەت.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار

1. ئازات سۇلتان، جاڭ مىڭ، نۇرمۇھەممەد زامان: «XX ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (خەنزۇچە)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى 7 ـ ئاي.
2. كېرىمجان ئابدۇرېھىم: «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى لۇغىتى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى 10 ـ ئاي.
3. ئارزىگۈل، شادىيە، گۈلشەن قاتارلىقلار تۈزگەن: «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەنقىدچىلىكى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 12 ـ ئاي.
4. جاڭ يۈڭگاڭ، دوڭ شۇۋېن: «ئەدەبىيات پرىنسىپلىرى». بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى 1 ـ ئاي.
5. توڭ چىڭبىڭ باش مۇھەررىرلىكىدىكى: «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئوقۇشلۇقى»، ئالىي مائارىپ نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى 4 ـ ئاي.
6. جاڭ دېلىن: «ھازىرقى زامان پروزىسىنىڭ كۆپ مەنبەلىك قۇرۇلمىسى»، خۇادوڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى 12 ـ ئاي.
7. فىڭ گۇاڭلىيەن باش مۇھەررىرلىكىدىكى: «جۇڭگونىڭ يېقىنقى يۈز يىللىق ئەدەبىيات ژانىرلىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخى»، بىرىنچى توم، خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى 10 ـ ئاي.
8. شۈزىدوڭ: «ئۇنتۇلغان كوللېكتىپ ئەسلىمە ئۈچۈن ـ مەدەنىيەت ئىنقىلابىغا دائىر 50 پارچە ھېكايە ئۈستىدە تەھلىل»، ئۈچ بىرلەشمە نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 4 ـ ئاي.

جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

# تاجىك مەدەنىيىتىدىكى تۆت چوڭ ئوبراز توغرىسىدا قىسقىچە مۇھاكىمە

شېرىن قۇربان*

قىسقىچە مەزمۇنى: ئېلىمىز تاجىكلىرىنىڭ مەدەنىيىتى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتقا، چېلىقارلىق مىللىي ئالاھىدىلىككە ۋە جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە. ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيىتى مۇزتاغ ئاتا ئوبرازى، نەۋقىران بۈركۈت ئوبرازى، پەھلىۋانى رۇستەم ئوبرازى ۋە تۇلپار ئات ئوبرازىدىن ئىبارەت تۆت چوڭ ئوبرازدىن شەكىللەنگەن بىر پۈتۈن سىستېما. بۇ ماقالىدە، مۇشۇ تۆت چوڭ ئوبرازنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ يىراق تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى، تەرەققىيات جەريانى ھەمدە ئۇلارنىڭ تاجىك مەدەنىيىتىدە تۇتقان مۇھىم ئورنى ۋە رولى مۇھاكىمىلىك بايان قىلىنىدۇ ھەم تەھلىل قىلىنىدۇ.

**摘要**：我国塔吉克族的文化具有悠久的历史、显著的民族特色和吸引力。从本质上讲，塔吉克族的传统民族文化是由冰山、雄鹰、力士鲁斯坦姆和天马等四大形象组成的一个完整系统。本文分析和论述上述四大形象形成的远期历史背景、发展过程以及它们在塔吉克文化中所占据的重要地位和作用。

**Abstract**: Tajick in China has a long history and glorious characteristics and attraction. From its nature, the traditional culture of tajick is a perfect system consisted of four great images such as ice mountain, eagle, brave Rustam, and flying horse. This article analyses and discusses the far historical background of this images, the process of its development and its important status and role in the culture of Tajick.

بىر قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا، تاجىكلار كىم؟، تاجىك مىللىتى قانداق شەكىللەنگەن؟ تاجىكلارنىڭ مەدەنىيىتى قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟ دېگەندەك مەسىلىلەرگە قارىتا بىر تارىخشۇناس ئەڭ ئىخچام ۋە ئوبرازلىق قىلىپ: «تاجىكلار، ئەمەلىيەتتە شەرق مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ قەدىمكى ئۆتكىلىك (پامىر ئېگىزلىكى) دا ئۆز ئارا قوشۇلۇشىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى» دەپ كۆرسەتكەنىدى. بۇ بىر قىزىقارلىق تەسۋىرلەش بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىزگە ئىككى نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىرى، تاجىكلار ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى ناھايىتى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى. يەنە بىرى، تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ئىچىدە ھەم شەرق مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بار، ھەم غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بار. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، تاجىك مەدەنىيىتى شەرق - غەرب ئوتتۇشىمىسىدە ھەم ئىككى تەرەپتىن قوبۇل قىلغۇچى ھەم ئىككى تەرەپكە تارقاتقۇچى. دەرھەقىقەت، تاجىك مەدەنىيىتى بىر روشەن ئەينەك بولۇپ، بۇ ئەينەكتە ھەم شەرق مەدەنىيىتىنى كۆرگىلى، ھەم غەرب مەدەنىيىتىنى كۆرگىلى بولىدۇ. چۈنكى دۇنيانىڭ گېئوگرافىيىسىدە تاجىك ۋە تاجىك مەدەنىيىتى شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مۇقەررەر

* شېرىن قۇربان: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى. 830046

ئۆتكەل — خاسىيەتلىك پامىر ئېگىزلىكىدىن ئورۇن ئالغان. ھالبۇكى، بۇ ئورۇننى ئۇلۇغ تەبىئەت بىزگە ئاتا قىلغان. بۇ يەردە بىز تاجىك مەدەنىيىتىنىڭ قاتلىمى توغرىلىق قىسقىچە توختىلىمىز.

تاجىك مەدەنىيىتى سىستېمىسىدا تۆت چوڭ ئوبراز بار. بۇ تۆت چوڭ ئوبراز ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىن ئېتىبارەن شەكىللەنگەن، تەرەققىي قىلغان ۋە تاجىك مەدەنىيىتى سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن. مۇشۇ مەنە ۋە نۇقتىدىن تۆت چوڭ ئوبرازنى تاجىك مەدەنىيىتىنىڭ يادروسى ۋە جېنى دېيىشكە بولىدۇ.

**1. ئېتىقاد ۋە ئەقىدە ئوبرازى — «مۇز تاغ ئاتا»**

تاجىكلارنىڭ ئانا ماكانى تاشقورغان رايونى كوھىستان — تاغلار دۇنياسىدۇر. بۇ يەردىكى تاغلار ئۆزىنىڭ ئېگىزلىكى، ئۇزۇنلۇقى ۋە ئۇتاشلىقى جەھەتلەردە تاغلار دۇنياسىنىڭ ھەيۋەتلىك مەنزىرىسىنى شەكىللەندۈرگەن. ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى ئالەمگە مەشھۇر تاغ تىزمىلىرى بولغان ھىمالايا تاغ تىزمىسى، قاراقۇرۇم تاغ تىزمىسى، تەڭرىتاغ تىزمىسى ۋە ھىندىقۇش تاغ تىزمىسى مۇشۇ يەردە ئۆزئارا قوشۇلىدۇ، ياكى مۇشۇ يەردىن تەرەپ - تەرەپكە سوزۇلىدۇ. شۇڭا كىشىلەر بۇ جاينى «دۇنيانىڭ ئۆگزىسى» دەپ چىرايلىق تەرىپلىشىدۇ.

تاشقورغان رايونىدىكى سان - ساناقسىز تاغ - چوققىلار ئارىسىدا ئەڭ مەشھۇر ۋە ھۆرمەتكە سازاۋىرى — «مۇز تاغ ئاتا» دۇر.

مۇزتاغ ئاتا تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا — ناھىيە بازىرىدىن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتا بەھەيۋەت قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 7546 مېتىر ئېگىز كېلىدۇ. مۇزتاغ ئاتا مۇزلۇقى شىنجاڭ رايونىدىكى ئەڭ چوڭ مۇزلۇق ھېسابلىنىدۇ. ھازىر بۇ يەر تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ مۇزلۇق ساياھەت نۇقتىسىدۇر. ئىلمىي ئىسپاتلاش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، مۇز تاغنىڭ مۇزلۇق سۈيى پامىر مىنېرال سۈيى ۋە پامىر ئارشاڭ ئىچىملىك سۈيى بىلەن بىرلىكتە يەر شارىدىكى ئەڭ ئەلا سۈپەتلىك ئىچىملىك سۈيى ھېسابلىنىپ «ھاياتلىق سۈيى» دەپ تەرىپلەنمەكتە.

گېئوگرافىيىلىك ئورنى جەھەتتىن ئېيتقاندا، مۇز تاغ ئاتا چوققىسىنىڭ ئورنى پەۋقۇلئاددە مۇھىم بولۇپ، ئۇ شىنجاڭدىكى باشقا مۇزلۇقلار بىلەن بىرلىكتە شىمالىي مۇز ئوكيان بىلەن ئاتلانتىك ئوكياندىن كېلىدىغان نەم ھاۋانى ئۆزىنىڭ سوغۇقلۇق تەسىرى بىلەن بۇلۇتلاشتۇرۇپ، يامغۇر - قار ھالىتىگە كەلتۈرۈپ تۇتۇپ تۇرسا، سىبىرىيە سوغۇق ھاۋا ئېقىمىنى ئۆزىنىڭ ئېگىزلىكى بىلەن توسۇپ تۇرىدۇ. ئۇ يەنە نۇرغۇن ئېقىنلارنى، كۆللەرنى، بۇلاق - چەشمىلەرنى ھاسىل قىلغان. مۇشۇ مەنىدە، «مۇز تاغ ئاتا»نى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنى سۇ بىلەن تەمىنلەشنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس ئامبىرى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ «مۇزتاغ ئاتا» ھەقىقىي مەنىسى بىلەن «مۇزتاغ ئىلاھى» نامىغا مۇناسىپ بولۇپ، ئۇ مەشھۇر تەڭرىتاغلىرىنىڭ ھايات مۇئەككىلى، شىنجاڭدا ئىنسان ۋە ھاياتلىقنىڭ ھامىيسى. ئۇنىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتى بۇلا ئەمەس، ئۇ يەنە شىنجاڭ رايونىدا ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانات ئېكولوگىيىسىنى تەڭشەشتە، ھاۋارايى كىلىماتىنى نورماللاشتۇرۇشتا، شۈبھىسىزكى، بىقىياس مۇھىم رول ئوينايدۇ.

تاجىك مەدەنىيىتىدە، «مۇزتاغ ئاتا» توغرىسىدا سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان ئەپسانە - قىسسەلەر، رىۋايەت - چۆچەكلەر ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇ قەدىمكى مەدەنىيەت دۇردانىلىرىدا «مۇزتاغ ئاتا» ئىلاھىيلاشتۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا «ئاتا» دەپ سەجدە قىلىنىدۇ. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، «مۇزتاغ ئاتا» دىكى «ئاتا» سۆزى ئادەتتىكى «ئاتا - ئانا» دىكى «ئاتا» بولماستىن، بەلكى «باش پاناھ»، «ھايات ئىگەم»، «بۈيۈك تەڭرىم» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. تاجىك خەلقىنىڭ نەزەرىدە «مۇزتاغ ئاتا» ئاجايىپ سىرلىق ۋە تىلسىمات جايى بولۇپ، كىشىلەر بىردەك ئۇنىڭغا چوقۇنىدۇ. كىشىلەر ئەتىگەندە «مۇزتاغ ئاتا» غا قاراپ سەجدە قىلىدۇ ۋە «ئىخ مۇزتاغ ئاتا، دەرگاھىڭدا ساقلىغايسەن، ئىشىمىزغا مەدەت ۋە بەرىكەت بەرگەيسەن» دەپ مۇزتاغ ئاتىدىن بەخت - سائادەت ۋە مەدەت تىلەيدۇ. قەسەم ئىچكەندە مۇزتاغ ئاتا نامى بىلەن باشلايدۇ. بىراۋ سەپەرگە چىققاندا، كىشىلەر «مۇزتاغ ئاتا ساڭا يار» دەپ ئۆز ئارزۇ - تىلىكىنى بىلدۈرۈشىدۇ. قارغىش - لەنەت قىلغاندىمۇ، «مۇزتاغ ئاتا جاجاڭنى بەرگەي» دېيىشىدۇ.

تاجىك خەلق ناخشا - قوشاقلىرىدا، تاجىك خەلق ماقال - تەمسىللىرىدە «مۇزتاغ ئاتا» تېخىمۇ ئۇلۇغ قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. ئىشقىلىپ، تاجىكلارنىڭ «مۇزتاغ ئاتا» غا بولغان سەممىي ھېسسىياتىنى، ئىخلاس - ئەقىدىسىنى سۆز ياكى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ. ئۇ تاجىك مەدەنىيىتىدە ئېتىقادچىلىق - ئەقىدە ئوبرازى سۈپىتىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە. گەرچە ئۇ قەدىمكى تۇتېم - ئېتىقاد ساقىندىسى بولسىمۇ، لېكىن تا ھازىرغا قەدەر ئارا يوللاردا ئۈزۈلۈپ قالغان ئەمەس، بەلكى ئىزچىل داۋام قىلىپ كەلمەكتە. تاجىكلار ئۆز تارىخىدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئاتەشپەرەستلىك دىنى، بۇددا دىنى،

ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ دىنلارنىڭ ھېچقايسىسى تاجىكلارنىڭ «مۇزتاغ ئاتا»غا بولغان ئىخلاس ـ ئەقىدىسىنى سۇسلاشتۇرغىنى يوق. ئەكسىچە، بۇ دىنلاردىن «مۇزتاغ ئاتا»غا يېڭى رەڭ ۋە تۈس بېرىلىپ، ئۇنى تېخىمۇ سىرلىقلاشتۇرۇۋەتكەن. بۇ خىل ئالاھىدىلىك باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىدە كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدۇ. تاجىكلار نېمە ئۈچۈن «مۇزتاغ ئاتا»غا ئېتىقاد ۋە ئىخلاس قىلىدۇ؟ بۇنىڭغا بىز تاجىك خەلق رىۋايەتلىرىدىن جاۋاب ئىزدەيمىز. «مۇزتاغ ئاتا» توغرىسىدا تاجىكلار ئارىسىدا «مۇزتاغ ئاتا رىۋايىتى»، «مۇزتاغ ئاتا ۋە چوگىر چوققىسى رىۋايىتى»، «ئاق جامە (كىيىم) لىك پەھلىۋانلار رىۋايىتى» قاتارلىق ئون نەچچە خىل رىۋايەت ساقلانماقتا. بۇ رىۋايەتلەر گەرچە چوڭقۇر ئەپسانىۋى تۈسكە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارغا خەلقنىڭ ئارزۇ ـ ئىستىكى ۋە غايە ـ ئىنتىلىشى مەلۇم دەرىجىدە سىڭدۈرۈلگەن. رىۋايەت قىلىنىشىچە، مۇزتاغ قەدىمكى دەۋرلەردە ھازىرقىدەك قار ـ مۇز بىلەن قاپلانغان جاي بولماستىن، بەلكى غايەت زور ئىلاھىي گۈلزارلىق ئىكەن. ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالار بۇ ئىلاھىي گۈلزارلىقتا ئارام ـ ھۇزۇر ئالىدىكەن. ئۇ چاغلاردا ئىنسانلار دۇنياسىدا گۈل ـ گىياھ دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس ئىكەن. تاجىك يىگىتى رۇستەم ئۆز مەھبۇبىغا ئىلاھىي گۈل تەقدىم قىلماقچى بولۇپ، ئۇلۇغ ئىستەك يولىدا ئۆزىنىڭ ھېچقانداق خېيىمخەتىرىگە قارىماي، ئېگىز تاغ چوققىسىدىكى ئىلاھىي گۈلزارلىققا چىقىدىكەن، ئۇ ئىلاھىي گۈلزارلىقنى باققۇچى پەرىزات قىز ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئالۋاستىلار، دىۋە ـ پەرىلەر بىلەن قانلىق ئېلىشىدىكەن. ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ پاك ـ ساپ ئىنسانىي سۆيگۈ ـ مۇھەببىتى بىلەن پەرىزات قىزنى تەسىرلەندۈرىدىكەن، پەرىزات قىز ئىككى تال گۈلنى يىگىتكە بېرىپ، ئىنسانلارغا تەقدىم قىلىدىكەن، يىگىت گۈلنى ئېلىپ تاغ باغرىغا چۈشىدىكەن. مۇزتاغ ئېتىكى گۈلزار ـ گۈلىستانغا ئايلىنىدىكەن. پەرىزات قىز ئىككى تال گۈلنى ئادىمىزاتقا بېرىپ، ئىلاھنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، تاغنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىغا تۆمۈر زەنجىر بىلەن باغلىنىپ، مەڭگۈلۈك جازاغا ئۇچرايدىكەن. ئۇنىڭ ئوڭ كۆزىدىن بەخت يېشى ئېقىپ، كۆزلەرنىڭ ئۆتتۈشى بىلەن پۈتمەس ـ تۈگىمەس دەريا سۈيى بولۇپ شەكىللىنىپ، ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى گۈل ـ گىياھنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىكەن. ئۇنىڭ سول كۆزىدىن قايغۇ يېشى ئېقىپ، كۆزلەرنىڭ ئۆتتۈشى بىلەن قار ـ مۇزغا ئايلىنىپ، تاغ چوققىسىنى قاپلايدىكەن. ھازىرقى مۇزتاغ ئاتا چوققىسىدىكى قار ـ مۇزلۇق ئەنە شۇنداق شەكىللەنگەنىكەن. دېمەك، بۇ رىۋايەتتە بىرىنچىدىن، ئەمگەكچى خەلقنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىش يولىدىكى قەيسىرانە ئىرادىسى رۇستەم ئوبرازى ئارقىلىق يارىتىلغان. ئىككىنچىدىن، ئىنسانلار دۇنياسىدا بۇلاق ـ چەشمە ۋە گۈل ـ گىياھ يوق ئىدى. تاجىك پەھلىۋانى رۇستەم ئۆزىنىڭ شىر يۈرەكلىك قەيسەرلىكى بىلەن بۇ ئىككى مۆجىزىنى پەيدا قىلدى. دەرۋەقە، مۆجىزە يارىتىش ۋە مۆجىزە يارىتىش يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىش، ئۆزىنى تەقدىم قىلىش، بۇ تارىختىن بۇيانقى ئەمگەكچى خەلقنىڭ روھى ۋە ئارزۇسى. بىزنىڭ رۇستەم پەھلىۋانىمىز شۇ روھ ۋە ئارزۇنىڭ تىپىك ۋەكىلى. ئۈچىنچىدىن، بىزنىڭ رىۋايەتلىرىمىزدە «مۇزتاغ ئاتا» شۇ دەرىجىدە ئىلاھىيلاشتۇرۇلغانكى، ئۇ چوققىسى بىلەن پەلەكنى، تاپىنى بىلەن كۆللى زېمىننى تۇتۇپ تۇرغان. مۇشۇنداق بولغاچقا، ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشمەيدۇ، يەر كۆمتۈرۈلۈپ قالمايدۇ. دېمەكچىمىزكى، «مۇزتاغ ئاتا» ئوبرازى تاجىك مەدەنىيىتىدە شۇنداق ئۇلۇغكى، ئۇنى تىل بىلەن ئىپادىلەشكە تولىمۇ ئاجىزلىق قىلىمىز. لېكىن شۇنى پەخىرلىك بىلەن ئېيتالايمىزكى، تاجىك مەدەنىيىتى قاتلىمىنىڭ تازا چوڭقۇر يېرىدە «مۇزتاغ ئاتا مەدەنىيىتى» شەكىللەنگەن. بۇ مەدەنىيەتنى تاجىك مەدەنىيىتىنىڭ روھىي تۈۋرۈكى دېيىشكە بولىدۇ. تاجىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى نۇرغۇن ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر، ھېكايە ـ چۆچەكلەر، ماقال ـ تەمسىللەر، ناخشا ـ قوشاقلار مۇزتاغ ئاتىنى يادرو قىلىدۇ. «مۇزتاغ ئاتا» ئوبرازىسىز تاجىك مەدەنىيىتىنىڭ خاراكتېرى ۋە ماھىيىتىنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ.

**2. پىداكارلىق ئوبرازى — سۆيۈملۈك بۈركۈت**

ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردىن بۇيان، جۇڭگو ۋە چەت ئەل تارىخچىلىرىنىڭ تارىخنامىلىرىدە، يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ پروزا ـ پوئېزىيىلىرىدە، رەسسام ـ كومپوزىتورلارنىڭ رەسىم ـ مۇزىكىلىرىدا تاجىكلارنىڭ مۇبارەك نامى تىلغا ئېلىنسا، ئۇلار «بۈركۈت مىللىتى»، «پەرۋاز قىلىۋاتقان پامىر بۈركۈتى»، «بۈركۈت كەبى خەلق»، «بۈركۈت مەدەنىيىتى» دەپ ئۇلۇغلىنىپ كەلمەكتە. دەرۋەقە، بۇ خىل سۈپەتلەشلەر تارىخىي ئاساس، مەدەنىيەت ئاساسى ۋە رېئاللىق ئاساسىغا ئىگە. ئەگەر بىز مەدەنىيەتشۇناسلىق قارىشىدىن چىقىپ، تاجىكلار بىلەن بۈركۈت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەكشۈرۈپ كۆرىدىغان بولساق، بۈركۈتنىڭ تاجىك مەدەنىيىتىدە تولىمۇ چېلىقارلىق ۋە ئالاھىدە ئورۇننى ئىگىلىگەنلىكىنى، ھەتتا تاجىك مەدەنىيىتىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا «بۈركۈت مەدەنىيىتى»نىڭ بارلىقىنى

روشەن كۆرەلەيمىز. مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بۇركۇتنىڭ تاجىكلارنىڭ ھامىيسى، سىمۋولى بولۇشىنى تاجىكلار مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانى بەلگىلىگەن. ئۇ ناھايىتى بۇرۇنقى زامانلاردا تاجىك مىفالوگىيىسىدە تاجىكلارنىڭ توتېمى بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. تاجىكلار بۈگۈنكى كۈندىمۇ بۇركۇتكە ئالاھىدە نەزەر بىلەن قارايدۇ. ئۇنى ئۇچار - قاناتلارنىڭ سەركەردىسى، مېھىر - شەپقەتنىڭ، جىگەرلىك، باتۇرلۇق، جەسۇرلۇق، جاسارەتلىكنىڭ سىمۋولى دەپ قارايدۇ. كۆكسى - قارنى كەڭ، ئاقكۆڭۈل، سەممىي، چىقىشقاق، مۇلايىم، باشقىلارنىڭ ھاجىتىدىن چىقىشنى ئەلا ۋە شەرەپ بىلىدىغان، خەيرى - ساخاۋەت قىلىدىغان كىشىلەر بۇركۇتكە ئوخشىتىلىدۇ، ھالبۇكى، بۇ خىل ئېسىل ئەخلاق - پەزىلەتلەر ئۆز نۆۋىتىدە يەنە تاجىك مىللىتىنىڭ ۋە تاجىك مەدەنىيىتىنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىلىرىدۇر.

تاجىك مەدەنىيىتىدە «بۇركۇت مەدەنىيىتى» نىڭ تۆۋەندىكىدەك ئىزنا - ئالامەتلىرى بار.

بىرىنچىدىن، تاجىك خەلق رىۋايەتلىرى سىستېمىسىدا بۇركۇت ئوبرازى يارىتىلغان رىۋايەتلەردىن ئون نەچچىسى بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە بۇركۇت ئىجابىي ئوبراز بىلەن مەيدانغا چىقىدۇ ۋە رول ئوينايدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ۋافا ئىسىملىك بىر ئوۋچى بار ئىكەن. بۇنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى سابىر دېگەن بىر بايغا قۇل بولۇپ ئىشلەيدىكەن، رەھىمسىز باينىڭ ئېغىر جەبىر - زۇلۇمى بىلەن ۋافانىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ناھايىتى پاجىئەلىك ھالدا ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئەجەل قىسمىتى ۋافانىڭ بېشىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ بىردىنبىر ئاتا مىراسى، بىردىنبىر ئوۋچىلىق قورالى، بىردىنبىر تىرىكچىلىك ۋاستىسى بولغان بۇركۇت ئاچقۇچلۇق پەيتتە ئىگىسىدىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈپ قانات سۆڭىكىدىن نەي ياساشنى تەلەپ قىپتۇ. بۇركۇتنىڭ يېنىش - يېنىشلاپ سۆيلىشى بىلەن ۋافا ئۆزىنىڭ خاسىيەتلىك بۇركۇتىنى يىغلاپ تۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ قانات سۆڭىكىدىن نەي ياساپ، پۈۋلەپ چالغانىكەن، ئالەمدىكى جىمى بۇركۇت بىردەمدىلا تەرەپ - تەرەپتىن ئۇچۇپ كېلىپ، قانخور سابىر باينىڭ باش - كۆزلىرىنى چوقۇپ، ۋافانىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ۋە مەرھۇم بۇركۇتى ئۈچۈن ئىنتىقام ئاپتۇ. سابىر باي بىر قوشۇق قېنىنى تىلەپ، ئۆزىنىڭ بارلىق مال - دۇنياسىنى نامراتلارغا بۆلۈپ بېرىپتۇ. خەلق خاتىرجەملىك ۋە ئاسايىشلىققا ئېرىشىپتۇ.

يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، بىر زومىگەر باينىڭ قۇللىرىدىن بىر يىگىت بىلەن قىز ئاشىق بىقارار بولۇپ قاپتۇ. بۇ ئىشتىن باي خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئۇلارنى ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ. يىگىت بىلەن قىز باينىڭ سۇيىقەستىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تون يېرىمىدا قېچىپ كېتىپتۇ. باي ئۇلارنى قوغلاپ، ئوقيا بىلەن قىزنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. قىز ئۆلگەندىن كېيىن بۇركۇتكە ئايلىنىپتۇ. كېيىن بۇركۇت بايدىن ئىنتىقام ئېلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ، لېكىن ئۆزىمۇ قاتتىق زەخىملىنىپتۇ. ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا مېھرىبان ئاشىقىغا قانىتىدىن بىر نەي ياساشنى ۋەسىيەت قىپتۇ ھەمدە: «نەي ساداسى بىزنىڭ مەڭگۈلۈك مۇھەببىتىمىزنىڭ گۇۋاھچىسى بولسۇن»، دەپتۇ.

سۆيۈملۈك بۇركۇت توغرىسىدا خەلقىمىز ئارىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەتمۇ بار: «بىر قېتىم چەت ئەل باسمىچىلىرى تاجىكلارنىڭ بىر تاغلىق كەنتىگە تاجاۋۇز قىلىپ بۇلاڭچىلىق ئېلىپ بېرىپتۇ. چارۋىچىلار باسمىچىلار بىلەن قاتتىق ئېلىشىپتۇ. لېكىن دۈشمەن كۈچلۈك، چارۋىچىلار ئاجىز بولغاچقا، چارۋىچىلار ناھايىتى مۇشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قاپتۇ. دۈشمەنگە ئورۇنسىز يەم بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئەقىللىق بۇركۇت ئۆزىنى ئۆلتۈرۈپ قانات سۆڭىكىدىن بىر جۈپ نەي ياساشنى قايتا - قايتا تەلەپ قىپتۇ. چارۋىچىلار كۆزى قىيمىغان ھالدا ئۆزىنىڭ ئوۋ بۇركۇتىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ قانات ئۇستىخىنىدىن ئىككى تال نەي ياساپتۇ. ئۇلار نەي بىلەن قايغۇ - ھەسرەتلىك ئاھاڭلارنى چاپتۇ. نەي ئاۋازى تاغدىن چىققان ئەكس سادا بىلەن بىرلىشىپ، يېقىن - يىراقلارغا ئاڭلىنىپتۇ. كىشىلەر بۇنى قېرىنداش يۇرتنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەت دەپ بىلىپ، تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ باسمىچىلار بىلەن ئېلىشىپتۇ. سان - ساناقسىز بۇركۇتلەرمۇ تەرەپ - تەرەپتىن ئۇچۇپ كېلىپ ياۋ بىلەن ئېلىشىشقا داخىل بوپتۇ. باسمىچىلار تەلتۆكۈس يوقىتىلىپ، تاجىكلار تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇپ، يۇرتىنى قوغداشنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىگە ئېرىشىپتۇ.

يەنە بىر رىۋايەت تېخىمۇ تەسىرلىك بولۇپ، ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە، بىر كۈنى يىرتقۇچ قۇشلار بىر تاجىك چوپاننى مال بېقىۋاتقان يەردىن تۇتۇپ كېتىپ قۇشلار پادىشاھلىقىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. ئۇلار ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئۈچۈن، بۇ ئادىمىزاتنىڭ گۆشىنى يېيىشنى كېڭەش قىپتۇ. كېڭەشتىن كېيىن بىر بۇركۇت چوپاننىڭ قېشىغا كىرىپ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا دەپ قويۇپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا چوپان بۇركۇتنى مىنىپ، ئامان - ئېسەن يۇرتىغا قايتىپ كەپتۇ. بۇركۇت ئىنسانغا شەپقەت كۆرسەتكەنلىكى سەۋەبىدىن، «ئاسىي» دەپ قارىلىپ، قۇشلار ئىچىدىن قوغلاندى قىلىنىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇركۇت تاجىكلار بىلەن بىللە ياشايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

يۇقىرىدا مىسالغا ئېلىنغان بۇركۇت ھەققىدىكى تۆت خىل رىۋايەتنىڭ ۋەقەلىكى ئوخشاش ئەمەس، يەنى بىرىنچى رىۋايەتتە، سىنىپىي زۇلۇمغا قارشى كۈرەش ۋەقەلىكى بايان قىلىنىدۇ؛ ئىككىنچى رىۋايەتتە، ئەركىن سۆيگۈ - مۇھەببەت توغرىسىدىكى ئىنتىلىش تەسۋىرلىنىدۇ؛ ئۈچىنچى رىۋايەتتە، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۈرەش ۋەقەلىكى سۆزلىنىدۇ؛ تۆتىنچى رىۋايەتتە، ئۆزئارا كۆيۈنۈش، بىر - بىرىگە شەپقەت كۆرسىتىش، باشقىلارغا ياردەم قىلىش يولىدا ئۆزىنى پىدا - قۇربان قىلىشتەك يۈكسەك ئالىيجاناپ روھ ۋە پەزىلەت ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. لېكىن بىز ھادىسىدىن ئۆتۈپ ماھىيەتكە قارايدىغان بولساق، يۇقىرىدىكى تۆت خىل رىۋايەتنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا بىر ئورتاق تېما — بۈركۈت بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ يۇرۇتۇلۇۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرەلەيمىز. ھەققانىيەت تەرەپ ئەڭ قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا، خاسىيەتلىك بۈركۈت ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆزىنى قۇربان قىلىدۇ، ئادالەت تەرەپكە شەپقەت كۆرسىتىپ، ئۇلارنى نۇسرەتكە - غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدۇ. رىۋايەتلەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىدە، تاجىكلارنىڭ بۈركۈتكە بولغان يۈكسەك ئىخلاسى ۋە بۈركۈت بىلەن تاجىكلار ئوتتۇرىسىدىكى يېقىن مۇناسىۋەت تەسىرلىك ئىپادىلەنگەن. شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، يىراق قەدىمكى زاماندىكى تاجىك ئەجدادلىرىنىڭ بۈركۈت توغرىسىدىكى قىزىقارلىق رىۋايەتلىرى راستىنلا تاجىكلار بىلەن بۈركۈت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ تەسۋىرى بولماستىن، بەلكى ئۇزاق ئۆتمۈشتىكى تاجىكلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ بەدىئىي ئوبرازلىق خاتىرىسى. رىۋايەتلەردىكى شەپقەتچى بۈركۈت ھەققانىيەتنىڭ ئوبرازى، ئەمگەكچى خەلق ئەقىل - پاراستىنىڭ ئوبرازى. تاجىكلارنىڭ بۈركۈت رىۋايەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە سىنىپىي تامغا بار. بۇنىڭدىن ئاشۇ رىۋايەتلەرنىڭ سىنىپىي جەمئىيەتتە بارلىققا كەلگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. يىراق ئۆتمۈش جەمئىيەتتە، سىنىپىي زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش، ئەركىن مۇھەببەتنى تەشەببۇس قىلىش، بەختىيار تۇرمۇشقا ئىنتىلىش، غايىۋى جەمئىيەتنى بەرپا قىلىش ئىدىيىسى ئاشۇ تارىخىي دەۋرنىڭ تەبىئىي تېمىسىغا ئايلانغان ئىدى. تاجىك جەمئىيىتىدە بولسا، بۇ تېما بۈركۈتنىڭ پائالىيىتىگە مۇجەسسەملەنگەنىدى. شۇڭا تاجىكلارنىڭ بۈركۈت رىۋايەتلىرىدىكى بۈركۈت پائالىيىتى، بۈركۈت روھى، بۈركۈت جاسارىتى ۋە بۈركۈت غايىسى ئەمەلىيەتتە ئەمگەكچى خەلقنىڭ پائالىيىتى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ روھى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ جاسارىتى ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ غايىسىدۇر. بىزنىڭ سۆيۈملۈك بۈركۈتنى تاجىكلارنىڭ ھامىيسى ۋە سىمۋولى دېيىشىمىزنىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسىمۇ مانا مۇشۇ يەردە.

ئىككىنچىدىن، بۈركۈت ئوبرازى قەدىمكى شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلەشكۈچى ساك قەبىلىسىدىمۇ چېلىققارلىق ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. بولۇپمۇ ساكلارنىڭ نەقىش سەنئىتىدىكى ھايۋان سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىدىن شىر تەنلىك، بۈركۈت باشلىق سۈرەت ئالىم - تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى بەكرەك ئۆزىگە تارتماقتا. چۈنكى، بىرىنچىدىن، ئىككى خىل ھايۋان ئوبرازى بىر گەۋدە قىلىنغان نەقىش سەنئىتى قەدىمكى زامانلاردا كەمدىن - كەم ئۇچرايدۇ. ئىككىنچىدىن، شىر تەنلىك، بۈركۈت باشلىق نەقىش سەنئىتىدە بۈركۈت ئوبرازى يەنىلا باش ئوبراز بولغان. قارىغاندا، بۈركۈت ساكلارنىڭ نەزىرىدىمۇ توتېم خاراكتېرلىك خاسىيەتلىك قۇشتەك قىلىنىدۇ. بىزنىڭ بۇ گەپنى دېيىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، قەدىمكى ساكلار بىلەن ھازىرقى تاجىكلاردىكى بۈركۈت ئوبرازىنىڭ ئوخشاش چىقىپ قېلىشى تاسادىپىيلىق بولماستىن، بەلكى مۇقەررەرلىكتۇر. چۈنكى تارىخىي باغلىنىشتىن قارىغاندا، قەدىمكى ساكلار بىلەن ھازىرقى تاجىكلارنىڭ ھەممىسى شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەردۇر. تاجىك مىللىتىنىڭ بىر پۈتۈن مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشىدە ساكلارنىڭ تەركىبى ناھايىتى يۇقىرى. گەرچە ساكلارنى يالغۇز تاجىك مىللىتىنىلا شەكىللەندۈرگەن دېگىلى بولمىسىمۇ، قان، تىل ۋە مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ساكلارنى تاجىكلارنىڭ بىۋاستە ئەجدادلىرى، تاجىكلارنى ساكلارنىڭ ئەۋلادلىرى دېيىشكە بولىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، تاجىكلار ئولتۇراقلاشقان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىر - ئامۇ دەريا ساھىللىرى، پامىر - ھىندىقۇش تاغ ئېتەكلىرى قەدىمكى زامانلاردا ساكلار ئىجتىمائىي پائالىيەت ئېلىپ بارغان مۇھىم سەھنىلەرنىڭ بىرى. بۇ توغرىلىق ھېرودوتنىڭ «تارىخ» ئەسىرى، پارسلارنىڭ «نەقشى رۇستەم» ۋە «بىھىستۇن» ئابىدىلىرى، جۇڭگونىڭ «خەننامە» ئەسىرىدە ناھايىتى مول تارىخىي خاتىرىلەر ۋە كېيىنكى چاغلاردا بايقالغان مۇھىم ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار بار.

ئۈچىنچىدىن، تاجىكلارنىڭ جاھانغا مەشھۇر خاسىيەتلىك نېيى «بۈركۈت نەي» دەپ ئاتىلىدۇ. نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان «دۇنيانىڭ ئۆگزىسى»دە ياشاپ كېلىۋاتقان تاجىك خەلقى «بۈركۈت نەي» ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ - ئىستىكىنى ئىپادىلەپ كەلمەكتە. «بۈركۈت نەي»نىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىلىق تاجىكلار

ئارىسىدا ناھايىتى كۆپ رىۋايەتلەر بار. بۇ رىۋايەتلەرنىڭ ئاخىرقى يەكۈنىدە بۇركۈتنىڭ قانات سۆڭىكىدىن بىر جۈپ نەي ياسىلىپ تاجىكلارغا مىراس قالىدۇ، دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. ھازىرقى رېئال ئەھۋالدىن ئېيتساق، تاجىكلارنىڭ بۇركۈت نېيى راستىنلا بۇركۈتنىڭ قانات سۆڭىكىدىن ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 سانتىمېتىر، دىئامېتىرى 1.5 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. نەينىڭ تۆۋەن يېرىم تەرىپىدە ئۈچ ئاۋاز تۆشۈكى بولىدۇ، تىك تۇتۇپ پۈۋلەپ چېلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى زىل ھەم ئېگىز بولۇپ، تاجىك ئاھاڭ ـ مۇزىكىلىرىغا ناھايىتى ماس كېلىدۇ. ئۇ تاجىكلارنىڭ توي ـ تۆكۈن، ھېيت ـ ئايەم، بەزمە ـ مەشرەپ، ئوغلاق تارتىشىش، ئات بەيگىسى قاتارلىق كۆڭۈللۈك پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئىشلىتىلىدۇ. «بۇركۈت نەي» توغرىسىدا ئەل ئەدەبىياتىدىن باشقا، يەنە تارىخىي ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارمۇ بار.

تۆتىنچىدىن، تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي ئۇسسۇلى «بۇركۈت ئۇسسۇلى» دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى، بۇ خىل نەپىس، لەرزان خەلق ئۇسسۇلى دەسلەپتە نەۋقىران بۈركۈتنىڭ پەرۋاز ھەرىكىتىگە تەقلىد قىلىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. ئۇ خىلمۇخىل ھەرىكەت ۋە ھېسسىيات گۈزەللىكىگە باي بولۇپ، ئۇنىڭدا تاجىك خەلقىنىڭ خۇددى بۈركۈتنىڭ بىپايان كۆكتىكى ھەرىكىتىدەك مەردانە، ئەركىن پەرۋاز قىلىش ئارزۇ ـ ئىستىكىنى، ئەركىن ۋە بەختلىك ھاياتقا بولغان ئىنتىلىشلىرى، تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىنى سۆيۈش ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن. «بۈركۈت ئۇسسۇلى»نىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر «بۈركۈت نەي» رىۋايىتى بىلەن بىر لىنىيىدە بولۇپ، ئاۋۋال «بۈركۈت نەي» پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن «بۈركۈت نەي» نىڭ تەڭكىشىدە بۈركۈت پەرۋازىغا تەقلىد قىلىنغان «بۈركۈت ئۇسسۇلى» بارلىققا كېلىدۇ.

يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا، تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى ۋە ھازىرقى ناخشا ـ قوشاقلىرىدا، ماقال ـ تەمسىللىرىدە، مەسەل ـ ھېكايىلىرىدە بۈركۈتنى ئۇلۇغلايدىغان مەزمۇنلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، تاجىك مەدەنىيىتى سىستېمىسىدا «بۈركۈت مەدەنىيىتى» نىڭ ناھايىتى مۇھىم ئورۇننى تۇتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## 3. قەھرىمانلىق ئوبرازى — پەھلىۋانى رۇستەم

نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان، تاجىكلارنىڭ سىياسىي ـ ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت تارىخىدا ئاجايىپ ئەقىل ـ پاراسەتلىك قەھرىمانلار، باتۇر ـ پەھلىۋانلار، ئۇلۇغ پىداكارلار، ئىش ـ ئىزلىرى ئاجايىپ تەسىرلىك تۆھپىكارلار، خەيرى ـ ساخاۋەتچىلەر بارلىققا كەلگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە پەھلىۋانى رۇستەم بىلەن باتۇرى قولچاق ئەڭ مەشھۇر بولۇپ، پەھلىۋانى رۇستەم — تاجىكلارنىڭ ئەپسانىۋى دەۋرىدىكى قەھرىمانلىق ئوبرازى بولسا، ئەزىمەت قولچاق يېقىنقى زامان تاجىك جەمئىيىتىدىكى چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ مۇقەددەس زېمىن ـ تۇپرىقىنى قوغداش يولىدا بارلىققا كەلگەن خەلق قەھرىمانلىرىنىڭ تىپىك ۋەكىلى ۋە ئوبرازى.

قەدىمكى تاجىك جەمئىيىتىنىڭ ئەينىكى دەپ تەسۋىرلىنىدىغان تاجىك خەلق ئەپسانىلىرىنى تېماتىك مەزمۇنىغا ئاساسەن تەبىئەت ھادىسىلىرى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر، جەمئىيەت ـ ئىجتىمائىي ھادىسىلەر توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر ۋە قەھرىمانلىق ـ پەھلىۋانلىق توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر دەپ ئۈچ چوڭ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. بۇلار ئىچىدىن قەھرىمانلىق ـ پەھلىۋانلىق توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر بىر تىپىك سىستېما بولۇپ، نەسەب بويىچە نۇر ئىلاھى ئاھورامازدا ياراتقان تۇنجى ئادەم — گاۋمەردىنىڭ نەۋرىسى ھوشاڭدىن باشلىنىدۇ. ھوشاڭ ـ تافمۇراسنىڭ ئوغلانى، تارىختىكى شاھى جەمشىد، شاھى فەرىدۇن قاتارلىقلار ھوشاڭنىڭ پۇشتى ۋە شاھلىق تەختىنىڭ ۋارىسلىرى. پەھلىۋانلار قىسمىسى نەرىمەن جەمەتىنىڭ ھەر دەۋر قەھرىمانلىق قاتلىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئالەمگە مەشھۇر پەھلىۋان — سامدۇر. سامنىڭ ئوغلانى زالدۇر، زالنىڭ ئوغلانى پەھلىۋانى رۇستەمدۇر. رۇستەمنىڭ ئوغلانى تۇران مەلىكىسىدىن بولغان سوھرابتۇر. قەھرىمانلار ئەپسانىلىرى لىنىيىسىدە رۇستەم پەھلىۋاننىڭ قىسسە ـ ھېكايەتلىرى ئەڭ زور، ئەڭ تەسىرلىك ۋە ئەڭ قىزىقارلىق بولۇپ، ئۇنىڭ يەتتە زور مۇشكىلات — شىر بىلەن قاتتىق ئېلىشقانلىقى، ئايىغى چىقماس چۆل ـ جەزىرىدىن ئېسەن ـ ئامان چىققانلىقى، ئەجدىھار بىلەن بىر مەيدان ئېلىشىپ ئۇنى يەڭگەنلىكى، پەرىزات سىياقىدىكى ئايال ئالۋاستى بىلەن نەچچە رەت ئېلىشىپ ئۇنى يوقاتقانلىقى، ئىككى مۈڭگۈزلۈك دىۋە بىلەن يەتتە كېچە ـ كۈندۈز ئېلىشىپ، ئاخىرى ئۇنى پەم بىلەن ھالاك قىلغانلىقى، قورقۇنچلۇق ئاق ئالۋاستى بىلەن بىر كېچە ـ كۈندۈز ئېلىشىپ، ئۇنى ئەپچىللىك بىلەن تارمار قىلغانلىقى، ئەڭ ئاخىرىدا ئىنسانلارنى ئاپەت ۋە زۇلمەتتىن قۇتقۇزۇپ، بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرگەنلىكى، رەڭگا ـ رەڭ قاباھەت كۈچلىرىنى يوقىتىش جەريانىدىكى پەم ـ پاراستى، تەڭداشسىز شىر يۈرەكلىكى، تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان بىقىياس ماھارىتى كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى

تىترىتىدۇ ۋە تەسەۋۋۇرىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ. پەھلىۋانى رۇستەم قىسسىلىرى تاجىك مىفالوگىيىسىدە يۇرۇشلەشكەن ھېكايەت كۈللىياتىنى شەكىللەندۈرگەن. شۇڭا ئۇنى تاجىك ئەپسانە - قىسسىلىرىنىڭ يادروسى دەپ قاراشقا بولىدۇ. پەھلىۋانى رۇستەم ھېكايەتلىرىدىن ئېلىمىز تاجىكلىرى ئارىسىدا «رۇستەم پەھلىۋاننىڭ ئادىمىزات دۇنياسىغا كېلىشى»، «پەھلىۋانى رۇستەم ۋە جىن - ئالۋاستىلار»، «رۇستەم پەھلىۋاننىڭ خاسىيەتلىك رەقىش تۇلپىرى»، «رۇستەم پەھلىۋان قەبرىسى»، «رۇستەم بۇلاق»، «سەڭگى پەھلىۋان»، «بىق - بىقىن ھېكايىلىرى»، «ئۈزۈلگەن تاغ ھېكايىسى»، «ئافراسىياب تېغى رىۋايىتى» قاتارلىقلار بار. ئېلىمىز تاجىكلىرى پەھلىۋانى رۇستەمنى تاشقورغاندا ئۆتكەن شەخس، تاجىكلارنىڭ بوۋىسى دەپ تەرىپلىشىدۇ. راس گەپ قىلغاندا، پەھلىۋانى رۇستەم قىسسىلىرىنىڭ سۇژىتى قىزىقارلىق، بايان تىلى گۈزەل، مەزمۇنى جەلپ قىلارلىق بولۇپ، ئۇنى قەدىمكى تاجىك جەمئىيىتىنىڭ مەنىۋى تۆۋرۈكى، ئەدەبىيات - سەنئەتتە ئۇنى ئىجادىيەتنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس بۇلىقى دېيىشكە بولىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، مىڭ يىللاردىن بۇيان تاجىكلارنىڭ قەھرىمانلىق ئەپسانە - قىسسىلىرى كلاسسىك خەمسەچىلىك، داستانچىلىق، ئېپوسچىلىق، مەسنەۋىچىلىك، لىرىكىچىلىق، مىفولوگىيە، رىۋايەت - ھېكايىچىلىق، تارىخ - ئېتنوگرافىيە، ئېتوپىك، گېئوگرافىيە، پەلسەپە، ئىجتىمائىيەت، ئىدېئولوگىيە، ماقال - تەمسىلچىلىك، مەسەلچىلىك ۋە ئەقىل - ھېكمەتچىلىكنىڭ مۇھىم ماتېرىيال مەنبەسى بولۇپ كەلمەكتە. كلاسسىك ئېپوسچىلىقنىڭ پىرى ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىنى قەدىمكى قەھرىمانلىق ھېكايەتلەر دېڭىزىدىن ئەڭ چىۋەرلىك بىلەن پايدىلانغان ۋە ئاجايىپ مۆجىزە يارىتقان ئۇلۇغ ئىجادىيەت پىرى دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ بۈيۈك «شاھنامە» ئېپوسىدا پەھلىۋانى رۇستەم ئەڭ يېڭىلمەس ئىجابىي ئوبراز ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا كىشىلەر «شاھنامە»نى «رۇستەمنى داستان» دەپمۇ تەرىپلىشىدۇ. دېمىسىمۇ، «شاھنامە» خەزىنىمىزدە رۇستەم ئوبرازى ئەڭ تىپىك، ئەڭ يۈكسەك ۋە ئەڭ يۇقىرى بەدىئىي ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە بولۇپ، قالغان بارلىق ئوبرازلار مۇشۇ تىپىك ئوبرازنى دەۋر قىلىپ پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە قەھرىمانلىق روھى بىقىياس ئۇلۇغدۇر.

ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى تاجىكلار ئارىسىدا رۇستەم نامى ۋە رۇستەم روھى شۇنداق بەغايەتكى، تاشقورغاندىكى نۇرغۇن تاغ - دەريالارنىڭ نامى رۇستەم پەھلىۋان بىلەن مۇناسىۋەتلىك. نۇرغۇن كىشىلەر ئەمدىلا دۇنياغا كەلگەن ئوغۇل بالىسىغا «رۇستەم» دەپ ئات قويۇپ، ئۆز بالىسىنىڭ كەلگۈسىدە رۇستەم كەبى ئوغلان بولۇشىنى ئارزۇ - ئۈمىد قىلىدۇ. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدا نېمە كۆپ دېسە، پەھلىۋانى رۇستەم توغرىسىدىكى ئەپسانە - قىسسىلەر، رىۋايەت - ھېكايىلەر، ماقال - تەمسىللەر، ناخشا - قوشاقلار كۆپ. تاجىك دىيارىدا ۋە تاجىك تىلىدا «رۇستەم» سۆزى «يېڭىلمەس»، «قەھرىمان»، «باتۇر»، «پەھلىۋان» سۆزلىرى بىلەن مەنىداش بولۇپ قالغان. تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ گۈل تاجىسى دەپ ئاتىلىدىغان «مۇزتاغ ئاتا» رىۋايىتىنىڭ باش پېرسوناژىمۇ سۆيۈملۈك رۇستەم بولۇپ، ئۇ ئىلاھىي گۈلزارلىقتىن ئىنسانىيەت ئالىمىگە گۈل - گىياھ ۋە ھاياتلىق سۈيى ئېلىپ كېلىدۇ.

بىز كۆزىتىش، سېلىشتۇرۇش، تەھلىل قىلىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق شۇنى ھېس قىلدۇقكى، پەھلىۋانى رۇستەم ئەمەلىيەتتە تاجىك خەلقىنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا، زۇلۇمغا قارشى كۈرەشتىكى تەڭداشسىز غايىۋى مىللىي قەھرىمانى. خەلقنىڭ قاباھەتچىلىكتىن قۇتۇلۇپ، غايىۋى جەمئىيەت قۇرۇشتىكى ئارزۇ - ئارمانلىرى، ئىستەك - غايىسى ماھىيەتتە رۇستەمدىن ئىبارەت مۇشۇ غايىۋى مىللىي ئوبرازغا مۇجەسسەملەنگەن. ھازىرقى ۋاقىتتا ئۇنىڭ فىردەۋسى «شاھنامە» سىدىكى رۇستەمنىڭ قەھرىمانلىق ۋە پەھلىۋانلىق مۆجىزىلىرىنىڭ خەلق ئىچىدە تارقىلىپ، ئاندىن ھازىرقى ئەدەبىيات خەزىنىسىگە ئايلانغانلىقى ياكى مەۋلانە فىردەۋسىنىڭ خەلق ئەپسانە - قىسسىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئۇنى يىغىپ، توپلاپ، ئۆزىنىڭ مۇبارەك ئۆتكۈر قەلىمى بىلەن بەدىئىي جەھەتتىن يېڭىباشتىن پىششىقلاپ ئىشلەپ، رۇستەم پەھلىۋان ئوبرازىنى يارىتقانلىقى ھەققىدە ھېچكىم كېسىپ ھۆكۈم قىلالمايدۇ. ھەم ئۇنداق قىلىشنىڭ ھاجىتىمۇ يوق. بەزى تەتقىقاتچىلار مۇشۇنىڭ بىلەن ئاۋارە بولۇپ كەلمەكتە. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، «شاھنامە»دىكى رۇستەم پەھلىۋان ھېكايەتلىرى ئاۋۋال خەلق ئىچىدىن كەلگەن، ئاندىن يەنە ئايلىنىپ خەلق ئىچىگە بارغان.

رۇستەم پەھلىۋان ھېكايەت - قىسسىلىرى تارىختا تاجىك - پارس ئەدەبىياتىدىلا مەشھۇر بولماستىن، يەنە جاھان ئەدەبىياتىغىمۇ زور تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ توغرىلىق ئۇلۇغ ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى ۋە كلاسسىك شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ئۆز ئارزۇ - ئارمىنىنى بايان قىلغاندا تۆۋەندىكى مىسرالارنى يېزىپ قالدۇرغانىدى:

6549 چىقىندەك قىلىچلىق ھەيدەر① ئەرسەم ئۆزۈم،
يا رۇستەمدەك② جاھانغا داڭقىم تاراتتىم.

6550 بولۇپ ياكى ئەيسا③ ئۇچۇپ كۆككە چىقتىم،
يا نوشىرۋاندەك④ قانۇن ئەدىل يۈرۈتتۈم.

ئۇلۇغ گېرمان شائىرى گيوتې ئۆزىنىڭ «غەرب شائىرىنىڭ شەرقچە شېئىرلىرى دىۋانى» دا ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىگە مەدھىيە يازغاندا قۇر ئارىلىقىدا رۇستەم ئوبرازىغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەنىدى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، رۇستەم ئوبرازى ھەقىقەتەنمۇ سۆيۈملۈك بولۇپ، ئۇ ئېلىمىز تاجىكلىرىنىڭ ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيەت تارىخىدا يۈكسەك ئورۇن تۇتىدۇ، ئۇ خەلقىمىز قەلبىدە مەڭگۈلۈك قەھرىمان!

## 4. ساداقەتلىك ئوبرازى — تۇلپار ئات

كىشلەر تاجىكلار بىلەن بۈركۈت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە، تاجىكلارنى «بۈركۈت مىللىتى» دەپ تەسۋىرلىسە، تاجىكلار بىلەن ئات ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە، ئۇلارنى «ئات ئۈستىدىكى مىللەت» دەپ تەسۋىرلەيدۇ. دەرھەقىقەت، بۇ خىل سۈپەتلەش ئوبيېكتىپ ئاساسقا ئىگە. ئەگەر بىز مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن چىقىپ، تاجىكلار بىلەن ئات ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرىدىغان بولساق، ئاتنىڭ تاجىك ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدە تولىمۇ چېلىقارلىق ۋە يۈكسەك ئورۇننى ئىگىلىگەنلىكىنى، ھەتتا تاجىك مەدەنىيىتىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا «تاجىكلارنىڭ ئات مەدەنىيىتى» نىڭ شەكىللەنگەنلىكىنى روشەن كۆرەلەيمىز.

بىرىنچىدىن، ئات تاجىكلارنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان سەپەر ئۇلىقى، مىنىك ئۇلىقى، قاتناش قورالى، ئىشلەپچىقىرىش قورالى ۋە كۆڭۈل ئېچىش قورالىدۇر. ھالبۇكى، بۇنى تاجىكلارنىڭ ياشاش ئېكولوگىيىسى بەلگىلىگەن. تاجىكلارنىڭ توي - تۆكۈنى، ئۆلۈم - يېتىم ۋە نەزىر - چىراغلىرى، ھېيت - ئايەم ۋە مېھماندارچىلىق ئادەتلىرىمۇ ئاتتىن ئايرىلالمايدۇ. مۇشۇنداق ئوبيېكتىپ تۇرمۇش شارائىتى تۈپەيلىدىن، ئات تاجىكلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا ئەڭ يۈكسەك ئورۇن ئالغان. تاجىكلارنىڭ مۇبارەك نەزىرىدە، ئات «ئىنسانلارنىڭ مېھرىبان قانىتى»، «ئىنسانلارنىڭ خالىس شەپقەتچىسى»، «جەڭلەردىكى ۋاپادار ھەمراھى»، «ھەزرىتى ئەلىنىڭ دۇلدۇلى»، «ئات — ئەرنىڭ قانىتى»، ھەربىر تاجىك ئائىلىسىدە كەم دېگەندە، بىر ئات بولۇش شەرت قىلىنىدۇ. تاجىكلار ئاتنى بەكمۇ ئېزىزلەيدۇ، كۆز تەگمەسلىك، بالا - قازادىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئاتنىڭ بەدىنىگە كۆز تۇمارى ئېسىپ قويىدۇ. ئاتنىڭ قەدرى - قىممىتى ئۈچۈن، قىممەت باھالىق ئېگەر، ئۇرامال، شالچا، توقۇم، نۇقتا، تىزگىن، قۇشقۇن، تاسما ۋە قامچا ياساپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارنى كۆركەم زىننەتلەيدۇ. ئومۇمەن، تاجىكلاردا ئاتقا نىسبەتەن بىر خىل مېھىر - شەپقەت ھېسسىياتى شەكىللەنگەن.

ئىككىنچىدىن، ئات تاجىكلارنىڭ ماددىي تۇرمۇشىدا ئالاھىدە ئورۇن ۋە رولغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، يەنە تاجىكلارنىڭ روھىي دۇنياسى ۋە مەنىۋى ھاياتىدىمۇ ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە. ئۇ ئاللىبۇرۇن، ئەپسانىۋى دەۋردىلا، تاجىك مىفالوگىيىسىدىن مۇقەددەس ئوبراز سۈپىتىدە ئورۇن ئالغان. تاجىك خەلق ئەپسانە - رىۋايەتلىرىدە ئات ئوبرازى ناھايىتى تەسىرلىك، چىن - سەمىمىي ۋە بەھەيۋەت بولۇپ، ئۇ مۇزتاغ ئاتا ئوبرازى، بۈركۈت ئوبرازى، پەھلىۋانى رۇستەم ئوبرازى بىلەن بىرلىكتە تاجىك مەدەنىيىتى تارىخىدا تۆت چوڭ ئوبراز سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇنى تاجىكلارنىڭ مەشھۇر «مەلىكە قورغان» رىۋايىتى، «رۇستەم پەھلىۋاننىڭ رەقىش تۇلپىرى» رىۋايىتى ۋە ھەزرىتى ئەلىنىڭ دۇلدۇلى دەپ سۈپەتلىنىدىغان «شىنگان ئاق دۇلدۇل رىۋايىتى» قاتارلىقلاردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ رىۋايەتلەرنىڭ ۋەقەلىكى ھەر قىسما بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىدە ئات بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى مېھرىبانلىق، شەپقەتلىك ۋە ھەمدەملىك مۇناسىۋىتى يورۇتۇلغان. ئەڭ قىممەتلىكى شۇكى، ئىنسان ئەڭ قىيىن مۇشكۈلاتقا قالغاندا، خاسىيەتلىك تۇلپار ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئىنسانغا شەپقەت كۆرسىتىدۇ، ئۆزىنى قۇربان قىلىپ، ئىنسانغا بەخت - سائادەت يارىتىدۇ. شۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇقكى، تاجىك ئەپسانە - رىۋايىتىدە ئات باشتىن - ئاخىر ئىجابىي ئوبراز، پەھلىۋانى رۇستەمنىڭ رەقىش ناملىق خاسىيەتلىك تۇلپىرى ئىنسانىي پەزىلەت ۋە خىسلەتكە ئىگە بولۇپ، رۇستەم پەھلىۋان ئۇنى جېنىدىنمۇ ئېزىز كۆرۈپ قەدىرلەيدۇ. تەسۋىرلىنىشىچە، رەقىش ئات زور ئەمەس، لېكىن شىر كەبى كۈچلۈك، ئۇنىڭ رەڭگى چىپار، كۆزى قاشتېشىغا ئوخشايدۇ. ئۇ تېخى 25 چاقىرىم

يىراقلىقتىكى قاراڭغۇدىمۇ چۇمۇلىنى پەرق ئېتەلەيدىكەن. ئۇ رۇستەم پەھلىۋاننىڭ شەپقەتلىك ھەمراھى ۋە قورالى بولۇپ، ئۇنىڭ يەتتە زور مۇشكۇلاتنى يېڭىشىدىكى قانىتى، قورالى ۋە نىجاتچىسى، ئۇ كۆپ قېتىم ئىگىسىنى ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتقۇزغان.

بىز يەنە سىلىشتۇرما تەتقىقات نۇقتىسىدىن، قەدىمكى شەرقىي ئىران تىللىق خەلقلىرى بولغان ساكلار، سوغدىلار، توخارلار، باكتېرىيىلىكلەر، خارەزىملىقلار ۋە مەرگىنيالىقلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ھەم كېيىنكى چاغلاردا ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» ئېپوسىغا كىرگۈزۈلگەن تۆت چوڭ تراگېدىيە ھېكايەتلىرى كۈللىياتى بولغان «رۇستەم ۋە سوھراب ھېكايەتلىرى»، «ئىلاھىي ھېكايەتلىرى»، «ئىسفەندىيار ھېكايەتلىرى» ۋە «سىياۋۇش ھېكايەتلىرى» دىكى تۇلپار ئات ئوبرازىغا نەزەر سالدۇق. بۇ ھېكايەتلەر سىستېمىسىدىمۇ ئات ئىنسانلارنىڭ خالىس شەپقەتچىسى ۋە نىجاتكارى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان. دېمەكچىمىزكى، تاجىكلار بىلەن قەدىمكى شەرقىي ئىران قەبىلىلىرىدە ئات ئوبرازى ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ خىل ئوخشاشلىق ئەمەلىيەتتە ئورتاقلىق بولۇپ، ئۇ چوڭقۇر تارىخىي ۋە مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە. قىسقىسى، تاجىك خەلقىنىڭ قەدىمكى ئەپسانە - رىۋايەتلىرىدە، تاجىكلارنىڭ ئاتقا بولغان ھېرىسمەنلىكى ۋە ئات بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تەسىرلىك ئىپادىلەنگەن.

ئۈچىنچىدىن، تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي سەنئىتىدىمۇ تۇلپار ئات ئوبرازى بويۇكتۇر. تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي ئۇسسۇلى ماكرو جەھەتتىن ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇلار «بۈركۈت ئۇسسۇلى»، «قىلىچ ئۇسسۇلى» ۋە «ئارغىماق ئۇسسۇلى» دىن ئىبارەت. «بۈركۈت ئۇسسۇلى» دا بۈركۈتنىڭ كۆكتىكى ئەركىن پەرۋازىنى تەقلىد قىلىش ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ بۈركۈتتەك ئەركىن - بەھۇزۇر ياشاش ئارزۇ - ئىستەكلىرى ئىپادىلەنگەن بولسا، «قىلىچ ئۇسسۇلى» بىلەن «ئارغىماق ئۇسسۇلى» خاس ئات ئۈستىدىكى ئۇسسۇل ھەرىكىتى بولۇپ، ئۇلاردا نازۇك ۋە ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتلەر ئارقىلىق، جەڭگە ئاتلانغان مەرد پەھلىۋاننىڭ تۇلپار ئۈستىدىكى ماھارىتى، جاسارىتى ۋە غەيرەت - شىجائىتى ئىپادىلىنىدۇ. تاجىكلارنىڭ بۇ ئىككى خىل ئۇسسۇلى مەملىكەت ئىچىدە پايتەخت ۋە كونىگدا ئوينىلىپ قىزغىن ئالقىش، ياخشى باھا ۋە بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنىدى. بۇنىڭدىن ئاتنىڭ تاجىك سەنئىتىدىكى ئورنىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ.

تاجىك خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى مۇزىكىلىرى ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە تېمپا، ئۇدار ۋە مىلودىيە ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، چاپسۇز، مەيلىس، ۋەلۋەلەكىك، ئەركەتلىۇ، تىمباك ساز ۋە تەلقىن ساز دەپ ئالتە تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇلار ئىچىدىن تىمباك ساز بىلەن ۋەلۋەلەكىك ساز ئات ئۈستىدىكى پائالىيەتلەرگە بېغىشلانغان بولۇپ، ئوغلاق تارتىش، ئات بەيگىسى قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا ئورۇندىلىدۇ. ئادەتتە ئىككى ئايال داپ چېلىپ، ئىككى ئەر نەي چېلىپ، بۇ سازلارنى ئورۇندايدۇ. بۇ ئىككى خىل مۇزىكىنىڭ تېمپىسى داغدۇغىلىق، ھەيۋەتلىك ۋە جىددىي بولۇپ، ئارغىماقلارنىڭ بەس - بەستە چېپىۋاتقانلىقىنى، مىڭلىغان شىر يۈرەك چەۋەندازلارنىڭ سازغا ماس ھالدا ئۆز ھۈنەر - ماھارەتلىرىنى نامايان قىلىۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مۇزىكا ئارغىماق ۋە چەۋەندازلارغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىدۇ. مۇشۇ مەنىدە يۇقىرىدىكى ئىككى خىل مۇزىكىنى ئارغىماق ئۈستىدىكى پائالىيەتلەرنىڭ زەپەر مارشى دېيىشكە بولىدۇ.

تاجىكلاردىكى مۇقەددەس «بۈركۈت نەي» نىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭمۇ بىر يېرى تۇلپار ئات بىلەن باغلىنىشلىقتۇر. چۈنكى، بۇ خىل نەي دەسلەپتە «نەي دەستىلىك قامچا» دەپ ئاتالغان. ئۇ ئەسلىدە قوي سۆڭىكىدىن ئىشلىنىپ، ئات ھەيدەيدىغان قامچا ئورنىدا ئىشلىتىلگەن. كېيىن بۈركۈت سۆڭىكىدىن ئىشلىنىپ چالغۇ ئەسۋابى بولغان. ئۈچ تۆشۈكلۈك سۆڭەك نەي توغرىسىدا ئېلىمىزنىڭ خەن سۇلالىسىدىن بۇيانقى تارىخىي كىتابلىرى ۋە مۇزىكا تەزكىرىلىرىدە ناھايىتى قىممەتلىك خاتىرىلەر بار.

تۆتىنچىدىن، ئات تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىدە يادرولۇق رول ئوينايدۇ.

تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي تەنتەربىيىسىنىڭ تۈرى بىرقەدەر كۆپ. بۇلاردىن خېلى بىر قىسمى ئات ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

تاجىكلارنىڭ ھاياتىدا خۇشاللىق ۋە شادلىقنىڭ نامايەندىسى بولغان يىگىت - قىزلارنىڭ توي مەرىكىسى، بۆشۈك تويى، خەتنە تويى، سۇ باشلاش ھېيتى، ھۆكۈمەت بايرىمى قاتارلىق پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ھەيۋەتلىك، داغدۇغىلىق ئوغلاق تارتىش، ئات بەيگىسى، ئات تويى، ئات ئۈستىدىن قارىغا ئېتىش، ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ يەر ئۈستىدىكى كىچىك ئورەك ئىچىدىن تەڭگە ئېلىش قاتارلىقلار ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ پائالىيەتلەرگە كەلسە - كەلمەس ئات ئەمەس، بەلكى ئەڭ چاپقۇر ئاتلار قاتناشتۇرۇلىدۇ. بۇ خىل ئات ئۈستىدىكى پائالىيەتلەرنىڭ بىر يۈرۈش قائىدە - قانۇنىيەتلىرى، مۇكاپاتلىرى بولىدۇ. يەنە كېلىپ بۇ پائالىيەتلەر

تاجىكلارنىڭ مۇزىكا، ئۇسسۇل ئويناش، ناخشا ئوقۇش پائالىيەتلىرى بىلەن بىرلىشىپ، مىللىي تەنتەربىيە بىلەن مىللىي سەنئەت ئۆزئارا بىرىكىپ كەتكەن بولىدۇ. يۇقىرى ماھارەت ۋە يۈكسەك پەم - پاراسەت تەلەپ قىلىنىدىغان بۇ خىل ئات ئۈستىدىكى تەنتەربىيە تۈرلىرى ناھايىتى قىزىقارلىق بولۇپ، كىشىنى بىتاقەت قىلىدۇ. تارىختىن بۇيان ئات ئۈستىدىكى تەنتەربىيە ھەرىكەتلىرى جەريانىدا مەخسۇس ئات ئۈستىلىرى بارلىققا كەلگەن. ئۇلار تاجىك يۇرتلىرىدا ناھايىتى يۇقىرى ئابرۇي - ئىناۋەتكە ئىگە بولۇپ، ئەل ئىچىدە «ئات پىرى»، «ئاتقا قانات سالغۇچىلار» دەپ تەرىپلىنىپ ھۆرمەتلىنىدۇ.

يۇقىرىدىكى باياندىن مەلۇمكى، تاجىكلارنىڭ مىللىي تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنىڭ كۆپى ئات بىلەن باغلىنىشلىق بولۇپ، ئەگەردە ئات بولمىسا، بۇ خىل ماھارەتلىك تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇش ۋە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىش ئاساسى ۋە شارائىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ. شۇڭا، ئاتنى تاجىك مىللىي تەنتەربىيىسىنىڭ يادروسى ۋە ئۇنىڭ مەۋجۇدىيىتىنىڭ تۈپ ئاساسى دېيىشكە بولىدۇ.

بەشىنچىدىن، تاجىكلارنىڭ نەزەرىدە ئات يۈكسەك ئوبراز ھېسابلىنىدۇ.

تاجىكلارنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەت مەنزىرىسىدە، ئۆزئارا سالام - سائەت، سوغات - سالام قىلىشقاندا، بىر - بىرىنى قۇتلىغاندا، ئۆزئارا مۇبارەكلەشكەندە تۇلپار ئات ئەڭ ئالىي ۋە زىيادە قىممەت باھا تارتۇق جۈملىسىگە كىرىدۇ. بۇ توغرىلىق خىلمۇخىل ئەپسانىلەر، قىسسىلەر بولۇشتىن باشقا يەنە يازما خاتىرىلەرمۇ بار. «ۋېينامە» دە خاتىرىلىنىشىچە، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەييەن 3 - يىلى (مىلادى 437 - يىلى) قەدىمكى تاجىك ئەجدادلىرى قۇرغان «قىرپانە بەگلىكى» شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پايتەختىگە ئەلچى ئەۋەتىپ خانلىققا ئەڭ ئېسىل تۇلپار تەقدىم قىلغان. گرېكلارنىڭ ئالەمشۇمۇل تارىخچىسى ھېرودوت (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 484 — 425 - يىللار ياشىغان) ئۆزىنىڭ «گرېتسىيە - پېرسىيە ئۇرۇشى تارىخى» دا ساكلارنىڭ ئىجتىمائىيىتىنى تەسۋىرلىگەندە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «ئۇلار پەقەت قۇياش ئىلاھىغىلا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇلار قۇياشقا ئاتاپ ئاتنى قۇربانلىق قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتنى قۇربانلىق قىلىشتىكى ئاساسى شۇكى، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئادىمىزات دۇنياسىدىكى ئەڭ چاپقۇر تۇلپارلا ئىلاھلار ئالەمىدىكى ئەڭ تېز قۇياشقا ماس كېلىدۇ»⑤. دېمەك، ساكلارنىڭ نەزەرىدىمۇ ئات خاسىيەتلىك ھايۋاندۇر. ھالبۇكى، ساكلار بىلەن تاجىكلار بىر قوۋمغا مەنسۇپ بولغان شەرقىي ئىران تىللىق خەلقلەردۇر.

ئۆزئارا دوست تۇتۇش — تاجىك ئېتنوگرافىيىسىدە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر خىل ئەنئەنىۋى ئادەت. بۇ خىل ئادەتنىڭ قائىدە - يوسۇنى ۋە رەسمىيەتلىرى بىرقەدەر كۆپ. قۇرئان كەرىمنى تۇتۇپ قەسەم بېرىپ دوست بولۇش ۋە ئۆزئارا ياخشى چاپقۇر ئاتلارنى تەقدىم قىلىپ دوست تۇتۇش ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى قائىدە - رەسمىيەت بولۇپ، ھەشەمەتلىك دەبدەبە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش يولى بىلەن ئەل - جامائەت ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

تاجىكلارنىڭ ماتەم مۇراسىمىدا ناماز چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، ساھىبخان ئۆزىنىڭ رەھمەت - ھەشقاللىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ناماز چۈشۈرگۈچى دىنىي زاتقا بىر ياخشى ئات تارتۇق قىلىدۇ.

ئومۇمەن، تاجىكلارنىڭ قائىدە - يوسۇن پەتىۋاسىدا، ياخشى ئات بىباھا سوۋغات ۋە تارتۇق ھېسابلىنىدۇ. ئېيتىش كېرەككى، بۇنى ئات نەرقىنىڭ قىممەتلىكى ئەمەس، بەلكى ئات ئوبرازىنىڭ ئۇلۇغلۇقى بەلگىلىگەن.

ئالتىنچىدىن، تاجىكلارنىڭ ئاخىرەت قارىشىدىمۇ ئات ئوبرازى ناھايىتى ئۇلۇغدۇر.

تاجىكلارنىڭ ئاخىرەت قارىشىدىكى ئات ئوبرازى مەركەزلىك ھالدا تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى قەبرىچىلىك مەدەنىيىتىدە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى قەبرىچىلىكى تۈز قەبرە، ئېگەرسىمان قەبرە، مەقبەرە - گۈمبەزچىلىك ۋە مازارچىلىق دەپ تۆت خىلغا بۆلۈنىدۇ. نورمال، قارارلىق ۋە ئەجەل نۆۋىتى بىلەن ئۆلگۈچىلەرگە تۈز قەبرە ياسىلىپ، توپا لېيى بىلەن سۇۋىلىدۇ؛ قەرەلسىز ۋە تاسادىپىي ھادىسىلەر بىلەن ئۆلگۈچىلەر ئۈچۈن ئېگەرسىمان قەبرە ياسىلىپ، ئاۋۋال توپا لېيى بىلەن ئاندىن ئۈستىدىن ئاق بور بىلەن سۇۋىلىپ، بېشى قىزىل رەڭدە بويىلىدۇ؛ ئاتاقلىق ئەربابلار ۋە تەقۋادار كىشىلەرگە مەخسۇس مەقبەرە ياكى گۈمبەز سېلىنىپ، ئىچكى تاملىرى خىلمۇخىل نەقىشلەر (كۆپرەك تۇلپار، ئېگەر، قامچا، مىلتىق، ئوۋ ئىتى قاتارلىقلارنىڭ رەسىملىرى سىزىلىدۇ) بىلەن بېزىلىدۇ؛ ئەۋلىيا - ئەنبىيالار ئۈچۈن مەخسۇس مازارلار تەسىس قىلىنىپ، بۇ جايلار مۇقەددەس تاۋاپ قىلىنىدىغان جايلارغا ئايلانغان. تاشقۇرغاندا نېمە كۆپ دېسە، مازار كۆپ.

نېمە ئۈچۈن بىقارار ئۆلگەنلەر ئۈچۈن ئېگەرسىمان قەبرە ياسىلىدۇ؟ قەبرە - گۈمبەز تاملىرىغا نېمە ئۈچۈن كۆپرەك ئات سىمۋولى سىزىلىدۇ؟ بۇ ھەقتە ھەر خىل شەرھلەشلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا تاجىكلارنىڭ ئاخىرەت قارىشى ۋە ئىخلاسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ خىل قاراشنىڭ نېگىزى شۇ يەردىكى، ئات پانىي ئالەمدىلا

ئەمەس، بەلكى باقى ئالەمدىمۇ ئىنسانلارنىڭ مېھرىبان شەپقەتچىسى ۋە ئەرنىڭ قانىتى. تاجىك ئەپسانە - قىسسىلىرىدە ئېيتىلىشىچە، ئادىمىزات گۇناھ ئۆتكۈزۈپ، بېھىشتىن پانىي ئالەمگە قوغلانغاندا، رەھىمدىل پەرۋەردىگار ئىنساننىڭ نالە - پەرياد ۋە يىغا - زارىغا چىدىيالماي، ئاتنى سەپەر ئۇلىقى قىلىپ بەرگەنمىش. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئات ئۆي ھايۋىنىغا ئايلىنىپ، ئىنسانلارنىڭ پايدىلىق قورالىغا ئايلانغانمىش. مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلىدىن بولسا كېرەك، تاجىكلار ئومۇمەن ئاتنى بۇ دۇنيا، ئۇ دۇنيادا ئىنساننىڭ خالىس شەپقەتچىسى، مەڭگۈلۈك ھەمراھى دەپ قارايدۇ. ئېگەرسىمان قەبرىلەر بىلەن مەقبەرە - گۈمبەز تاملىرىدىكى ئات سىمۋولى مۇشۇ يېتەكچى ئىدىيە ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇشى مۇمكىن.

تاجىكلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىمۇ ئات توغرىلىق بىر يۈرۈش قائىدە - يوسۇن، پەتىۋا - رەسمىيەتلەر بار. كۆز تەگمەسلىك ئۈچۈن، ئاتقا كۆز تۇمارى ئېسىپ قويۇش، ئاتنى بوغۇزلاشنى، ئات گۆشىنى يېيىشنى، ئات قىمىزىنى ئىچىشنى راۋا كۆرمەسلىك، چۈشىدە تۇلپار مىنسە، بەخت - سائادەتنىڭ بېشارىتى دەپ تەبىر بېرىش، ئاتنى ئەڭ ياخشى جابدۇقلار بىلەن بېزەش، ئاتنى خارلاشنى يامان كۆرۈش، ئاتنىڭ بېشىنى ئېگىز دەرەخ شاخلىرىغا ئېسىپ قويۇپ ساقلاش ۋە باشقىلار.

ماقالىمىزنىڭ قىسقىچە يەكۈنى شۇكى، تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيىتىدە مۇزتاغ ئاتا ئوبرازى، سۆيۈملۈك بوركۇت ئوبرازى، پەھلىۋانى رۇستەم ئوبرازى ۋە تۇلپار ئات ئوبرازى زىيادە چېلىقارلىق بولۇپ، ماھىيەتتە، بۇ تۆت ئوبراز سىستېمىسىنىڭ يىغىندىسى تاجىك مەدەنىيىتى دەپ ئاتىلىدۇ. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، تاجىك مەدەنىيىتىدىكى تۆت چوڭ ئوبراز ناھايىتى مول مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، ئۇلاردا خەلقىمىزنىڭ كائىنات قارىشى، پەلسەپە قارىشى ۋە قەھرىمانلىق قارىشى ناھايىتى روشەن ئىپادىلەنگەن. مۇشۇ مەنە ۋە نۇقتىدا، تاجىك مەدەنىيىتىدىكى تۆت ئوبرازنى تاجىك خەلقىنىڭ مەنىۋى خەزىنىسى، قەدىمكى تاجىك جەمئىيىتىنىڭ روشەن ئەينىكى دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭا، تاجىك مەدەنىيىتىدىكى تۆت چوڭ ئوبرازنى چۈشەنمىگەندە، تاجىك خەلقىنىڭ يۈرەك - قەلبىنى، تاجىك مەدەنىيىتىنىڭ ماھىيەتلىك خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكىنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ.

ئىزاھلار:

① ھەيدەر — ھەزرىتى ئەلى (مىلادىيە 600 — 661) نىڭ لەقىمى.
② رۇستەم — «شاھنامە» دىكى مىسلىسىز ئەپسانىۋى قەھرىمان.
③ ئەيسا — خرىستىئان دىنىنىڭ مەشھۇر پەيغەمبىرى.
④ نوشىرۋان — پارس ساسانىيلار خاندانلىقىنىڭ پادشاھى.
⑤ ھېرودوت: «تارىخ»، سودا نەشرىياتى، 1987 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 287 - بەت.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. «جۇڭگو تاجىكلىرى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994 - يىلى نەشرى.
2. «بوركۇت مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت نەشرىياتى، 2004 - يىلى نەشرى.
3. «شىنجاڭدىكى 13 مىللەتنىڭ قۇت نىشانى»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1995 - يىلى نەشرى.
4. «تاجىك مەدەنىيىتىدىكى ئات ئوبرازى»، مۇنبەر ژۇرنىلى، 2002 - يىللىق 2 - سان.
5. «ئات ۋە تاجىك مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1998 - يىللىق ئالاھىدە سان.
6. ئاپتورنىڭ «تاجىك ئەپسانىلىرى توغرىسىدا»، «تاجىكلارنىڭ قەبرىچىلىك مەدەنىيىتى»، «بوركۇت ۋە تاجىك مەدەنىيىتى»، «مۇزتاغ ئاتا» قاتارلىق ماقالىلىرى.
7. تاجىك مەدەنىيىتىگە ئائىت ئەسەرلەر، كىتابلار، ئىلمىي ماقالىلەر، توپلاملاردىكى مەزكۇر تېمىغا ئائىت مەزمۇن - بايانلار.


جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

# خەراباتى ئىجادىيىتىنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ئاساسىي يۆنىلىشى

ھۆرمەتجان فىكرەت*

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، مۇتەسەۋۋۇپ شائىر خەراباتى ياشىغان دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى تەھلىل قىلىنىش ئارقىلىق شائىرنىڭ «خوجىلار دەۋرى» دەك زىددىيەتكە تولغان مۇرەككەپ بىر دەۋردە ئۆزىگە خاس يول تۇتۇپ ئىجادىيەت ئېلىپ بارغانلىقى ۋە ئۇنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «مەسنەۋىي خەراباتى» نىڭ ئاساسىي ئىدىيىۋى يۆنىلىشى ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要**:本文通过对诗人哈拉巴提生活的时代背景的分析,指出诗人在充满矛盾的"和卓时代"选择了自己特有的道路从事创作,就他的名著《哈拉巴提马斯纳维双行诗集》的主要思想倾向提出作者的观点。

**Abstract**: Through the analysis of time background in which the poet Harabati lived, this article points out that the poet chose his special way to create works from the time which fulled of contradiction. It also the gives the author's point of view according to the main ideological trend in his master— piece << The two verses of Harabati Masinaway>>.

نەقشبەندىيە تەرىقىتىنىڭ ماۋەرائۇننەھردىكى مەۋقەسىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن تەرىقەتنىڭ تەسىرى شەرققە قاراپ يېيىلىشقا باشلىدى. تەرىقەت تەرغىباتچىلىرى XV ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كىرىشكە باشلىغان ۋە ھاكىمىيەت تۆپىسىدىكىلەرنىڭمۇ دىققىتىنى تارتقان. شەرقىي چاغىتاي خانلىقىنىڭ خانلىرىدىن ئۇۋەيسخان (1418—1428) ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ سىياسىي ۋە دىنىي ۋەزىيىتىنى چىقىش قىلغان ھالدا① بۇ تەرىقەتنىڭ ماۋەرائۇننەھردىكى ئورنى ۋە تەسىرىنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقىغا ئەھمىيەت بەرگەن ھەم بۇ تەرىقەت تەرەپدارلىرىغا مايىل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. ئۇنىڭ ئوغلى يۇنۇسخان (1468—1487) مۇ دادىسىنىڭ يولىدىن ماڭىدۇ. يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ (1513—1679) ئاساسچىسى بولغان سۇلتان سەئىدخان (ۋاپاتى 1533) ھاكىمىيەتنى ئۆز قولىغا ئالغاندىن كېيىن سەمەرقەندتىن كەلگەن خوجا مۇھەممەد يۈسۈپكە ئىخلاس بىلدۈرۈپ، «شۇ خوجا ئارقىلىق ئۆز مۇرادىغا يېتىش ئۈمىدى بىلەن ئۇنىڭ ئاستانىسىگە باش ئۇرىدۇ»②. سەئىدخاننىڭ ئوغلى ئابدۇرەشىدخان (ۋاپاتى 1570) مۇ خوجا مۇھەممەد شەرىف دېگەن كىشىگە قول بېرىپ مۇرىد بولغان ئىدى③.

قىسقىسى، ئۇيغۇرلار ئارىسىغا بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كېلىشكە باشلىغان نەقشبەندىيە شەيخلىرى ۋە خوجىلارنىڭ بۇ زېمىندىكى پائالىيەتلىرىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئۆز نەتىجىسىنى كۆرسىتىشكە باشلىغان ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ نەقشبەندىيە تەرىقىتىنىڭ بۇ يۇرتقا رەسمىي رەۋىشتە يېيىلىشى ۋە تەسىرگە ئىگە بولۇشى مەخدۇم ئەزەم (1463—1542) ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ناملىرى بىلەن باغلىنىشلىقتۇر.

مەخدۇم ئەزەمنىڭ تولۇق ئىسمى سەئىد ئەھمەد خاجەگى ئىبن سەئىد جالالىددىن كاسانىي دەھبىدىي بولۇپ، پەرغانە ۋادىسىنىڭ كاسان شەھىرىدە تەۋەللۇد تاپقان. دەسلەپكى تەلىمىنى كاسان مەكتەپلىرىدىن بىرىدە ئالغاندىن كېيىن، ئەخسىكەتتە خوجا مۇبارەك مەدرىسىدە ئوقۇيدۇ. مەدرىسەنى تاماملىغاندىن كېيىن نەقشبەندىيە تەرىقىتىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى يول باشچىسى مۇھەممەد قازى (ۋاپاتى 1516) دىن ئىلىم ئېلىش ئۈچۈن شاش (تاشكەنت) ۋىلايىتىگە كېلىدۇ. مۇھەممەد قازى خوجا ئەھرار (1404—1490) نىڭ شاگىرتى بولۇپ، ئۆز زامانىسىدا نەقشبەندىيە تەرىقىتىنىڭ رەھبىرى ئىدى.

* ھۆرمەتجان فىكرەت: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى، دوكتور. 830046

ئۇ ئەھمەد كاسانىينى شاگىرتلىققا قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، تېز ئارىدا ئۇنى ئۆزىگە خەلىپە قىلىپ تەيىنلەيدۇ. مۇھەممەد قازى ۋاپات بولغاندىن كېيىن نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ ماۋرەئۇننەھردىكى بارچە شەيخلىرى مەخدۇم ئەزەمنى «پىشۋايى تەرىقەت» (تەرىقەت پېشۋاسى) سۈپىتىدە تەن ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ شۆھرىتى پۈتۈن ماۋرەئۇننەھر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرگە تارقىلىدۇ. مەخدۇم ئەزەم ئۆز سەپەرلىرىدە قەشقەرگىمۇ كەلگەن ۋە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھۆكۈمدارى ئابدۇرەشىدخان بىلەن ئۇچراشقان.

مەخدۇم ئەزەمنىڭ 13 ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن چوڭ ئوغلى مۇھەممەد ئەمىن (ئىشانى كالان) بىلەن ئىككىنچى ئوغلى خوجا ئىسھاق ئوتتۇرىسىدا دادىسىنىڭ دىنىي ئىمتىيازىغا ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسىدە ئىختىلاپ يۈز بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆز تەسىرى ۋە تەرەپدارلىرىنى ئارتتۇرۇش مەقسىتىدە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ماۋرەئۇننەھرنى تەرك ئېتىپ، سەئىدىيە خانلىقى زېمىنىغا كېلىشىدۇ ۋە ئۆز تەرغىباتلىرىغا كىرىشىدۇ. مانا شۇندىن كېيىن نەقشىبەندىيە تەرىقىتى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدا رەسمىي تەسىرگە ئىگە بولۇپ كېڭىيىشكە باشلايدۇ. مەخدۇم ئەزەمنىڭ بۇ ئىككى ئوغلىنىڭ تەرغىباتلىرىدا ھېچ بىر پەرق يوق بولسىمۇ، ئۈستۈنلۈك تالىشىشتىن ئىبارەت مەنپەئەت تۈپەيلى ئۆزىگە ئەگەشكۈچىلەرنىمۇ ئىككى گۇرۇھ قىلىپ شەكىللەندۈرىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، مەزھەپچىلىكنىڭ ئۇرۇقىنىمۇ چېچىشقا باشلايدۇ. بۇ خۇددى قازاق ئالىمى چوقان ۋەلىخانوف (1835—1865) ئۆز خاتىرىلىرىدە قەيت ئەتكىنىدەك، «تەلىماتلىرىدا ھېچ بىر پەرق بولمىغان، پەقەت باش بولغانلارنىڭ خاراكتېرى ۋە پەزىلەتلىرى بىلەنلا بىر ـ بىرىدىن پەرق قىلىدىغان ئىككى گۇرۇھ» ئىدى، خالاس①.

ئەگەشكۈچىلەرنىڭ كۆپىيىشى بىلەن مۇھەممەد ئەمىنگە ئەگەشكۈچىلەر «ئىشقىيە»، خوجا ئىسھاققا ئەگەشكەنلەر بولسا «ئىسھاقىيە» دەپ ئاتىلىپ، بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى ئىككى گۇرۇھ بولۇپ شەكىللىنىدۇ. مۇرىتلىرى ۋە تەسىرىنىڭ ئارتىپ بېرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشمۇ كۈچىيىشكە باشلايدۇ. مەزھەپ ناملىرىمۇ قارىمۇقارشىلىقنى تېخىمۇ ئېنىقراق ئىپادىلەيدىغان ئاتالمىلارغا ئۆزگەرتىلىپ «ئىشقىيە»، «ئاق تاغلىق»، «ئىسھاقىيە» بولسا «قارا تاغلىق» دەپ نام ئالىدۇ. قەشقەر «ئاق تاغلىقلار» نىڭ پائالىيەت مەركىزىگە، يەكەن بولسا «قارا تاغلىقلار» نىڭ ئۇۋىسىغا ئايلىنىشقا باشلايدۇ. ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەرمۇ بۇ ئىككى گۇرۇھقا ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي غەرەزلىرىنى چىقىش قىلغان ھالدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە مۇناسىۋەت بىلدۈرىشىدۇ. بۇ ئىككى گۇرۇھنىڭ كۆرىشى ئۆز نۆۋىتىدە ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ ئىچكى قاتلىمىدىكى ھاكىمىيەت تالىشىش كۆرەشلىرىنىڭ دىنىي تۈستە ئىپادىلىنىشى بولۇپ قالغانىدى. ئىككى گۇرۇھ خوجىلار ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشنىڭ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈشى ئاخىرى بېرىپ سەئىدىيە خانلىقىنى ئىنقىرازغا يۈز تۇتقۇزدى. بۇ ئىنقىراز «ئافاق خوجا» نامى بىلەن قەشقەردىلا ئەمەس، پۈتۈن ماۋرەئۇننەھردە ھەم مەشھۇر بولغان خوجا ھىدايىتۇللاھ ئىشان (1625—1694) نىڭ نامى بىلەن باغلىق ئىدى.

ھىدايىتۇللاھ ئافاق خوجا مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئەۋرىسى بولۇپ، چوڭ ئوغلى مۇھەممەد ئەمىننىڭ نەۋرىسى ئىدى. مۇھەممەد ئەمىن ئۇيغۇرلار يۇرتىدا مەلۇم ۋاقىت تەرغىبات پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغاندىن كېيىن، تۇرلۇك سەۋەبلەر بىلەن ماۋرەئۇننەھرگە قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇنىڭغا مايىل مۇھەممەدخان ئاقسۇغا خان بولغاندىن كېيىن مۇھەممەد ئەمىن ئوغلى مۇھەممەد يۈسۈپنى مۇھەممەدخاننىڭ تەربىيىسىگە ئەۋەتىدۇ. سىياسىي ۋەزىيەتتە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلى مۇھەممەد يۈسۈپ دادىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بۇگۇنكى شىنجاڭنىڭ قۇمۇل شەھىرىگە كېلىپ تۇرۇپ قالىدۇ ۋە قەشقەردىن بۇ شەھەرگە كېلىپ قالغان مىر سەييىد جەلىل ئىسىملىك كىشىنىڭ قىزى زۆلەيخا بېگىمگە ئۆيلىنىپ، ئۈچ ئوغۇل، ئۈچ قىز پەرزەنت كۆرىدۇ. ھىدايىتۇللاھ ئەنە شۇ پەرزەنتلەرنىڭ چوڭى ئىدى.

ھىدايىتۇللاھ خوجا 13—12 ياشلارغا كىرگەن يىلى دادىسى بىلەن قەشقەرگە كۆچۈپ كېلىدۇ. تەخمىنەن 1640 ـ يىللىرى دادىسى ئالەمدىن ئۆتىدۇ ۋە قەشقەر شەھىرىدىن ئانچە ئۇزاق بولمىغان ياغدۇ دېگەن جايغا دەپنە قىلىنىدۇ. ھىدايىتۇللاھ خوجا نەسەب جەھەتتىن مەخدۇم ئەزەم ئەۋلادى بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئۇنىڭ ناھايىتى تېز ئابروي قازىنىشى ۋە مۇرىت ئارتتۇرىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئەسلىدىكى «ئىشقىيە» ۋە كېيىنكى «ئاق تاغلىقلار» نىڭ مەركىزىگە ئايلىنىپ بېرىۋاتقان قەشقەرنىڭ ئۇنىڭغا ئېتىبارسىز قارىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، ھىدايىتۇللاھ خوجا قەشقەردە تېز پۇرسەتتە مۇرىت ئارتتۇرىدۇ ۋە كاتتا ئابروي تېپىپ، «ئاق تاغلىقلار» نىڭ رەھبىرىگە ئايلىنىدۇ. نەتىجىدە «ئۇفۇقلار، دۇنيا، قۇتبى ئالەم خوجىسى، يېگانە ئەۋلىيا» دېگەن مەنىلەردىكى «خاجەئى ئافاق» (ئافاق خاجە) نامىنى ئالىدۇ⑤.

ئافاق خوجا زامانىسىغا كېلىپ «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى ئۈستۈنلۈك تالىشىش كۆرىشى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مۇقىملىقىغا تەھدىت سېلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىسمائىلخان (1670—1678) ئافاق خوجىنىڭ سەئىدىيە خانلىقى تەۋەلىكىدىن چىقىپ كېتىشى ھەققىدە پەرمان چۈشۈرىدۇ.

سەئىدىيە خانلىقى تەۋەلىكىدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان ئافاق خوجا ئۆز سەپىرىدە گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى لەنجۇ شەھىرىگە يېقىن جايلاشقان جىئۇ جو دېگەن جايدا بىر بۇددا ئىبادەتخانىسىنى ماكان ئەيلەپ، بۇ يەردە ئۇشبۇ دىنىنىڭ لاما مەزھىپىنىڭ رەھبىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ ھەم ئۇنىڭغا ئۆز ھالىنى ئېيتىدۇ. ئۇ كىشى ئۆز دىنىدىكى قالماقلارنىڭ خانى غالدان بۇشۇكتۇ (1617—1697) غا ئافاق خوجىغا ياردەم بېرىش ھەققىدە مەكتۇپ يېزىپ بېرىدۇ.

ئافاق خوجا ئۇنىڭ مەكتۇپىنى ئېلىپ ئىلىغا كېلىپ غالدان بىلەن ئۇچرىشىدۇ. خېلىدىن بېرى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا لەشكەر تارتىش نىيىتىدە يۈرگەن غالدان ئۈچۈن بۇ ناھايىتىمۇ ياخشى پۇرسەت ئىدى. نەتىجىدە، 1678 ـ يىلى غالدان ئافاق خوجا باھانىسىدە قەشقەرگە باستۇرۇپ كېلىدۇ ۋە ئىسمائىلخاننى مەغلۇپ قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، 165 يىل ھۆكۈم سۈرگەن يەكەن سەئىدىيە خانلىقى ئىنقىرازغا ئۇچراپ تارىخ سەھنىسىدىن چۈشىدۇ. غالدان ئافاق خوجىنى ئۆزىنىڭ ۋاكالەتچىسى سۈپىتىدە قورچاق خان قىلىپ تەيىنلەپ، ئىسمائىلخان ۋە ئۇنىڭ خاندانىنى ئەسىر ئورنىدا ئۆزلىرى بىلەن ئىلىغا ئېلىپ كېتىدۇ. ئافاق خوجا ئۇلارنى «بۇ خىزمىتىگە قۇرۇق قول يانمىسۇن دەپ مىلڭ تون، مىلڭ تەڭگىگە ھېساب قىلىپ سەرۋپاي ئىنئام قىلدىلەر، كېيىنكى زەماندا مىلڭ تەڭگىگە مىلڭ تون مودەس بولۇپ قالدى»⑥.

قىسقىسى، ئافاق خوجا يۇرت ۋە خەلقنى جۇڭغارلار (ئويراتلار ياكى قالماقلار) غا قارام قىلىپ بېرىش بەدىلىگە قورچاق خان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى جاڭجال ۋە نىزالار بىلەن تولغان زۇلمەتلىك بىر دەۋرى — «خوجىلار دەۋرى» (1778 — 1659) نىڭ مۇقەددىمىسى باشلىنىدۇ. ئافاق خوجىنىڭ «خان» لىقىمۇ ئۇزۇنغا بارمايدۇ. ئىككى گۇرۇھنىڭ ماجرالىرى سەۋەبلىك ئافاق خوجا ئاخىرى تۇرپاندىن ئىسمائىلخاننىڭ ئىنىسى مۇھەممەد ئەمىن خاننى ئەكېلىپ تەختتە ئولتۇرغۇزۇشقا مەجبۇر بولىدۇ⑦. «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» ئىككى گۇرۇھنىڭ كۈرەشى بارغانسېرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئۇلاردىن قايسىسى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىسە شۇ گۇرۇھ ۋەكىللىرى ھاكىمىيەتنى قولىغا ئېلىش ئەنئەنىگە ئايلىنىدۇ ۋە ناھايىتىمۇ كۆپ پاجىئەلەر يۈز بېرىدۇ.

شائىر خەراباتىمانا شۇنداق مۇرەككەپ ۋە زىددىيەتلىك بىر دەۋردە، جاھىللىق، كور ـ كورانە ئەقىدەپەرەسلىك ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتقان، ئادەملەر ئارىسىدىن مېھىر ۋاپا، ئىنساپ ـ دىيانەت كۆتۈرۈلۈپ، ئورنىغا ئۆچ ـ ئاداۋەت، ھارام ـ خىيانەت ئەۋج ئېلىۋاتقان ئېغىر زاماندا ياشىدى ۋە ئۆز مۇھىتىدا يۈز بەرگەن يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئىنقىرازى ۋە بۇنىڭغا سەۋەب بولغان ئىككى گۇرۇھ تەرىقەت ئەھلىنىڭ سىياسىي ماجرالىرى، ئۇنىڭ خەلققە كەلتۈرگەن كۈلپەتلىرى، مەنىۋى بوھرانلىرىغا شاھىد بولدى.

شائىر ئۆز ئەسىرىدە زامانىسىنىڭ مەنىۋى چۈشكۈنلۈكلىرىنى ھەسرەت بىلەن قەلەمگە ئالىدۇ:

بىر ـ بىرلەرىغە قىلۇرلەر دەردۇ ئەلەم،
ھەم قىلۇرلەر جەبرۇ جەفا زۇلمۇ ستەم.

بىر ـ بىرلەرىنى ھەمە قەستىدەدۇر،
تىغى زەھەر ئالۇد ھەم دەستىدەدۇر.

تۇنۇكۈن ئاتا ئوغۇلغە مۇددەئى،
ھەم قىياس دوختەر ئاناغە مۇددەئى⑧.

بۇ زەمان قاچمەس ھەرامدىن ھېچكىم،
ئادەمىيغە بۇ تۇرۇر ئەيبى ئەزىم⑨.

شائىرنىڭ قارىشىچە، بارچە غەپلەتكە چۆمگەن، ھېچكىم بىراۋنىڭ ھەققىدىن ۋە ھەتتا خۇدادىن قورقمايدۇ.

ئەي دەرىغا، بەرچە غەفلەت ئىچرەدۇر،
دائىما كۇفرۇ زەلالەت ئىچرەدۇر.

ھېچكىم قورقماس كىشىنى ھەقىدىن،
يادىغە كەلمەيدۇ ھەقنى قەھرىدىن.

خاھ گادايۇ خاھ غەنىيۇ شاھ ھەمە،
خاھ شەيخۇ خاھ سۇفىيۇ موللاھەمە⑩.

ئادەملەر بىر ـ بىرىگە جەۋر ـ زۇلۇم، ئۆچ ـ ئاداۋەت، غەيۋەت ـ شىكايەت قىلىش بىلەن ئاۋارە.

ھېچكىم يوقتۇركى غەيبەتتىن يىراق،
ھەم بىرەۋ شىركۇ ئەداۋەتتىن يىراق.

ھېچكىمدە يوقتۇر شەرمۇھەيا،
ھېچكىم بولماس بىر ـ بىرىدىن رىزا.

ھېچكىمدە يوقتۇرۇر مېھرۇ ۋەفا،
بىر ـ بىرلەرىغە قىلۇر جەبرۇ جەفا⑪.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، شائىر ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈك ۋە ئۇنىڭ يىلتىزى بولمىش ئېتىقاد سۇسلىقىدىن قاتتىق ئىزتىراپ چېكىدۇ. بۇ ھەقتە تۈرلۈك مۇلاھىزە ۋە مۇشاھىدىلەرگە بارىدۇ. نەتىجىدە ئاۋام خەلقنى كور ـ كورانە ئەقىدەپەرەستلىك، جاھىللىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ روھىيىتىنى پاكلاش، ئېتىقادىنى مۇستەھكەملەش ۋە شۇ ئارقىلىق كامىل ئىنسان بولۇشقا يېتەكلەشنى ئۆز ئالدىغا مەقسەت قىلىپ قويىدۇ. بۇ جەھەتتە خەراباتىنىڭ جەمئىيەت ۋە خەلق ئالدىدا ھېس قىلغان مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچى ئۇنىڭ ماۋرەئۇننەھرلىك زاماندىشى، مەشھۇر مۇتەسەۋۋۇپ شائىر سوپى ئاللايار بىلەن شۇ قەدەر ئوخشاش ۋە بىردەك ئىدىكى⑫، «مەسنەۋىي خەراباتى» بىلەن «سەباتۇل ئاجىزىن» نىڭ مەزمۇن ۋە ماھىيەت جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە يېقىن بولۇشىنىڭ سەۋەبىمۇ دەل شۇ يەردە، يەنى ئىككى مۇتەپەككۇرنىڭ ئۆز ئالدىغا قويغان مەقسەت ۋە غايىلىرىنىڭ ئورتاق ئىكەنلىكىدە ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن خەراباتىمۇ سوپى ئاللايارغا ئوخشاشلا ئىشنى ئاۋامغا ئىمان ۋە ئېتىقادنىڭ ئەسلى مەنە ۋە ماھىيىتىنى، شەرىئەت تەلەپلىرى ۋە تەرىقەت ئەدەبلىرى، تەسەۋۋۇپ غايىلىرى ۋە مەرىپەت سىرلىرى، ئادەمىيلىك بەلگىلىرى ۋە ئىلىم خاسىيەتلىرىنى توغرا يەتكۈزۈش، چۈشەندۈرۈش ۋە شۇ ئاساستا ئاۋامنى توغرا يولغا يېتەكلەشتىن باشلىغان. شائىرنىڭ بۇنىڭدىن كۆزلىگەن ئاساسىي مەقسىتى ۋە يەتمەكچى بولغان نىشانى مەنىۋىيىتى مۇستەھكەم، ئەخلاقى كامىل، ئىلمۇ ھۈنەردە قابىل چىن ئىنسان بولۇشقا دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەت ئىدىكى، بىز بۇنىڭدىن خەراباتى ئەسىرىنىڭ باش غايىۋى يۆنىلىشى كامىل ئىنسان تەربىيىسىدۇر، دېگەن خۇلاسىگە كېلىشىمىز مۇمكىن.

شۇنداق بولمىغىنىدا شائىر ھەممە ياقنى دىنىي نىقاب ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان سىياسىي ماجىرا، گۇرۇھۋازلىق نىزالىرى قاپلىغان، ئۆزلىرىنى تەرىقەت رەھبەرلىرى دەپ ئاتىۋالغانلار بولسا ئاۋامنى ھىدايەتكە ئەمەس بەلكى زەلالەتكە باشلاپ كېتىۋاتقان ۋە شۇ سەۋەبتىن مەنىۋى مۇھىت تەنەززۇلگە يۈز تۇتقان ئېغىر بىر شارائىتتا پىرى كامىل، شەيخى زامان قانداق بولۇشى، ھەقىقىي سوفىي، سىدقى دىل مۇرىت قانداق بولۇشى، دىنۇ دىيانەت، ئىنساپ ۋە ئادالەتنى دۇنياغا سېتىپ، نەپسىگە ئەسىر بولغان رىياكار شەيخۇ زاھىدلارنىڭ ئاقىۋىتى، ھارام مال ـ دۇنياغا كۆز سالماسلىق، ئۆزگىلەرنىڭ ھەققىنى يېمەسلىك، ھالال ياشاش، ئاجىز ۋە غېرىبلار، يېتىم ـ يېسىرلار، مۇساپىرلارغا سىلىق ـ سىپايە مۇئامىلە قىلىش، دىلىغا ئازار بەرمەسلىك، نەپسىنى ئۆلتۈرۈش، سەۋر ـ تاقەتلىك، مېھىر ـ ۋاپالىق بولۇش، ئىلىم ئېلىشقا ئالدىراش، ئالىم ۋە دانىشمەنلەرنى ھۆرمەتلەش كەبى زامانىسى ئۈچۈن ناھايىتىمۇ مۇھىم ۋە نازۇك مەسىلىلەرنى كۆتۈرۈپ چىقمىغان بولار ئىدى. بولۇپمۇ، «مەسنەۋىي خەراباتى» نىڭ «خوجىلار دەۋرى» دىكى ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئەۋج ئالغان بىر ۋاقىتتا يېزىلغىنىنى (1733 ـ يىلى) ئېتىبارغا ئالىدىغان بولساق، شائىر خەراباتىنىڭ تەشەببۇس ۋە قاراشلىرىنىڭ ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن نەقەدەر مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىمىز. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، شەرىئەت ۋە تەرىقەت بىر چەتتە قېلىپ، ھەممە ھوقۇق ـ ئىمتىياز، مالۇ ـ دۇنياغا بېرىلگەن، ئاۋامنىڭ روھىيىتىدە بولسا كور ـ كورانە ئەقىدەپەرەستلىك، تەقلىدچىلىك ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان، ئۆچ ـ ئاداۋەت، نەپرەت كەيپىياتى ئومۇمىي ھالغا ئايلانغان؛ ئىلىم ـ مەرىپەت، ئەھلى ئىلىمگە ئېتىبارسىز قارىلىۋاتقان؛ بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا، جاھالەت ئۆز ھۆكۈمىنى يۈرگۈزۈۋاتقان «خوجىلار دەۋرى» دەك بۇ زۇلمەتلىك زاماننىڭ زىددىيەتلىرى راسا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن بىر پەيتتە خەراباتىنىڭ «مەسنەۋىي خەراباتى» دەك ئەسەرنى يېزىپ، ئاۋامغا توغرا يولنى كۆرسەتمەكچى بولغانلىقىنىڭ ئۆزى بىر جاسارەت ئىدى.

«مەسنەۋىي خەراباتى» مەزمۇن جەھەتتىن تەسەۋۋۇپىي ـ تەلىمىي، ئەخلاقىي ـ تەربىيىۋى ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا شەرىئەت ئاساسلىرى ۋە ئىمان نېگىزلىرى، سوپىلىق مىزانلىرى، تەسەۋۋۇپ ئىلمى ۋە تەرىقەت ئەھكاملىرى، نەپس تەربىيىسى ۋە ئەخلاقىي كامىللىق يوللىرى، ئىلاھىي ئىشق سىرلىرى ۋە روھىي پەرۋاز مەنزىللىرى، ئىلىم خاسىيىتى ۋە ئۆلىما پەزىلەتلىرى، قىسقىسى، ئىنساننى كامالەتكە يېتەكلەيدىغان بارچە ئىمكانىيەتلەر قەلەمگە ئېلىنغان. بۇنىڭدىن شۇنى ئېنىق چۈشىنىش مۇمكىنكى، شائىر ئۈچۈن مەنىۋىيىتى پۈتۈن كامىل ئىنسان تەربىيىلەش ئاساسىي غايە بولغان. چۈنكى، ھېچ بىر مۇتەپەككۇر ئۆز خەلقىنىڭ مەنىۋى تەنەززۇلىغا سۈكۈت قىلىپ، قاراپ تۇرالمايدۇ. ئېلىمىزنىڭ XVI ئەسىردە ياشىغان پەيلاسوپى ۋاڭ شۇۋرېن (王守仁, 1472—1529) نىڭ «كامىل ئىنسان ھەربىر ئادەمنىڭ كامىل بولۇشى ئۈچۈن قايغۇرىدۇ»⑬ دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىدىمۇ مانا شۇ ھال نەزەردە تۇتۇلغان بولسا كېرەك.

پىكىر ۋە قاراشلارنىڭ ئورتاقلىقى سەۋەبلىك خەراباتى ئەسىرى تۈزۈلۈش ۋە ئاساسىي غايە جەھەتلەردىن سوپى ئاللايارنىڭ «سەباتۇل ئاجىزىن» غا يېقىن. ئەمما، جالالىددىن رۇمىنىڭ «مەسنەۋى» دىن كېلىۋاتقان ئىلھام ۋە تەسىر تۈپەيلى بولسا كېرەك، «مەسنەۋىي خەراباتى» دا ئىلاھىي ئىشق ۋە ئۇنىڭ رەمزى بولمىش مەي (بادە) شۇ قەدەر ھاياجان

ۋە ئېھتىراسلار بىلەن كۈيلىنىدۇكى، بۇنداق مىسرالاردا خەراباتى خۇددى مەشرەپ كەبى دىدار تەلەپ ئاشىق بولۇپ كۆزگە تاشلىنىدۇ.

ئىشق بەرگىل، ئەي شاھا، ئاشىق بولاي،
بەرگەيسەن سىدقۇ سەفا، سادىق بولاي.

قەترە ئىشقىڭ بەھرىدىن بەرسەڭ ماڭا،
يۈز تۈمەن جانىم فىدا ئەيلەي سەڭا⑭.

تەشنەمەن بىرجام بەرگىل، نوش ئېتەي،
ئۇشبۇ خەستە بەستە دىلنى جوش ئېتەي.

مەقسەدىم ئۇل بادەنى نوش ئەيلەمەك،
سەندىن ئۆزگەنى فەراموش ئەيلەمەك.

بەرسە مىڭ جان قەترەسىغە ئەرزىمەس،
مەست قىلساڭ سەن مەنى بىر قەترەبەس⑮.

دېمەك، ئىلاھىي ئىشقنى كۈيلەش — خەراباتى ئەسىرىنىڭ ئاساسىي غايىۋى يۆنىلىشلىرىدىن يەنە بىرىدۇر. ئەسەردىكى ئۈچىنچى مۇھىم يۆنىلىش كىشىلەرنى ئىلىم ئېلىشقا چاقىرىش، مەرىپەتكە ئۈندەش، ئەھلى ئىلىم، ساھىبى دانىشلارنى ھۆرمەتلەشكە دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەت دېيىشىمىز مۇمكىن.
شائىر ئۆز ئېتىبارىنى ئىنساننىڭ روھىي ئالىمىگە، ئۇنىڭ كامالىتىگە قاراتقانلىقى ئۈچۈن ئالدى بىلەن مانا شۇ مەنىۋى كامىللىق ئوزۇقى ياكى ئۇنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىلىم ـ مەرىپەت ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. شائىر بۇنىڭغا مەخسۇس ئىككى پەسىل (باب) ئاجرىتىپ، «ئۆلەمالارنىڭ پەزىلىتى»، «ئارىفلارنىڭ مەرىپىتى» دەپ ماۋزۇ قويۇپ پىكىر يۈرگۈزىدۇ. بۇ ئارقىلىق شائىر ئىلىم ـ مەرىپەتسىز ئۆزىنى تونۇش، چۈشىنىش ۋە كامال تېپىش مۇمكىن ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرماقچى بولىدۇ. دەرھەقىقەت، ئىلىملىك ئىنسان ھېچ قاچان ئۆز مەنىۋىيىتىگە، كامالىتىگە ئېتىبارسىز قارىمايدۇ، قارىشى مۇمكىنمۇ ئەمەس. شۇ سەۋەبتىن ئىلىم ۋە مەرىپەت ئىنسانغا خۇددى سۇ بىلەن ھاۋا كەبى زۆرۈركى، بۇ سىز ئىنساننى تەسەۋۋۇر قىلىپ بولمايدۇ. ئىنسانغا جان ئاتا قىلىپ، ئۇنى ھايۋاندىن ئاجرىتىپ تۇرغان نەرسە دەل شۇ ئىلىمدۇر.

خاتەمى مۇلكى سۇلايمان ئىلىمدۇر،
بەرچە ئالەم سۈرەتۇ جان ئىلىمدۇر.

روھى ئادەم ئىلمدىن قۇۋۋەت ئالۇر،
ئىلمسىزنىڭ روھى بىقۇۋۋەت بولۇر.

گەر كىشىدە ئىلىم يوق مۇردادۇر،
بولمەسە تەن ئىچرە جان، تەن خاردۇر.

جاندىن ھەم ئارتۇقدۇر ئىلم مەئرىفەت،
مەئرىفەت يوق بولسە بولغەي خەرسىفەت⑯.

شائىرنىڭ پىكرىچە، مەرىپەت — تەڭرىنىڭ ئىنسانغا ئاتا قىلغان ئىنايىتى. مەرىپەت گويا ئابىھايات، ئۇ خۇددى خىزىرنى ئەبەدىي ھاياتقا ئېرىشتۈرگەنگە ئوخشاش، ئادەمنىڭ نامىنى ئەبەدىيلەشتۈرىدۇ.

بەندەغە ھەقدىن كارامەت مەئرىفەت،
بەندەغە ھەقدىن ئىنايەت مەئرىفەت.

مەئرىفەت گوياكى ئۇل ئابى ھەيات،

ئىچسە ئانى تابقەي ئۆلمەكدىن نەجات⑰.

ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى، ئېزگۈسى مەرىپەتلىك ئادەمدۇر. مەرىپەتسىز ئادەم ھايۋاندىن ھەم بەدتەر.

مەئرىفەتلىك ئادەمنى خەير ۋلبەشەر،
مەئرىفەتسىز ئادەمنى ئىتدىن بەتەر⑱.

ئەلۋەتتە، خەراباتى «مەئرىفەت» دېگىنىدە ئالدى بىلەن ئۇنىڭ تەسەۋۋۇپىي مەناسىنى نەزەردە تۇتقان ۋە «مەئرىفەت» نى ھەقنى بىلىش، تونۇش دەپ چۈشەنگەن.

ھەقنى بىلگەن مەئرىفەت، ئەي زۇفۇنۇن،
ئۆزگە ئىلملەرھىيلەيۇ مەكرۇ فۇسۇن⑲.

شائىرنىڭ پىكرىچە، مەرىپەتسىز يۈزمىڭ كىتابنى ياد بىلسە ھەم بەربىر توسۇق ـ ھىجابدۇر، يەنى ھەقنى تونۇماستىن ئۆگەنگەن نەرسىنىڭ ئەھمىيىتى يوق. مەرىپەت رەھمان ئىلمىدۇر، مەرىپەتسىز ئىلىم بولسا شەيتان ئىلمىدۇر.

مەئرىفەتلىك ئىلم رەھمان ئىلمىدۇر،
مەئرىفەتسىز ئىلم شەيتان ئىلمىدۇر⑳.

بۇ مۇلاھىزىلەر ئەلۋەتتە شائىرنىڭ دىنىي تەسەۋۋۇپىي مەۋقەسى، ئىۇقتىئىنەزەرى بىلەن باغلىق. ئەمما، بۇنىڭلىق بىلەن شائىر باشقا ئىلىملەرنى ئۆگەنمەسلىككە دەۋەت ئەتمەكچى ئەمەس. شائىرنىڭ قاراشلىرىدىن ئەسلا ئۇنداق مەنە چىقمايدۇ. ئۇنىڭچە، مەئرىفەت ھەقنى تونۇشمۇ ئىلىم بىلەن بولىدۇ. بۇ يولغا ئىلىمسىز كىرىش، كور ـ كورانە ئەقىدەپەرەستلىك. تەقلىدچىلىككە ئېلىپ بارىدۇكى، بۇنىڭدىن ئىنسانغا ھېچ مەنپەئەت يوق. بۇنداق مەنە ـ ماھىيەتنى ئاڭلىماي، قارىغۇلارچە قىلىنغان شەكىلۋازلىقنى، رىيانى تەڭرىمۇ قوبۇل قىلمايدۇ. شۇڭا ئىنسان ھەر ۋاقىت ئىلىم ئىزدىشى، ئالىمۇ دانىشمەنلەرنىڭ سۆھبەتلىرىگە مۇشتاق بولۇشى لازىم. چۈنكى، ئالىم ۋە دانىشمەن تۈننى يورۇتقۇچى چىراغ، زېمىننىڭ يول كۆرسەتكۈچى مەشئىلىدۇر.

ھەردىيارنىڭ چىراغى ئالىمى،
ھەرقەرا تۈننىڭكى ماھى ئالىمى.

ھەردىيارنىڭكى باغى ئالىمى،
ھەردىيارنىڭكى شاھى ئالىمى㉑.

ئەھلى دانا مەشئەلى رويى زەمىن،
كىمدە مەشئەل بولسە تۈن خەۋقىدىن ئەمىن㉒.

شائىر ئۆز پىكىرلىرىنى تېخىمۇ قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن شۇ ئورۇندا پەيغەمبەرنىڭ ئەھلى ئىلىم ھەققىدىكى ھەدىسىنى ئىقتىباس كەلتۈرىدۇ.

ئەھلى ئىلم نايىبى پەيغەمبەران،
ئەيدى بۇ سۆزنى ئۇل سەھىبقىران㉓.

دېمەك، شائىرنىڭ نەزەرىدە، ئىلىم ئەھلى كىشىلەرنى توغرا يولغا، ھىدايەتكە يېتەكلەپ، ھەق سىرى باشلاپ بارغۇچى پەيغەمبەرلەرنىڭ نايىبلىرى، ئورۇن باسارلىرىدۇر. شۇنىڭ ئۈزىدىنلا شائىرنىڭ ئىلىم ۋە ئىلىم ئەھلىگە قانچىلىك ھۆرمەت بىلەن قارىغانلىقىنى چۈشىنىش مۇمكىن. شائىر ئىلىمنىڭ قۇدرىتىگە شەكسىز ئىشىنىدۇ.

ئىلم بىلەن سەير ئېتەر ئەرشۇ ئەلا،
ھەم فەلەك ھەم يەرنى تا تەھتەس ـ سەرا㉔.

ئىلىمسىز كىشىنىڭ ھايۋاندىن ھېچ پەرقى يوق. ئۇنداق كىشىنى ئادەم سانىمىسىمۇ بولىدۇ. ئەل ـ جامائەت ئارىسىدا ئابرۇيى ئېتىبارىمۇ بولمايدۇ. ئەسلىنى ئېيتقاندا، جاندا ئىلىم لەززىتىدىن ئارتۇقراق لەززەتمۇ يوق. ئىلىمدىن روھ يايرايدۇ، دىل شادلىنىدۇ.

ھەركىشىنى ئىلمى يوق ھەيۋان دۇرۇر،
قىلغان ھەرفېئلى ئەنى ئىسيان دۇرۇر[25]

شۇڭا شائىر كىشىلەرنى ئۆمرىنى ئىلىم ئۆگىنىشكە سەرپلەشكە چاقىرىدۇ.

ئىلمغە قىل ئەي قەياش، ئۆمرىڭنى سەرف،
بەھرە ئالغىل ئىلمدىن بىر نېچە ھەرف[26].

ئىلىم ئېلىشنىڭ يوللىرى ناھايىتى كەڭ، ئەلۋەتتە. خەراباتىنىڭ پىكرىچە، شۇ يوللارنىڭ بىرى ئالىم دانالارنىڭ سۆھبىتىدۇر. ئىلىمگە مەيل قويغان ئادەم ئۆلىما ۋە دانىشمەنلەرنىڭ سۆھبەتلىرىگە يۈگۈرۈشى كېرەك. ئالىملارنىڭ سۆھبىتى قەلبلەرنىڭ ئاچقۇچىدۇر.

ئاڭلاغىل، باردۇر ھەر ئۆينى ئاچقۇسى،
پەندى ئالىمدۇر كۆڭۈلنى ئاچقۇسى.

پەندى ئالىم ھەر قەرا ئۆيگە چىراغ،
بىلمەيىن قىلغان ئەمەل بولمەس يەراغ[27].

ئەھلى فاسىق ئىچرە ئالىمۇ دانالار خار، شۇ بائىس ئۇلار پىتنە ـ پاسات پاتقىقىغا پېتىپ خۇدانىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدۇ. ئالىملارنى خار كۆرگەن، زەرەر يەتكۈزگەنلەردىن خۇدا بىزار، ئۇلارنىڭ ئۆمرى قىسقا، بارار جايى بولسا «نارى سەقەر» (دوزاخ ئوتى) دۇر. ئىلىم ئەھلىگە كۆلپەت يەتكۈزگەنلەرگە تەڭرى ھېچ رەھمەت قىلمايدۇ. ئالىمنى شاد ئەتكەن، خىزمىتىدە بولغانلارنى تەڭرىمۇ شاد ئېتىدۇ، رەھمەت ياغدۇرىدۇ، دەيدۇ شائىر ئۆز ئەسىرىدە.

بۇ مۇلاھىزىلەردىن بىز خەراباتى ئەسىرىنىڭ غايىۋى يۆنىلىشلىرىدىن يەنە بىرى — ئىلىم ئېلىشقا دەۋەت قىلىش، ئىلىم ئەھلىنى ھۆرمەتلەشكە چاقىرىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئالىمىز.

شائىر ئىلىم ئېلىش دېگىنىدە ئىنسان ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ھۈنەر ـ كەسىپ ئىگىلەشنىمۇ نەزەردە تۇتقان بولۇپ، ئەسەردە بۇ ھەقتىمۇ خېلى كەڭ پىكىر يۈرگۈزىلىدۇ.

ھەر كىشىدە بولسا بىر ياخشى ھۈنەر،
ئۇل كىشىكىم كۈندە چەندان خەرج ئېتەر.

بى ھۈنەر ھەر يەرگە بارسا خاردۇر،
بى ھۈنەرلەردىن خۇدا بىزاردۇر[28].

ئىنساننىڭ ئىنسان ئاتىلىشىغا پەقەت ئىلىملىك بولۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ، مۇھىمى ئىگىلىگەن شۇ ئىلىمگە ئەمەل قىلىش. ئەمەلسىز ئىلىم مېۋىسىز دەرەخكە ئوخشايدۇكى، ئۇنىڭدىن نە دەرەخنىڭ ئۆزى، نە ئادەملەر پايدا كۆرمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلىمدىن مەقسەت ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشتۇر.

ئىككى قىسىم ئادەمى ھۆرمەتتەدۇر،
مۇندەن ئۆزگە بەرچەسى ھەسرەتتەدۇر.

ئىستەسە ئىلمىيۇھەم قىلسە ئەمەل،
كۆڭلىغە ئىككى ئالەم قىلمەس خەلەل[29].

ئىلىمگە ئەمەل قىلىش — ئىنساننىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى تەربىيە قىلىشى دېمەكتۇركى، بۇ ئۆزلۈكىدىن بولۇپ قالىدىغان جەريان ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ئۆز روھىيىتىگە قۇلاق سېلىشى، مىجەز ـ خاراكتېرىگە ئېتىبار بېرىشى،

ئەڭ مۇھىمى ئۆز نەپسى ئۈستىدىن غالىب كېلىشى شەرت. دېمەك، ئىنساننىڭ مەنىۋى بالاغىتى ۋە كامالىتى ئۇنىڭ ئەخلاقىي تەربىيىلىنىشى ۋە تاۋلىنىشى بىلەن باغلىق.

شۇنداق ئىكەن، مەنىۋىيىتى پۈتۈن، روھىيىتى ساغلام بولغان كامىل ئىنسان تەربىيىسىنى ئۆزىنىڭ تۈپ مەقسىتى قىلغان مۇتەپەككۇر شائىر خەراباتىنىڭ بۇ تەرەپكە ئېتىبارىنى قاراتماسلىقى، ئەھمىيەت بەرمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

دېمەك، «مەسنەۋىي خەراباتى» ئەسىرىدىكى ئاساسىي غايىۋى يۆنىلىشلەرنىڭ يەنە بىرى — ئەخلاق ۋە نەپس تەربىيىسىدۇر.

خەراباتىئەخلاقشۇناس مۇتەپەككۇر سۈپىتىدە ئۆز ئەسىرىدە ئىسلامىي - تەسەۋۋۇپىي ئەدەپ - ئەخلاقنىڭ بارچە تەرەپلىرىگە توختالغان بولۇپ، كىشىلەرنى تۆۋە - ئىستىغپارلىق، سەۋر - قانائەتلىك، رەھىمدىل، ھالال - راستگوي بولۇشقا، ھارامدىن ئۆزاق تۇرۇش، دىلئازارى قىلماسلىق، قولۇم - قوشنىلارنىڭ ھەققىنى بەجا كەلتۈرۈش، مەنمەنلىك قىلماسلىق، تەمە، كىبىر، ھەۋايى - ھەۋەستىن يىراق بولۇش، نىيىتى دۇرۇس بولۇشتىن تاكى تەسەۋۋۇپتىكى كەم يېيىش، كەم ئۇخلاش، كەم سۆزلەش، بارچە بولمىغۇر ئىشلاردىن ساقلىنىش، پاك دىل، پاك تەن ۋە پاك ئەمەل بولۇش ئۈچۈن كۈرەشش، ھەتتا تاھارەتنىڭ ئۇسۇللىرىغا قەدەر كەڭ توختىلىدۇ.

ئەگەر دىققەت قىلىپ قارايدىغان بولساق، شائىر ئۆزىنىڭ يۇقىرىدىكى ئەخلاقىي تەلىملىرىدە ئېتىبارىنى كۆپرەك ئىنساننى يولدىن چىقىرىپ، بارچە نامەقبۇل ۋە بولمىغۇر ئىشلارغا يول ئاچىدىغان باش مەنبە — نەپسكە قارىتىدۇ ۋە نەپسكە قۇل بولماسلىق، ئۇنىڭ خاھىشلىرىنىڭ قارشىسىدا ئىش تۇتۇش، باش كۆتۈرۈشىگە ئىمكان بەرمەسلىك، قىسقىسى، ھەر ۋاقىت نەپس بىلەن جەڭ قىلىش، نەپس ئۈستىدىن غالىب كېلىش، يەنى «ئۆلمەستىن بۇرۇن ئۆلۇش» كە چاقىرىدۇ.

نەفسدىن بولماق خەلاس ئاسان ئەمەس،
نەفسدىن بولماي خەلاس ئىنسان ئەمەس[30].

قىلمەسەڭ نەفسىڭنى ئەۋۋەل سەن ھەلاك،
ئاقىبەت قىلغاي سېنى بىر كۈن ھەلاك[31].

نەپس بىلەن جەڭ قىلىش ھەققىدىكى ھەدىسلەر ۋە ئەمەلىي ھېكايەتلەرنى كەلتۈرۈپ، ئۆز قاراشلىرىنى نامايىتىمۇ قايىل قىلارلىق تەردە ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن شائىر نەپس تەربىيىسىنىڭ ئادەمىيلىك يولىدىكى بىرىنچى شەرت ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. كېيىنكى تەتقىقاتىمىزدا بۇ ھەقتىكى قاراشلار ۋە مۇلاھىزىلەر توغرىسىدا ئالاھىدە توختىلىدىغان بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇ ئورۇندا ئەسەردىكى ئەخلاق ۋە نەپس تەربىيىسى خۇسۇسىدا قىسقىچە پىكىر يۈرگۈزۈش بىلەن كۇپايىلىنىمىز.

خەراباتى ئەسىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم غايىۋى يۆنىلىشلىرىدىن يەنە بىرى — تەقلىدچىلىككە، كور - كورانە، قارىغۇلارچە ئەگىشىشكە قارشى تۇرۇش. شائىر بۇ مەسىلىگىمۇ «تەركى تەقلىدنى بەيانى» دېگەن ئالاھىدە بابىدا توختىلىدۇ. شائىرنىڭ پىكرىچە، تەقلىد بۇ ھايۋاننىڭ يولى. بىراۋغا تەقلىد قىلغۇچى بۇ كۆزسىز كىشى، كۆزسىز بىلەن كۆزلۈك يۈگۈرسە، كۆزسىز قانداق ئۆتسۇن؟

يۈگۈرسە كۆزسىز كىشى كۆزلۈك بىلە،
كۆزلۈك ئۆتگەي كور يىقىلغاي يۈز بىلە.

ئەي ئوغۇل، تەقلىد ھايۋاننىڭ يولى،
بەلكى دېدى نەفسۇ شەيتاننىڭ يولى.

ئەي خەراباتى، مۇقەللىد بولمەغىل،
ئىگنىڭگە تەقلىد لىباسىن سالمەغىل[32].

مۇلاھىزىلىرىمىز ئاخىرىدا شۇنى ھەم ئېيتماقچىمىزكى، خەراباتى ئۆز ئەسىرىدە پەقەت بىر ئەخلاقشۇناس، تەربىيىچى، مۇتەپەككۇر سۈپىتىدىلا ئەمەس، بەلكى گويا بىر روھشۇناس، پسىخولوگ بولۇپ ھەم ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ئىنسان روھىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ھەربىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى (م. روھ ۋە نەپس)، بۇلارنىڭ ئىنسان مىجەز - خاراكتېرىگە تەسىرى، يەنى نەپسانىي قۇۋۋەت بىلەن روھانىي قۇۋۋەتنىڭ نەتىجىلىرى، ئىنسان مىجەزىنى تەشكىل قىلغۇچى تۆت ئەناسىر ۋە ئۇلاردىن پەيدا بولىدىغان تەبىئەتلەر، ئۇلارنىڭ روھىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىرى قاتارلىق

روھشۇناسلىق مەسىلىلىرى ھەققىدىمۇ كەڭ توختىلىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزە ـ مۇشاھىرىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شائىر ئۆز ئەسىرىدە ھەتتا «ئادەمشۇناسلىق ھەققىدە» دېگەن ئالاھىدە باب ئاجرىتىپ، ئۆز ئوقۇرمەنلىرىنى ئادەمنى چۈشىنىشكە، ئۇنىڭ روھىيىتىنى ئۆگىنىشكە، ئادەملەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشىماسلىقىدىكى روھىي ئامىللارغا ئېتىبار بېرىشكە، بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا، «ئادەمشۇناس» بولۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ.

شائىرنىڭ بۇ ھەقتىكى پىكىر ـ مۇلاھىزىلىرى گەرچە ھازىرقى زامان غەرب پەلسەپىسى ۋە ئەدەبىياتىدا ئايرىم ئېقىم بولۇپ شەكىللەنگەن ۋە راۋاجلىنىپ بېرىۋاتقان «ئادەمشۇناسلىق» (Humanology) پىكىر ئېقىمىنىڭ قاراشلىرى كەبى مۇكەممەل دەرىجىگە كۆتۈرۈلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆز تارىخىي شارائىتى ۋە مۇھىتىغا نىسبەتەن نەقەدەر ئىلغار پىكىر دېسەك، ھېچ بولمىغاندا، «ئادەمشۇناسلىق» دېگەن شۇ ئاتالغۇنىڭ ئۆزى بىزنىڭ پەلسەپىۋى ـ ئەخلاقىي تەپەككۇر تارىخىمىزنىڭ بىر ئۇتۇقى دەپ ئېيتساق، خاتا قىلغان بولمايمىز. چۈنكى، خەراباتىنىڭمۇ مەزكۇر نام ئارقىلىق ئەڭ ئالدى بىلەن ئادەمنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنىڭ روھىي كامالىتىگە ئەھمىيەت بېرىشنى نەزەردە تۇتقانلىقى شۈبھىسىز. شۇنداق بولمىغىنىدا «ئادەمشۇناسلىق» دەپ ئايرىم بىر باب يېزىش شائىرنىڭ خىيالىدىن كەچمىگەن بولار ئىدى.

ئەلۋەتتە، «مەسنەۋى خەراباتى» نىڭ مەزمۇن ـ مۇندەرىجىسى بۇلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئەسەر ئۆز ئىچىگە ئالغان ماۋزۇلار ناھايىتىمۇ كەڭ بولۇپ، مۇتەسەۋۋۇپ شائىر 115 كە يېقىن دىنىي تەسەۋۋۇپىي، ئەخلاق ـ پەزىلەت، مەرىپەت ۋە ئىجتىمائىي ماۋزۇلار بويىچە كۆزقاراشلىرىنى بايان قىلغان. بىز يۇقىرىدا ئەسەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىنى چىقىش قىلغان ھالدا ئۇنىڭدىكى ئاساسىي غايىۋى يۆنىلىشلەر ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە ئېلىپ باردۇق، خالاس.

## ئىزاھلار:


① ھ. ئا. فىكرەت: «خوجىلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىشى ۋە باش كۆتۈرۈشىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»، 2000 ـ يىلى، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ سانلار.

② مىرزا مۇھەممەدھەيدەر: «تارىخى رەشىدى»، ئۈرۈمچى، 1985 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 2 ـ كىتاب، 320 ـ بەت.

③ موللا موسا سايرامى: «تارىخى ئەمنىيە»، ئۈرۈمچى، 1989 ـ يىلى نەشرى، 18 ـ بەت.

④ Чукон Валнхонов. Собрание coЇ1. Тю3. - Алма-Аты, - С127.

⑤ ئامانبېك جەلىلوۋ: «ئافاق خاجە مەناقىبى»، ئەندىجان، 2001 ـ يىلى نەشرى.

⑥⑦ مۇھەممەد سادىق قەشقەرى: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، قەشقەر، 1988 ـ يىلى نەشرى، 51 ـ بەت.

⑧ ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قوليازمىلار فوندى (كېيىنكى ئورۇنلاردا شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى دەپلا ئېلىنىدى)، 13816 نومۇرلۇق تاش باسما نۇسخا، 170 ـ بەت؛ «مەسنەۋى خەراباتى» (نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئېزىز ساۋۇت)، قەشقەر، 1986 ـ يىلى نەشرى، 245 ـ بەت.

⑨⑩⑪ شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قولىيازمىلار فوندى، 13816 نومۇرلۇق تاشباسما نۇسخا، 170 ـ بەت؛ «مەسنەۋى خەراباتى»، قەشقەر، 1986 ـ يىلى نەشرى، 246 ـ، 248 ـ بەتلەر.

⑫ بۇ ھەقتە: ش. سىراجىدىنوف: «سوفى ئاللايار ئىلاھىيىتى: 1 ـ قىسىم جەمئىيەت ۋە بۇرچ»، تاشكەنت، 2001 ـ يىلى، سوفى ئاللايار، «سەباتىل ئاجىزىن»، نەشرىگە تەييارلىغۇچى مەھمۇدھەسەنىي، تاشكەنت، 1991 ـ يىلى.

⑬ «ھەقىقەت مەنزىرلىرى»، تاشكەنت، 2002 ـ يىلى نەشرى، 232 ـ بەت.

⑭⑮ شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قولىيازمىلار فوندى، 5938 نومۇرلۇق قولىيازما، 103a ـ، 103b ـ ۋاراق.

⑯⑰ شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قولىيازمىلار فوندى، 13816 نومۇرلۇق تاشباسما نۇسخا، 131 ـ بەت؛ «مەسنەۋى خەراباتى»، قەشقەر، 1986 ـ يىلى نەشرى، 195 ـ، 198 ـ بەتلەر.

⑱⑲⑳ شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قولىيازمىلار فوندى، 13816 نومۇرلۇق تاش باسما نۇسخا، 133 ـ بەت؛ «مەسنەۋى خەراباتى»، قەشقەر، 1986 ـ يىلى، 200 ـ بەت.

㉑ شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قولىيازمىلار فوندى، 13816 نومۇرلۇق تاش باسما نۇسخا، 28 ـ بەت؛ 10902 نومۇرلۇق تاش باسما نۇسخا، 22 ـ بەت.

㉒㉓㉔㉕ شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قولىيازمىلار فوندى، 13816 نومۇرلۇق تاش باسما نۇسخا، 28 ـ، 139 ـ بەتلەر.

㉖㉗㉘㉙㉚㉛ شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قولىيازمىلار فوندى، 13816 نومۇرلۇق تاش باسما نۇسخا 21 ـ، 28 ـ، 43 ـ، 120 ـ بەتلەر.

㉜ شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قولىيازمىلار فوندى، 5938 نومۇرلۇق قولىيازما نۇسخا، 175a ـ ۋاراق؛ 13816 نومۇرلۇق تاش باسما نۇسخا، كېيىنكى ئەسەر، 49 ـ بەت.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

# «ئىبنى فەزلان ساياھەتنامىسى» ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي روھ قارىشى توغرىسىدا

قەلبىنۇر مۇھەممەت*

قىسقىچە مەزمۇنى: «ئىبنى فەزلان ساياھەتنامىسى» ئەرەب سەيياھلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان سەپەرلىرى جەريانىدا ھېس قىلغان شۇنداقلا چۈشەنگەن مىللەت، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە دىنىي ئېتىقادلار قاتارلىق ئىجتىمائىيەت ھەققىدىكى ساياھەتنامە ئۇسلۇبىدىكى ئەسەر بولۇپ، نۇرغۇن يىللاردىن بېرى مىللەتشۇناسلىق، فولكلور ۋە دىنشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئالىملىرىمىزنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ كەلمەكتە. بۇ كىتاب دوكتور رامازان شەشەن تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ، 1975 ـ يىلى «بەدىر» نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، ئارقا ـ ئارقىدىن خىلمۇخىل تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇ ئەسەرنىڭ ئاخىرقى قىسمى يەنى ئەسەرنى تولۇقلىغۇچى خاتىرىلەرنىڭ فولكلورلۇق قىممىتى ئالاھىدە روشەن ئىپادىلەنگەن بولۇپ، تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادىدىن باشلاپ X ئەسىردىكى فېئوداللىق ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگىچە چۈشەندۈرۈلگەن. بولۇپمۇ بۇ بۆلۈمنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ روھ قارىشى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشتە ئوينىغان رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. بۇ ماقالىدە، نۇقتىلىق ھالدا بۇ ئەسەر ئىلھامىدىن تەييارلانغان ئۇيغۇرلارنىڭ روھ چۈشەنچىلىرى تەھلىل قىلىنىدۇ.

**摘要**：《伊本白兹阐游记》是一部记载阿拉伯旅游家在中亚游历途中所感受和理解的有关民族、风俗和宗教信仰等社会现象的游记风格的作品，多年来一直引起从事民族学、民俗学和宗教学研究的学者的关注。此书经拉马赞·谢贤博士整理并于 1975 年由拜迪尔出版社出版后，先后被译成多种语言。此书的最后部分（即此书的补充记载）尤其鲜明地表现出其民俗学价值，对突厥部落从原始信仰到 10 世纪的封建风俗习惯做了解说。此书在阐明维吾尔族灵魂观方面的作用尤其不可忽视。本文着重分析受此书启发而理出的维吾尔族的灵魂观。

**Abstract**: << Ibni Fazlan Travel Notes>> is a works of Arabic travelers during their travel to Middle Asia. It is about such social phenomena as nationalities, cultures and religious beliefs and has arisen the attention of such scientists who are involving in ethnology, folklore, religious subject. This book has been translated into mant languages after its publication by the press <<Badir>> in 1975. It was prepared for publication by Dr. Ramazan Shashan. The last part of this work, that is the data which makes of it vividly expresses the value of the folklore. It began to explain the religious belief of Turk and their feudal culture from primitive society to 10th century. It is unwise to ignore the its role in enlightening the soul outlook of Uighur. This article mainly discusses the soul comprehension of Uighur that is prepared by the motivation from this book.

قەلبىنۇر مۇھەممەت: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى، دوكتور. 830046

ھەممىزگە مەلۇم، ئىنساننىي ئاڭنىڭ ئاساسى ئۆز - ئۆزىنى چۈشەندۈرۈشتۇر. ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى ۋە ئۆز جەمئىيىتىنى چۈشىنىشى ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت دەۋرىگە كىرىشىدىكى بىرىنچى سىگنال ھەمدە پەلسەپە ئېڭىنىڭ تۈرلۈك مەزمۇن قاتلاملىرىنى ھاسىل قىلىشتىكى ئالدىنقى شەرتىدۇر. جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتلىقنى بىلىشى ۋە ئۇنى يېشىپ بېرىشى يۇقىرىقى يەكۈنىنىڭ بىر جۈملىسىدىندۇر. ئۇيغۇرلار دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاشلا ئەڭ ئىپتىدائىي دەۋرلەردىلا ئۆز ۋۇجۇدىنى ۋە ئالەم قۇرۇلمىسىنى ھەر خىل شەكىل ۋە مەزمۇنلار بىلەن جانلىق كۆرسىتىپ بېرىشكە باشلاپ، ھاياتلىققا باھا بېرىشتە بىر خىل ئومۇملۇقنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، دۇنيا مەدەنىيەت كاتېگورىيىسىگە مۇئەييەن تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي دەۋرلەردىلا بارلىققا كەلتۈرگەن بۇ خىل ھاياتلىق چۈشەنچىلىرى تا بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتتى. بۇ ھالقىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىمۇ دەل مۇشۇ يەردە. چۈنكى، ئۇيغۇرلار ئۇزاق يىللارنى باشتىن كەچۈرۈش جەريانىدا ئىپتىدائىي مەدەنىيەتتىن كۆپ ئىلغار بولغان تۈرلۈك مەدەنىيەتلەرنى قوبۇل قىلىپ ۋە يارىتىپ كەلگەن، ھەمدە ئىپتىدائىي مەدەنىيەت بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاشلىققا ئىگە بولمىغان باشقا مەدەنىيەتنىڭ ھامىيىسىدا ياشىغان بولسىمۇ، دەسلەپتە بەرگەن ھاياتلىق چۈشەنچىلىرىنى تاشلىغىنى يوق، ئەلۋەتتە. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، تەن ۋە روھنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدە يەنى ھاياتلىق ۋە ئۆلۈم تارازىسى مەسىلىسىدە نۇرغۇنلىغان شاخچىلارنى ھاسىل قىلغان مەدەنىيەت ئۆرنەكلىرىنى بەرپا قىلدى. ئۇنىڭ ئەڭ روشەن مىسالى، روھنىڭ تەنىنىڭ سىرتىدا مەۋجۇدلۇققا ئىگە بولۇشى ۋە ھاياتلىقنى مەڭگۈلۈككە ئېرىشتۈرۈشتىكى ئۇسۇل - چارىلىرىدۇر.

دۇنيا فولكلور تەتقىقاتىنىڭ ئاتىسى دەپ نام ئالغان فىرازېر بۇ توغرىدا مۇنداق دېگەن: «روھنىڭ تەن سىرتىدا ساقلىنىشى قانچىلىق كۆلكىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇ يەنىلا كىشىلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى پەلسەپە قارىشى. ئىنسانلار ھاياتلىقنى بىر خىل كونكرېت نەرسە قاتارىدا چۈشىنىپ كۆرگىلى، تۇتقىلى بولىدۇ ھەمدە ساندۇقتا ساقلىغىلى بولىدۇ، بۇ ساندۇقتا ساقلىنىۋاتقان روھنى ناھايىتى پىنھان جايدا ساقلايدۇ، تەن ئىگىسى قانچىلىك خەتەرگە يولۇقىشىدىن قەتئىينەزەر ساندۇقتا ساقلىنىۋاتقان روھ بىخەتەرلا بولسا ئۇ تەن ئىگىسى ھېچنېمە بولمايدۇ، شۇنداقلا تەن ئىگىسىنى ئۆلتۈرۈشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى ئۇنىڭ روھى ساقلىنىۋاتقان ساندۇقنى تېپىپ، ساندۇق ئىچىدە تۇرغان روھنى بەربات قىلىش»[1]. مانا بۇ ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئوتتۇرىغا قويغان تەن ۋە روھ قارىشىنىڭ نېگىزىدۇر.

ئۇيغۇرلاردا «خالبانۇم» ناملىق بىر خەلق چۆچىكى بار. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق. خالبانۇم ناھايىتى چىرايلىق قىز بولۇپ، ئۇنىڭ ئىنتايىن باتۇر بىر ئاشىقى بار. بىر كۈنى بۇ گۈزەل قىزغا كۆزى چۈشكەن دىۋە بىر بوران چىقىرىپلا قىزنى بۇلاپ كېتىدۇ ھەمدە ئۇنى ئۆز ئەمرىگە ئالماقچى بولىدۇ. لېكىن قىز ئۇنىمىغاچقا ئۇنى بىھوش قىلىپ بىر جايغا قاماپ قويىدۇ. خالبانۇمنىڭ ئاشىقى بىر چۈش كۆرىدۇ. چۈشىدە بىر ئاپپاق ساقاللىق بوۋاي ئۇنىڭغا دىۋىنى ئۆلتۈرۈشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ. «مۇشۇ يول بىلەن مېڭىۋەرسەڭ تاغۇ - دەشتلەرنى كېچىسەن، ئاندىن بىر غارغا كىرىسەن. شۇ غارنىڭ ئاغزىدا چوڭ تاش بار. ئۇنى ئىتتىرسەڭ ئاستىدىن ئۆڭكۈر كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭغا چۈشسەڭ دىۋىلەرنىڭ ئۇۋىسىغا بارىسەن ... تاغ چوققىسىدىن گۈزكورەتمە كۆرۈنىدۇ. مانا شۇ گۈزكورەتمىنىڭ ئېتىكىدە بىر ئىشىك بار. شۇ ئىشىكتىن كىرسەڭ چىرايلىق ساراي ئىچىدىكى زىننەتلىك ئەسۋابلار كۆزلىرىڭنى قاماشتۇرىدۇ. تازا قادىلىپ قارىساڭ مەشۇقۇڭ خالبانۇمنىڭ بىھوش بولۇپ مەرۋايىت تاش ئۈستىدە ياتقانلىقىنى كۆرىسەن. مانا مۇشۇ مەرۋايىت تاش ئاستىدا بىر دەريا سۈيى ئېقىپ تۇرىدۇ. سۇ بىلەن ئۈزۈپ بېرىپ ... مەشۇقۇڭدىن دىۋىنىڭ سىرىنى سورىساڭ ئۇ ئېيتىپ بېرىدۇ»[2]. ئاخىرى خالبانۇم دىۋىدىن مىڭ تەسلىكتە ئۇنىڭ پەقەت ئۆلمەيدىغانلىقىنى، مەڭگۈ ياشايدىغانلىقىنىڭ سىرىنى بىلىپ ئاشىقىغا ئېيتىپ بېرىدۇ. يەنى دىۋىنىڭ روھى تېنىدىن سىرت مۇنداق جايدا ساقلىنىۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ. «ئىشىك ئالدىدا بىر تۈپ چىنار بار. مانا شۇ چىناردا بىر قۇزغۇن بار. شۇ قۇزغۇننىڭ ئىچىدە بىر توخۇم بار، توخۇمنىڭ ئىچىدە بىر ئاچقۇچ بار. چىنار تۈۋىدىكى بۇلاقنىڭ سۈيىنى ئېقىتىۋەتكەندە، تېگىدىن بىر ئىشىك ئېچىلىدۇ. ئۇنىڭ قۇلۇپىغا مانا شۇ ئاچقۇچ چۈشىدۇ. ئۆي ئىچىدە ئالتۇن قەپەز بار. قەپەز ئىچىدە تاز قارا دېگەن بىر قاپقارا قۇش بار. مانا شۇ قۇشقا مېنىڭ جېنىم بەنت قىلىنغان.» راست دېگەندەك خالبانۇمنىڭ ئاشىقى دىۋىگە چېقىلماي، ئۇدۇل بېرىپ بۇ قۇشنى تېپىپ قۇش بىلەن جەڭ قىلىدۇ. ئاخىرى قۇشنىڭ بېشىغا كۈچەپ بىرنى ئۇرغاندا قۇشنىڭ بېشى ساڭگىلىشى بىلەن تەڭ دىۋىنىڭمۇ بېشى ساڭگىلاپ ئۆلىدۇ[3].

بۇ تۈردىكى ھېكايىلەر يەنە «ھىندىستان، گرېتسىيە، يۇگوسلاۋىيە، شوتلاندىيە، ئېرلاندىيە قاتارلىق دۆلەت خەلقلىرى ۋە تاتارلار، موڭغۇللار ئارىسىدىمۇ ھەم ئۇچرايدۇ»[1]. روھى ئالاھىدە ئورۇندا ساقلىنىۋاتقان شەخس ئاساسەن دىۋە ياكى شامان، ياكى ئالاھىدە سېھىرلىك كۈچكە ئىگە قەھرىماندۇر. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا دىۋە ئورنىدا چىقىشى مۇئەييەن ئاساسقا ئىگە بولۇپ، ئەڭ دەسلەپكى شامانلار يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ماھىيىتىدە سەلبىيلىشىشكە قاراپ ماڭغان. خۇددى ئەڭ دەسلەپكى «ماڭگۇس» (يالماۋۇز) شامان

بولۇپ، كېيىن ئۆزگىرىشلەر جەريانىدا يالماۋۇزغا ئايلىنىپ كەتكىنىگە ئوخشايدۇ.

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئارىسىدا بۇ خىل مەزمۇندىكى چۆچەكنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقى ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئىش بولۇپ، ئۆز تۇرمۇشىمىزدىكى بەزى روھقا مۇناسىۋەتلىك ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىزنىڭ مەنبەسىنى يېشىپ بېرىشتە ئالاھىدە رول ئوينايدۇ. ئىپتىدائىي دەۋرلەردە پەيدا بولغان «روھ ئۆلمەيدۇ» چۈشەنچىسى دەل يۇقىرىقى قاراش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئەجدادقا چوقۇنغان. «ئەجدادتەك ئۆلۈغلارنىڭ روھى مەڭگۈلۈكتۇر. ئۇلار بىزنى يۆلەپ تۇرىدۇ» دەپ قارىلىپ، ئىنسانىيەت ھاياتلىقىنىڭ مۇساپىسىنى ئۇزارتقان ھەمدە ئەجدادلارغا چوقۇنۇش مەزمۇنىدىكى نۇرغۇنلىغان ئۆرپ ـ ئادەتلەر بارلىققا كەلگەن. خۇددى ماسلوفنىڭ «ئەگەر بىز مەڭگۈ ئۆلمەيدىغانلا بولساق ھاياتنى ھەرگىزمۇ بۇنداق سۆيمەيمىز»⑤ دېگىنىدەك مۇھەببەت ۋە ئۆلۈمدىن ئىبارەت ئىنسان ماھىيىتى ئەنە شۇنداق يەكۈنلەرنى چىقىرىشقا مەجبۇر قىلغان.

«ئىبنى فەزلان ساياھەتنامىسى» دا مۇنداق جۈملىلەر ئۇچرايدۇ:

«ئوتتۇرا ۋە شىمالىي ئاسىيا شامانىنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى سېھىرلەش ۋە كېسەلنى ساقايتىشتۇر. بۇ جايلارنىڭ خەلقلىرى كېسەللىكنىڭ سەۋەبى ھەققىدە بىرمۇنچە كۆزقاراشلارغا ئىگە بولۇپ، بۇلار ئىچىدە (روھ قاچۇرۇش) كۆزقارىشى ئەڭ كەڭرى تارقالغان. بۇنىڭغا ئاساسەن كېسەللىكنىڭ سەۋەبى روھنىڭ يولدىن ئېزىشى ياكى ئوغرىلىنىشىدۇر. داۋاسى بولسا روھنى ئىزدەپ تېپىش ۋە بىمارنىڭ تېنىگە قايتۇرۇپ كېلىشتۇر»⑥. ئىپتىدائىي ئېتىقاد بويىچە بىردىنبىر تېۋىپ — شامان بولۇپ ئادەتتە شامان ھەممىگە قادىردۇر. شامانلار تەندىن ئايرىلغان روھلارغا ھەر خىل باھالارنى بېرىدۇ. يەنى ئۇلار بۇنداق قارىشىدۇ، تەندىن ئايرىلغان روھ ئوبدان ساقلانغان بولسا، بۇ كىشى ھېچنېمە بولمايدۇ. ئەگەر روھ تەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن، يولدىن ئازغان يەنى ئۆز جايىنى تاپالمىغان بولسا ياكى ساقلىنىۋاتقان روھنى باشقىلار ئوغرىلىۋالغان بولسا بۇ كىشى مۇشۇنداق كېسەللىككە دۇچار بولىدۇ. بۇ خىل قاراش تۇپەيلىدىن ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا ھازىرغىچە داخانغا ئوقۇتۇش يەنى داخانىنىڭ بۇ ساپ روھنى قايتۇرۇپ ئەكىلىپ بېرىشىنى كۈتۈشتەك ئۆرپ ـ ئادەتلەر بار. بۇ داخانلىق داۋالاشتا پېرىخون ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇزۇن ياغاچ ئورنىتىپ، (يەنى توغ) كېسەل كىشىنى بۇ توغنى ئايلاندۇرۇپ، توختىماستىن ماڭغۇزىدۇ. نېمە ئۈچۈن ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا مۇشۇنداق ئۇزۇن ياغاچ قويۇلىدۇ؟ بۇ توغرىسىدا «ئىبنى فەزلان ساياھەتنامىسى» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «تۈرك ـ موڭغۇل شامانىزمىدا قېيىن ياغىچىنىڭ ئەھمىيىتى مەلۇم. قېيىن ياغىچى دۇنيانىڭ مەركىزىدە يەتتە ياكى توققۇز يەردىن ئويۇلغان تۈۋرۈك (يۆلەك) بولىدىغانلىقى ئېتىراپ قىلىنغان كۆزنەك ياغىچىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. شامان ئۇنىڭدىن شوتا ئورنىدا پايدىلىنىپ، ئاسماننىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدىكى باي ئۈلگېننىڭ ھوزۇرىغا چىقىدۇ. بۇ سىمۋولىزمدىمۇ ئۇچرايدۇ …… بۇ تۈۋرۈك ۋاستىسى بىلەن سۇنۇلغان قۇربانلىقلار تۇماننىڭ تۆشۈكىدىن ئاسمانغا يەتكۈزۈلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭغا: ‹ئەي ياغاچ، قۇربانلىق ئىلاھلارغا قاراپ كېتىشى ئۈچۈن ئۇنى تاشلا دېيىلىدۇ›»⑦. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، داخانلىقتا ئۆينىڭ تورىسىغا تاقاشقۇدەك خادا ئورنىتىشنىڭ مەنىسى ھەمدە كېسەل كىشىدىن بۇ خادىنى تۇتۇپ ئايلىنىشنى تەلەپ قىلىشنىڭ مەنىسى دەل بۇ خادا ئارقىلىق ئەۋلىيالارنىڭ بۇ كىشىنىڭ روھىنى قايتۇرۇپ ئەكىلىشىنى تەلەپ قىلىشتۇر. يەنى باش ئىلاھ ئۈلگېن ئىلاھەدىن مەدەت تىلەشتۇر.

ئۇيغۇرلاردا يېقىنقى يىللارغىچە تۇپراق بېشىغا مۇڭگۈز قويۇپ قويىدىغان ھەمدە ياغاچ تىكلەپ قويىدىغان ئادەتلەر بار ئىدى. «ئىبنى فەزلان ساياھەتنامىسى» دىمۇ «ئۆلگۈچىنىڭ قەبرىسى زىيارەت قىلىنىپ ياخشى كۆرىدىغان ئېتى قۇربانلىق قىلىنىدۇ. بۇ ئاتنىڭ گۆشى قەبرىنىڭ يېنىدا يېيىلىدۇ. ئاتنىڭ بېشى قەبرىنىڭ ئۈستىگە تىكلىگەن ئۇزۇن تاياققا ئېسىلىدۇ»⑧ دېيىلگەن. بۇ ئادەتمۇ ئوخشاشلا يۇقىرىقى ئادەتلەر ئىپادىلىگەن مەزمۇندىن يىراقلاشمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا «ئوغۇزنامە» دىمۇ ئوغۇزخاننىڭ ئورۇنلاشتۇرغان چوڭ مۇراسىمىدا ئۇزۇن ئىككى خادا ئورنىتىپ، بىرسىنىڭ ئۇچىغا ئاق توخۇ، يەنە بىرسىنىڭ ئۇچىغا قارا توخۇ باغلانغان بۇ خادىنىڭ تۈۋىگە بولسا بىرسىگە ئاق قوي يەنە بىرسىگە قارا قوي باغلانغان. مۇلاھىزە مۇجمەل.

«ئىبنى فەزلان ساياھەتنامىسى» دا يەنە مۇنداق خاتىرىلەر بار:

چىن مەنبەلىرىدە تۈرك قەبىلىلىرىدە قەبرىلەرنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن ئۇزۇن تاياقلار تىكلىنىدىغانلىقىنى يازىدۇ. ئاسىيا داللىرىدا قەبرىلەر ئۈستىگە دەرەخلەر تىكىلەتتى. ياكى مېيىت خاسىيەتلىك دەپ قارالغان بىر دەرەخ تۈۋىگە كۆمۈلەتتى. ھازىر ئاناتولىيىدە قەبرىلەر ئالدىغا گۈل ـ گىياھلار ئۆستۈرۈش ۋە دەل ـ دەرەخلەرنى تىكىش ئومۇملاشقان ئادەتتۇر⑨.

ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى قەبرە ئىشلىرىدىمۇ قەبرە بېشىغا دەرەخ تىكىش ئادىتى بار، يەنى بەزى جايلاردا گۈللەر ئۆستۈرۈلىدۇ. بۇمۇ دەل شامانىزمنىڭ ئەقىدىسى بولۇپ، دەرەخ ۋە گۈل ـ گىياھلارغا روھ مۇجەسسەملەنگەن قۇشلارنىڭ قونۇشىنى يەنى روھنىڭ تېنەپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلىشتىن ئىبارەت چوقۇنۇش ئادىتىدۇر. يەنى چوقۇنۇش پىسخىكىسى ھەرقانداق بىر ئىنساندا بولىدىغان ھالەت ئىپتىدائىي دەۋرلەردە ئىنسان تەبىئەتكە، ئەجدادقا، توتېمغا چوقۇنغان بولسا جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بۇ

چوقۇنۇشنىڭ تۈرلىرى كۆپەيدى. يەنى مۇللاشتى. خۇددى ھازىرقى زامان ياشلىرىنىڭ چولپانلارغا چوقۇنۇشىغا ئوخشاش. قىسقىسى «چوقۇنۇش پىسخىكىسى ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز - ئۆزىنى بىلىشىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، زامانىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ ھەم تەسەۋۋۇرىنىڭ تاكامۇللىشىشىغا ئەگىشىپ پەيدا بولىدىغان، تەرەققىي قىلىدىغان ئىجتىمائىي ھالەت چوقۇنۇش پىسخىكىسى ھېسسىياتنىڭ بىر خىل تۈۋرۈكى بولۇپ، ئۇنى رېئاللىقنىڭ تولۇقلىمىسى دېيىشكە بولىدۇ»[10]. گەرچە ئۇيغۇرلار شامانىزمدىن ئاللىقاچان قول ئۈزۈپ ئىسلاملاشقان بولسىمۇ، بۇ خىلدىكى ئەقىدىلەر ئاللىقاچان ئۆرپ - ئادەتكە ئايلىنىپ، تورمۇشىدا ئۇزلۇكسىزلىكنى ھاسىل قىلماقتا. ئەمما شۇنى كۆرسىتىش زۆرۈركى بۇ خىل ئۆرپ - ئادەت بىزنىڭ دىنىي ئېتىقادىمىز بىلەن زىتلىققا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇيېيكتىپ جەھەتتە مەلۇم ئىلغارلىققا ئىگىدۇر. چۈنكى قەبرىستانلىق ئىنسانلارغا بىر خىل تەسەللى، ئۈمىد ھەمدە ئەجدادىنى ياد ئېتىشتەك ھېسسىيات بېغىشلايدىغان جايدۇر. قايسى بىرىمىز ئۆز قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ ئۇلارنى ياد ئېتىش ئارقىلىق ئۆزىمىزگە تەسەللى تاپمايمىز؟ مانا شۇنداق مۇقەددەس جاينىڭ قاقاس، توپا - چاڭ بولۇشى بىزنىڭ بۇ خىل ھېسسىياتىمىز بىلەن قارىمۇ - قارشى بولۇپ، كىشىگە تېخىمۇ مىسكىنلىك ئاتا قىلىدۇ. شۇڭىمۇ قەبرىستانلىقنى بوستانلىققا ئايلاندۇرۇش، گۈزەل مەنزىرە ھاسىل قىلىش ھەرگىزمۇ يامان ئىش ئەمەس. غۇلجا ناھىيىسى پەنجىم يېزىسىدا ئىنتايىن گۈزەل بىر قەبرىستانلىق بولۇپ مېۋىلىك دەرەخلەر، گۈل - گىياھلار ئىنتايىن كۆپ، قۇشلار سايراپ تۇرغان. بۇمۇ كىشىلىرىمىزنىڭ تەبىئەتكە قوشقان بىر خىل تۆھپىسىدۇر. ئاخىرقى «سەۋەبى قۇش بولۇشى مۇمكىن» دېگەن سۆزدىن بىلىشكە بولىدۇكى شامانىزمدىمۇ بارلىق روھلارنى قۇشلار تېنىگە مۇجەسسەم قىلىش ئادەتكە ئايلانغان، «ئالتۇن شاخ»تا خاتىرىلەنگەن تەننىڭ سىرتىدا روھ مەۋجۇت قارىشىغا مۇناسىۋەتلىك ھەرقايسى مىللەت چۆچەكلىرىدىكىدەك ھەممىسىدە شۇ كىشىنىڭ ياكى شامانىستلارنىڭ كېسەللىك سەۋەبىنى قۇش دەپ قارىشى تەندىكى روھ ئۆزىگە مەنسۇپ بولغان قۇش تېنىگە بارماي باشقا قۇش تېنىگە ئورۇنلاشقانلىقىدىندۇر. قۇشنىڭ تېنىگە روھنى ئاپىرىدە قىلىش خېلى ۋاقىتلارغىچە بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا ھەمراھ بولغان. مەسىلەن، تۇغمىغان ئاياللارغا قۇشنىڭ بالىسىنى يېگۈزىدىغان ئادەت. بۇ ئادەتتىن شۇنى بىلگىلى بولىدۇكى، قۇشنىڭ بالىسىدا كەلگۈسى پەرزەنتىنىڭ روھى مەۋجۇت دەپ قارىلىپ، ئۇنى يېگەندىن كېيىن بالىنىڭ روھى تەن بىلەن بىرلىشىدۇ ھەمدە بالا بولۇپ تۇغۇلىدۇ، دەپ قارالغان. ئۇنىڭدىن باشقا قەبرە بېشىغا قوناق، بۇغداي قاتارلىق دانلارنى چېچىش ئادىتى، بۇمۇ تەندىن ئايرىلغان روھ قۇشنىڭ تېنىدە بولغانلىقتىن، بۇ روھنىڭ ئۆلۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا دان بەرگەنلىكىدۇر.

بۇ خىل ئۆرپ - ئادەتكە ئوخشاپ كېتىدىغان بۇنداق بىر ئەھۋالنى «ئىبنى فەزلان ساياھەتنامىسى»دا ھەم ئۇچراتقىلى بولىدۇ. «سوم (ئۇماي) غا چوقۇنۇش ئوتتۇرا ئاسىيا قەبىلىلىرى ئارىسىدا ناھايىتى كەڭرى تارقالغان. زېلەنىن ياقۇتلاردا بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن ئاتا بىلەن ئانىنىڭ روھى ماكانلاشقان دەپ قارايدىغان سوم بېلىقىنى يەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ»[11]. ئالتاي خەلقلىرى ئارىسىدا ئۇماي ئانا - بالىنىڭ قوغدىغۇچى ئىلاھىدۇر. كېلياشتورنى ئۆزىنىڭ «ئالتاي شامانىزمى» ناملىق ئەسىرىدە ئۇماي «بالا ھەمرىيى، ئانىنىڭ قورسىقى» دەپ چۈشەندۈرگەن. ئەمما ياقۇتلاردا بولسا بېلىققا مۇجەسسەم قىلىنغان. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇماي، تۇغۇت ئىلاھى ئۇلارنىڭ بېلىقنى يېيىشى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ قۇشنى يېيىشىنىڭ ئاساسى ئوخشاش بولۇپ، روھنىڭ تەن سىرتىدا تۇرۇش قارىشىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۇيغۇرلاردا روھنىڭ تەن سىرتىدا مەۋجۇت قارىشىنىڭ يەنە بىر ئىپادىسى روھنىڭ ئۆزى تەئەللۇق بولغان تەننىڭ مەلۇم جايىدا ساقلىنىش قارىشىدۇر. يەنى شامانىزم قائىدىسى بويىچە ھەربىر روھ شۇ تەننىڭ مەلۇم ئورنىدا ساقلىنىدۇ دەيدىغان بۇ قاراش كېيىن تەرەققىي قىلىپ، ھەتتا شۇ روھنىڭ ئىگىسى بولغان ئادەمنىڭ ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەردىمۇ ساقلىنىدۇ دەپ قارالغان. «يانتاقچى بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ئوغلى» ناملىق ئۇيغۇر خەلق چۆچىكىدە بۇنداق بىر مەزمۇن ئۇچرايدۇ.

«جېنىم بالام، مېنى پادىشاھ بىكارغا چاقىرتمىدى، ئەمدى مېنى ئۆلتۈرىدۇ. خوش بالام رازى بولغىن، مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان دارنىڭ ئۈستىگە بىر تال ساقىلىمنى ئېلىپ قويۇپ ئۆلىمەن. سەن شۇ ساقىلىمنى ئېلىپ قوسۇقىڭدىكى بىلىمىنىڭ كۈچىنى كۆرسەتكىن ... يانتاقچى بوۋاينىڭ بالىسى دارغا كېلىپ قارىسا، دادىسى ئېسىقلىق، ساقىلىنىڭ بىر تېلى دارنىڭ تۆپىسىدە تۇرغۇدەك، بالا دەررۇلا ھېلىقى بىر تال ساقالنى ئېلىپ دەم سەپتىكەن دادىسى تىرىلىپ، دارنىڭ ئاغامچىلىرى ئۈزۈلۈپ چۈشۈپتۇ»[12].

يۇقىرىقىدىن باشقا، «بۇلبۇلگويا» ناملىق چۆچەكتە: «قىز يىگىتنى نۇرغۇن سوۋغا - سالاملار بىلەن ئۇزۇتۇپ تۇرۇپ: ئەگەر بېشىڭغا بىرەر ئېغىر كۈن چۈشكىدەك بولسا، مانا بۇ چاچنى كۆيدۈرسەڭ، شۇ زامان مەن ھازىر بولىمەن» دەپ بىر تال چېچىنى يۇلۇپ يىگىتكە بېرىدۇ.

مانا بۇ ئىككىلا چۆچەكتە روھ تەننىڭ مەلۇم قىسمىدا ساقلانغان يەنى چاچ ساقالدا ساقلانغان. بوۋاي ئۈچ قېتىم دارغا ئېسىلغان بولسىمۇ ئەمما ھەر قېتىم بىر تال ساقىلى ئارقىلىق تىرىلگەن. دېمەك، ئۇلار بوۋاينىڭ روھى

ساقلانغان جايىنى بىلمىگەچكە مىڭ رەت ئۆلتۈرسىمۇ ئۆلمەيدۇ، ئەلۋەتتە. ھازىرمۇ ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا چاچنى قالايمىقان تاشلىماسلىق، چاچنى كۆيدۈرمەسلىكتەك پەرھىزلەر ساقلانماقتا. ھەتتا بەزى جايلاردا بىرەر كىشىگە قەست قىلماقچى بولسا ئۇنىڭ چېچىنى ئېلىپ كېلىپ، چېچىغا موللىلار ئوقۇيدۇ. بۇ ئارقىلىق نىشانىغا يەتمەكچى بولىدۇ. بەزىدە قىز - يىگىت ۋە ئەر - ئاياللار مۇناسىۋىتىدە قارشى تەرەپنى ئۆزىگە مايىل قىلىش ئۈچۈن ياكى ۋاز كەچتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ چېچىغا ئوقۇيدۇ. بۇنى خەلق ئارىسىدا «ئىستىقا، سوۋۇتقا» دەپ ئاتايدۇ. بۇنىڭ قىلچە ئىلمىيلىكى بولمىسىمۇ، بەزى كىشىلىرىمىز تا بۈگۈنگىچە ئىشىنىپ كەلمەكتە.

بىزگە مەلۇم قەدىمكى تۈركىي قەبىلىلەردە ماتەم مۇراسىملىرىدا يۈزلىرىنى تاتىلاپ، چاچلىرىنى يۇلۇپ، مەقسەتلىك ھالدا چاچلىرىنى كېسىپ ھازا تۇتىدىغان ئادەتلەر ساقلانغان. ھازىرقى كۇچا مىڭ ئۆي تام سۈرەتلىرىدىمۇ بۇ خىل ھالنى ئىپادىلەيدىغان رەسىملەر ھەم ئۇچرايدۇ «ئىبنى فەزلان ساياھەتنامىسى»دا بۇ توغرىسىدا مۇنداق خاتىرىلەر بار:

ماتەم بەلگىلىرىدىن بىرى بولغان چاچ كېسىش ئادىتىنىڭ قەدىمكى تۈركىي قەبىلىلەردە كەڭ تارقالغانلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. ئاتتىلاغا ئۆتكۈزۈلگەن دەپنە مۇراسىمى ئۈستىدە توختالغاندا: «ئۇلار ئۆز ئادەتلىرى بويىچە چاچلىرىنىڭ بىر قىسمىنى كەستى. يۈزلىرىنى سەتلەشتۈرىدىغان دەرىجىدە يارىلىدى. ئۇلار بۇ چوڭ يوقىتىشقا ئاياللاردەك كۆز ياشلىرى بىلەن ئەمەس قانلىرى بىلەن يىغلاشتى» دەيدۇ. ئىبنى ئەل جەۋزى ئالىپ ئارسلانخان ئۈچۈن باغداتتا ئۆتكۈزۈلگەن ماتەمنى بايان قىلغىنىدا، خەلىپىنىڭ خوتۇنى بولغان ئارسلان خېنىمنىڭ يەتتە كۈن ئولتۇرۇپ ماتەم تۇتقانلىقى، بۇ ماتەم ئۈستىدە چارىيە (كېنىزەك)لىرىنىڭ چاچلىرىنى كەستۈرگەنلىكىنى…»⑬ يازىدۇ، ماتەم بەلگىسى سۈپىتىدە چاچ كېسىش XIV ئەسىردە ئايدىن ئوغۇللىرىدىمۇ كۆرۈلگەن. چاچ كېسىش ئادىتى قەدىمكى دەۋرلەردىكى چاچ يۇلۇش ئادىتىنىڭ يېنىكلەتكەن شەكلى بولسا كېرەك. بەزىدە ساقاللارمۇ ماتەم بەلگىسى سۈپىتىدە كېسىلەتتى. پارىژدىكى 2 - نومۇرلۇق قەبرىدىكى جەسەتلەردىمۇ چىرىگەن ساقاللار بايقالغان. بۇ خاتىرىلەردىنمۇ يۇقىرىقى قارىشىمىزنى ئىسپاتلىيالايمىز. يەنى شامانىزم قائىدىسى بويىچە ئېتىقاندا چاچ ۋە ساقالدا شۇ تەنىنىڭ روھى يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ماتەم مۇراسىملىرىدا چاچ ساقاللىرىنى كېسىش، يۇلۇش بولسا ئۆلگۈچىگە بولغان بىر خىل ئالاھىدە چوقۇنۇش ھېسسىياتى بولۇپ، ئاجايىپ قاتتىق تەزىيىسىنى بىلدۈرگەن. شۇڭىمۇ ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا بەك غەزەبلەنگەندە «خەپ چېچىڭدىن بىر تال يۇلۇۋالمىسام» دەيدىغان ئىدىئوم بار. قارىماققا چېچىنى يۇلۇپ دەردىنى چىقىرىش ئادەتتىكى سۆزدەك بىلىنسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ مەنىسى شامانىزمچە قاراش بويىچە «ئۆلتۈرۈۋېتىمەن» بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدۇ. فىرازىر ئۆزىنىڭ «ئالتۇن شاخ» ناملىق ئەسىرىدە، نۇرغۇن خەلق ئۆرپ - ئادەتلىرىدە كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ روھىنى ياكى كۈچ - قۇدرىتىنى ئۆز چاچلىرىغا مۇجەسسەم قىلىدىغانلىقىنى، ئەگەر چېچىنى كېسىۋەتسە بۇ ئادەمنىڭ ئۆلىدىغانلىقىنى ياكى ئۆلمىسىمۇ ئاجىزلاپ كېتىدىغانلىقىنى يازغان. بۇ كىتابتا يەنە ياۋروپادا كىشىلەر پېرىخونلارنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى ۋە روھى چېچىدا دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ چېچىنى كېسىش ئارقىلىق ئۇلارنى بوي سۇندۇرغانلىقىنى ھىندىستان، برازىلىيە قاتارلىق دۆلەت خەلقلىرى ئارىسىدىمۇ ئۆز جىنايىتىنى تونىمىغان كىشىلەرگە چېچىنى چۈشۈرۈۋېتىش ھەتتا بەدەندىكى بارلىق تۈكلەرنى چۈشۈرۈۋېتىش جازاسىنى بېرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر قاتار قائىدە - يوسۇنلارنىڭ بارلىقىنى يازغان⑭.

ئۇيغۇرلاردا ھازىرمۇ چۈشكە تەبىر بەرگەندە بۇنداق ئادەت ساقلانماقتا. يەنى چېچى ئۇسۇپ، چۈش كۆرسە ياخشىلىق، چېچى كېسىلىپ چۈش كۆرسە يامانلىق دەپ تەبىر بېرىش. بۇ خىل چۈش ئۆرۈش ئادىتى يۇقىرىقى روھ چۈشەنچىسى بىلەن بىردەك بولۇپ، چاچنىڭ ئۆزۈرشى روھنىڭ ناھايىتى ياخشىلىق ھەم تەنىنىڭ كۈچ - قۇدرەتكە تولغانلىقىدىن بىشارەت بېرىدۇ. ئەگەر چاچ كېسىۋېتىلگەن بولسا بۇ شۇ ئادەمگە كېلىدىغان پېشكەللىكنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، روھ بىرەر ھادىسىگە ئۇچرايدۇ ياكى كۈچ - قۇۋۋىتى ئاجىزلايدۇ. شۇڭىمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بالىسى تۇرمىغانلار ئەگەر بىرەر پەرزەنتلىك بولسا ئۇنىڭغا «نىياز چاچ» قويۇپ قويىدۇ. يەنى بېشىنىڭ ئارقا تەرىپىدە كىچىككىنە يېرىدىن چېچىنى چۈشۈرمەيدۇ. ئۇزۇن قىلىپ ئۆرۈپ قويىدۇ. بۇ ئارقىلىق بۇ بالىغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيدۇ. يامان روھلارنىڭ زىيان سېلىشىدىن بۇ چاچ توسايدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا چاچنى باشقىلارغا تۇتقۇزماسلىق، بېشىدىن چۈشكەن چاچنى بىر خالتىغا يىغىپ ساقلاش ياكى سۇغا ئېقىتىۋېتىشتەك ئادەتلەر ھېلىھەم ساقلانماقتا. «ئالتۇن شاخ»تىمۇ بۇ توغرىسىدا بىرمۇنچە پەرھىزلەر خاتىرىلەنگەن يەنى «نۇرغۇنلىغان قەبىلىلەردە باشنى باشقىلارغا تۇتقۇزماسلىق، باشنى ئاتلاپ ئۆتمەسلىك قاتارلىق ئادەتلەر بولۇپ، تىنچ ئوكيان قىرغىقىدىكى بەزى قەبىلىلەردە ساقلانغانلىقىنى ھەتتا ئۆز دادىسىمۇ ئۇخلاۋاتقان بالىنىڭ بېشىنى ئاتلىماسلىق، ئۆز دادىسى ياكى ئېرى بولسىمۇ ئۇنىڭ بېشىنى تۇتماسلىقتەك قائىدىلەر تىلغا ئېلىنغان. ئوخشاشلا ئۇيغۇرلاردىمۇ باشنى ئاتلاپ ئۆتمەسلىكتەك پەرھىز بار. ھەمدە باشقا مۇناسىۋەتلىك باش تۇرىدىغان جايغا ئىشتان، پايپاق قاتارلىق نەرسىلەرنى قويماسلىقتەك پەرھىزلەر، «ئېزىز باشىڭ ئامان بولسۇن» دەيدىغاندەك تىلەك سۆزلىرى ھەم

ئۇچرايدۇ.

بۇ قاراشلاردىن باشقا يەنە ئۇيغۇرلاردا ئۆز ئىسمىدا روھ ساقلىنىدۇ دەيدىغان قاراش مەۋجۇت. بۇمۇ شامانىزمنىڭ تەسىرى بولۇپ، شامانىزمغا ئېتىقاد قىلغان خەلقلەر تۇرمۇشىدا ئۇچرايدۇ. «قەدىمكى مىسىرلىقلاردا ئىككى ئىسىم بولۇپ بىرسىنى پەقەت ئاتا ـ ئانىسى بىلىدۇ. بىرسىنى ئادەتتە ئىشلىتىدۇ. مەخپىي ئىسمى پەقەت توي مۇراسىمىدىلا ئاشكارىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا نىياس ئارىلىدىكى خەلقلەردە ئىسىمغا يامان روھلار چېپىلىپ قويىدۇ دەپ، ئادەتتە كىچىك باللارنىڭ ئەسلى ئىسمىنى چاقىرمايدۇ. بولۇپمۇ بوۋاقلارنىڭ ئەسلى ئىسمى بىلەن چاقىرىلمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئورمانلىقلاردا، دەريا بويلىرىدا بۇلاق بېشىدا كىشىلەر ئۆز ئىسىملىرىنىڭ چاقىرىلىشىنى يامان كۆرىدۇ[15].

ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ ئىسىم بىر خىل مۇقەددەسلىنىپ، قالايمىقان كىشىلەرگە، تونىمىغان كىشىلەرگە ئىسمىنى ئېيتمايدۇ. بولۇپمۇ بالىسى تۇرمىغان ئاتا ـ ئانىلار بالىسىنىڭ تۇرۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلىپ، تۇرۇپ قېلىش مەنىسىنى بېرىدىغان «تۇرسۇن، تۇردى» غا ئوخشاش ئىسىملارنى قويىدۇ. ھەمدە يامان روھلاردىن ساقلاش ئۈچۈن ئۆز پەرزەنتلىرىگە سەت ئاڭلىنىدىغان ئىسىملارنى قويىدۇ. مەسىلەن: «سۈپۈرگە ئاخۇن»، «سامساقۋاي»، ھەمدە ھېچقانداق يامانلىقلارنىڭ زىيانكەشلىك قىلالماسلىقىنى ئارزۇ قىلىپ «خۇدا بەردى» دېگەندەك ئىسىملارنى قوللىنىدۇ. يەنە شۇنداق بىر پەرھىز باركى قاراڭغۇ ياكى چۈشتە ئۆزىنى بىرەرسىنىڭ چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغىنىدا ئۈچ نۆۋەت چاقىرىشنى كۈتۈپ تۇرۇش، 1 ـ نۆۋەتتىلا «ھەئە» دەپ جاۋاب قايتۇرماسلىق ياكى يۈگۈرۈپ چاقىرغان تەرەپكە ماڭماسلىقتىن ئىبارەت. بىر قېتىم تۇۋلاپلا يوقاپ كەتكەن بولسا ئۇ يامان روھلار بولىدۇ. يەنى شۇ ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ ئېلىپ كەتمەكچى بولغان بولىدۇ. مەيلى قانداق بولسۇن يۇقىرىقىدەك ئىسىملاردىمۇ روھ ساقلاش قارىشى بولۇپ، شامانىزمنىڭ بىزگە قالدۇرغان تەسىر ئىزنالىرىدىن بىرىدۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ روھ قارىشىنىڭ يەنە بىر تەرىپى «روھ ئۆلمەيدۇ» قارىشىدىن ئىبارەت. بۇ قاراش شامانىزمنىڭ مۇھىم ئەقىدىسىدىن بىرسى بولۇپ، ھەرقانداق ھاياتلىق مەڭگۈلۈك. ئۇ تەندىكى تىرىكلىكنى تۈگەتسىمۇ، ئەمما روھتىكى ھاياتلىقنى مەڭگۈ تۈگەتمەيدۇ دەپ قارىلىدۇ ھەم ھاياتلىق شۇنداق چۈشەندۈرۈلىدۇ. بۇ خىل «روھ قارىشى» گەرچە ئىپتىدائىي، دەۋرلەرنىڭ يالدامىسى بولسىمۇ، ئەمما بىزنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىمىزگە ئايلىنىپ، كىشىلەرگە مەلۇم مەنىدىن خاتىرجەملىك ئاتا قىلىپ كەلدى. شۇڭىمۇ ئەنئەنىمىزدە «... دىلىمىزدا مەڭگۈ ھايات. بىز بىلەن مەڭگۈ بىللە ...» دەيدىغان تىلەك سۆزلىرى كېلىپ چىققان.

«ئىبنى فەزلان ساياھەتنامىسى» دا مۇنداق خاتىرىلەر ئۇچرايدۇ.

شامانىزمدا ئىنسانلارنىڭ ئۆلۈمدىن كېيىن ئومۇمەن بۇ دۇنيادىكى ھاياتقا ئوخشاش ھايات كەچۈرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. شىمالىي ئاسىيادىكى شامانىستلار ئۇ دۇنيانى بۇ دۇنيانىڭ تەتۈرسى دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈكلەرنىڭ كۆڭۈل ئېچىشلىرى ۋە شامانىست دىنىي مۇراسىملىرى كۈن پاتقاندىن كېيىن بولىدۇ. كۈن پاتقاندىن كېيىن، ئۆلۈكلەر ئويغىنىدۇ ۋە كۈندۈزنى باشلايدۇ[16]. مانا بۇ خاتىرىدە ھاياتلىقنىڭ ئۇ دۇنيادىكى داۋاملىشىشى كۆرسىتىلگەن. شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەگەر ئائىلىسىدە بىرەر كىشى ئاغرىپ قالسا ياكى يارا ـ يېرىق چىقىپ قالسا كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن بۇلۇڭلارغا، دەرەخ تۈۋلىرىگە نوكچا يېقىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئەرۋاھلاردىن ئاغرىقنىڭ ساقىيىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

شامانىستلارنىڭ قارىشىچە ئۆلگەن كىشى ياشاشتىن ۋاز كەچكۈسى كەلمەيدۇ. ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ يېنىغا كېتىشىنى خالايدۇ. يېڭىدىن ئالەمدىن ئۆتكەن ۋە ئۆلۈكلەر ئالىمى بىلەن تېخى جەم بولالمىغان كىشى ئۆزى بىلەن ئائىلىسىنى، دوستلىرىنى ھەتتا پادىلىرىنى ئېلىپ كېتىشكە تىرىشىدۇ ... ئۇلار ئارىسىدا ئۆلۈكنىڭ تەكرار يۇرتىغا قايتىپ كېلىشىنى توسۇش ئۈچۈن باشقىچە يول تۇتۇلىدۇ ... قەبرىستانلىقتىن قايتقاندىن كېيىن، بىرقانچە كېچە يۇرتىغا كېلىدىغان پۈتۈن يوللار قوغدىلىدۇ. يوللار ئۈستىدە ئوتلار يېقىلىدۇ ... ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئۈچۈن يوغ (دەپنە مۇراسىم) بەرگەندىلا قايتىپ كېتىدۇ. بۇ مۇراسىمدىمۇ ئۆلۈمدىن ئۈچ، يەتتە ياكى 40 كۈن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئوچاققا تاشلاش شەكلى بىلەن روھلارغا يېمەكلىك ۋە بېلىق سۇنۇلىدۇ[17].

«ساياھەتنامە» دىكى بۇ خاتىرىلەردىن شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، ھازىرقى ئۇيغۇرلار نەزىر ـ چىراغ ئىشلىرىدىكى ئۈچ نەزىر، 40 نەزىر ئىشلىرىنىڭ ئەشۇ دەۋرلەردىن بۇيان ئۆرپ ـ ئادەتكە ئايلانغان ماتەم بەلگىلىرى بولۇپ، بۇ نەزىرلەرنى قىلىش ئارقىلىق ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغۇچىغا خاتىرجەملىك تىلەنگەن ھەمدە ئۆزلىرىگىمۇ ئۆلۈمدىن كېيىن كېلىدىغان پېشكەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولغان. شۇنىمۇ پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى ھازىر بەزى جايلاردا جەسەتنى يەرلىككە قويغان كۈندىن باشلاپ يەتتە كۈنگىچە تۇپراق بېشىدا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى كېچىسى تۈنەيدۇ. بۇمۇ ئۆلگۈچىنىڭ تېخى ئۇ ئالەمگە تەلتۆكۈس بېرىپ بولالمىغانلىقىدىن، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇش كېرەكلىكىدىن ئىبارەت كۆز قاراشتىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. ھەمدە مېيىت چىققان ئۆينىڭ چىرىغى 40 كۈنگىچە يورۇتۇپ قويۇلىدۇ. بۇمۇ ئۆلۈكنىڭ 40 كۈنگىچە ئۆز ئۆيى ئەتراپىدا تۇرىدۇ، دەيدىغان قاراشتىن

شەكىللەنگەن ئادەت بولۇشى مۇمكىن. ئەينى دەۋرلەر ئادىتىگە نەزەر سالساقمۇ، كىشىلەر شامانىزمنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئۆلۈك بىلەن بىللە ئۇ ياخشى كۆرىدىغان نەرسە - كېرەكلىرىنى، مىنگەن ئاتلىرىنى ھەتتا ئۇرۇشتا ئىشلىتىدىغان دوبۇلغا، ساۋۇتلىرىنى قوشۇپ دەپنە قىلغان. ئۇيغۇرلار تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك بۇنداق قېزىلمىلار ئىنتايىن كۆپ ئۇچرايدۇ. ئەجدادلىرىمىز روھ مەڭگۈلۈك قارىشى بىلەن ئۆلگۈچىنىڭ خوتۇنلىرى ۋە كېنىزەكلىرىنى قوشۇپ دەپنە قىلغان. ھازىر بۇ ئەھۋال ئىنتايىن كۈلكىلىك تۇيۇلىدۇ، ئەمما ئەينى ۋاقىتلاردا بىر ئەنئەنىگە ئايلىنىپ نورغۇنلىغان قەبىلە، مىللەت تۇرمۇشلىرىدا ئىنتايىن مۇھىم بىر ئورۇننى ئىگىلىگەن ھەمدە شامانىزمنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئۇ دۇنيادىكى كىشىلەر ئوخشاشلا بىزدەك ياشايدۇ دەپ قارالغاچقا، ئۇلاردىن قورققان، ھەم ئۇلارغا چوقۇنغان، ئۆلگەنلەرگە مۇناسىۋەتلىك ھەربىر ئىشقا ئىنتايىن سەگەكلىك بىلەن مۇئامىلە قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئىپتىدائىي كىشىلەر «بۇ دۇنيادا تەتۈر بولغان نەرسە ئۇ دۇنيادا نورمال ئەھۋال بولىدۇ دەپ قارىغانلىقتىن قەبرىلەر ئىچىگە ۋە ئۈستىگە تەتۈر ۋە سۇنۇق نەرسىلەر قويۇلغان. بۇ يەردە تەتۈر نەرسە ئۇ دۇنيادا ئوڭ، سۇنۇق نەرسە ساق بولىدۇ»⑱ دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. بۇ خىل قاراشقا ياندىشىپ نۇرغۇنلىغان ئۆرپ - ئادەتلەر ھېلىمۇ ساقلىنىۋاتىدۇ. يەنى ئۇيغۇرلار سۇنۇق نەرسىنى ئىشلىتىشنى ئىنتايىن يامان كۆرىدۇ. ھايات كىشى سۇنۇق نەرسە ئىشلەتمەسلىكى، سۇنۇق ئەينەككە قارىماسلىقى كېرەك. چۈشىدە ئۆلگەنلەرنى كۆرسە ئۇلارنىڭ چۈشىدىكى ھەرىكەتلىرىنى تەتۈرسىگە ئۆرۈيدۇ. مەسىلەن، ئۆلگەنلەر چۈشىدە تىللىسا، ياخشىلىق دەپ قارايدۇ. ئۆلگۈچى بىلەن بىللە بىر نىشانغا قاراپ ماڭسا يامانلىق، قارىمۇ - قارشى نىشانغا ماڭسا ياخشىلىق دېيىلىدۇ.

ئومۇمەن ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ خىل ئىپتىدائىي روھ قارىشىدا شامانىزم ياردەملىق رول ئوينىغان يەنى روھ قارىشى بىر خىل ئەنئەنىگە ئايلىنىپ، ئۆز ھەرىكەتلىرىنىڭ بىر خىل قېلىپىغا ئايلانغان. «ساياھەتنامە»دىن بۇ خىل ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزنىڭ كېلىش مەنبەسىنى بىرقەدەر روشەن چۈشەندۇق. بۇ خىل روھقا چوقۇنۇشنى تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بويىچە كۆزەتكەندە چوقۇنۇش پسىخىكىسى ئىنسانىيەت ئىجتىمائىيىتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ دۇنيا قارىشىنى ئىپادىلەيدىغان مۇھىم بەلگە. «پسىخولوگىيە ئالىملىرى بىردەك چوقۇنۇش پسىخىكىسىنى بىر خىل باسقۇچلۇق ھادىسە يەنى بىلىش جەريانى دەپ چۈشەندۈرۈپ، كەيپىيات جەريانى ئىرادە چوقۇنۇش جەريانلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۆزگىرىپ تەرەققىي قىلىپ تۇرىدىغان ئىجتىمائىي ھادىسە دەپ باھا بەرگەن. ئەمەلىيەتتىمۇ چوقۇنۇش پسىخىكىسىنىڭ ئاساسى ئاساسەن بىلىش ئاساسى، پسىخىك ئاساسى ۋە جەمئىيەت ئاساسىغا ئىگە بولۇپ، ئۇ بۇ ئۈچ تەرەپنىڭ پائالىيەت ئەھۋالىغا باققان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ»⑲. بۇ نۇقتىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرىقى روھ قارىشىنى تەھلىل قىلغاندىمۇ، ئۇيغۇرلار ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتلار جەريانىدا يەنى بىلىش باسقۇچىدا چوقۇنۇشنىڭ ئاساسىنى بىلگەن بولسىمۇ، جەمئىيەت ئاساسىي بولغان ئىجتىمائىيەت ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ نۇرغۇن روشەن بولمىغان نەرسىلەرنى ئېنىقلاشقان بولسىمۇ، ئەمما پسىخىكا جەھەتتىن سەكرەش ھاسىل بولمىغاچقا، ئەڭ مۇھىمى كۆپلىگەن روھقا چوقۇنۇش پسىخىكىسىغا مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەر ئۆرپ - ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەچكە، ئۆز تۇرمۇشىمىزدا تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئەلۋەتتە بۇ روھ قارىشىنىڭ نۇرغۇنلىرى ئەمەلىيەتلىرىمىزدىن ئۆتتۈلۈپ، چۈشۈپ قالىدۇ. پەقەت ئەنئەنە بولۇپ قالغانلىرى ساقلىنىپ قالىدۇ. مانا بۇ فولكلورنىڭ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئۈزلۈكسىزلىكى، ئۆز تىرىشچانلىقى ۋە ئۇنىڭغا قارشى ھالدا نىسپىي مۇقىملىقىدۇر.

## ئىزاھلار:


①④⑪⑮ فرازېر: «ئالتۇن شاخ»، ئاممىۋى سەنئەت نەشرىياتى، 1998 - يىلى نەشرى، 934 -، 345 -، 365 - بەتلەر.

②③ «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»، 3 - قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 - يىلى نەشرى، 173 -، 174 - بەتلەر.

⑤ «ھازىرقى زامان ئانتروپولوگىيىسى»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1987 - يىلى نەشرى، 127 - بەت.

⑥⑦⑧⑨⑪⑬⑯⑰⑱ «ئىبنى فەزلان ساياھەتنامىسى X ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا»، توختى ھاجى تىللا تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىلى نەشرى، 130 -، 134 -، 120 -، 132 -، 133 -، 138 -، 142 - بەتلەر.

⑲⑩ شياڭ گوي: «چوقۇنۇش پسىخولوگىيىسى». ئاممىۋى سەنئەت نەشرىياتى، 2001 - يىلى نەشرى، 3 -، 6 - بەتلەر.


جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

2007 - يىلى 3 - ئاي شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 28 - يىللىق 1 - سان
2007 年 3 月 新疆大学学报(哲学社会科学维文版) 第 28 卷第 1 期

# كلاسسىك ئەسەرلەرنى تەھرىرلەشتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر

پەرىدە ئەمىن*

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، كلاسسىك ئەسەرلەرنى تەھرىرلەشتە مۇھەررىرلەر دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم نۇقتىلار جۈملىدىن كوررېكتورلۇقىغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

**摘要**：本文提出了古典作品编辑中编辑们应注意的几个重要问题，包括对校对人员提出的要求。

**Abstract**: This article talks about some important points to which editors pay attention in editing classic works, especially the requirements on prove reading.

مەن ئۇزۇن يىل ئۇيغۇر كلاسسىك ئەسەرلىرى بىلەن ھەپىلەشكەن بىر مۇھەررىر بولغاچقا كوچا - كويلاردىكى ھەربىر ۋېۋىسكا، پلاكات، تېلېۋىزور رىياسەتچىلىرىنىڭ نۇتۇقلىرى، تەرجىمە فىلىملاردىكى ياكى گېزىت - ژۇرناللاردىكى مەنتىقىسىز سۆز - جۈملىلەر، ئاتالغۇلار مېنى ئويلىنىشقا مەجبۇرلايدۇ.

مەسىلەن «لايىھە» «لاھىيە»، «ئۇيغۇر» «ئۇرغۇي» (بىر قېتىم مەن ئۆزىنى مەن ئۇرغۇي دېگەن بىرىنى سىزنى قۇرغۇيمىكىن دەپتىمەن، ئۇرغۇيما؟… دەپ قويۇپ ئاران قۇتۇلغانىدىم) بولۇپ قالغان. «پۇتۇم بىلەن بىرنى تەپتىم» دېگىچە «تېپىۋەتتىم» دېسە، «قولى بىلەن بىرنى ئۇردى» دېمەي «بىر مۇشت ئاتتى ياكى بىر شاپىلاق سالدى» دېسە تېخىمۇ ئېنىق بولاتتى. پەقەت پۇت بىلەنلا تەپكىلى بولىدۇ، قول ئارقىلىقلا مۇشتلىغىلى ياكى شاپىلاقلىغىلى بولىدۇغۇ، «ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالدى» دېگىچە «ئۆلۈۋالدى» دېسە، «بالامنى قايتۇرۇپ بەر» (ئۆلگەن بالىنى) دېمەي «بالامنى تۆلە» دەپ يىغلىسا قانچىلىك تەسىرلىك بولار ئىدى… دېگەندەك سانسىز پىكىرلەر مېڭەمدە تىنىماي چۆرگىلەيدىغان بولۇپ قالدى.

بىز يېڭىدىن خىزمەتكە چۈشكەن چاغلىرىمىزدا ئەينى چاغدىكى پېشقەدەم ئۇستازلىرىمىز دائىم مۇھەررىر — نامسىز قەھرىماندۇر. بىر دۆۋە ئورىگىنال كىتاب ھالىتىگە كەلگىچە ئۇنىڭغا مۇھەررىرنىڭ نۇرغۇن قان - تەرى، ئەجرى سىڭىدۇ. ئەمما ئوقۇرمەنلەر پەقەت يازغۇچىنى — ئاپتورنىلا تونۇيدۇ، ئۇنى ئۇلۇغلايدۇ. مۇھەررىرنىڭ ۋەزىپىسىنى نۇرغۇن كىشىلەر چۈشەنمەيدۇ …، دەيتتى. ئاستا - ئاستا بۇ گەپنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدۇم. ئاخىر مەن ئالدى بىلەن ئۆز كەسپىم ئۈستىدە ئويلىنىشنى ۋە بۇ ھەقتە كەسپداشلىرىم بىلەن پىكىرلىشىشنى لايىق تاپتىم. شۇڭا مەن ئۆز كەسپىمگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ تەھرىرلىكىدىكى بەزى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويماقچى.

كلاسسىك ئەسەرلەرنى تەھرىرلەش مەسىلىسىدە ئالدى بىلەن ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاش ھەققىدە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى بۇ مەسىلىنى ئېنىقلىۋالماي تۇرۇپ، تەھرىرلىكتىن سۆز ئاچقاندا، بەزىبىر مۇھىم مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈشتە قىيىنچىلىق تۇغۇلىدۇ.

* پەرىدە ئەمىن: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ كاندىدات ئالىي مۇھەررىرى. 830000

كلاسسىك ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاش ساقلىنىۋاتقان ئەسەرلەرنىڭ تۈرىگە قاراپ بېكىتىلىدۇ. بۇ تۈرلەر قولىيازما، چاپ نۇسخا ۋە باسما نۇسخىلارغا ئايرىلىدۇ.

1. بىزنىڭ نىشانىمىز (ئوبيېكتىمىز) ئالدى بىلەن قولىيازما ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاشنى ئاساس قىلىشى كېرەك. چۈنكى قولىيازمىلار كۆپىنچە بىر ياكى ئىككى نۇسخىدىن ئاشمايدۇ. ھەممە تولاراق ئاپتورنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن يېزىلغان بىرىنچى ئورىگىنال ياكى كاتىپ تەرىپىدىن رەتلەپ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىدىن ئىبارەت. بۇ قول يازمىلار ئىنتايىن قىممەتلىك ھېسابلىنىدۇ.

2. ئەگەر قولىيازمىلار يوقالغان بولۇپ، چاپ نۇسخىلا ساقلىنىپ قالغان بولسا، بىر ئەسەرنىڭ بىرقانچە نۇسخىسىغا ئاساسلىنىپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تولۇقلاپ نەشرگە تەييارلاش، شۇنداقلا نۇسخىلارنىڭ پەرقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ ئۆتۈش مۇھىم.

3. باسما نۇسخىدىكى ئەسەرلەر خېلى كۆپ تارقالغان بولىدۇ. ئەگەر ئەسەر مۇھىم دەپ قارالسا، ئەمما ئۇنىڭ قولىيازمىلىرى ياكى چاپ نۇسخىلىرى تېپىلمىغان ئەھۋالدا بىرقانچە خىل باسما نۇسخىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق نەشرگە تەييارلاش كېرەك.

كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ تەھرىرلىكى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان مۇھەررىرلەر يۇقىرىقى نۇقتىلارنى ئېنىق چۈشەنگەن ھالدا قولىغا قەلەم ئالسا بولىدۇ.

بۇ كەسىپتە مۇھەررىر ئالدى بىلەن قەدىمىي ئەسەرلەرنى چوقۇم چۈشىنەلەيدىغان بولۇشى ۋە تېكىستولوگىيە ئىلمىدىن مول بىلىمى بولۇشى شەرت.

كلاسسىك ئەسەرلەرنى تەھرىرلەشتە:

1. ئەسلىگە سادىق بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. نەشرگە تەييارلانغان ئورىگىنالنى ئەسلى قولىيازمىغا (ئەسلى ئەسەرگە) ئەستايىدىل، بىرمۇبىر سېلىشتۇرۇپ چىقىش، بىر پەش، بىر چېكىتنىمۇ قالدۇرماي ئەكس ئەتتۈرۈش لازىم.

2. نەشرگە تەييارلىغۇچى سۆز - ئىبارىلەرنىڭ مەنىسىنى، ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى توغرا ئىپادىلەپ بېرەلەمدۇ - يوق؟ قاتارلىق تەرەپلەرگە ھوشيارلىق بىلەن نەزەر سېلىش كېرەك. بولمىسا ئېغىر خاتالىقلارغا يول قويغان بولىدۇ. مەسىلەن: مەلۇم قولىيازمىنى نەشرگە تەييارلىغۇچى «تۆت ئىشكىلىك ھويلا (توت اشكلك حولى)» دېگەن سۆزنى «تۆت ئېشەكلىك چۆلى» دەپ يەشمە بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن مەزمۇن بۇزۇلۇپ، تۆت ئېشەكنى (ھەربىر ئېشەك چارچىغاندا) ئالماشتۇرۇپ مىنىپ، ئاران يېتىپ بارىدىغان يىراق بىر چۆلنىڭ ۋەقەلىكى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. ئەگەر قولىيازمىلارنى ئوقۇپ، چۈشىنىش سەۋىيىسىگە ئىگە بولمىغان مۇھەررىر بۇ ئەسەرنى تەھرىرلىگەن ئەھۋالدا كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز قەدىمىي ئەسەرلەرنى خەلقىمىزگە ئەڭ توغرا ھالەتتە ئۆز ئەينى تاپشۇرۇش. چۈنكى بىزنىڭ بۇ بايلىقلىرىمىز قوغدىلىشى، بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرىماسلىقى، ئۆزگىرىپ كەتمەسلىكى كېرەك. مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى تەتقىقاتچىلىرىمىز بىز تەمىنلىگەن ماتېرىيال ئاساسىدا تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ. ئەگەر بىز ماتېرىيالنى خاتا يەتكۈزسەك ئۇ چاغدا بىز قەبىھ بىر بۇزغۇنچىغا، ياكى ئالدامچىغا ئايلىنىپ قالىمىز.

3. شېئىرىي ئەسەرلەرنى تەھرىرلىگەندە شېئىردىكى ۋەزىن، تۇراق ... قاتارلىقلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. كلاسسىك ئەسەرلەر كۆپىنچە ئارۇز ۋەزنى بىلەن يېزىلغان بولىدۇ. شۇڭا مۇھەررىر ئارۇز ۋەزنىدىن ئاز - تولا خەۋەردار بولۇشى، شېئىر ۋەزنىنىڭ ساغلاملىقىغا دىققەت قىلىشى، بەزى سۆزلەرنىڭ شېئىردىكى ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلار سەۋەبىدىن بوغۇملارنىڭ سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىپ، بىرقانچە بوغۇمنىڭ ئورنىنى تولدۇرىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشى لازىم. خۇددى بىر ئەدەبىي مۇھەررىر ئاز - تولا يېزىقچىلىقتىن خەۋىرى بولمىسا لاياقەتلىك مۇھەررىر بولالمىغىنىدەك، كلاسسىك شېئىرلارنى تەھرىرلىگۈچى چوقۇم شائىر بولالمىسىمۇ، شېئىرلارنى ۋەزنىگە چۈشۈرۈپ توغرا ئوقۇشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مۇھەررىرنىڭ يۈزدىن مىڭ بېيىتقىچە كلاسسىك شېئىرنى يادلىشىنى تەشەببۇس قىلىش پايدىلىق.

4. تېكىست ئىچىدە كەلگەن سانلار رەقەم بىلەن ئەمەس خەت (ھەرپ) بىلەن يېزىلىشى كېرەك. مەسىلەن: «بىر مىڭ ئىككى يۈز ئوتتۇزىنچى يىلى × × نىڭ تەشەببۇسى بىلەن خوتەندە قەلەمگە ئېلىنغان» ياكى «تارىختا ئالاھىدەلىقىياس بىر مىڭ قىرىق ئۈچ يىل» دېگەن يىلنامىلەر ھەمدە «تۆتيۈز يىلدىن بېرى بىز پۇقرا، سىزلەر پۇقراپەرۋەر پادىشاھ»، «... يەتتىيۈز كىشىدىن ئەللىك كىشى قالدى، باشقىلىرى ياركەندكە قېچىپ كەتتى...»، «... پېقىر يىگىرمە ئىككى كىشى بىلەن ئاشۇ كۆرمىگەن يولغا كىردىم ...»، «دۈشمەننىڭ قىرىقمىڭ كىشىلىك قوشۇنىغا بىزنىڭ مىڭ ئادىمىمىز تاقابىل تۇردى ...» دېگەندەك جۈملىلەردىكى يىلنامىلار ياكى مىقدار سانلار ئەسلى قولىيازمىلاردا پۈتۈنلەي خەت (ھەرپ) ئارقىلىق قەلەمگە ئېلىنغان. ئەگەر رەقەم بىلەن يېزىلغان بولسا، بىزنىڭ قەدىمىي يولىيازما

ئەسەرلىرىمىزنىڭ ھەرخىل تەبىئىي ئاپەت ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشىدىن نۇرغۇنلىغان ئىنتىسىزلىقلار كېلىپ چىققان بولاتتى. كاتىپنىڭ سەۋەنلىكى، ياكى تۈرلۈك ئاپەتلەر تۈپەيلى بۇزۇلۇش، ئۆچراش قاتارلىق ئەھۋاللار سەۋەبىدىن بىر نۆل (0) نىڭ ياكى بىر رەقەمنىڭ چۈشۈپ قېلىشى يۈز، مىڭ ھەتتا تۈمەن سانلار خاتالىققا سەۋەب بولغان بولاتتى. ئەجدادلىرىمىز ئۆز ئەقىل - پاراستى ۋە ئالدىن كۆرەرلىكى بىلەن ئاشۇ خاتالىقلارنىڭ ئالدىنى ئالغان. مەسىلەن: 1230 - يىلىنى 123 - ياكى 230 - يىلى، 1043 - يىلىنى 104 - يىلى، 400 نى 40 بولۇپ قالمايدۇ دېيەلەمدۇق؟ 700، 50، 22 كىشى ۋە 40.000، 1000 دېگەن سانلاردىن بىرەر رەقەم چۈشۈپ قالمايدۇ دەپ جەزم قىلالامدۇق؟ … ئوبدانراق ئويلىنىپ باقساق بۇ مەسىلىنىڭ بەكمۇ مۇھىملىقىنى ھېس قىلماي تۇرالمايمىز. قەدىمكى ئەسەرلەرنى تەھرىرلىگەندە سانلار مەسىلىسىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، ھەرقانداق ئەھۋالدا خاتالىق سادىر بولمايدىغان ھالەتنى ساقلاش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەسئۇلىيىتىمىز بار. بۇ قەدىمىي ئەسەرلەر تەھرىرلىكىدىلا ئەمەس، بەلكى بارلىق ئەسەرلەردە بىردەك قوللىنىشقا بولىدىغان تەكلىپ. چۈنكى ھازىرقى ئەسەرلىرىمىزمۇ كەلگۈسىدە «قەدىمىي ئەسەر»لەر قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ، ئەلۋەتتە.

كلاسسىك ئەسەرلەر توغرىسىدا سۆز ئاچقاندا تەكىتلەشكە تېگىشلىك مۇھىم مەسىلىلەر كەينى - كەينىدىن كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. مەيلى ئەدەبىياتقا ئائىت ئەسەر بولسۇن ياكى تارىخقا، تېبابەتكە، فولكلورغا ئائىت ئەسەرلەردىكى بىر ئوخشاشلىق شۇكى، بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى دىندىن، ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەردىن مۇستەسنا ئەمەس.

ئەگەر ئالدىمىزغا قەدىمىي ئۇيغۇر تىلىدىكى بىرەر ئەسەر كەلسە، ئۇ تەبىئىيلا بىرەر دىنغا باغلىنىشلىق بولغان بولىدۇ. مەسىلەن: «ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى» دېگەن ئەسەر ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان دەۋرىدىكى ۋەقەلىكنى مەزمۇن قىلغانلىقى ئۈچۈن، بىز ئەلۋەتتە ئەنە شۇ دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى توغرىسىدا بىلىمگە ئىگە بولۇشىمىز ھەمدە شۇ ھەقتىكى ئاتالغۇلارنى چۈشىنىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشىمىز لازىم.

ھازىر بىز «چاغاتاي يېزىقى» دەپ ئاتاۋاتقان يېزىقتىكى كلاسسىك ئەسەرلىرىمىز ئاساسەن ئىسلام دىنى شارائىتىدا يېزىلغان بولغاچقا، بۇ ئەسەرلەرگە تەبىئىيلا ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرى، دىنىي ئاتالغۇ ۋە مەزمۇنلار قىستۇرۇلۇپ، سىڭىپ كەتكەن. ئەگەر بىز ئۇلارنى چىقىرىۋېتىمىز دېسەك، خۇددى تام قوپۇرغاندا كېسەك ئارىلىقىغا قىستۇرغان لاي - سىمونتنى چىقىرىۋەتسەك تام ئۆرۈلۈپ چۈشكەندەك ئەھۋال يۈز بېرىدۇ، شۇڭا ئۇنى ئايرىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس. ئەمما بىز ئەنە شۇ ئالاھىدە ماتېرىيال — ئەسەرنىڭ ھىملاشتۇرغۇچىسى بولمىش ئاتالغۇلارنى چۈشىنىشىمىز، بۇ ھەقتىكى بىلىمىمىز مول بولۇشى لازىم. تا ھازىرغىچە بىر قىسىم كىتابلاردا «پەرز» بىلەن «پەرھىز» ئاتالغۇسى بۇ سۆزنىڭ پەرقىنى چۈشەنمىگەن مۇھەررىرلەرنىڭ قەلىمى ئاستىدا مالىماتاڭ بولۇپ كەتتى. مەسىلەن، مەلۇم بىر كىتابتا: «مەسچىت، ئىسلام دىنىنىڭ پەرھىزلىرىنى ئادا قىلىدىغان جاي» دەپ چۈشەنچە بېرىلگەن. مۇشۇ بىر جۈملە سۆزنى تەھلىل قىلىپ باقايلى.

پەرھىز — قىلماڭ، بۇ ئىشنى قىلىسىڭىز زىيان تارتىسىز، بۇ ئىشتىن ئۆزىڭىزنى تارتىڭ، دېگەن مەزمۇننى بىلدۈرىدىغان سۆز. ئاپتور ياكى تەرجىمان «پەرز» — يەنى، بۇ ئىشنى چوقۇم قىلىمىسىڭىز بولمايدۇ، بۇ ئىشنى قىلىشىڭىز شەرت، دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا، قارشى مەنىدىكى «پەرھىز» دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەن. ئەسلىدە مۇھەررىرنىڭ ۋەزىپىسى ئەسەردىكى خاتالىقلارنى ئوڭشاش، مۇكەممەللەشتۈرۈش بولسىمۇ، مۇھەررىردە بۇ جەھەتتىكى بىلىم كەمچىل بولغاچقا بۇ سۆزگە ئېتىبار بەرمىگەن ياكى ئاپتورغا ئىشىنىپ كەتكەن.

بىز «پەرھىز»نى توغرا چۈشىنىپ، ئۇنى «پەرز» دەپ ئالايلى. ئەمما بۇ جۈملىدە يەنىلا ئىنتايىن زور بىر خاتالىق تۇرىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ پەرزلىرىنى پەقەت مەسچىتتىلا ئادا قىلىپ بولغىلى بولامدۇ؟

ئىسلام دىنىدىكى ئاساسلىق بەش پەرز:

1. ئىمان ئېيتىش: بۇنى ھەرقانداق جايدا، ماكاندا ئورۇندىغىلى بولىدۇ.

2. ناماز ئوقۇش: نامازنى مەسچىتتىلا ئەمەس، ئۆيدە ۋە باشقا ھەرقانداق جايدا ئوقۇش مۇمكىن.

3. روزا تۇتۇش: مۇسۇلمانلار ئاساسەن ئۆز ئۆيلىرىدە روزا تۇتىدۇ ۋە روزا تۇتقان ھالەتتە ھەرقانداق جايدا تىرىكچىلىك ئىشلىرى بىلەن يۈرسە بولىۋېرىدۇ.

4. ئۆشرە - زاكات: ئىقتىسادىي جەھەتتىن قىيىنچىلىقى يوق مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن دېھقانلارغا يەردىن چىققان ھوسۇلنىڭ 1/10 قىسمى ئۆشرە، شەھەر خەلقىنىڭ ئۆز تۇرمۇشىدىن ئېشىنىپ بىر يىلغىچە ئىشلىتىلمەي تۇرغان پۇل - مېلىنىڭ 1/40 قىسمى زاكات ھېسابلىنىدۇ، بۇنى كەمبەغەل، قەرزدار، مۇساپىر، كېسەل - مېيىپ، ئاجىز - ئورۇقلارغا

بېرىش پەرز. ئۇنداق قىلمىغانلار مۇكەممەل مۇسۇلمان ھېسابلانمايدۇ. دېمەك، بۇ پەرزنىمۇ خاماندا، ئۆيدە ياكى كوچا ـ بازارلاردا ئورۇنداش مۇمكىن.

5. ھەج: يېتەرلىك پۇل مېلى بار، قىز ـ ئوغۇللىرىنى ئوقۇتۇپ، ئۆي ـ ئوچاقلىق قىلىپ بولغان، ھەجگە بېرىپ ـ كەلگۈچە ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى قىيىنچىلىق تارتىپ قالمىغۇدەك ھالەتتە ئىقتىسادى بولغان ئادەمنىڭ ھەج قىلىشى پەرز. ھەج ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ، يىراق ـ يىراقلارغا بېرىپ ئادا قىلىدىغان پەرزدۇر.

دېمەك، مۇھەررىرلەر بولۇپمۇ كلاسسىك ۋە دىنىي ئەسەرلەرنىڭ تەھرىرلىگۈچىلىرى بۇ جەھەتتىكى بىلىملىرىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى، ئىزدىنىشى كېرەك. بىلمىگىنىنى باشقىلاردىن سورىغانىنىڭ زىيىنى يوق.

كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ كوررېكتورلىرى مۇھەررىرنىڭ قەلىمىگە ھۆرمەت قىلىشى، ئۆزىنىڭ قىياسى ياكى خاتا چۈشەنچىسى بىلەن سۆزلەرنى خالىغانچە ئۆزگەرتمەسلىكى كېرەك. كۆپ ھاللاردا ئاراز ـ ئازارغا، سەرۋى ـ سەۋرىگە، بىلە ـ بىلەنگە ئۆزگەرتىپ قويۇلىدۇ. بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ ھەقتە ئالاھىدە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا كلاسسىك ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىۋاتقان تەتقىقاتچىلىرىمىزغا شۇنى دېيىش ھاجەتكى، بىرەر ئەسەرنى تەتقىق قىلماقچى بولغىنىمىزدا ئاشۇ ئەسەرنى تولۇق چۈشىنىشىمىز، ئۇنىڭ بىرقانچە تورلۇك نۇسخىلىرىنى كۆرۈپ چىقىپ، ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق پەرقىنى بىلىۋېلىشىمىز ۋە ئاشۇ ئەسەرنىڭ نەشرگە تەييارلانغان (يەشمە) نۇسخىسى بىلەن ئەسلى ئەسەرنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق يەكۈن چىقىرىشىمىز زۆرۈر. ئۇنداق بولمىغاندا كلاسسىك ئەسەرلەر تەتقىقاتىدا باشقا ئەللەرگە يېتەكچى، ئۈلگە بولۇش ئەمەس، بەلكى كۈلكىگە قالىدىغان ئەھۋاللار يۈز بەرمەيدۇ، دېگىلى بولمايدۇ.

نۇرغۇن ئەللەر بىزنىڭ قەدىمىي مەدەنىيەت بايلىقلىرىمىزغا قىزىقماقتا. بىر قىسىم چەت ئەللىك تەتقىقاتچى ئالىملار يۇرتىمىزغا بىر ـ ئىككى قېتىم كېلىپ ماتېرىيال ئىگىلەش ئارقىلىق يازغان ئىلمىي ئەسەرلىرى بىلەن خېلى يۇقىرى ئىلمىي ئۇنۋانلارنى ئالالايدىكەن، دېمىسىمۇ بىزدە ماتېرىيال شۇنچە مول ئەمما ئۇنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن تەتقىق قىلىدىغان يەنى، ئىزدىنىش، تەكشۈرۈش، سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆزى تەتقىق قىلماقچى بولغان مەسىلىنى تەھقىقلەيدىغان ئادەم ئانچە كۆپ ئەمەس. ھەتتا «نەۋائىي»نى «ناۋاي»، «ئۇدغۇرمىش»نى «ئوغرى مۇشۇك» دەپ ئاتاپ تۇرۇپ «تەتقىق» قىلىۋاتقانلارمۇ يوق ئەمەس. مەن باشقىلارنى ئەيىبلىمەكچى ئەمەسمەن. يۇقىرىقىدەك قىسمەن كىشىلەر ھەتتا بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئۇيغۇرچە يەشمىسىنىمۇ كۆرۈپ باقمىغاندەك قىلىدۇ. بەلكى باشقا تىلغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىغا ئاساسلانغانلىقى ئۈچۈن، يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئۈچۈن جاپالىق ئىشلەۋاتقان، ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا دەم ئېلىش كۈنلىرىنىمۇ خىزمەت بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان، مىللەتنىڭ بىباھا گۆھەرلىرىنى قېزىشتا كەتمەن ـ گۈرجەك تۇتالمىسا، ئالقانلىرى ـ بارماقلىرى بىلەن بولسىمۇ تىرمىشىپ قېزىۋاتقان، تېلېۋىزور ئېكرانلىرىنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەن، ئۆزىنىڭ ئېقىن سۇدەك تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھاياتىنى ئۆزى سۆيگەن كەسىپكە تەقدىم قىلىۋاتقانلىقىنى ئويلىغىنىدا يۈرەكلىرى قايتىدىن ياشىرىدىغان، ئۆزىنىڭ مەنىۋى بەختىنى مۇشۇ كەسىپتىن تېپىۋاتقان تەمەسىز، قەدىردان كەسىپداشلىرىمىنىڭ بۇ جەھەتتە توختىماي ئىلگىرىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ھەممىمىز تىرىشايلى، بۇ يولغا قەدەم باسقان ئىكەنمىز، ھەرگىز چېكىنمەسلىكىمىز، ئوقۇش، چۈشىنىش، تەتقىق قىلىش جەريانىدىكى تۈرلۈك ـ تۈمەن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەندە، بىر ـ بىرىمىزگە يار ـ يۆلەكتە بولۇشىمىز، ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللاردەك بىر ـ بىرىمىزگە مېھرىبانلىق يەتكۈزۈشىمىز، بۇ ئارقىلىق ئەجدادلىرىمىز بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن بايلىقلارنى قېزىپ چىقىشىمىز لازىم. ھەسەت، پىتنىخورلۇق، خۇشامەت، ئالدامچىلىق، بىر ـ بىرىنى پۇتلاشتەك ناچار ئىللەتلەر بىزدىن يىراق ـ يىراقلاردا تۇرسۇن. ئۆزىمىزنىڭ گۈزەل پەزىلىتىمىز ئارقىلىق ئەۋلادلىرىمىزغا ئۈلگە كۆرسىتىپ، ئۇلارغا يول ئاچساق، ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھى بىزدىن رازى بولىدۇ، شۇ چاغدىلا بىز ئۇلارغا يۈز كېلەلەيمىز، خەلقىمىزگە ۋە پۈتكۈل جەمئىيەتكە يۈز كېلەلەيمىز.

جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

# «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى كىيىم ـ كېچەك زىبۇزىننەت مەدەنىيىتىگە نەزەر

تۇرنىسا روزى*

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى كىيىم ـ كېچەك، زىبۇزىننەتكە مۇناسىۋەتلىك سۆزلەملەر تاللاپ ئېلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىنىشى، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ گۈزەللىككە ئىنتىلىشى ۋە ياسىنىش ئادىتى، كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ تۈرلىرى شۇنداقلا ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ جەھەتتە دۇنيا مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىلىرى بايان قىلىنىدۇ.

摘要：本文选取《突厥语大词典》中有关服饰的词语，以此为例详细论述维吾尔族的衣着、维吾尔族妇女爱美、打扮的习俗、衣服的种类以及维吾尔族对世界文化所做的贡献。

**Abstract**: Insisting on the inner relationship between scientific development outlook and constructing socealist peaceful society. this article fully exposes the importance and necessity of instructing socealist peaceful soceal construction with the help of scientific outlook.

مەھمۇد قەشقەرى پۈتۈن دۇنياغا مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى، تىلشۇناس ۋە ئەدىبتۇر، جاھان تۈركولوگىيە ئىلمى ۋە سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسچىسى. ئۇنىڭ نامى ئۆزىنىڭ جاپالىق ئىلمىي ئەمگىكىنىڭ غايەت زور نەتىجىسى بولغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئۆلمەس ئەسىرى بىلەن بىللە نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان ئالەمگە مەشھۇر بولۇپ ياشاپ كەلمەكتە.

مەلۇمكى، ئەمگەكچان ۋە ئىجادچان ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئۇزاق يىللىق تارىخىي جەريانىدا رەڭگارەڭ ۋە مول مەدەنىيەت خەزىنىسىنى يارىتىپ جۇڭخۇا مەدەنىيىتى جۈملىدىن دۇنيا مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئۆزىگە مۇناسىپ تۆھپىلەرنى قوشقان. ئىلىم ـ پەن، ھۈنەر ـ سەنئەت ساھەسىدە ياراتقان ئاجايىپ كەشپىياتلىرى بىلەن جاھان مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسىلىشىدە چوڭ رول ئوينىغان.

دۇنيانىڭ مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن بىرى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تىلى ھەققىدە تارىختا بىرىنچى بولۇپ، مەھمۇد قەشقەرى تەكشۈرۈش ـ تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئۇلۇغ تىلشۇناس ئۆزىنىڭ بۇ چوڭ ئىلمىي خىزمىتىنى ئەڭ ئاۋۋال ئەمەلىي تەكشۈرۈشتىن باشلىغان. مەھمۇد قەشقەرى بۇ ھەقتە: «ئۇلارنىڭ شەھەر ۋە سەھرالىرىنى باشتىن ـ ئاياغ كېزىپ چىقتىم. تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل (چىيىل)، ياغما، قىرغىز قەبىلىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى خاتىرىلەپ چىقىپ، ئۇلاردىن پايدىلاندىم. شۇنىڭ بىلەن بۇ قەبىلىلەرنىڭ ھەربىرىنىڭ تىلى مېنىڭ دىلىمغا ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتى» دېگەنىدى.

مەھمۇد قەشقەرى ئەدەبىي تىلدىن باشقا ئوغۇز، قىپچاق، ئارغۇ ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ شېۋە، لېكسىكىلىرىنى ئاددىيلا تىل ماتېرىياللىرى سۈپىتىدە خاتىرىلىنىپ تىزىپ قويماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى، مورفولوگىيىلىك ھالەتلىرىنىمۇ ئىلمىي يوسۇندا تەكشۈرگەن. ئۇ ئۆز تىلىنىڭ ئەڭ يېتىشكەن مۇتەخەسسىسى بولغىنىدىن تاشقىرى، يەنە ئەرەب، پارس تىللىرىنىمۇ خۇددى ئۆز ئانا تىلىنى بىلگەندەك ئوبدان ئۆزلەشتۈرگەن.

مۇئەللىپ ئۆز كىتابىغا كىرگۈزگەن ھەربىر سۆز ـ ئىبارىنى كونكرېت، جانلىق مىساللار ئارقىلىق ئەرەبلەرنىڭ ئەدەبىي تىلىدا ئىنچىكە، نازۇك ئىبارىلەر بىلەن ناھايىتى چۈشىنەرلىك قىلىپ ئىزاھلاپ بەرگەن. ئۇ ئۆزى يازغان مۇقەددىمىسىدە: «ئەدەبىي يادىكارلىق ۋە پۈتمەس ـ تۈگىمەس بىر بايلىق بولۇپ قالسۇن دەپ، ئۇلۇغ تەڭرىگە سېغىنىپ، بۇ كىتابنى يېزىپ چىقتىم ۋە ئۇنىڭغا ،دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك، (تۈركىي تىللار دىۋانى)

* تۇرنىسا روزى: ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل تەتقىقات ئورنىنىڭ كاندىدات ئالىي تەتقىقاتچىسى. 830011

دەپ ئات قويدۇم» دېگەنىدى.

«دىۋان» XI ئەسىردىكى تۈركىي تىللارنىڭ تۇنجى لۇغىتى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىزنى مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونى ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا ئالاقىدار بولغان ئىنتايىن مول ماتېرىيال ۋە بىلىم بىلەن تەمىنلەيدىغان زور بىر قامۇس ھېسابلىنىدۇ.

«دىۋان»دىكى ئەدەبىي پارچىلار ئاساسەن ئىككى قىسىمدىن، يەنى ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىدىن تەركىب تاپقان.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي قەبىلىلەر تىللىرىنىڭ چوڭ قامۇسى. ئۇنىڭدا قەدىمكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ئىشلىتىپ كەلگەن ھەممە سۆزلۈكلەر دېگۈدەك گراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن كەڭ ۋە ئىلمىي ئاساستا شەرھلەپ بېرىلگەندىن باشقا، قەدىمكى ماقال - تەمسىل، ھېكمەتلىك سۆزلەر، ئەپسانە - رىۋايەتلەر ۋە شېئىر - قوشاقلاردىن نۇرغۇن مىساللار كەلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى باشقا خەلقلەرنىڭ قەدىمكى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرى، ئىجتىمائىي ھاياتى، ئۇرۇق - قەبىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى قاتارلىق ئېتنوگرافىيە ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلار ئەتراپلىق بايان قىلىنغان.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن ئىبارەت بۇ چوڭ قامۇس ئىنتايىن كەڭ ساھەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مەسىلەن، بۇنىڭدا ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، ئادەم ئورگانىزمى، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، ھەر خىل سايمانلار، ھايۋانات - ھاشاراتلار، دەل - دەرەخلەر، ئوت - چۆپلەر، مەدەن تاشلار، دورا - دەرمەكلەر قاتارلىقلارنىڭ ناملىرى، قەدىمكى مۇراسىم ۋە تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى، تارىخىي ئەھمىيەتلىك ۋەقەلەر ھەم تۈركىي تىلدا ھەرىكەت - ھالەتنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر ۋە باشقا ھەرخىل سۆز تۈركۈملىرى قالدۇرماي بېرىلگەن، شۇنداقلا تەپسىلىي ئىزاھلانغان. تېررىتورىيەلەرنىڭ ئۆزگىرىشى، خەلقنىڭ كۆپىيىشى، دەريا سىستېمىلىرى، تاغ تىزمىلىرى، ئۆتكەللەرنىڭ ھالىتى، مەركىزىي شەھەرلەرنىڭ ئورنى، يوللارنىڭ يىراق - يېقىنلىقى، ھەتتا جايلارنىڭ مەنزىرىسى ۋە كىشىلەرنىڭ ئادەتلىرى، مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەر ۋە باشقىلار شەرھلەنگەن. ئىشقىلىپ مۇئەللىپ كۆرگەن ۋە تەكشۈرگەنلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى توپلىنىپ ئەسلى بويىچە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردا سىستېمىلىق كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن. گەرچە بۇ مۇئەللىپ تەرىپىدىن كەمتەرلىك بىلەن «لۇغەت» دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئىنتايىن نۇرغۇن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇنىۋېرسال ئىلمىي قامۇس ھېسابلىنىدۇ.

مۇئەللىپ ئۆزىنىڭ چوڭقۇر ۋە كەڭ بىلىمىگە ئاساسەن ئۆز «دىۋان»ىنى ناھايىتى سىستېمىلىق، رەتلىك ۋە چۈشىنىشلىك ھالدا ئورۇنلاشتۇرغان.

ئومۇمەن ئالغاندا، «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۆز دەۋرىنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا ۋە تىلشۇناسلىق تارىخىدا مىسلىسىز زور نەمۇنە بولۇپلا قالماي، بۈگۈنكى ئىلىم دۇنياسىدىمۇ غايەت زور مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئەسەر بولۇپ تونۇلماقتا. چۈنكى ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىرى بىلەن تىلشۇناسلىقنىڭ تۇنجى ئۇستازى ۋە تۈركولوگىيە پېنىگە ئاساس سالغۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. جاھان تۈركولوگلىرى، تارىخشۇناسلىرى، ئەدەبىياتشۇناسلىرى مەھمۇد قەشقەرىگە ئۇستاز سۈپىتىدە چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن قاراپ، بىرمۇنچە جەھەتلەردە ئۇنىڭ كىتابىغا ئاساسلانماقتا. بولۇپمۇ بۇ ئەسەر قەدىمكى تۈركىي تىللارنى بارلىق گراماتىكىلىق قائىدىلىرى بىلەن تەتقىق قىلىشتا، قەدىمكى خەلق ئەدەبىياتى ۋە قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئېتنوگرافىيىلىك ۋە جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

بۇ ماتېرىياللارنىڭ شەخسەن مۇئەللىپ تەرىپىدىن ئۇزۇن يىللىق ئەمەلىي تەكشۈرۈش ۋە كۆزىتىشلەر نەتىجىسىدە توپلانغانلىقى تېخىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى

كىيىم - كېچەك ئادەمنىڭ ئەڭ ئاساسلىق زىننىتى، گۈزەللىك زوقىنىڭ ئەڭ تىپىك ئىپادىسى. ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى بولىدۇ. كىيىم - كېچەك جەھەتتىكى ئالاھىدىلىك شۇ مىللەتنى تاشقى جەھەتتە باشقا مىللەتلەردىن پەرقلەندۈرىدىغان مۇھىم بەلگىلەرنىڭ بىرى.

ئىنسانلارنىڭ كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىدىن كېيىنلا بارلىققا كەلگەن ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئۇتۇقلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ بىر مىللەتنىڭ ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇنلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ھەربىر تارىخىي دەۋردىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇجمە ئۆستۈرۈپ پىلە بېقىش، يىپەكتىن مەشۇت تارتىپ ھەر خىل رەڭدار كىمخاب، تاۋار - دۇردۇنلارنى توقۇشتا ئېلىمىز قەدىمدىنلا دۇنياغا مەشھۇر. جۈملىدىن ئۇيغۇرلار بۇ جەھەتتە ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى I، II ئەسىرلەردىن ئىلگىرىلا ئۇيغۇرلارنىڭ يىپەك توقۇلما بۇيۇملىرى يىپەك يولى ئارقىلىق رىم قاتارلىق مەشھۇر ئەللەرنىڭ بازارلىرىدا شۆھرەت تېپىپ، «زەركىمخاب» دەپ ناھايىتى ئەتىۋارلىنىش بىلەن بىللە يىپەك كانى

ئۇدۇنغا «يىپەك ئېلى» (Seris) دەپ نام بېرىلگەنىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى يىپەك بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان دېيىش ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ. مىلادىيە II ئەسىردە ياشىغان جۇغراپىيە ئالىمى پىتولىمى (مىلادىيىنىڭ 150 ـ يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ «جۇغراپىيە» ناملىق ئەسىرىدە «سېرىس ئېلى» دېگەن مەخسۇس بىر باب بولۇپ، هازىرقى شىنجاڭدا ياشىغۇچى خەلقنى «سېرىس» لار دەپ ئاتىغان. «سېرىس» سۆزى گرېكچە بولۇپ ئۇيغۇر تىلىدىكى «يىپەك» دېگەن سۆزنى كۆرسىتىدۇ. «غەربىي يۇرت توغرىسىدا خاتىرىلەر» دېگەن كىتابتا، خوتەندە ياۋا پىلە ئىنتايىن كۆپ، يىپەكتىن توقۇلغان شايى ـ ئەتلەس، چۇچۇنچىلەر ئىنتايىن پىششىق كېلىدۇ. پارقىراق ۋە ئېسىل بولىدۇ، دېيىلگەن.

شىنجاڭنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلما ماتېرىياللىرىدا يىپەك بۇيۇملىرىغا ئائىت قېزىلمىلار ئىنتايىن كۆپ. بۇنىڭ ئىچىدە كىمخاب، شايى ـ ئەتلەس، چۇچۇنچىلەر بار. بۇلار ناهايىتى زور ماهارەت بىلەن توقۇلغان بولۇپ بوياقلىرى ناهايىتى كۆركەم، گۈللىرى ئاجايىپ چىرايلىق چېكىلگەن.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «چىغرى» يىپەك ئىگىرىدىغان چاق، «كامان» بۆز ياكى گىلەم توقۇشتا ئارقاق بىلەن ئۆرۈچنى ئايرىيدىغان بىر خىل ئەسۋاب، «چەكمەن» يىپەك رەختكە زەر بېسىش، «تەختۇ» ئىگىرىلمىگەن مەشۇت، «كېمىشكە» قەشقەردىن چىقىدىغان گۈللۈك پالاس دېگەن سۆزلەر قەيت قىلىنغان.

ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ توقۇمىچىلىق هۈنىرىدىن پايدىلىنىپ هەرخىل گۈللۈك، گۈلسىز، ئارىلاشما تالالىق رەختلەرنى توقۇغان. يىپەك رەختلەرگە گۈل بېسىش، زەر بېسىش، كەشتىچىلىك، تېرە ئاشلاپ پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق تېخنىكىلار بىلەن شۇغۇللانغان.

ئۇيغۇر ئەرلىرى يۇڭ تىۋىتتىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن هەر خىل تۇماق ۋە قالپاقلارنى، رەڭگارەڭ چىمەن دوپپىلارنى كىيگەن، پوتا، بەلۋاغ ۋە نەقىشلىق كەمەر باغلىغان، قىزىل، قارا ياكى بولغارى ئۆتۈك كىيگەن. ئىمچا، كەمزۇل، جىلىتكە، چاپان، تون، پەشمەت، يەكتەك، كۆكسى، ياقىسى ۋە پەشلىرىگە گۈل نەقىشلەنگەن كۆڭلەك كىيگەن. ئۇيغۇر ئاياللىرى هەر خىل يۇڭ، يىپەك توقۇلما رەختلەردىن ناهايىتى نەپىس كۆركەم، يوللۇق چۇۋۇر پۈرمە كۆڭلەكلەرنى كىيگەن، يىپەك قول ياغلىقلارنى تۇتقان. ئەر ـ ئاياللارنىڭ شىم ـ تامباللىرىنىڭ پۇشقاقلىرىغا گۈل كەشتىلەنگەن. ئاياللار كۆڭلەك ياكى ئىمچا ئۈستىگە ئىم تاناپلار (تور يوپۇقلار) ئارتقان. ئۇيغۇرلار يەنە قاما، كەمچەت، سۆسەر، قۇندۇز، بولغۇن قاتارلىق قىممەتلىك هايۋان تېرىلىرىدىن هەر خىل جۇۋىلارنى تىكىپ كىيگەن.

ئۇيغۇرلار كىيىم ـ كېچەكنى نەپىس تىكتۈرۈپ كىيىش بىلەنلا قالماي، كىيىم ـ كېچەكلەرنى تېخىمۇ يارىشىملىق ۋە چىرايلىق ئىسكەتكە كىرگۈزۈش، يىپەك كىيىملەرنىڭ پۇرلاشقان يەرلىرىنى سىلىقلاش ئۈچۈن هاندۇۋا شەكىللىك دەزمالنى بارلىققا كەلتۈرگەن. دەزمال مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى بۈيۈك يېڭىلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىغا قوشۇلغان بىر تۆهپە هېسابلىنىدۇ. كروران گۈزىلىنىڭ قاتلاق ئىشتىنى دەل بۇنىڭ ئىسپاتى بولالايدۇ.

ئارخېئولوگلار مىلادىيە I ئەسىردىن II ئەسىرلەرگە تەۋە قەدىمكى قەبرىدىن پاختا يىپتا توقۇلغان بىر ئەرەنچە ئىشتان، بىر قولياغلىق، ئىككى باش ياغلىق ۋە پاختىدىن ياسالغان ئەدىللىك تاپقان. كۆنچى دەرياسى بويىدىكى بۇنىڭدىن 4000 يىل بۇرۇنقى قەبرىدىن قېلىن ۋە زىچ توقۇلغان كەندىر ئارىلاشمىسى ئىشلىتىلگەن بۇيۇملار چىققان.

ئۇيغۇرلار كىيىنىشكە بەك ئەهمىيەت بېرىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىنىش ـ ياسىنىش مەدەنىيىتىمۇ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ كىيىنىش ـ ياسىنىش ئادەت ـ ئەنئەنىلىرىمۇ ئۆزگىرىپ، بېيىپ، رەڭدارلىشىپ تېخىمۇ كۈچلۈك مىللىي تۈس ئالغان. جۈملىدىن جىنس ۋە ياش قۇرام پەرقىگە قاراپ كىيىنىش ـ ياسىنىش جەھەتتە ئۆزگىچە ئادەت ـ ئەنئەنە شەكىللەندۈرگەن.

ئەجدادلىرىمىز ئوۋچىلىق، كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلغان دەۋرلەردە چارۋا مال ۋە هايۋان تېرىلىرىدىن، قوي يۇڭى توقۇلمىلىرىدىن كىيىم كىيگەن. ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە پاختا توقۇلمىلىرى، پاختا ـ يۇڭ ئارىلاش توقۇلمىلار ۋە يىپەك توقۇلمىلىرىدىن كىيىم كىيىدىغان بولغان. ئوتتۇرا ئەسىردىلا قولياغلىق، باغىرداق، دەزمال قاتارلىق بۇيۇملارنى، تاش، سۆڭەك مونچاقلار ئورنىغا ئۈنچە ـ مەرۋايىت، ئالتۇن ـ كۈمۈش قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرىنى؛ ئۇپا ـ ئەڭلىك، سۈرمە، قاشلىق، ئۇسما قاتارلىق گىرىملىكلەرنى ئىشلىتىدىغان بولغان.

ئەجدادلىرىمىز ئۆزىنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش يولىدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى جەريانىدا، ئىشلەپچىقىرىش ساهەلىرى بويىچە ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى، جۈملىدىن شۇنىڭغا مۇناسىپ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى شەكىللەندۈرگەن.

كىيىم تىكىپ كىيىش ئۈچۈن توقۇمىچىلىق ئىشلىرى ئالاهىدە تەرەققىي قىلغان بولۇشى كېرەك. ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ توقۇمىچىلىق سانائىتىدىن پايدىلىنىپ هەر خىل گۈللۈك، گۈلسىز، ئارىلاشما

تالالىق رەختلەرنى توقۇغان. ئۇلار يۇڭ، يىپەك، پاختا قاتارلىقلاردىن توقۇلغان رەختلەردىن ناھايىتى نەپىس كۆركەم كىيىم ـ كېچەكلەرنى تىكىپ كىيگەن. ئۇلار ھەتتا ئۆزلىرى توقۇغان توقۇلما بۇيۇملارغا قانائەت قىلماي، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن رەخت ۋە كىيىم ـ كېچەكلەرنىمۇ كىرگۈزۈپ كىيگەن. «دىۋان»دا كىيىم ـ كېچەك تىكىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ھەر خىل رەڭدىكى پاختا، يىپەك رەختلەرنىڭ ئۆزىدىنلا نەچچە ئونى خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن: ئاغى، ئەشكۇرتى، كەمەك، لوختاي، خۇلىڭ، قافغار، كەنزى، زۇنكوم، چىناخسى. . . قاتارلىقلار. بۇ ئاتالغۇلاردىن ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ مەنزىرىسىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ.

كەشتىچىلىك ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىچىدە ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان ئىجتىمائىي كەسىپ، رەڭگارەڭ گۈل نۇسخىلىرى تىكىلگەن دوپپىلار، كەشتىلەنگەن رومال، كۆينەك، بەلۋاغ، بوۋاقلار ئىشتانپايپىقى، بۆشۈك ئۆۋدا ـ تاتقۇسى قاتارلىقلار ئۇيغۇر كەشتىچىلىكىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن، مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە تىپىك مەھسۇلاتىدۇر. بولۇپمۇ دوپپىچىلىق ناھايىتى ئومۇملاشقان بولۇپ، ئۇيغۇر قىز ـ ئاياللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئائىلە قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ شەكلى بولۇپ قالغان.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى مول ۋە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ تۆۋەندىكى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

### 1. باش كىيىم

باش كىيىم تىكىلگەن ماتېرىيالى ۋە ئۇنىڭ رولىغا قاراپ بۆك (دوپپا)، قالپاق، تۇماق، رومال، (ياغلىق) دەپ بىرنەچچە خىلغا بۆلىنىدۇ.

«قىزىللىغ»: جىيەكلىك بۆك، «بۆرك»: بۆك (دوپپا)، بۆنىڭ تۈرى كۆپ، شەكلى ھەرخىل، بۆك ئادەتتىكى سىيدام يىپ رەخت ۋە رەڭدار سىيدام يىپەك رەختتىن ھەرخىل گۈللەرنى چېكىپ تىكىلىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ قەدىمكى شەكلىنىڭ قانداقلىقى نامەلۇم. «دىۋان»دا سۆزلەم ئورنىدا «بۆك» دەپ بېرىلىپ شەكلى توغرىسىدا بىرنەرسە دېيىلمىگەن. ئەمما بۆككە ئالتۇن قاداقلارمۇ تۇتۇلغان. مەسىلەن: ئول بۆك بۇرتالادى — ئۇ بۆككە ئالتۇن قاداقلارنى بېكىتتى. ئەجدادلىرىمىز دوپپا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى تېخىمۇ كۆركەم كۆرسىتىش ئۈچۈن ئالتۇن قاداق تاقىغان. بۇنى «كىمسەن» دەپ ئاتىغان.

«قىيماچ» ئاق تىۋىتتىن ئىشلەنگەن بۆك بولۇپ، بۇنى چىگىللەر كىيىدۇ.

بۆك (دوپپا) ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت سىمۋولى بولۇپ، دوپپا كىيىش يەنىلا داۋاملىشىپ كەلمەكتە. دوپپا تېخىمۇ نەپىسلىشىپ، ئالىي ھۆرمەت ۋە ئىززەت تۇيغۇسىنى ئىپادىلەيدىغان «تون» كىيدۇرۇش ئەنئەنىمىزنىڭ ئورنىنى ھازىر دوپپا كىيدۇرۇش ئالدى.

«سۇقارلاچ» كۇلاھ، ئۇزۇن قالپاق. كۇلانىڭ شەكلى «٨» غا ئوخشاش ئۇچلۇق بولۇپ، ئاساسەن رەختتىن تىكىلىدۇ. ئادەتتە تاشلىق بىلەن ئەستەر ئارىلىقىغا تېپىز كىگىز ياكى پاختا ئېلىنىدۇ. كۇلا ئەمەلىيەتتە قالپاقنىڭ قەدىمكى شەكلى. ئەجدادلىرىمىز قەدىمكى دەۋردە ئەشۇنداق كىگىز قالپاق كىيگەن.

«قۇتۇرما» قايرىما بۆك. ئالدى ۋە ئارقا تەرىپىدە قايرىمىسى بولغان قالپاق. قالپاقنىڭ باشتىن چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن «ساقالدۇرۇق» ئېگەكباغ ئىشلەتكەن. ئۇ، يىپەكتىن توقۇلغان بولۇپ، ئېڭەكتىن قوشۇپ باغلاپ قويۇلىدۇ.

«ياڭالدۇرۇق» يامغۇرلۇق بۆك. يامغۇردىن ۋە شىۋىرغاندىن ساقلىنىش ئۈچۈن تىكىپ قويۇلغان كىگىز قالپاق.

ئۈچىنچى، ياغلىق ئومۇم ئاتالغۇ بولۇپ، «رومال، شال» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «دىۋان»دا «ساراغۇچ» يەنى ئاياللارنىڭ روملىنىڭ بىر خىلى دەپ ئېلىنغان. مەسىلەن: ئاراغۇت ساراغۇچلاندى → خوتۇن سارىغۇچ سالدى.

رومال يەنى شايى ياغلىق. خوتەن، قەشقەرنىڭ قول سانائەت مەھسۇلاتى بولۇپ، ئىشلەتكەن خام ئەشياسىغا قاراپ بىرنەچچە خىلغا ئايرىلىدۇ، رەڭگى ھەر خىل بولىدۇ. شايى ياغلىقتىن قالغانلىرى كېيىنكى دەۋرلەردە غەرب ئەللىرىدىن كىرگەن.

«تەرىنچەك»: پەرەنجە، يەڭسىز ئۇزۇن چاپان بولۇپ، ياتلىق بولغان ئاياللار تالا ـ تۈزگە چىققاندا بېشىغا ئارتىپ چىقىدۇ.

### 2. ئىچ كىيىم

ئىچ كىيىمنىڭ تۈرلىرى خېلى كۆپ بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپلا ئەجدادلىرىمىز ئىچ كىيىمگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن.

جىلىتكە: جىلىتكە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئاتىلىشى بولۇپ، شەكلى ھەر خىل بولىدۇ. ئادەتتە كۆڭلەكنىڭ ئۈستىگە، چاپاننىڭ ئىچىگە كىيىلىدۇ. مەيلى قايسى خىلدىكى جىلىتكە بولسۇن كەچ ـ كۈز، ئەتىياز پەسىللىرىدە كىيىلىدۇ. «دىۋان»دا «ئارتېغ»: ئاياللچە جىلىتكە، «ئىچمەك» ئەرەنچە تېرە جىلىتكە دەپ بېرىلگەن، بىراق شەكلى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلمىگەن.

«باغىرداق» لىپتىك. قەدىمدە ئاياللارنىڭ باغىرداق تاقايدىغانلىقى، مەدەنىيەتنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. چۈنكى باغىرداق مەدەنىيىتى ئىنسانىيەت كىيىم ـ كېچەك تارىخىدىلا ئەمەس،

كىيىم ـ كېچەك غايەت زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بۇگۈنكى كۈندىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرماقتا. بىز بۇنىڭدىن بۇ مەدەنىيەتنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىگە قوشقان مۇھىم بىر تۆھپىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

«ئۆم» ئىشتان، تامبال. تامبال ئاساسەن پاختا رەخت، تاۋار ـ دۇردۇن قاتارلىق رەختلەردىن تىكىلىدۇ. ئەرلەر ئاساسەن پاختا رەختتە تىكىلگەننى، ئاياللار پاختا ۋە تاۋار ـ دۇردۇندا تىكىلگەن تامباللارنى كىيەتتى.

«كۆڭلەك». كۆڭلەك ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچ كىيىمىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ ياز كۈنلىرى ئاساسەن كۆڭلەك كىيىلىدۇ. شەكلى ئون نەچچە خىل بولىدۇ. بەزى كۆينەكلەرنىڭ ياقىسى ياكى بېلىگە لېنتا شەكىللىك بوقۇچ چېگىلىدۇ. بۇ «بوغماق» (كۆينەك بوقۇچى) دەپ ئاتىلىدۇ.

## 3. تاشقى كىيىم

ئۇيغۇرلاردا تاشقى كىيىم «چاپان، ئىشتان» دەپ ئاتىلىدۇ. چاپان تاشقى كىيىمنىڭ ئومۇم ئاتىلىشى بولۇپ، شەكلىگە قاراپ يەنە خاس نامدا ئاتىلىدۇ. قەدىمدە قىشلىق ۋە يازلىق ھەر خىل ئاساسلىق كىيىملەر بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن:

«ئىچۇك» بۇلغۇن، سۆسەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋا. ئەجدادلىرىمىز قەدىمكى دەۋرلەردە بولغۇن، سۆسەر، قاما قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدىن ئەلا سۈپەتلىك ئېسىل جۇۋىلارنى تىكىپ كىيگەن. بۇ ھازىرمۇ بىزنىڭ مۇھىم قىشلىق كىيىملىرىمىزدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«كۈرك» جۇۋا. ھەر خىل ھايۋان تېرىلىرىدىن ئىچلىك قىلىنىپ تىكىلىدىغان جۇۋا. بۇ ئاساسەن بۇلغۇن، تىيىن تېرىلىرىدىن ئىچلىك قىلىنىپ تىكىلىدۇ. جۇۋا تىكىش ئۈچۈن تەييارلانغان تېرە «ئەمشەن» دېيىلىدۇ.

«قارس» يۇڭ چەكمەن چاپان. تۆگە ياكى قوي يۇڭىدىن ئىشلەنگەن رەختتە تىكىلگەن كىيىم. ئۇ بۇرۇن ئاساسلىق قول سانائەت مەھسۇلاتى بولۇپ، يۇڭ ياكى پاختىدىن توقۇلغان چەكمەندىن تىكىلىدۇ.

«قافتان» تون. توننىڭ قەدىمكى شەكلىنىڭ قانداقلىقى نامەلۇم. توننىڭ ياقا ۋە پېشىنىڭ شەكلىگە قارىغاندا ئۇنىڭ ئەسلى شەكلىنى يەكتەككە ئوخشاش دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. بەلۋاغ ئورنىدا تۆت بۇرجەكلىك گۈل ئىشلەنگەن ياغلىق چېگىلىدۇ. بۇنداق كەشتىلەش «چەكنەدى» دېيىلىدۇ. مەسىلەن: قىز چەكىن چەكنەدى ← قىز كەشتە كەشتىلىدى، قىز زەر يىپ بىلەن يىپەك رەخت ئۈستىگە كەشتە تىكتى. يەنى بەزى تونلارغا چۇچا تۇتۇلىدۇ بۇ «ساچۇ» دېيىلىدۇ.

ئەجدادلىرىمىز بۇلاردىن باشقا يەنە ئىككى بېقىنىدىن ئىزما بېكىتىپ، توپچىلاپ قويىدىغان تونلارنىمۇ كىيگەن. بۇنداق ئىزمىلاش «چىرغۇي» دەپ ئاتىلىدۇ.

«چەكشۇ» قىسقا پاختىلىق چاپان.

«بەرتۇ» پەلتۇ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ كىيىم تۈرىنىڭ بىر خىلى بولۇپ، تۈرى ھەر خىل، شەكلىنىڭ قانداقلىقى نامەلۇم.

«بارتۇ» كەمزۇل، قىسقا پەلتۇ.

بۇرۇن مەيلى ئەرەنچە ياكى ئايالچە بولسۇن ئەجدادلىرىمىز قاما، كەمجەت، سۆسەر، قۇندۇز، بۇلغۇن تېرىلىرىدىن تىكىلگەن ھەر خىل قىشلىق كىيىملەرنى كىيگەن. بۇنداق تېرىلەردىن تىكىلگەن كىيىملەر ھېلىھەم ئالىي تاۋارلاردىن ھېسابلىنىدۇ.

«ئۇتران» ئىشتان. پاختا رەخت، قوي تېرىسى قاتارلىق مەھسۇلاتلاردىن تىكىلىدۇ. ئىشلەتكەن خام ئەشياسىغا قاراپ بىرنەچچە خىلغا ئايرىلىدۇ، ئىشتانمۇ ئەرەنچە، ئايالچە بولىدۇ. ئەرەنچە ئىشتان ئايالچە ئىشتاندىن سەل كالتىراق، پۇشقىقى تارراق بولۇپ ئۇزۇنلۇقى ھوشۇق ئۈستىگە تەگلىشىدۇ. ئايالچە ئىشتاننىڭ پۇشقىقى كەڭرەك بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى ھوشۇق بىلەن تەڭلىشىدۇ. شەكلى ھەر خىل بولىدۇ.

«ئۇتۇك» دەزمال. هاندۇۋا شەكلىدە بولىدىغان بىر پارچە تۆمۈر، كىيىمنىڭ چەكلىرىنى تۈزلەش ئۈچۈن ئۇنى قىزىتىپ ياقىدۇ. مەسىلەن: ئول تونۇغ ئۇتىدى. ئۇ توننى دەزماللىدى، ئۇ توننىڭ پۈرلەشكەن جايلىرىنى تۆمۈر پارچىسى بىلەن دەزماللاپ تۈزلىدى. بۇ «ئۇتىدى» دېيىلىدۇ. ئۇيغۇرلار كىيىم ـ كېچەكنى نەپىس تىكتۈرۈپ كىيىش بىلەنلا قالماي، كىيىم ـ كېچەكلەرنى تېخىمۇ يارىشىملىق ۋە چىرايلىق ئىسكەتكە كىرگۈزۈش، كىيىملەرنىڭ پۈرلەشكەن جايلىرىنى تۈزلەش ئۈچۈن هاندۇۋا شەكىللىك دەزمالنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى ساھەسىدە پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان يەنە بىر ئىلغارلىقى.

ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلارغا قارىغاندا بۇنىڭدىن تەخمىنەن 4000 يىل بۇرۇن بۇ زېمىندا دەزمال مەدەنىيىتى بارلىققا كەلگەن. كروران گۈزىلىنىڭ قاتلاق ئىشتىنى دەل بۇنىڭ ئىسپاتى بولالايدۇ.

دەزمال مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى بۈيۈك يېڭىلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىغا قوشۇلغان بىر تۆھپە ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا قەدىمدىن تارتىپ بەزى خاس كىيىم ـ كېچەكلەر بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرۈلگەن. چۈنكى كىيىم ـ كېچەك يالغۇز بىر مىللەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئومۇمىي ئالاھىدىلىكلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، يەنە شۇ چاغلاردا ھەرقايسى تەبىقىلەرنىڭ، يۇقىرى ـ تۆۋەن مەرتىۋىدىكىلەرنىڭ،

ئىجتىمائىي، سىياسىي ئورۇندىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس كىيىم - كېچەكلىرى بولغان. مەسىلەن:

«چەكمەن» يۇڭ رەختتىن تىكىلگەن يانچۇقسىز تون. بۇنى قۇللار كىيىدۇ.

«ياپىنچا» كېپىنەك تون. پادىچىلار قار - يامغۇردىن ساقلىنىش ئۈچۈن يېپىنىۋالىدىغان يەڭسىز تون.

«كەدۇك» باش كىيىم. يۇڭدىن توقۇلۇپ دوبۇلغىنىڭ ئىچىگە كىيىدىغان بىر خىل باش كىيىم. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ دۇبۇلغىغا ئوخشايدۇ.

«كەرۈت» كىيىمت. كۆپىنچە تويدا ئىشلىتىدىغان كىيىم - كېچەك. يەنى كۈيئوغۇلنىڭ ۋە كېلىنىنىڭ يېقىنلىرىغا سوۋغا قىلىپ كىيدۈرىدىغان كىيىم - كېچەك.

## 4. ئاياغ كىيىم

ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن شىنجاڭ رايونى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاق هاۋا ئىقلىم رايونىغا مەنسۇپ بولۇپ، تۆت پەسىلنىڭ ئايرىلىشى روشەن. شۇڭا، بۇ رايوندا ياشىغان ئۇيغۇرلار بۇ خىل مۇهىتقا ماس هالدا تۆت پەسىلدە ئوخشاشلا كىيگىلى بولىدىغان هەر خىل مىللىي كىيىم - كېچەكلەرنى ئىجاد قىلغان.

هايۋان تېرىلىرىدىن ئاياغ كىيىم ئىشلەش ناهايىتى يۇقىرى تېخنىكا تەلەپ قىلىدۇ. ئاياغ كىيىم خېلى بۇرۇنلا پۈتنى ئاسراش ئېهتىياجىدىن هالقىپ، كىشىلەرنىڭ گۈزەللىك، نەپىسلىك ئۆلچىمى، جىنسى ۋە پەسىل جەهەتتىكى ئۇيغۇنلۇقى قاتارلىق جەهەتلەرگە ئالاهىدە ئەهمىيەت بېرىلگەن. ئۇيغۇرلار پەسىللەرگە ماسلاشتۇرۇپ، ئەر - ئاياللارغا خاس، بەدەن قىياپىتىگە ماس كېلىشتەك ئالاهىدە زۆرۈرىيەت بىلەن يۇڭ ۋە تېرىنى ماتېرىيال قىلىپ ئاياغ كىيىمنى ئىشلەپ چىققان. ئۆتۈكنىڭ تۈرلىرىمۇ كۆپ بولغان. مەسىلەن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ياز پەسلىدىمۇ ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك كىيىدىغان كىشىلەر هازىرمۇ بار.

تارىخچى مېكوۋېن ئۆزىنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا قەدىمكى دۆلەتلەر تارىخى» دېگەن كىتابىدا: «نىل، دەجلە - ئېفرات دەريا ۋادىسى، شۇنداقلا خۇاڭخې دەريا ۋادىسىدىكى رايونلاردا ياشىغان قەدىمكى كىشىلەر ياغاچتىن ئىشلەنگەن كەشلەرنى كىيمەيتتى، تېرىدىن ئىشلەنگەن ئۆتۈك كىيمەيتتى. ئۆتۈك ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ، بولۇپمۇ شىنجاڭ رايونىنىڭ ئەنئەنىۋى مەهسۇلاتى بولۇپ، ئەڭ بۇرۇن شىنجاڭدا كەشىپ قىلىنغان» دەپ يەكۈن چىقارغان.

شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئەڭ كېچىككەندىمۇ بۇنىڭدىن 4000 يىل بۇرۇن ئۆتۈكنى ئىختىرا قىلغان، بۇ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردىمۇ تەكرار ئىسپاتلاندى. مەسىلەن، چەرچەن ناهىيىسى زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تۆت جەسەت قېزىۋېلىنغان. ئۇلارنىڭ بىرى ئەر، ئۈچى ئايال، ئەر جەسەتنىڭ پۇتىغا تىزىدىن ئېشىپ تۇرىدىغان گۈل بېسىلغان رەڭدار كىگىز پايپاق، ئۇنىڭ تېشىغا بۇغا تېرىسىدىن تىكىلگەن ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك كىيدۈرۈلگەن. ئايال جەسەتلەرنىڭ پۇتىغىمۇ ئۆتۈك كىيدۈرۈلگەن. يەنە باشقا قەبرىلەردىنمۇ هەر خىل رەڭدىكى تېرە ئاياغ، چەمى تېرە، قونجى كىگىز ئاياغلار، ئۇزۇن، قىسقا كىگىز پايپاقلار تېپىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى ئۇدەكلىك قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن (4000 يىل بۇرۇنقى بىر قەبرىدىن) كالا تېرىسىدىن تىكىلگەن ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك چىققان. دۇنيا بويىچە تۆت چوڭ قەدىمكى مەدەنىيەت مەركىزىدىن ياغاچتىن ياسالغان چىغىسمان ئۆسۈملۈك نوتىلىرىدىن توقۇلغان، ئاياغ كىيىم ئەۋرىشكىسى چىققاندىن باشقا تا بۈگۈنگە قەدەر باشقا رايونلاردىن ئۆتۈك ئەۋرىشكىسى تېپىلمىدى.

هازىرقى ئارخېئولوگىيىلىك ماددىي ئىسپاتلارغا ئاساسلانغاندا، ئەجدادلىرىمىز يىراق قەدىمكى زامانلاردىلا ئۆتۈكنى ئىجاد قىلىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىغا تېگىشلىك هەسسىنى قوشقان ۋە بۇ تېخنىكىسىنى شەرقىي ئاسىيا بىلەن جەنۇبىي ياۋروپا ئەللىرىگە تارقاتقان.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئاياغ كىيىمى ئۆتۈك، چورۇق، كەش بولۇپ، ئۆتۈك كىيىش ئادىتى هازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

ئۇ دەۋرلەردە ئايالچە ئۆتۈك «بۆكۈم» دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئاياللارنىڭ ئۆتۈكى ئەرلەرنىڭكىگە قارىغاندا تېخىمۇ نەپىس، چېكىلگەن گۈللىرى تېخىمۇ كۆركەم ئىشلەنگەن. ئۆتۈكلەر ئىنتايىن سىپتا، نەپىس ئىشلىنىپلا قالماي، كەشتە قىلىنغان شەكىللىرى يەنى ئۆتۈكنىڭ تۇمشۇقى ۋە پاشنىلىرىغا زىننەت ئۈچۈن هەر خىل تەڭگىلەر قادالغان. بۇ «تىزىلدۈرۈك» دەپ ئاتىلغان.

«يىشىم» سايما. سوغۇق ئۆتمەسلىك ئۈچۈن ئاياغ كىيىم ئۈستىگە تىزغىچە كىيىۋالىدىغان ئۆتۈككە ئوخشاش نەرسە.

«ئىزلىق» چورۇق. هايۋان تېرىسىدىن قىلىنىدۇ. چورۇق ئەيلەنگەن تېرىدە هازىرلىنىدۇ. چورۇقمۇ قىشلىق، يازلىق ئىككى خىل كېلىدۇ. قىشلىق چورۇق ئۇزۇن قونچلۇق كىگىز پايپاق ئۈستىگە تارتىلىدۇ. مەسىلەن: چارۇقلادى، چورۇق كىيدى. ئاياغ ياكى چورۇق قىلىش ئۈچۈن تەييارلانغان تېرە «پۇچغاق» دەپ ئاتىلىدۇ.

«باشماق» ، كەش. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى يازلىق ئاياغ كىيىمى بولۇپ، كۆندىن تىكىلىدۇ. كەش يازلىق ئاياغ سۈپىتىدە كىيىلىشتىن تاشقىرى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزۇن يىللىق تۇرمۇش ئەمەلىيىتى

نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان سوغۇق يەلدىن كېلىپ چىقىدىغان پۇت ئاغرىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەجرىبىلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەجدادلىرىمىز يەنە «كۆركە» دېگەن ياغاچ ئاياغنىمۇ كىيگەن.

### 5. قوشۇمچە كىيىملەر

قوشۇمچە كىيىملەر ئاساسلىق كىيىملەر بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرۇپلا قالماي، مەدەنىيەتلىك دەرىجىسى جەھەتتە ئاساسلىق كىيىملەردىن يۇقىرى تۇرىدۇ. قوشۇمچە كىيىملەر ئاساسلىق كىيىملەردىن خېلى كېيىن بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ تۈرى ناھايىتى كۆپ. قوشۇمچە كىيىملەرنىڭ كۆپ خىل بولۇشىمۇ شۇ خەلقنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

«ئۇلانۇ» بۇرۇن ئېرتىدىغان يىپەك قول ياغلىق، قويۇندا ساقلىنىدۇ.

«يالما» يېپىنچا، يامغۇرلۇق، پارسلار بۇنى تۈركلەردىن قوبۇل قىلىپ «يەلمە» دەپ ئاتىغان، ئەرەبلەر پارسلاردىن قوبۇل قىلىپ «يەلمۇق» دەپ قوللانغان.

«ياقۇ» يامغۇرلۇق. «كەزۈك» يامغۇرلۇق. بۇ يامغۇرلۇقلار ئېھتىياجغا ئاساسەن سۇغۇر تېرىسىدىن يەنى ھەر خىل گۈللۈك رەختلەردىن تەييارلىنىدۇ.

«كەمەك» بىر خىل گۈللۈك يىپ رەخت. بۇنىڭدىن يېپىنچا قىلىنىدۇ. قىپچاقلار بۇ رەختتىن يامغۇرلۇق تەييارلايدۇ.

«دەدەك» كېلىننىڭ يات كىشىلەرگە كۆرۈنمەسلىك ئۈچۈن بېشىغا ئارتىدىغان پۆركەنجىسى.

«بورونچوق» پۆركەنجە، «تەرىنچەك» پەرەنجە، «ئەلىكلىك» پەلەي، قولقاپ، «سۇۋلۇق» قولياغلىق، «ئەتەكلىك» پەشتامبال.

ئەجدادلىرىمىز ئۆزىنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش يولىدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى جەريانىدا ئىشلەپچىقىرىش ساھەلىرى بويىچە ئۆزىگە مۇناسىپ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئالدى بىلەن توقۇش قول ھۈنىرى مەيدانغا كەلگەن. كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى قەدىمكى قەبرىدىن چىققان يۇڭ پالاس، تون؛ چەرچەننىڭ زاغۇنلۇق قەبرىستانلىقىدىن چىققان ئەرەنچە، ئايالچە كىيىم ۋە بوۋاق يۆگىكى قاتارلىقلار نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ قول سانائىتى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، قول ھۈنەر توقۇمىچىلىقى، كۆن خۇرۇمچىلىقى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. بۇ ئىككى خىل مەھسۇلات ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلارنىڭ جۈملىدىن ئەتراپتىكى باشقا مىللەت خەلقىنىڭ كىيىم - كېچەك مەنبەسىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالغان.

«سۇينامە» بىلەن «تاڭنامە»لەردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر ئەرلىرى قالپاق ۋە چىمەن دوپپىلارنى كىيگەن، پوتا، بەلۋاغ ۋە نەقىشلىق كەمەر باغلىغان، قىزىل، قارا ياكى بولغارى ئۆتۈك كىيگەن. نىمچا، كەمزۇل، جىلىتكە، چاپان، تون، پەشمەت، يەكتەك، كۆكسى، ياقىسى ۋە پەشلىرىگە گۈل نەقىشلەنگەن كۆڭلەك كىيگەن. ئۇيغۇر ئاياللىرى يوللۇق چۇۋەر پۆرمە كۆڭلەك كىيگەن، ئەر - ئاياللارنىڭ ئىشتان - تامباللىرىنىڭ پۇشقاقلىرىغا گۈل كەشتىلەنگەن. ئاياللار كۆڭلەك ياكى نىمچا ئۈستىگە نىم تاناپلار (تور يوپۇقلار) تارتقان.

### ئۇيغۇرلارنىڭ ياسىنىش ئادىتى

مەلۇمكى ياسىنىش ئىنسانلاردىكى گۈزەللىك تۇيغۇسىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى. چۈنكى ياسىنىش ياكى گۈزەللىك ئادىتى ئىنسانلارنىڭ يىراق ئۆتمۈشتىكى تۇنجى ئەمگىكى جەريانىدا يېتىلگەن ئىپتىدائىي تەپەككۇرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا قارىتا ھاسىل بولغان گۈزەللىك تۇيغۇ - ھېسسىياتىدىن ئايرىلالمايدۇ. شۇڭا ئۇ ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ ھەممە ساھەسىگە ھامان چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. گۈزەللىكنى سۆيۈش، گۈزەللىككە ئىنتىلىش بارلىق مىللەتتە ئورتاق ھالەت. ئەمما مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش شارائىتى پەرقلىق بولغاچقا، كونكرېت ئىپادىلىنىشى ۋە ئادەت شەكلىمۇ ئوخشىمايدۇ.

ئەجدادلىرىمىز كىيىم - كېچەك ۋە زىننەت بۇيۇملىرى جەھەتتە ئۆزىگە خاس گۈزەللىك ئادىتىنى يېتىلدۈرۈپ قالماي، سىن - سىياق، مىجەز - خۇلۇق گۈزەللىكىدىمۇ كۈچلۈك مىللىي تۈسكە ئىگە ئادەت ئەنئەنىلەرنى يېتىلدۈرگەن. مەسىلەن: ئەرلەردە ساقال - بۇرۇتنى قىرىپ ياساپ، چېچىنى چۈشۈرۈپ تۇرۇش، يۈزىدىكى تۈكلەرنى قىرىپ تۇرۇش، بېشىغا دوپپا، تۇماق، ئۈستىگە كۆڭلەك ياكى يەكتەك، پەشمەت - ئىشتان، پۇتىغا ئۆتۈك كىيىپ، بېلىگە بەلۋاغ باغلاپ، يېنىغا غىلاپلىق پىچاق، ساقال تارغاق قاپچۇقى، ھەميان ئېسىپ يۈرۈش گۈزەللىك، نازاكەتلىكنىڭ بەلگىسى، پات - پات كىيىم يۆتكەپ، يۇيۇنۇپ تۇرۇش تەبىئەتلىكنىڭ بەلگىسى قىلىنغان. ئىسلامىيەتتىن كېيىن دىنىي قائىدە بويىچە ھەپتىدە بىر قېتىم يۇيۇنۇش، ھەپتە كۈنى كىيىم ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش، ساقال - بۇرۇتنى ياسىتىش دائىملىق ئادەتكە ئايلانغان.

ئاياللاردا چىراي - تۇرۇق گۈزەللىكى بويىچىمۇ ئۆزگىچە مىللىي تۈسكە ئىگە ئادەتلەر يېتىلگەن. بۇ ئادەتلەر ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىنىڭ تەبىئىي نەرسىلەر بىلەن پەرداز (گىرىم) قىلىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئاياللار قاش گۈزەللىكى ئۈچۈن ئوسما قويۇش، كۆز گۈزەللىكى ئۈچۈن سۈرمە سۈركەش، چاچ گۈزەللىكى ئۈچۈن چاچنى تۇم، ئۇزۇن ۋە ماڭلاي چاچ، سېكىلەك قويۇش، چاچباغ (چاچ تەڭگە) سېلىش، تىرناق گۈزەللىكى ئۈچۈن خېنە يېقىش، چىراي گۈزەللىكى ئۈچۈن يۈزىنى

ئىچىش ۋە ئۇپا ـ ئەڭلىك سۈركەشكە، خۇشبۇي بولۇش ئۈچۈن ئىپار، زەپە، سەندەل، ئەمبەر قاتارلىقلارنى ساقلاشقا ئادەتلەنگەن. كۆكرەك گۈزەللىكى ئۈچۈن بېغىرداق (لىپتىك) ئىشلىتىپ كەلگەن.

ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ گىرىم قىلىش ئادىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان مۇھىم ئۆلگىلەرنىڭ بىرى. ئۇيغۇر ئاياللىرى ئۆزىنىڭ تەبىئىي يارالمىش گۈزەللىككە قانائەت قىلماي، گۈزەللىككە بولغان تەلەپلىرىنى گىرىم قىلىش ئارقىلىق قاندۇرغان.

ئۇپا ـ ئەڭلىك سۈرۈش: بۇ توغرىدا «دىۋان» دا «ئەنلىك» : ئەڭلىك، خوتۇنلارنىڭ مەڭزىگە سۈرتىدىغان ئاچ قىزىل بوياق دەپ مەلۇمات بېرىلگەن. مەسىلەن: «كىرشەتلەندى» ئۇپىلاندى، ئۇپا ـ ئەڭلىك سۈرتتى. «كىرشەن» قوغۇشۇن ئۇپا.

يۈز ئېلىش (يۈز ئېچىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ) : بۇ چىراي گۈزەللىكى بويىچە قىلىنىدىغان بىر خىل پەرداز. بۇنىڭدا موچۈن ۋە مەشۇت يىپتا يۈز، قاپاق ۋە پېشانىدىكى يۇمران سېرىق تۈكلەرنى ئېلىپ يۈز ـ كۆزنى كۆركەملەشتۈرۈش مەقسەت قىلىنغاچقا «يۈز ئېلىش ياكى يۈز ئېچىش» دەپ ئاتالغان.

ئۇيغۇر ئاياللىرى يۈزىدىكى ۋە بەدىنىدىكى تۈكلەرنى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن تازىلاپ سىلىقلايدۇ. بەدەندىكى موپلارنى چۈشۈرۈشتە مەخسۇس تۈك چۈشۈرىدىغان «ئوردۇتال» دېگەن ھاك ئارلاشمىسى ئىشلىتىدۇ. ئادەتتە ئاياللار بىر ـ بىرىنىڭ يۈزىدىكى تۈكلەرگە يىپ سېلىپ سىلىقلاپ قويىدۇ. بۇ «مەندەشتى» دېيىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاياللارنىڭ يۈزلىرى سىلىق پاقىراق بولىدۇ.

شۇنداق زۆرۈرىيەت بولغاندا، ئەرلەر ئەينەككە قاراپ تۇرۇپ موچۈندا يۈز، قاپاقلىرىدىكى تۈكلەرنى تەرسە، ئاياللار (ئىككى ئايال) ھەمكارلىشىپ مەشۇت يىپنى يۈزىگە سۈركەپ ھىمىرىش ئۇسۇلى بىلەن يۈزلىرىدىكى سېرىق تۈكلەرنى ئېلىپ تاشلايدۇ، قاپاقلىرىنى مۇچۇندا تازىلايدۇ، قاشلىرىنى موچۇن بىلەن تېرىپ ئىنچىكىلەشتۈرىدۇ. يۈزلىرىنى ئېلىش ئالدىدا ئۇپا سۈرتىلىدۇ. بۇ «قىرتىشلەندى» دەپ ئاتىلىدۇ. (چىرايلىقلاشتى، چىرايلىق بولدى دېگەنلىك) .

يۈز ئېلىش ياكى يۈز ئېچىش ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئۇزۇن تارىختىن بۇيان، قىزلار بالاغەتكە يەتكەندە ياتلىق قىلىپ، بىر ئىككى باللىق بولغاندىن كېيىن يۈزىنى ئېچىپ قويۇش قىزلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى دەپ قارىلىپ كەلگەن. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئالاھىدە تەييارلىق قىلىپ، قىزىنىڭ رەسمىي ئاياللار قاتارىغا ئۆتكەنلىكىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن مەخسۇس مۇراسىم ئۆتكۈزۈشكە ئادەتلەنگەن.

مۇراسىم ئۆتكۈزۈشتىن بۇرۇن ئىككى نەپەر ئايال يۈزى ئېچىلغۇچىنىڭ باش ـ كۆزىنى يۇيۇپ ـ تاراپ، ماڭلاي ۋە سېكىلەك چېچىنى قايرىپ، چېچىنى ئىككى تال ئۆرۈيدۇ. يۈزىنى ئېلىپ، قاش ـ قاپاقلىرىنى تېرىپ، ئۇپا ـ ئەڭلىك سۈرۈپ، چىرايلىق كىيىندۈرۈپ ياساندۇرىدۇ. بۇ «قۇزاندى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق ئادەتلەرگە پېشقەدەملەر ھېلىھەم ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلمەكتە.

ئاجدادلىرىمىز چاچ گۈزەللىكىنى ئاياللار گۈزەللىكىنىڭ مۇھىم بىر ئۆلچىمى قىلىپ كەلگەچكە، ئاياللار چېچىنى ئاسراشقا، چاچلىق بولۇش، چېچىنى ئۇزۇن ئۆستۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. چېچى قارا، سۇمبۇل چاچلىقلارغا ھەممە كىشىنىڭ مەسلىكى كېلىدۇ. بىراق ھەممە ئاياللارنىڭ كۆڭلىدىكىدەك چېچىنىڭ بولۇشى ناتايىن. شۇڭا ئاياللار چېچىغا ئۆچكە چۈپۈرىدىن قىلىنغان ياسىما چاچ ئۇلايدۇ، بۇنداق يالغان چۈپۈر چاچ «ئۆڭمك» دەپ ئاتىلىدۇ. ئاياللارنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆرۈمە چېچى «ئۆرگۈچ» دېيىلىدۇ. ئاياللار يەنە ئۆچكە چۈپۈرىدىن ياسالغان ماڭلاي چاچ تاقىۋالىدۇ. بۇنداق چاچ سېلىش «ئانىكلەندى» دېيىلىدۇ. ئۆزىنىڭ ماڭلاي چېچى «بۇرچەك» دەپ ئاتىلىدۇ.

### ئۇيغۇرلارنىڭ زىبۇزىننەت تاقاش ئادىتى

ئۇيغۇر ئاياللىرى تەبىئەتتىكى ھەر خىل ئالتۇن، كۈمۈش، قاشتېشى ۋە ياقۇتقا ئوخشاش قىممەتلىك مېتال ۋە تاشلاردىن زىننەت ئۈچۈن ئىنتايىن كۆركەم، سىپتا زىننەت بۇيۇملىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۇلار بىلەن ئۆزلىرىنى زىننەتلەپ، تېخىمۇ گۈزەل كۆرۈنۈشكە تىرىشقان. خوتۇن ـ قىزلارنىڭ بويۇن ۋە قۇلاقلىرىدا تەبىئەت دۇنياسىدىكى گۈل ـ گىياھلار زىننەت بۇيۇملىرى بولۇپ ئەكس ئەتكەن.

ئۇيغۇر ئاياللىرى ھەر خىل ياقۇت ۋە تاشلاردىن مارجان، ئالتۇن كۈمۈشتىن بىلەيزۈك، ھالقا، ئۈزۈك، بۇلاپكا قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرىنى ياسىتىپ تاقىغان. مەسىلەن:

«باقان» : بويۇن ھالقا، چەمبەر. ئالتۇن ۋە ئالتۇنغا ئوخشاش نەرسىلەردىن ياسالغان بويۇن ھالقا. بۇ «ئالتۇن باقان» (بۇلاپكا) دېيىلىدۇ. مارجان «ساتا» دېيىلىدۇ. ئاياللار بويىنىغا ئاسىدۇ.

«مونچۇق» : قىممەتلىك تاشلاردىن ياسىلىدۇ. بۇنى قىز ـ ئاياللار زىننەت ئۈچۈن بويىنىغا ئاسىدۇ. مەسىلەن: قىز مۇنچۇقلاندى؛ قىز مۇنچاقلىق بولدى، تاقايدىغان ئۈنچە ـ مارجانلىق بولدى.

«ئۆكمەك» : زىرە. ئاياللارنىڭ قۇلىقىغا تاقايدىغان ئالتۇن ياكى كۈمۈش ھالقا. ئۆكمەكلەندى ← زىرىلىك بولدى، ھالقىغا ئىگە بولدى.

«تولغاغ» سۆكە، ھالقا. ئاياللار قۇلىقىغا تاقايدىغان ئۈنچە ھالقا. بۇ «يىنچۇ تولغاغ» دەپ ئاتىلىدۇ.

«بوت» بىر خىل قىممەتلىك چولڭ يېشىل چەش (پىروزە) بولۇپ، ئۆلۈغلارنىڭ ئوغۇل - قىزلىرى ماڭلىيىغا تاقايدۇ.

«بوز» بوز مونچاق. بۇمۇ بىر خىل زىننەت بۇيۇمى بولۇپ، ئىپار بىلەن سۆكتىن ياسىلىدۇ، ئاياللار تاقايدۇ.

«كۆپە» هالقا. بۇ هالقا زەنجىرلىك بولۇپ، ئاياللار قۇلىقىغا سالىدىغان هالقىنىڭ بىر خىلى.

«يۈزۈك» ياقۇت ۋە قاشتېشىدىن كۆز سېلىنغان ئالتۇن ئۈزۈك، ئاياللار بارماقلىرىغا سالىدۇ.

«بىلازۇك» ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن ياسالغان بىلەيزۈك. ئاياللار بىلەكلىرىگە تاقايدۇ. مەسىلەن: ئىشلەر بىلازۇكلەندى ← خوتۇن بىلەيزۈك سالدى.

«كەزلىك» ئاياللار زىننەت ئۈچۈن كىيىملىرىگە تاقايدىغان ياكى يېنىدا ساقلايدىغان كىچىك پىچاق.

«بوغماق»، بۇ نەرسە ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن ياسىلىپ، ئۈستىگە قىممەت باهالىق تاشلار ۋە مەرۋايىتلار ئورنىتىلىدۇ، نىكاھ كېچىسى ياسانغان كېلىنگە تاقاپ قويۇلىدۇ.

«دىدىم» نىكاھ كېچىسى كېلىنگە كىيدۈرۈلىدىغان ئوتۇغات، تاج.

ئۇيغۇر ئاياللىرى دوپپىلىرىغا ئالتۇن قاداقلارنى تۇتۇپ كىيگەن. بۇ «بۆرك بورتىلاندى» دېيىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاياللار تېخىمۇ كۆركەم، تېخىمۇ گۈزەللەشكەن. بۇ «كۆركەتتى» دەپ ئاتىلىدۇ.

«سىدرىم» تاسما، كەمەر. ئەرلەر كەمەرلىرىگە ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن ياسالغان توقىلارنى بېكىتىدۇ. ئەرلەر ئۈزۈكتىن باشقا زىننەت بۇيۇمى تاقىمايدۇ. ئۇلار ئېگەر ۋە كەمەرگە ئوخشاش نەرسىلەرنى بېزەش ئۈچۈن ئۇلارغا ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرىنى بېكىتىدۇ. بۇ «ئۈستەم» دەپ ئاتىلىدۇ. هەتتا ئېگەر ۋە كەمەرلىرىگە گۆھەردىن كۆز سالدۇرىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا هۈنەر - سەنئەت مەخسۇس كەسىپ سۈپىتىدە مەيدانغا كېلىپ، شۇ قەدەر تەرەققىي قىلغانكى، ئالتۇن - كۈمۈش، قاشتېشى زىننەت بۇيۇملىرى، تېگىدىن گۈل - گىياھ چىقىرىلىپ توقۇلغان رەختلەر ئۆز دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە بازىرى ئىتتىك، داڭلىق مەهسۇلاتلارغا ئايلىنىپ قالغان. ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى نازۇك زېبۇزىننەتلەر بىلەن بېزەش ئۈچۈن زەرگەرلىكنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرغان. هەرخىل مۇرەككەپ، نەپىس، نازۇك ئالتۇن - كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرى، هەر خىل نۇسخىلىق توقۇلمىلار ئۇيغۇر هۈنەر - سەنئىتىنىڭ نادىر نەمۇنىلىرىدىندۇر.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» ئىچىدىن تاللاپ چىقىلغان كىيىم - كېچەك، زېبۇزىننەتكە ئائىت مەخسۇس ئاتالغۇ ۋە ئىبارىلەر ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشلىرىنىڭ مۇكەممەل مەدەنىيەت تۈسىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن، تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەتلىرى، شۇ دەۋردىكى مەدەنىيەت ئەهۋالىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ.

ئومۇمەن، «تۈركىي تىللار دىۋانى» شۇ دەۋرنىڭ تىلى ۋە تارىخى توغرىسىدىكى قامۇس بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شۇ دەۋر مەدەنىيىتىنىڭمۇ ئىنچىكە ئانتولوگىيىسىدۇر. شەرقىي ياۋروپادىن تاكى يىراق شەرققىچە، ياۋرۇ - ئاسىيانىڭ شىمالىي، غەربىي ۋە غەربىي جەنۇبىي، شەرقىي ۋە مەركىزىي ئاسىياغىچە ئورۇنلاشقان بارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەر بۇنىڭدىن توققۇز ئەسىر ئاۋۋال ياشىغان ئۇلۇغ ئالىم بىلەن پەخىرلىنىدۇ، چۈنكى تۈركىي تىل بىلەن سۆزلىشىدىغان هەرقانداق مىللەت ئۆز تارىخىنىڭ ئوتتۇرا زامان قىسمىنى بۇ ئۇلۇغ ئالىمنىڭ مەشهۇر ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن سۆز ئاچماي يورۇتۇپ بېرەلمەيدۇ. ئۇنىڭدا بۇنىڭدىن توققۇز ئەسىر بۇرۇنقى تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىلى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، يازما ئەدەبىياتى ۋە ئېتنوگرافىيىسى پۈتۈن دۇنياغا تونۇشتۇرۇلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەسەر خەلقئارادا ناهايىتى چولڭ ئابرۇيغا ۋە هۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ كەلمەكتە.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»نى تەتقىق قىلىش، هازىرغا تەتبىقلاش، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش، بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچىمىز. ئۇنى جاهان سەهنىسىگە ئېلىپ چىقىش بىزنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىمىز.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. مەهمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» I -، II -، III - توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 -يىلى 9 - ئاي.

2. ئابلىز مۇهەممەت سايرامى: «ئۇيغۇر مەدەنىيەت - سەنئىتىگە دائىر ماقالىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىلى 10 - ئاي.

3. ئابدۇرەهىم هەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىلى 4 - ئاي.


**جاۋابكار مۇهەررىرى: قەمبەرنىسا مۇهەممەتهاجى**

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 2007 - يىلى 3 - ئاي 28 - يىللىق 1 - سان
第 28 卷第 1 期　新疆大学学报(哲学社会科学维文版)　2007 年 3 月

# ئىچكى زېھىن توغرىسىدا

ئىسلامجان شېرىپ بەشكېرەمى*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئىچكى زېھىن ئۆگلۈكنى① بىلىش زېھنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ تەن سەزگۈلىرى، روھىي دۇنيا، غەمكىن ۋە ئەركىن قەلبكە② باغلانغان بولۇپ، تۇغما تېنىمىزدىكى تۈرلۈك قانۇنىيەتلەر بىرلىشىپ روھىمىزدا شەكىللەندۈرگەن تۈرلۈك ھېسلارنى پەرۋىشلەپ، رەتلەپ، بېشىمىزنى قاتۇرۇۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان بىۋاستە سەزگۈ ياكى ئىلھامغا ئايلاندۇرۇپ بېرىدۇ. بىز ئەقلىي سەكرەش ھالىتىدە تۇرىدىغان دانىشمەنلىك يولىغا مېڭىشتا مانا مۇشۇ زېھنىنى ئىشقا سالىمىز. شۇڭا، بۇ زېھنىنىڭ ئۇزۇل - كېسىل تەلقىن قىلىنىشى ئارىمىزدىن مىڭلاپ ياش ئالىملارنىڭ باش كۆتۈرۈشىدىكى پىشاڭدۇر.

**摘要：** 本文论述内心智力。内心智力也叫作自我了解的智慧，它与身体的感觉、精神世界、自由的心灵相联系，它维护、整理我们生来就有的身体中的各种规律联合起来在我们的精神上形成的各种感觉，使之转变成解决许多困扰我们的问题的直觉或灵感。当我们在理性飞跃的状态中走向睿智之路时，我们就会动用这种内心智力。

**Abstract:** This artical discusses the introverted ability. Introverted ability is also called self—understanding wisdom. It links our senses, spirit and soal with each other. It defences and regulates all kinds of regulations in our bodies since we were born and helps us to solve the problems which bother us. We are ready to use this kind of ability when we want to make grear ideal progresses.

ئەي بەندە، بىلگىنكى تەڭرىدىن پەيغەمبەرلەرگىچە سېنى نىشان قىلدى. ھاياتلىق يېگانە بىر مەنزىلگە سەن ئارقىلىق يېتىپ بېرىش ئۈچۈن كۆرەشكە ئاتلاندى. ئۇنىڭدىن خۇشال بول، ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيت! ھاياتلىق ئۇ مەنزىلدە سەن ئارقىلىقلا ئۆزىنى كۆرىدۇ، بۇ نىشان سەن ئارقىلىقلا ئۆرە بولىدۇ، باشقا بىر بەندە ئۇنى ئۆرە قىلالمايدۇ. سەن ئۇنىڭ ئۈچۈن ياشايسەن، تەقدىرىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن پەيدا بولىدۇ، ۋاقتىڭنى ئىسراپ قىلىپ باشقىلارنى دورىما. بۇ دورىساڭ ئويغىنالمايسەن دېگەنلىك ئەمەس، لېكىن دورىمىساڭ ناھايىتى ئاسان ئويغىنىسەن، باشقىلارنى دوراۋېرىدىكەنسەن، شۇنداق قاتاللىشىپ كېتىسەنكى، ئاخىرىدا ئويغىنالمايدىغان بولۇپ قالىسەن. ئويغىنىش قەلبنى ئېچىۋېتىشتۇر، دوراش ئېتىۋېتىشتۇر.

— ھىند ئالىمى ھوشۇ

ئەقلىمىزنى ھۆر قىلىشتا ئۆگلۈك رىغبەتجان تىل تۇمار بولسا، ئىچكى زېھىن ئۇنى بىلىپ ئېلىشنىڭ ئاچقۇچى بولۇپ، ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشنىڭ بۇ ئەڭگۈشتەرلىرى كۆنىمىزگىچە ھەتتا بىزنىڭ ئاكادېمىيە، ئۇنىۋېرسىتېتلىرىمىزدىمۇ دىققەتكە سازاۋەر بولمىدى، تەتقىقات ۋە تەبلىغات نۇقتىسىدىن بولۇپمۇ ياش ئالىملارنى يېتىشتۈرۈش ئەھمىيىتىدىن ئېيتقاندا، ئالدىنقى دەرس بولۇشقا تېگىشلىك بۇ تېمىنى بىز مۇشۇ ئاقلىقنى تولدۇرۇشقا

---

• ئىسلامجان شېرىپ بەشكېرەمى: شىنجاڭ پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى. 830001

يىپ ئۇچى بولۇپ قالار دېگەن ئۈمىدتە ستۇدېنتلارغا ھەممىباب تىل بىلەن ئۇقتۇرۇپ قويۇشنى نىشان قىلدۇق.
ئىچكى زېھىن ئۆگلۈكنى بىلىش زېھنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ زېھىننىڭ ئورنى مېڭىمىزنىڭ پېشانە پوستلىقى، چوققا ياپراقچىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى سېزىم سىستېمىلىرىنى زېمىن قىلغان ھالدا بىزنىڭ ھېسسىيات تورمۇشىمىزنى چۈشىنىش، باشقۇرۇش، ھېسسىياتىمىزدىكى ئوخشاش بولمىغان كەيپىياتلارنى ئايرىش (ئارزۇ - ئارمان، ئىشەنچ، سۆيگۈ - مۇھەببەت، قىزغىنلىق، ئۈمىد، سېغىنىش قاتارلىق ئاكتىپ كەيپىياتلار بىلەن رەھىم، ھەسەت، ئۆچمەنلىك، ئاچ كۆزلۈك، خۇراپىيلىق، غەزەپ - نەپرەت قاتارلىق پاسسىپ كەيپىياتلارنى ئايرىش)، ئارتۇقچىلىق ۋە ئاجىزلىقلىرىمىزنى پەرقلەندۈرۈش پائالىيەتلىرىمىزگە قوماندانلىق قىلىدۇ. بۇ زېھىننى گەرچە گېرىدنېر تاپقان دېيىلسىمۇ، فروئىدتىن ئۆزگىچە تالالاش بىلەن ئايرىلىپ كەتكەن ئىندىۋىدۇئاللىق پسىخولوگىيىسىنىڭ ئىجادچىسى كارل گوستاۋ جون، ھىند ھازىرقى زامان پەلسەپىسىنىڭ سەردارى ھوشۇ قاتارلىقلارمۇ بۇ ھەقتە ئاجايىپ تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇ زېھىن ئادەمنىڭ روھى، قەلبى، مېڭىسى ۋە تەن سەزگۈلىرىگە باغلانغان بولۇپ، كۆپ ھاللار ۋۇجۇدتىن دەقىقە پارلىغان ھېس ياكى سەزگۈ ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بىزچە، ئىچكى زېھىن ياكى ئۆگلۈكنى بىلىش زېھنى بىزنىڭ تۇغما تېنىمىزدىكى تۇرلۇك قانۇنىيەتلەر بىرلىشىپ روھىمىزدا شەكىللەندۈرگەن تۇرلۇك ھېسلارنى پەرۋىشلەپ، رەتلەپ، بېشىمىزنى قاتۇرۇۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان بىۋاستە سەزگۈ ياكى ئىلھامغا ئايلاندۇرۇپ بېرىدۇ. ئوخشىتىش بىلەن ئېيتقاندا، ئۇ خۇددى قەلبىمىزدىن تۇرلۇك ھېسلارنى فوتتاندەك ئېتىلدۇرىدىغان ھەمدە ئۇلارنى رەتلەپ ماگىدىغان مىلك بۇلاق ياكى روھىي تىلسىماتتۇر. تىلسىمات بىز سىرىنى بىلمىگەنلىكىمىزدىن قەلبىمىزنى قۇلۇپلاپ ياتقان نامەلۇم بىلىم قاتلىمى بولۇپ، بىز بىلىپ يەتكەندە بىزنى غەيۇر بىر كۈچ ياكى بايلىقتا ئىگە قىلىدىغان مەنئۇى بۇلاق بولغانلىقتىن، ئەقلىمىزنى ھۆر قىلىشتا ئۇ بىزگە تېخىمۇ قىممەتلىكتۇر. ئادەم ھېسسىياتچان ھايۋان، ئۇ ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى چۈشىنىپ باشقۇرالىسا ئادەم بولىدۇ، بولمىسا ھايۋانلىق ھالىتىگە قايتىدۇ. ئادەم مۇشۇ زېھىننى چۈشەنگەن ۋە ئۇنى ئىشقا سالالىغاندىلا، ئاندىن ھەقىقىي ئەقىللىق ئادەمگە ئايلىنىپ، يېڭى - يېڭى ئەقلىي سەكرەش ھالىتىگە ئۆتىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئەقلىي سەكرەش ھالىتىدىكى ئادەمنى قانداق چۈشىنىمىز؟ ئۇنىڭدىكى ئەقلى مۆرلىكنى قانداق قىلىپ ئۆزىمىزدە تەكرارلاپ دانىشمەن بولىمىز؟

## 1. ئىچكى زېھىننى بىلىپ يەتكەن بىر ئادەمدىن بېشارەت

رامانا ماھارىش ھىندىستاندا «زامانىمىزدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئەۋلىيا» دەپ نام ئالغان مەشھۇر شەخس بولۇپ، ئۇ 17 ياشقا كىرگەندە ئاجايىپ بىر ۋەقەگە يولۇققان. بۇ ۋەقە بىلەن تەڭ ئۇنىڭ پۈتكۈل ھاياتى ئۆزگىرىپ كەتكەن. ۋەقە يۈز بەرگەن كۈنى ئۇ جەنۇبىي ھىندىستاندىكى تاغىسىنىڭ ئۆيىدە يالغۇز ئولتۇرغان ئىكەن. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆڭلىگە تۇساتتىن بىر ئۆلۈم ۋەھىمىسى پەيدا بولۇپتۇ - دە، قانداقلا قىلسىمۇ ئۇ ۋەھىمىدىن قۇتۇلالماپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ تېخى تېمەن، كۈچتۈڭگۈر ئىكەن، لېكىن ئۇنىڭدىكى «ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇم» دېگەن ۋەھىمە ئۇنى يەرگە يىقىتىپتۇ، ئۇ نەپەستىن توختاشقا باشلاپتۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭدا «ئۆلسە تېنىم ئۆلدى، مەن تېخى بارغۇ!» دېگەن بىر سېزىم پەيدا بولۇپتۇ - دە، مۇشۇ سەزگۈ بىلەن نەپەسلىنىپ ھايات قاپتۇ ۋە بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان بىر ھايات سەھىپىسىگە قەدەم بېسىپتۇ. ئۇ شۇ كۈندىكى كەچۈرمىشى ھەققىدە مۇنداق يازغان: «دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى راست، بۇنىڭدا قىلچە مۇجمەللىك يوق. ئاشۇ سەزگۈ خۇددى مەن تورمۇشتىن بىۋاستە سېزىۋالغان ھەقىقەتلەردەك كاللامدىن يالجىپ ئۆتتى، ئالاھەزەل مەندە ھېچقانداق تەپەككۇر جەريانى شەكىللەنمىدى. ‹مەن› دېگەن ئاجايىپ چىن نەرسە ئىكەن، مانا بۇ مېنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمنىڭ ھەقىقىي تەسۋىرى . . . شۇ چاغدىن باشلاپ، مېنىڭ ئۆزلۈككە بولغان دىققىتىم بارغانسېرى مۇكەممەللىششكە قاراپ يۈزلەندى». ئۇ ئەنە شۇ ۋەقە بىلەن بۇرۇنقىغا زادىلا ئوخشىمايدىغان باشقىچە بىر ئادەم بولۇپ قالغان. بىرنەچچە ھەپتىدىن كېيىن يۇرتىدىن ئايرىلىپ تىرۋان ھامىلەي دېگەن ئەۋلىيالار يۇرتىغا كۆچۈپ كەتكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ 50 نەچچە يىل دۇنيانىڭ جاي - جايلىرىدىن كەلگەنلەرگە ئۆگلۈك ئۈستىدە ئىزدىنىشنى ئۆگەتكەن.

ھېكايەتنى ئوقۇپ ھەيران قالىمىزكى، ئىچىمىزدە «بىر ئادەم نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى تونۇپ يەتكەن دەقىقىدە ئۆزگىرىپ كېتىدىغاندۇ؟» دەيمىز. رامانا ماھارشىنىڭ ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن قۇتۇلۇپ، ئەۋلىيالىققا قەدەم قويغان ۋاقتى ئەنە شۇنداق دەقىقە، بۇ دەقىقە گەرچە قىسقا بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تورمۇشىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنى ئۆزگەرتىپ تاشلايدۇ. بىز ئۇنىڭدىن قانداق بېشارەت ئالىمىز؟ روشەنكى، بۇ ۋەقە نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئۆگلۈككە قايتىش جەريانى ياكى «مەن كىم» دېگەننى تېپىۋېلىشتا ئىشلىگەن ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنى ئىپادىلەپ، بىزنى ۋۇجۇدىمىزدىكى سىرلىق بىر كۈچنى ئىزدەپ تېپىشقا دەۋەت قىلىدۇ. ئەگەر بىز بۇ ھېكايەتتىكى ماھارشىنى ياكى ئاجايىپ زەربىلەرگە ئۇچراپمۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كېتىۋاتقان باشقا ئادەملەرنى كۆز ئالدىمىزغا

كەلتۈرسەك، ئىچكى زېھنىنى ئىشقا سېلىپ ئۆگىلۈكنى بىلىۋېلىشنىڭ ھەقىقەتەن چوڭ ئىش ئىكەنلىكىنى، ھەتتا بۇنى بىلىشنىڭ خۇددى تەڭرى ياراتقان تەننى پارچە - پارچە بۆلۈپ، ھەر بۆلەكتىكى كۈچ سەزگۈلىرىنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن، ئۇنى قانداق قىلىپ فونتاندەك ئېتىلىپ چىقىپ، كىشىلىك تەقدىرىنى ئۆزگەرتىپ تاشلايدىغان بىر پۈتۈن كۈچكە ئايلاندۇرىدىغان ئامالنىڭ دەل مۇشۇ يەردە ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ.

لېكىن بىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى ئۆگىلۈكنى بىلىش جەريانى ھە دېسىلا بۇنداق مۇكەممەل، قانائەتلىنەرلىك ياكى ئاشۇنداق بىر خىل تەرزدە بولماستىن، بەزىدە ھەتتا چىنلىقتا قايتىدىغان بۇنداق پەيتلەرنى ئۆزىمىزمۇ بىلمەي قېلىپ ئۆتكۈزۈۋېتىشىمىزمۇ مۇمكىن. لېكىن مەيلى بىز بىلەيلى - بىلمەيلى، كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ھامان مۇشۇنداق چىن پەيتلەر بولىدۇ. بىز پەقەت شۇنداق پەيتلەرنى تۇتۇۋېلىپ ئىشقا سېلىشنى بىلسەكلا، يەنى كۆڭلىمىزنى تىندۇرۇش ئارقىلىق ھوشىمىزنى تاپىدىغان بولساقلا، شۇ چاغدىن باشلاپ ھاياتىمىزدا ئۆزگىرىش ياسايدىغان بىر ئەقىل يولىنى تاپالايمىز. شۇنداق بولسا بۈگۈنگىچە ھېسابلىغاندا سىزگە چىنلىقنى ئۇقتۇرغان پەيت قايسى؟ ھاياتىڭىزدا قانداق ئىشلار يۈز بەردى؟ ئۇلار سىز يەتمەكچى بولغان نىشان ئۈچۈن لەززەت بەردىمۇ؟ ئەگەر سىزدە بۇنداق چىنلىق پەيتلەر كۆرۈلمىگەن ياكى سىز بۇنىڭغا دىققەت قىلمىغان بولسىڭىز، ئەمدى شۇنىڭغا دىققەت قىلىڭكى، بۇنداق پەيتلەر بەلكىم سىزگىمۇ خۇددى يۇقىرىدىكى ئەۋلىياغا ئوخشاش ئويلىمىغان بىر ئۇسۇل بىلەن ھازىر بولۇپ قېلىشى؛ ياكى مەلۇم بىر پۇرسەتتە دانىشمەنلەرنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن مەلۇم بولۇپ قېلىشى؛ ۋە ياكى ئىنتايىن ئاددىي بولغان بىر خەۋەر، بىر ماقالە، بىر كىتاب . . . . تەسىراتى بىلەن ھازىرلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.
بۇنىڭ ئۈچۈن شۇ نەرسە ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، چىنلىقنى بىلىش پەيتى بىر خىل ياخشى ياكى يامان، ئىجابىي ياكى سەلبىي بىر ۋەقە ئارقىلىق بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭدىكى مۇھىم نۇقتا، شۇ پەيتنى بىلىۋالغاندىن كېيىنلا ئۇنى دەرھال ئەقىل كۆزىڭىزدە ھاياتلىقنىڭ چوڭ مەسىلىلىرىنى كۆرۈپ، بۇ پەيتنى تەقدىرىڭىزنى ئۆزگەرتىدىغان پىشاڭ، ھاياتىڭىزدا بۆرۈلۈش ياسايدىغان كاتالىزاتور قىلىۋېلىشتۇر. شۇنداق بولسا، كۈندىلىك تۇرمۇشنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ئۆگىلۈكنى بىلىشنى نەدىن باشلاش كېرەك؟

## 2. كۈندىلىك تۇرمۇشتىن ئۆزىمىزگە نەزەر

پەيلاسوپلار ئىنسانىنى: «سۆزلەيدىغان، تەرەققىي قىلىدىغان، ئىرادىسى بىلەن ھەرىكەت قىلىدىغان، ئىككى پۇتىدا ماڭىدىغان بىر ھايۋان» دەپ تەرىپلەيدۇ. ئىنسانىنى بۇنداق ماددىي جەھەتتىن بىلىش ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمەسلىك ۋە ئىنسانىنى ھايۋاندەك كۆرۈشتۇر. ھالبۇكى، ئىنسان ماددىي جەھەتتىن ھايۋانلارغا ئوخشىسىمۇ، مەنە جەھەتتىن بۈيۈك بىر ئالەمدۇر. كۆرۈنۈشتە ئالەمىي سۇغرا (كىچىك ئالەم)؛ مەنىدە ئالەمىي كۇبرا (ئەڭ گۈزەل يارىتىلغان بارلىق) دۇر. «روھىمدىن ئۇنىڭغا پۈۋلىدىم» سىرىغا ئېرىشكەندۇر.

— جالالىددىن رۇمى

بۇ زېھنىنى توغرا چۈشىنىش ئۈچۈن بىز ئۆزىمىزدىن «مەن كىم» دېگەننىڭ ئاساسى نەدىن كەلدى؟ مەن ئۆزۈمنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى بىر ئىنتىلىش ياكى ئىچىمدە تۇرغۇزۇلغان بىر دىت ئارقىلىق «ئۇنداقچى، بۇنداقچى» بولۇشقا قاراپ ماڭدىممۇ ياكى تامامەن سىرتتىن مېڭەمگە كىرگۈزۈلگەن بىلىملەر — مېڭەمدىكى خاتىرە قابىلىيىتى ئارقىلىق مۇشۇ دەرىجىلەرگە ئېرىشتىممۇ؟ دەپ سورايلى. بۇ سوئالغا جاۋاب بەرگەندە گەرچە كۆز ئالدىمىزدا بىزنى تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەن ئاتا - ئانا، قوۋم - قېرىنداش، ئۇستاز، رەھبەر، يولباشچى. . . ھەتتا بىز غايىۋى قوغلىشىدىغان ۋەلىلەر بىلەن پىركامىللار گەۋدىلەنسىمۇ، ئەمما خۇددى ئىمتىھاندىكى ئويلاپ جاۋاب بېرىدىغان ئاددىي بىر سوئالغىمۇ ئۆزىمىزدىن باشقا ھېچقانداق ئادەم جاۋاب بېرەلمىگەندەك ئەھۋال ئاشكارا بولىدۇكى، بىز تاشقى دۇنيادىن دائىم كۈچ ئالغان بىلەن بىلىنمىگەن بىر مەسىلىگە يولۇققاندا «يەتتە ئويلاپ بىر كېسىدىغان» ياكى «مىڭنىڭ گېپىنى ئاڭلا، ئۆزۈڭنىڭ بىلگىنىنى قىل» دېگەندەك، ئۆز ئالدىمىزغا ھۆكۈم قىلمىساق مەسىلە ھەل بولمايدىغان پەيتلەرنىڭ ھاياتىمىزدا ھالقىلىق رول ئالغانلىقىنى ئىنكار قىلالمايدىغان بىر يەردە توختاپ قالىمىز. ماڭا ئارىمىزدىن چىققان بىر مەرىپەتچىمىز بالا ۋاقتىدا ئىلىخودا ئاجايىپ رىيازەتلىك كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈۋاتقاندا تاشكەنتتىن كەلگەن بىر ئاينامىگە سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە ئۇنىڭ سەينالىرىدا ئەركىن ئۈزۈپ يۈرگەن ھۆر ئوقۇغۇچىلارنى كۆرۈپ، «يارەببىم، ماڭىمۇ شۇنداق ئوقۇش كۈنلىرىنى بەرگەيسەن» دەپ تىلىگىنىچە كېچە - كۈندۈز ئوقۇش غېمىدە بولۇپ، ئاخىر شۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇپ ئالىم بولغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. ئۇ شۇ چاغدا شۇ تىلەكتە بولغاندا، تاشكەنتتىكى ئوقۇغۇچىغا ئۆزگىرىشنى ئەمەس، ئۆزى شۇنداق ئەركىن ئوقۇيدىغان، كامالەت ئىزدەيدىغان بىر ئادەم بولۇشنى ئويلىغان ئىكەن. شۇنىڭغا ئوخشاش ھەربىرىمىز ھاياتىمىزنى ئەسلىسەك يادىمىزغا كېلىدۇكى، ھەممىمىزنىڭ ئىلگىرىلەش يولىدا

مانا مۇشۇنداق بىر پەيتتە ئۆزىمىزنىڭ روھىي دۇنيايىمىزدىن ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز جاۋاب ئېلىپ، «شۇنداق قىلاي» دېگەن توغرا تاللاشلار بولغان. بۇ ئەمەلىيەتتە كۈندىلىك ئىشلاردىن قول ئۈزۈپ، ئۆزىمىزنى ئىچكى دۇنيايىمىز بىلەن ئالاقە ئورنىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان پەيتلىرىمىز بولۇپ، بۇ يەردىكى ئاساسىي مەسىلە دىققەتنى يىغىش ئارقىلىق يىگىنچە بىر تاللاشقا ئۆتۈشتۇر. بىز ئاشۇنداق تاللاشقا ئۆتكەن پەيتلەردە مېڭىمىز، قەلبىمىز، بەدىنىمىز ۋە روھىمىز پۈتۈنلەي بىر - بىرىگە ماس ھالدا تەڭپۇڭلۇقتا تۇرىدۇ ھەم تاشقى دۇنيا بىلەن زىچ باغلىنىشتا بولىدۇ. ئەگەر بىز ھازىرنىڭ ئۆزىدە تەبىئىي ھالدا شۇنداق بىر تاللاشنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ كۆزەتسەك، ۋۇجۇدىمىزنىڭ خۇددى ھايات سەپىرىدە تەكرارلانغاندەك يەنە بىر تەڭپۇڭلۇق ۋە تاشقى دۇنيا بىلەن باغلىنىشقا ئىگە بولغان يۈكسەك ھېس ۋە سەزگۈرلۈككە ئىگە بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىمىز، بۇ ھەر جەھەتتىن مۇكەممەل ھېس - تۇيغۇ بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ زادى قانداق ئادەم ئىكەنلىكىمىزنى ئېچىپ بېرىدۇ. بىزنىڭ تۇرمۇش مۇساپىمىزدىن بىزگە يادىكار بولۇپ قالغان «ياخشىمۇ شۇنداق ئويلاپتىكەنمەن، ياخشىمۇ دەپتىكەنمەن، ياخشىمۇ شۇنداق قىپتىكەنمەن» دېگەندەك تەستىقىي تۇيغۇلار مانا مۇشۇ چىنلىق پەيتلىرىنىڭ بىزدىكى خاتىرىسىدۇر. بۇنداق خاتىرىلەر نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ بۇ بىر ئادەمنىڭ ھاياتىنىڭ ئۆتۈقلۇق بولۇشىدا ياكى كىمنىڭ قانداق ئادەم بولۇشىدا شۇ ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن كەلگەن بىر قارار ياكى تاللاشنىڭ ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىر ئادەم مېڭىسىگە سىرتتىن سىغداپ كىرگۈزۈلگەن كىتابنامىلەرگە باش ئۇرماي، كىشىلەر قوغلىشىپ يۈرگەن مودىلارنى دوراپ چېپىپ يۈرمەي، ئۆزىنىڭ كۆڭلىدە ئاشۇنداق بىر قارار چىقىرالىغان ئىكەن، ئۇ ئەلۋەتتە كىتابنامىلەرگە چوقۇنغۇچى ياكى مودىلارنى دورىغۇچى ئادەملەردىن ئەقىللىق ئادەمدۇر.

شۇنداق بولسا، تاللاشقا ئۆتكەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق ئەقىللىق بولۇپ كېتەمدۇ؟ ياق، تاللاش بىر خىل سىرلىق كۈچ، لېكىن ئۇنىڭدا ياخشى - يامانلىق بار. مەسىلەن، «ياخشى تاللاش مېڭىڭىزدىكى دىققەتنى چېچىۋېتىدىغان، بىھۇدە بولىدىغان خىياللارنى چىقىرىپ تاشلايدۇ، پۈتۈنلەي شۇ سائەت، شۇ مىنۇتقا چۈكۈپ، دىققىتىڭىزنى تىنچ، ئىقتىدار ئاتا قىلىدىغان ئىشلارغا مەركەزلەشتۈرۈشىڭىزگە، شۇ ئارقىلىق قىلىشقا تېگىشلىك ئىشقا بېرىلىشىڭىزگە، ئېنىق ئويلاپ، ئىجادىي كۈچكە تولۇپ، سۈپەتلىك قارار چىقىرىشىڭىزغا، ئىش ئۈنۈمىڭىزنى خېلى چوڭ دەرىجىدە ئۆستۈرۈشىڭىزگە ئىمكانىيەت بېرىدۇ، بىھۇدە بولغان ئەھۋالدا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

ناچار تاللاش سىزنى ئۆتمۈشكە ياكى كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان، دىققىتىڭىزنى چاچىدىغان ۋە بىھۇدە بولىدىغان خىياللارغا غەرق قىلىدۇ، شۇنىڭدەك شۇلار ئارقىلىق تەپەككۇر جەريانىڭىزغا توسقۇنلۇق قىلىپ، ئوي - پىكرىڭىزنى يىغىشىڭىزغا، مەسىلىلەر ئۈستىدە بىۋاسىتە ئويلىنىشىڭىزغا يول قويمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن سىزنىڭ قارارلارچە قارار چىقىرىشىڭىزغا ياكى زادىلا قارار چىقىرالماسلىقىڭىزغا سەۋەب بولىدۇ. نەتىجىدە، سىز ھېچقانداق ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەيسىز ياكى سەلبىي ئۈنۈم كېلىپ چىقىدۇ، بىھۇدە بولغان ئەھۋالدا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ»③.

ئىككى خىل تاللاشنىڭ پەرقىدىن مەلۇمكى، ھەربىر ئادەم ئەمەلىي تۇرمۇش جەريانىدا مانا مۇشۇنداق تاللاش ئالدىدا تۇرىدۇ، پەقەت ئىچكى زېھنى ئۆتكۈر ئادەملەرلا بۇنداق تاللاشتا ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن ھېچكىمدە يوق بىر ئىلھام ئالىدۇ - دە، ياخشى تاللاشقا ئۆتەلەيدۇ. ياخشى تاللاشقا ئۆتۈشكە ئىچكى ياكى ئۆگلۈك زېھنى خىزمەت قىلسا، ناچار تاللاشقا ئۆتۈشكە كۆپ ھاللاردا مېڭىمىزگە سىرتتىن سىغدالغان خاتىرىلەر خىزمەت قىلىدۇ، شۇ تۈپەيلى بۇلار ئاسانلا كونىلىقتا ياكى باشقىلارنىڭ پىكرىگە ئېغىپ كېتىدۇ. شۇنداق بولسا، تاللاشقا ئۆتەلەيدىغان ئەقىللىق ئادەمنىڭ ئۆزگىچىلىكى نېمە؟

ياخشى تاللاشقا ئۆتكۈچى ئەقىللىق ئادەملەر مەنىۋى جەھەتتە ئۆزىنى تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچىلار بولۇپ، ئۇلار مېڭىنىڭ بىئولوگىيىلىك ھەرىكىتىدىن ھالقىغان ئەركىن قەلب ياكى ھۆر ئەقىلنىڭ قوماندانلىقىدا پائالىيەت قىلىدۇكى، سىرتتىن ئىدىيە قوبۇل قىلىش بىلەن ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى كۆرۈش ئوتتۇرىسىدا بىر خىل تەڭپۇڭلۇق ساقلايدۇ. ئۇلار ھەممە ئىشنى تەبىئىي ئويلايدۇ، ئۆزىنىمۇ تەبىئەت ئىچىگە قويىدۇ، ئەقىل كۆزىنى ئېچىپ ئىلگىرىلەش ياكى ئىچكى قارار چىقىرىپ يېڭى - يېڭى تاللاشلاردا بولغاندىمۇ، خۇددى ئادەمنىڭ بىر نەپەس ئالسا بىر تىنىق بىلەن تەڭپۇڭ ھالەتكە كېلىۋاتقانلىقىنى، يېڭى نەرسىلىرى بىلەن چىقىپ كەتكەن نەرسىلىرىنىڭمۇ بالانىس بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ - دە، ئۆزىنى ھەدېسىلا باشقىلارنىڭ كىتابنامىلىرى بىلەن خانلىقلىرىغا باغلاپ قويماي، ئۆزىنىڭمۇ شۇلاردەك ئادەملىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئويلايدۇ، سۆزلەيدۇ، ئەسلەيدۇ. ئەڭ مۇھىمى سىرتتىن مېڭىسىگە كىرگۈزۈلگەن نەرسىلەردىن تېگىشلىك ئوزۇق ئالىدۇ - يۇ، ئەمما ئۇلارنى ئۆزى ئەھيا قىلغان ئېتىزغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنىڭ پەزىلەت ۋە تەجرىبىلىرىنى ئۇرۇق قىلىپ تېرىيدۇ - دە، بۇ ئارقىلىق ئۆزىدە ئەقىل بۇلاقلىرىنى ئېچىپ ماڭىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بۇنداق ئادەملەرنىڭ مەنىۋى دۇنياسى دائىمى ئېلىش، دائىمى بېرىش، ئېلىش بىلەن بېرىش ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش بولىدۇ - دە، ماددا ئالمىشىش تەننى ساغلام تۇتقاندەك، بۇنداق مەنىۋى تەڭپۇڭلۇق ھەرىكىتى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ساغلام، تىنچ، خاتىرجەم، خۇشال بىر ھالدا تۇتۇپ تۇرىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا دائىم چوڭقۇرلاپ بارىدىغان رىتىم بولۇپ، بۇ رىتىم ئۇلار دۇچ كەلگەن يېڭى - يېڭى مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرەلەيدۇ. شۇڭا، بۇنداق ئادەملەر ھەربىر ئىشقا دۇچ كەلگەندە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق ماتېرىيال

يوق شارائىتتىمۇ، ئۇنىڭغا قارىتا ئېنىق بىر قارارغا كېلىۋېرىدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ تۇرلۇك گادىرماشلىقلىرىدا ياخشى تاللاشقا ئۆتەلىشىدىكى سىر ئەنە شۇدۇر. بۇ سىر ھەرقانداق بىر جەمئىيەتتىكى ئىستېمال (كىرىم) ئىختىرا (چىقىم) تەڭپۇڭلۇقىغا ماس كېلىدىغان ئىجادىي كېرىلىش كۈچى ھاسىل قىلىدىغان تۈگۈندۇر.

ناچار تاللاشتىكىلەرچۇ؟ ئۇلار مەنىۋى تەڭپۇڭلۇقنى يوقاتقانلار بولۇپ، مېڭىنىڭ بىئولوگىيىلىك ھەرىكىتىنى چولڭ بىلىپ، ئۇنىڭ تاشقى دۇنيادىن قوبۇل قىلغان بىلىم سىستېمىلىرىغا چوقۇنىدۇ. ئەقىللىق بولۇش دېگەندىمۇ نوقۇل ھالدا تۇرلۇك مەكتەپلەردە ئوقۇش، تۇرلۇك ۋەزىخانلاردىن گەپ ئاڭلاش، بىلىمنىڭ تۇرلۇك قاناللىرىغا پەرۋانە بولۇش دەپ قارايدۇ ـ دە، قوبۇل قىلىشلا بولۇپ چىقىرىش بولمىغاندا، يەنى بىلىم ئېلىشنىلا بىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ ھوشىنى ئىشقا سالمىغاندا غىلاپ بەندىسى ياكى چوقۇنغۇچى گىرانت كاللا بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. بۇنى نەپەسلىنىشكە ئوخشاتساق، ئەگەر نەپەس ئېلىپ، تىنىمىسىڭىز ئۆپكىڭىزنى كاربون چالا ئوكسىدى قاپلاپ كېتىدۇ ـ دە، ئەگەر داۋاملىق نەپەسلەنگىنىڭىزدە كۆكرەك قەپىزى چىڭقىلىپ نەپەس شۇنداق ئاجىزلايدۇكى، كاربون چالا ئوكسىدىنىڭ سانى داۋاملىق ئۆرلەپ، كاربون چالا ئوكسىدىنىڭ مىقدارى داۋاملىق ئېشىپ بېرىپ، كۆكرەكنى تولۇق ئىگىلىۋالىدۇ. پەقەت ۋە پەقەت ئاشۇ كاربون چالا ئوكسىدىنى چىقىرىپ تاشلىغاندىلا، تەن ئاندىن ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇپ نورمال ھەرىكىتىنى باشلايدۇ. بۇنداق ئىكەن ئادەم تېنىدىكى نورمالسىزلىق قوبۇل قىلىش، چىقارماسلىق ياكى چىقىرىش، قوبۇل قىلماسلىق بولۇپ، پەقەت قوبۇل قىلغان ھەم چىقارغاندىلا ئۇنىڭ ھەرىكىتى نورمال بولىدۇ. بىلىم ئېلىش ياكى تاشقى دۇنيادىكى تۇرلۇك ئۇچۇرلارنى قوبۇل قىلىپ، مېڭىنىڭ خاتىرە سىستېمىسىنى تولۇقلاش بىلەن تاشقى سېزىمنى كۈچەيتىپ، ئۆز ئالدىغا تەپەككۇر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق مەنىۋى جەھەتتىكى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ، ناچار تاللاشقا دۇچار بولغۇچىلاردىكى سەۋەنلىك مانا مۇشۇ نورماللىقنى ئۇنۇتقانلىقىدۇر. بۇلارنى بىز ئۆزىمىزنىڭ تۇرمۇشىغا ۋە ياكى روھىي دۇنياسىدا چىنلىقىقا قايتىپ، ئۆگلۈكنى بىلىپ يەتكەن دانىشمەنلەرگە سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك بىلىمىزكى، ئۇلار بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى پەرق ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى كۆرۈش ـ كۆرەلمەسلىك، كۆرۈپ يەتكەن ئەقىل كۆزى بويىچە توغرا قارارغا كېلىش ـ كېلەلمەسلىك، ئۆزىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ياكى تەڭپۇڭلاشتۇرالماسلىق بولۇپ چىقىدۇ. ئالدىنقىلارنىڭ پائالىيىتىدە مۇشۇ خىل پىكىرلەر يالجىپ تۇرىدۇ، بۇنداق پىكىردە ئۇلارنىڭ ئالغان بىلىمىمۇ، ئېتىقادىمۇ، نەسەب ـ ئەجدادتىن ئالغان ئۇدۇمىمۇ. . . ئومۇملىشىپ ئەكس ئېتىدۇ، ھەر بىرسى بىردىن سۇ ئېتىلىپ تۇرغان بۇلاقتەك ئۆزگىچە پىكىر بۇلىقى بولىدۇ ـ دە، ھېچكىمنىڭ قارشى ئۇلارغا مۇتلەق ھۆكۈمران بولۇۋالالمايدۇ. ئەنە سوقراتنىڭ پەلسەپىنى ئاسماندىن ئېلىپ چۈشۈپ، ئافىنا ۋە ئۇنىڭ پۇقرالىرىدىن ئىبارەت ئېتىزغا ئۇرۇق قىلىپ تېرىشى؛ ئۇنىڭ شاگىرتى بولغان ئەپلاتوننىڭ پاراسەتكە مۇھەببەت باغلاپ مۇستەقىل تەپەككۇرنى ئەلا بىلىشى؛ كۇڭفۇزىنىڭ رەھىم ۋە ئەدەپنى دۆلەتنى ئەمىن تاپقۇزۇشنىڭ ئەڭگۈشتىرى قىلىشى؛ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بەخت ـ سائادەتنى ئەقىل ـ پاراسەت ئوقىدا ئايلاندۇرۇپ، ھاكىمىيەتنى ئۈچ پۇتلۇق داڭقانسىمان ھەقىقەت ئۈستىگە تۇرغۇزۇشى؛ مەھمۇد قەشقەرى بىلەن نەۋائىنىڭ ئانا تىلنى مىللىي تەرەققىياتنىڭ بوسۇش نۇقتىسى قىلىشى؛ فارابىنىڭ دۇنيانىڭ بىلىم سىستېمىسىنى ئەقىلنىڭ تۆت خىل ھالىتى بىلەن تەسۋىرلىشى ۋە پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسىنى ئەۋرىشكە قىلىپ تۇرۇپ، ئىنسانىيەتكە يېڭى جەمئىيەت قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىشى؛ كوپېرنىكنىڭ قوياش مەركەزچىلىكىنى تىكلەپ، كىشىلەرنىڭ دۇنياغا بولغان قارىشىنى تەڭشەپ قويۇشى؛ ئېدىسوننىڭ ئېلېكتر چىرىغىنى كەشىپ قىلىشى قاتارلىقلاردا ئاشۇنداق مۇستەقىل پىكىر ئۆز قەلبىدىكى ئۆگلۈكتىن ئەقىل سوراش ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەكبەرنىڭ بابۇرىلار ئىمپېرىيىسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ھىندىستاندىكى دىنىي مەزھەپلەرنى مۇرەسسە قىلىشى، ساچىر خانىمنىڭ «رەھبەر بولۇش مەسۇم قىزدەك پاك بولۇش» دېگەننى تەكىتلەپ، تەڭپۇڭ ۋە ئۇنۇملۇك ھاكىمىيەت باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشى؛ ئىندىرا گەندىنىڭ مەنىۋى پرىنسىپلار ئارقىلىق قەلب ۋە تەننىڭ مۇلايىم بىرلىكىنى قوغلىشىپ، «ھەمكارلاشماسلىق» ئارقىلىق ھىند ئۆگلۈكىنى تىكلىشى؛ جۇڭگونىڭ ئۆزگىچە سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىپ، باشقىلارنىڭ مۇھاسىرىسىگە تاقابىل تۇرۇشىدىمۇ شۇ مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى ئۆگلۈك ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىچكى دۇنياسى ياكى ئۆگلۈكتىن ئايرىلغان كىم ۋە قايسى مىللەت، دۆلەت غەلىبە قىلدى؟ ئۆزىنىڭ پىكرى ئېنىق بولمىغان كىم قەدەممۇقەدەم ئىلگىرىلىدى؟ ياق! ئۆگلۈكتىن، ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن ئەقىل سوراشنى تەرك ئەتكەن ئادەملەر ھەتتا ئالىم بولسا گالۋاڭلارغا ئايلاندى، خان بولسا قورچاققا ئايلاندى، نادان بولسا ياۋۇزغا ئايلاندى. بۇ ھال بىزنى ئىچكى دۇنياسىنى كۆرگۈچىلەرنىڭ پەزىلىتىگە مەھلىيا قىلىپ، ئۆزىمىزدە ئەقلىي سەكرەش ھاسىل قىلمىغۇچە گالۋاڭ تۇرۇپ قالىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىدۇ.

## 3. ئەقلىي سەكرەشتە مېڭە، قەلب ۋە روھ

ئۆزۈنلۈق، قىسقىلىق بەدەننىڭ سۈپەتلىرىدۇر. روھلارنىڭ سەيىر قىلىشى، مېڭىشى بولسا بەدەننىڭكىگە

ئوخشمايدۇ، ئۇ باشقا بىر تۈردۇر.

— جالالىددىن رۇمى

ئەقلىي سەكرەش ئادەمنىڭ مېڭە، قەلب، روھىيەتلىرى بىرلىشىپ ئۇنۇم بەرگەندە پارلايدىغان نۇرى ئىپھسان بولۇپ، ئەقىللىق ئادەم بۇ ئۈچ تەرەپنىڭ بىرلىكىدە تۇرغۇچىدۇر. مېڭە بىئولوگىيىلىك تەبىئىتى بويىچە ئادەمدە دائىم ئەقلىي سەكرەش ھاسىل قىلالمايدۇ. لېكىن نۇرغۇن كىشىلەر بۇنداق باغلىنىشنى بىلمەي، ھەتتا مېڭە پوستلىقىنىڭ ئىككى قاتلاملىق ئەقىل بايلىقىنى بىلمەي تۇرۇپلا، ئەقلىي سەكرەشنى يالغۇز مېڭىنىڭ ئىش قابىلىيىتىگە باغلاپ قويغانلىقتىن، قەلب ۋە روھ توغرىسىدا ئويلاپ كۆرمەيدۇ ياكى بۇ ئىككى گۆھەردىن ئايرىلىپ تۇرۇپ گەپ قىلىدۇ. دېكارت (1596—1650) تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان «تەپەككۇر قىلىمەن، مەن مەۋجۇت» دېگەن قاراش ئەنە شۇلارنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، ئەگەر بىز مېڭىنىڭ روھتىن ئايرىلسىمۇ ئىشلەۋېرىدىغانلىقىنى، قەلبىدە ۋىجدان بولمىسىمۇ يەنىلا ئىشلەۋېرىدىغانلىقىنى ئويلىساق (مەسىلەن، ھايۋانلار مېڭىسىمۇ ئىشلەۋېرىدۇ)، چۈچۈپ كېتىمىز ـ دە، ئەقلىي سەكرەشنىڭ ئۈچ تەرەپ بىرلىكىدىكى رېتىمىغا قايتىمىز. چۈنكى تەن گۆش بىلەن سۆڭەكتىن قۇرۇلغاندەك كۆرۈنگەن بىلەن ئۇنىڭدا كۆرۈنمەس بىر كۈچ يوشۇرۇنۇپ ياتقاندەك، ۋۇجۇدىمىزدا كۆزىمىزگە كۆرۈنمەيدىغان قەلب ۋە روھ باركى، قەلبى كور، روھى زەئىپ ئادەملەر مېڭىسىنى ئۈنۈملۈك ئىشقا سالالمايدۇ. يەنى مېڭىسى سەگەك، ھوشيار، ئىنسانىيەتكە مېۋە تەقدىم قىلىدىغان ئادەم بولۇش ئۈچۈن ئۇنىڭدا پاك روھ، يورۇق قەلب بولۇشى كېرەك. ھازىرقى كۈندە كۈندىن ـ كۈنگە ئەۋج ئېلىپ كېلىۋاتقان ماددىي تەلپۈنۈش ئارقىسىدىكى چىرىكلىك بىلەن ئېتىقاد كرىزىسى مانا مۇشۇنداق روھ ۋە قەلبنى تەرك ئېتىپ، «مېڭە ھەممىنى ھەل قىلىدۇ» دېگەن بىئولوگىيىلىك قاراشتا تۇرۇۋېلىش بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. قاراپ باقايلى، دۇنيادىكى پاك روھ بىلەن قەلبىنى يورۇتمىغان كىشىلەر نېمىلەرنى دېمىدى، نېمىلەرنى قىلمىدى، بۈگۈن يەنە نېمىلەرنى دەۋاتىدۇ ۋە نېمىلەرنى قىلىۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ ھايۋانى ھېس تۇيغۇلىرى مەدەنىي ئىنسانلار ئارىسىدا قىلىۋاتقان گۇناھلىرىدىن ئىبرەت ئېلىش بىزگە يېتىپ ئاشىدۇ.

بۇ مېڭە باشقا، قەلب باشقا، روھ باشقا دېگەنلىك ئەمەس. خاتىرە، تەپەككۇر، قەلب، روھ پۈتۈنلەي مېڭە ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن روھ بىلەن قەلب تىنىدۇرما قىلىنغان ئىنسانىي تەبىئەت ياكى پەزىلەت بولۇپ، پۈتكۈل ئەقلىي پائالىيەت ئۈچۈن مایاك، ئۇلار مېڭىنىڭ بىئولوگىيىلىك ھەرىكىتىنى يېتەكلەپ ماڭىدۇ. شۇ خاسىيەت بىلەن بىئولوگىيىلىك ھەرىكەتتىكى مېڭە بىلىنمىگەن بىر شەيئى ۋە ئىش ئۈستىدە بايقاش ئېلىپ بېرىپ، مېڭىنى يېڭى ئەقلىي سەكرەشكە ئېلىپ بارسا، پاك روھ ۋە ئېتىقاد نۇرى بىلەن يورۇتۇلغان قەلبتىن يۈز ئۆرۈپ، بىئولوگىيىلىك ئايلانغان مېڭە ئادەمنى ۋىجدانىدىن ئاداشتۇرۇپ ھايۋانىيلىققا چۆشۈرۈپ قويىدۇ. شۇڭا، ئۆگلۈكنى بىلىش زېھنىنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈش ياكى يېڭى ئەقلىي سەكرەش ھاسىل قىلىشتا ئۈچ تەرەپنىڭ بىرلىكىدە تۇرغان ئەقىللىق ئادەملەر ئۇتۇق قازانسا، بۇ بىرلىكنى پارچىلىغۇچىلار گېزى كەلگەندە ئۆزى ھاسىل قىلغان ئورەككە چۈشۈپ كېتىدۇ.

مېڭە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۆرلۈك زېھىن تېپىنىڭ ھەرىكەت سەھنىسى بولۇش بىلەن ئادەم ھاياتىدا ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپلا قالماستىن، ئىنسانىيەتنىڭ تارىخىدىكى بىلىملەرنى خاتىرە قىلىش ۋە ئۇلارنى تەشكىللەپ قوراشتۇرۇش ئۈچۈن تەپەككۇر قىلىش مېخانىزمى بولۇش سۈپىتى بىلەنمۇ ئەڭ ئۇلغار مۆجىزىدۇر. لېكىن ئادەم ھاياتىدىكى ئەقلىي سەكرەشلەرنى قەدەممۇقەدەم ئۆستۈرۈپ، ھەقىقىي دانىشمەنلىكنى تىكلەشتە «روھ بىرىنچى، قەلب ئىككىنچى، مېڭە ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.» بۇ چىن ئادەمنىڭ تەڭپۇڭ ھالەتتىكى ئادىمىيلىكىدۇر. بۇ يەردىكى ئېھتىيات قىلىدىغان نەرسە مانا مۇشۇ تەرتىپنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۆزىمىزنى مېڭىنىڭ قۇلى قىلىپ قويۇشتۇر.

ئۆزىمىزنى مېڭىنىڭ قۇلى قىلىپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلىش شۇنىڭ ئۈچۈنكى، مېڭە تەبىئەت مۆجىزىلىرىنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولغاچقا، ھاياتىمىزنىڭ ھەممە تەرىپىدە ئىشلەيدۇ، ھەتتا بارلىق ئىلىم ـ پەننى، تېخنىكىنى بىزگە تەقدىم قىلىدۇ. ئەگەر بىزدە غەمكىن قەلبنى ئۇرغۇتۇپ، ھۆرلەشتۈرۈپ تۇرىدىغان پاك روھ ئاجىزلاپ كەتكەن بولسا، مېڭىنىڭ خىزمىتىدىكى مولluqتا قاراپ «مېڭە روھنىڭ خوجايىنى ئوخشىمامدۇ؟» دەپ قالىمىز ـ دە، مېڭىگە يول كۆرسىتىپ، نىشان بەلگىلەۋاتقان ھەقىقىي كۈچنى خاتا مۆلچەرلەپ قويىمىز.

لېكىن بۇ يەردىكى ھەقىقىي ئەھۋال شۇكى، مېڭە بىئولوگىيىلىك خاتىرە قىلىش ۋە خاتىرە قىلىنغان بىلىملەرنى بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزغا سىغمايدىغان دەرىجىدە تېز ۋە توغرا قوراشتۇرۇش قۇدرىتىگە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما، بۇنداق بىئولوگىيىلىك پائالىيەت خۇددى كومپيۇتېر پائالىيىتىدەك ئۆلۈك بولىدۇ، ئۇنىڭدا ھاياتلىقتا بولىدىغان شاتلىق بىلەن ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى يورۇتۇپ ماڭىدىغان نۇر بولمايدۇ. ئەمما شۇ روھ نۇر تارقاتقۇچى، نۇرلانغان مېڭىگە يېڭى ئۇچۇر يەتكۈزگۈچى بولغاچقا، ھايات خۇددى مېڭىسى ئىشلەپ تۇرسىمۇ كۈلۈشنى بىلمەيدىغان ھايۋان، چېچەك مېۋە بەرسىمۇ سۆزلىمەيدىغان مېۋىلىك دەرەخكە ئوخشاپ قالىدۇكى، شۇ تەرىقىدە ماڭغان ئادەممۇ ئادىمىيلىكنىڭ بارلىق شەرتلىرىنى ئويلىيالايدىغان، ئورۇندىيالايدىغان ئادەم بولالمايدۇ. چۈنكى ئۇلار مېڭىسىنىڭ بىئولوگىيىلىك ھەرىكىتىدە بارلىققا كەلگەن ئالىم ياكى ئەۋلىيالار بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ شادلانماي، كۈلمەي تۇرغىنى ئۇلاردىكى ئىختىيارلىقنىڭ

يۇقىرى چېكى، ئىختىيارسىزلىق (غەمكىن قەلب) نى ئۆستۈرىدىغان روھنىڭ بىمارلىقى بولۇپ، بۇ ئىختىيارلىقنىڭ (ئەركىن قەلبنىڭ) دائىمى ئۆسۈش تەبىئىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. مېڭە پەقەت ئويلايدۇ، تەپەككۇر قىلىدۇكى، ھېس قىلالمايدۇ. يەنى تەپەككۇرنىڭ مەنتىقىسى بىلەن تەندىكى سەزگۈرلەنىڭ مەنتىقىسى ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا، ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز مەنتىقىسى بىلەن مېڭىشنى ئويلايدۇ. مېڭە تەپەككۇر ئۇسۇلى بىلەن ماڭسا، قەلب روھى ئۇسۇل بىلەن ماڭىدۇ. بۇنداق بولمايدىكەن، مېڭىنىڭ يۈكى ئېشىپ كېتىدۇ - دە، ئۇ روھنىڭ نۇرى ئېھسان تارقىتىشىغا توسالغۇ بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق ھالەتتىكى ئادەملەردە ئىنسانىي تۇيغۇدىكى يېڭى ئەقلىي سەكرەش، ئىجادىي قۇدرەت بولمايدۇكى، ئەگەر ئۇلار يەنىلا ئىجاد قىلىدۇ دېيىلسە، خۇددى كىشىلەر ئاچ - يالىڭاچ قېلىۋاتسا مېڭە ئالەم كېمىسى بىلەن سامان يولىنى ئايلىنىش پىلانىنى تۈزگەندەك، مېھىر - شەپقەتتىن ئايرىلغان بىر مەلئۇنلۇق ھۆكۈم سۈرىدۇ. بۇنداق شارائىتتا مېھىر - شەپقەت ئۈچۈن، سۆيگۈ ئۈچۈن، شادلىق ۋە كۈلكە ئۈچۈن مېڭىنىڭ بىئولوگىيىلىك كىشەنلىرىدىن ئازاد بىر قەلب ۋە روھ زۆرۈردۇر.

شۇڭا، بۇلارنىڭ ھەربىرسىنى ئۆز ئورنىدا قويۇپ، مېڭە بىلەن قەلب ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش بولسا، قەلبنىڭ گېپىنى ئاڭلاش، سۆيگۈ بىلەن مەنتىقە ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش چىقىپ قالسا، سۆيگۈنىڭ گېپىنى ئاڭلاش، ئىشنى نوقۇل ھالدا مەنتىقىگە تاشلاپ بەرمەسلىك كېرەك. چۈنكى، مەنتىقە ماتېماتىك تەپەككۇر ياكى پەن جەھەتتە ياخشى رول ئوينىسىمۇ، ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە، ئىنسانىي چىن مۇھەببەت يېتىلدۈرۈشتە، غەمكىن قەلبتىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى ئۆستۈرۈشتە ياخشى رول ئوينىمايدۇ.

زامانىمىزدىكى ئالىملاردىن ھىند مۇتەپەككۇرى ھوشۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى پىكرى تولىمۇ دانالىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، روھ (ئۆگلۈك - مۇئەللىپ) ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. ئوخشىتىپ ئېيتقاندا، مېڭە مەنتىقە، قەلب سۆيگۈ، روھ — كۆڭۈل تىندۇرغۇچىدۇر. روھ ئۆزىمىزنى بىلىش، ئۆزىمىزنى بىلىش ئارقىلىق مەۋجۇتلۇقنىڭ ئەھمىيىتىنى بىلىشتۇر. نېمىشقا بۇنداق دەيمىز؟ روھ ئىچىمىزنى قاپلاپ تۇرغان قاراڭغۇلۇقنى يورۇتىدۇ، ئىچىمىزنى روھتىن ئىبارەت مۇشۇ نۇر يورۇتمىسا، تاشقى جەھەتتىكى ھېچقانداق بىر مەبۇد يورۇتالمايدۇ. سىز ئىچىڭىزنى ئېچىپ كۆرۈپ باققانمۇ؟ ئىچىمىز چەكسىز كەتكەن قاراڭغۇلۇق، ئىختىيارسىزلىق (غەمكىن قەلب) تۇر. بىزنىڭ بارلىق ھەرىكىتىمىزنى ئاشۇ قاراڭغۇلۇق يەنى غەمكىن قەلب كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنداق قاراڭغۇلۇقنى يورۇتۇش ئۈچۈن بىز بىر روھىي تىرەككە مۇھتاج.

روھ بىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قارارگاھىمىز، «تەڭرىلىك ئالەمدە» ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان نەرسە يوق، ئىچكى دۇنيايىمىزدىكى «ئىلاھىي» نۇر، ئۇ بىزگە مېڭە، قەلب بېرەلمىگەن نەرسىنى بېرىدۇ، ئۇ بىزگە خاتىرجەملىك، تىنچلىق، ئارامخۇدالىق، خۇشاللىق بېرىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ بىزگە ئىچىمىزنى يورۇتىدىغان ئۈچمەس بىر ھېس - تۇيغۇنىمۇ بېرىدۇ. بىز روھنى چۈشەنگەندە، ئۆلۈم بىر خىل ئويدۇرما ھادىسىگە ئۆزگىرىپ كېتىدۇكى، ھاياتلىق مەڭگۈلۈككە سەكرەيدۇ، ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىنى بىلمىگەن ئادەمنى ھەقىقىي تۇردە ياشاۋاتىدۇ دېگىلى بولمايدۇ. ياشىدىم دېگەندىمۇ ئۇ ئېھتىمالىم لازىمەتلىك بىر جانلىقنىڭ قۇرۇلمىسى ياكى بىر ماشىنا ئادەم بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

شۇڭا، بىز ئىچىمىزنى يورۇتۇۋاتقان نۇر — روھنى قەدىرلەپ تۇرۇپ، مۇشۇ ئۈچ تەرەپنى ماسلاشتۇرۇپ ئىشقا سالغاندا شۇنداق بىر مەنزىرە ئېچىلىدۇكى، ئەگەر ئالدىمىزدىكى ئۆينى مىسالغا ئېلىپ ئېيتساق، «ئوخشاش بىر ئۆي ... مېڭىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىر ئۆي بولىدۇ، ئۇنىڭغا قەلب قوشۇلسا، بۇ ئۆي ئائىلە بولىدۇ، بۇلارغا روھ قوشۇلسا، بىر پاكلىنىش ئورنى بولىدۇ. ئۆي ئۆز جايىدا شۇ پېتى تۇرسىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ ئۆزئارا تەسىرى بىلەن ئۆزگىرىشتىن ئۆتىدۇ، بىزنىڭ قارىشىمىز ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، بىلىش قاتلىمىمىز ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، چۈشىنىش ئۇسۇلىمىز بىلەن ئىشلارغا قاراش ئۇسۇلىمىزمۇ ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، دېمەك، بۇنداق ئۈچ شەرت ھازىرلانمىغان ئۆي مۇكەممەل ئۆي بولمايدۇ»④.

شۇنداق ئىكەن، مۇكەممەل ئۆينى قۇرىدىغان ئۆگلۈكنى قانداق تاپىمىز ۋە ئۇنى قانداق ئۆستۈرىمىز؟

## 4. ئۆگلۈكنىڭ تەندىكى ئورنى ياكى ئۆگلۈك ئۇقۇمى

كىشىلەر ئۆگلۈكنى ئۆزىنىڭ تېنىدىن ئىزدەش تارىخى گەرچە ئۆزىنىڭ تارىخى بىلەن تەڭ بولسىمۇ، يېقىنقى 250 يىل بۇ ھەقتە بىر قەدەر جىددىي ئىزدىنىش بولغان چاغلار بولۇپ، ئۆگلۈكنىڭ ئورنى ئادەم تېنىنىڭ قەيىرى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى قاراشلار نەچچە قېتىم ئۆزگەردى. بۇ ئۆزگىرىش بىر كىچىك بالىنىڭ ئۆزىنى كۆرسەتكەندە كىندىكىنى، بىر چوڭ ئادەمنىڭ ئۆزىنى كۆرسەتكەندە مەيدىسىنى قولى بىلەن كۆرسىتىشىگە ئوخشاش ئاددىي بولماي، تەتقىقاتتا چوڭقۇرلاش بويىچە ئىلگىرىلەپ باردىكى، بەزىلەر ئۆگلۈك ئادەمنىڭ يۈرەك ياكى جىگىرىنى مەنبە قىلىدۇ دېسە، يەنە بەزىلەر ئۆگلۈك ئادەمنىڭ چىلغوزا تەنچىسى ياكى مېڭىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەزالار بولىدۇ، دېدى. بۇ ئەمەلىيەتتە، ئىنسانىيەت ئېڭىنىڭ مەنبەيى توغرىسىدىكى تالاش - تارتىش بولغاچقا، تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا

قاراپ ئۈگلۈكنىڭ خاراكتېرىنى بېكىتىش ئۇنىڭ تەندىكى ئورنىنى بىلىشتىنمۇ قىيىن ئىش بولۇپ گەۋدىلەندى.

هازىرقى زاماندىكى بىزنىڭ ئۈگلۈكنى ئىزدەپ تېپىشىمىزنىڭ ياكى ئۇنىڭغا ھەقىقىي بىر تەبىر بېرىشىنىڭ قىيىن بولۇپ كېتىشى ئېھتىمال بىز ئىزدەۋاتقان ئوبيېكتنىڭ ئۆزىمىزگە ئوخشاش بىر گەۋدە (يەنى ئۆزىمىز) بولۇپ قالغانلىقى بولسا كېرەك. مىلادىيىدىن 500 يىل بۇرۇن بۇددىزىم مۇتەپەككۇرلىرى: ئۈگلۈك پەقەت بىر ئۇقۇم، ئاڭ ياكى ئىختىيارلىقنىڭ مەركىزىدە كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان گەۋدىسى بار بىر ئۈگلۈك بولمايدۇ، پەقەت تەپەككۇر، سەزگۇ ۋە ئويلار ئۈگلۈك خىياللىرىغا ئەگىشىپ يۈرىدۇ، دەپ قاراشقان ئىكەن. بىزنىڭ بۇددىزىم، مانىزىم ئىدىيىمىزگە ئاساس بولغان كۇشان (كاشان) دەۋرى بىلەن مانى (ئاتىللادىن كۆل بىلگە قادىرخانغىچە) دەۋرىگىچە داۋام قىلىپ كەلگەن تەڭرىقۇتلۇق دۇنياغا قارىشىدا: تەڭرىقۇت (كۆك تەڭرى) ئەفرومەز (يورۇقلۇق ئىلاھى) بىلەن ئەھرەمەن (قاراڭغۇلۇق ئىلاھى) دىن ئىبارەت ئىككى ئىلاھنى بېسىپ چۈشىدىغان مۇقەددەس كۈچ قارىلىپ، تەڭرىقۇتنى بۇ ئىككى ئىلاھ ئوتتۇرىسىدىكى زىتلىقنى $\frac{4}{4}$ كەسرى نەقلىدە بىر پۈتۈنلۈككە زىچ قىلىدىغان قادىر كۈچ ھېسابلىغان بۇنداق قاراشتىكى زىتلىقنى ھەل قىلغۇچى شەكىلسىز كۈچ تەڭرىقۇتنىڭ قەلبىدىكى تەبىئەت بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن ئۈگلۈك ئىدى. بۇنداق قاراشنىڭ راۋاجى بولغان قاراخانىيلار دانىشمەنلىرىدىكى «فانا» تەلىماتى تېخىمۇ ئۈگلەشكەن ئىدىيە بولۇپ، «فانا» دېگەندە ئويلاپ كاللىسى يەتمىگەن مەسىلىدە تەبىئەتكە تەڭرى دەپ تېئۇنىش، ئۆزىنى تەبىئەتكە قوشۇپ يوق قىلىۋېتىش بويىچە تەپەككۇرغا چوڭقۇرلاپ جان ۋە تەن سىرلىرىنى مۇجەسسەم قىلغان ئۈگلۈك ئىلھامىغا كېلىش ياكى ئەقلىنى تەبىئەت كۈچى بىلەن تۇتاشقان ھۆرلۈك ھالىتىگە كەلتۈرۈش دېگەن ئىدىيىدە بولغان ئىدى. هازىرقى بەزى ئىدراكشۇناسلاردىمۇ ئاشۇ قاراشنى تەكىتلەيدىغانلار بار. ئۇلار: ئۈگلۈك ناھايىتى مۇرەككەپ (دۇنيا توغرىسىدىكى بارلىق ئۇچۇرلارنى تېخىمۇ ئۇنۇملۇك تەشكىللىشىمىزگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدىغان) مېڭە خەرىتىسى ياكى خەرىتىلىك سىستېما، دەپ قارايدۇ. بۇ قاراش بۇددىزىم مۇتەپەككۇرلىرىغا يېقىن كېلىدۇ.

بەزى پسىخولوگلار: مۇھىم شەخسلەر مۇھىت بىلەن ئۆزئارا تەسىرلەشكەندە ھەقىقىي تۈردىكى مۇھىت ئۈگلۈك مەلۇم بولىدۇ، بۇنداق ھەقىقىي ئۈگلۈك ئىنسانىيەتنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى ئىجادىي قابىلىيەت، ھاياتىي كۈچ، ئىستىخىيە ۋە ھېسسىيات خاتىرجەملىكىنىڭ ھەقىقىي بۇلىقىـــدۇر، دەيدۇ. ۋىلىيام جامىس ئۈگلۈك ھەقىقىدىكى تالاش - تارتىشلار ھەققىدە خۇلاسە خاراكتېرلىك گەپ قىلغان ئادەم بولۇپ، ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «مېنىڭچە، بىر ئادەمنىڭ ئىندىۋىدۇئال خۇسۇسىيىتىنى بىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئالاھىدە روھ ياكى ئەخلاقىي جەھەتتىكى پوزىتسىيىسىنى تېپىپ چىقىشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭدا مۇشۇنداق بىر پوزىتسىيە بولغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى چوڭقۇر، كۈچلۈك ھېس قىلالايدۇ. مۇشۇ چاغدا ئۇنىڭ يۈرىكىدىن قايناپ چىققان بىر سادا: «مانا بۇ ھەقىقىي تۈردىكى مەن» دەيدۇ. لېكىن ئۈگلۈك ئادەمدىكى تەبىئىي ئەھۋال بولسىمۇ، ئۇنى ھەربىر ئادەم تەبىئىي ھېس قىلماستىن، ھوشيارلىقى بويىچە ھېس قىلىدۇ، ھەمدە كىمكى بۇ جەھەتتىكى قابىلىيەتلەرنى كۆپلەپ ھازىرلىسا، شۇنچە تېزلىكتە ئەقلىي سەكرەشكە — بىۋاسىتە سەزگۇ ياكى ئىلھامغا ئىگە بولۇپ، ئاخىرى دانا - دانىشمەنلەر قاتارىغا ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن. ھەقىقىي ئۈگلۈكنى تېپىپ ئالالايدىغان بۇنداق ئادەملەردە تۆۋەندىكى قابىلىيەتلەر بولىدۇ: ① ھاياتىي كۈچكە تولۇپ تاشقان بولۇپ، تېنىدىكى كەڭ دائىرىلىك سىزىم - ھېسلارنى ئىستىخىيلىك ھالدا چوڭقۇر چۈشىنەۋالالايدۇ؛ ② تېنىدىن ھېس قىلغانلىرى ھەققىدە تېزدىن ئېنىق قارار چىقىرالايدۇ؛ ③ ئۆزىنى باھالاپ چىقالايدۇ؛ ④ ئۆز تېنىدىكى ئازابلىق ھېس - تۇيغۇلارنى تىنچىتالايدۇ؛ ⑤ خىزمەت ۋە كىشىلىك ئالاقە ئۇستىدە قىلغان ۋەدىلىرىنى ئاقلاش قابىلىيىتىگە ئىگە بولىدۇ؛ ⑥ ئىجادچان ۋە مېھرىبان كېلىدۇ؛ ⑦ تەنھا ياشاش قابىلىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. ئەڭ مۇھىمى شۇكى، ئۈگلۈك دېگەن ھەر كىمنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرىغا ئەگىشىپ يۈرگەنلىكتىن، ئۇ شۇ ئادەم ھايات ياشاۋاتقان ۋاقىت، ماكان ئىچىدە (ھازىرنىڭ ئۆزىدە) بولىدۇكى، ئۇنى باشقىچە تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇ ئۆزىنىڭ تېنىدىكى ھېس - تۇيغۇلارنى سېزىۋېلىش بويىچە مانا مۇشۇنداق ھوشيار ئادەملەر بولغانلىقتىن ئۇلاردا جاھان ئۆزگىرىپ كېتىۋاتسىمۇ، ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغان بىر خىل ئىچكى ماھىيەت بولىدۇ، بۇ ئۈگلۈك ئېڭىدۇر. بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئەڭ ھوشيارلىرىدا مېڭىنىڭ ئىككى قاتلىمى ئۇلاردىكى ئۆتۈشمە ۋە سەزگۈلەر ھەققىدە ئېنىق سەزگۈرلۈك بولىدۇكى، بۇنى ئىلمىي تۈردە ئىگىلىۋالغان ئادەم ھەقىقىي مۆر ئەقىل بولىدۇ.

## 5. مېڭىدىكى ئىككى قاتلاملىق نېرۋون تورى

ئۈگلۈكنى چۈشىنىش، ئۇنىڭ تەندىكى ئورنىنى بەلگىلەش ھەقىقەتەن زور كۈچ تەلەپ قىلىدىغان ئىش، چۈنكى ئۇ مەلۇم گەۋدىلىك ئەزا ئەمەس، بەلكى ئىچكى زېھىن ئورگىنى ياكى بىر ئادەمنى دانىشمەن قىلىدىغان نۇرى ئېھسانىنى تارقىتىش خىياللىرى بولۇپتەك ئۈزۈپ يۈرگەن قەلب كەڭلىكىدۇر. بۇنداق قەلب كەڭلىكىنى يېقىنقى زامان ئالىملىرى مېڭىمىزدىكى ئىككى قاتلاملىق نېرۋون تورى بىلەن تونۇشۇش ئارقىلىق ئىگىلەشنى تەشەببۇس قىلدى.

ئالىملارنىڭ زامانىمىزدىكى ئەڭ نازۇك ئېلېكترونلۇق ئەسۋابلار بىلەن مېڭىنىڭ ئوڭ ۋە سول شارچىلىرى ھاسىل

قىلغان ئىككى قاتلىق تۇزۇلۇشى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتۈشمە ھەرىكەتلەرنى كۆزىتىشتىن كەلگەن يەكۈنى شۇكى، چوڭ مېڭە خۇددى بېلىق تورىغا ئوخشايدىغان ئىككى قات نېرۋون تورى بولۇپ، تاشقى دۇنيادىكى بارلىق ئۇچۇرلار نورمال يول بىلەن ئىككى قات نېرۋون تورىغا چۈشىدۇ، بۇلارنىڭ ئۇچۇرلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئۆزگىچە ئۇسۇلى بار؛ ئۈستۈنكى قات ۋە ئاستىنقى قات نېرۋون تورىنىڭ ئۆز ئۈستىگە ئالغان فۇنكسىيىسى ئوخشىمايدۇ. بىزنىڭ ئىختىيارلىقىمىز ياكى ئېڭىمىزنىڭ ھازىرلىنىپ، ئىشقا چۈشكەن قىسمىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئۈستۈنكى قەۋەت نېرۋون تورى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ئۈستۈنكى قەۋەت نېرۋا تورىنىڭ ئۈچ چوڭ خۇسۇسىيىتى بار: ① ئۇنىڭدا سەگەك ئاڭلىقلىق بولىدۇ. ② ئۇنىڭدا ئېنىق ھېس قىلىدىغان ئىش قابىلىيىتى بولىدۇ. ③ ئۇنىڭدا يۇكسەك تەپەككۇر قابىلىيىتى بولىدۇ. بۇ قاتقا سېلىشتۇرغاندا، ئاستىنقى قاتلام نېرۋون تورىدا ئۈچ نەرسە كەم بولىدۇ: ① سەگەك ئاڭلىقلىق كەم بولىدۇ. ② ئېنىق ھېس قىلىش فۇنكسىيىسى كەم بولىدۇ. ③ يۇكسەك ئاڭلىقلىق بىلەن تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتى كەم بولىدۇ.

ئاستىنقى قاتلام نېرۋون تورى شۇنچىلىك ئىشلارغىمۇ كارغا كەلمەيدىغان تۇرسا، تەبىئەت نېمە ئۈچۈن ئۇنى مېڭىمىزگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدۇ؟

بۇ ئىككى خىزمەت ئالاھىدىلىكىگە قارىپلا، ئاستىنقى قەۋەتنى كارغا كەلمەيدۇ دېسەك بولمايدۇ. چۈنكى، ئۈستۈنكى قەۋەت تور قوبۇل قىلالايدىغان سىگناللارنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۇ قوبۇل قىلالايدۇ، ئۈستۈنكى قەۋەت تور قوبۇل قىلالمايدىغان سىگناللارنىمۇ ئۇ قوبۇل قىلالايدۇ، ئۇ پەقەت ئىندىمەيدۇ، خالاس! ئۇنىڭ ئەسقاتىدىغان يېرى شۇنداق كەڭ ۋە چوڭكى، ئۇنى سىز بىلەن مېنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىپ بولۇشىمىز تەس. ئۇنىڭدا سەگەك ئاڭلىقلىق كەم دېگەنلىك، ئۇنىڭدا ئاڭلىقلىق يوق دېگەنلىك ئەمەس، ئېھتىمال ئۇنىڭدىن ئاڭلىقلىق كۆنلەرنىڭ بىرىدە پارتلاپ چىقىشى مۇمكىن. ئۇنىڭدا ئېنىق ھېس قىلىش فۇنكسىيىسى بولمىغان بىلەن ناھايىتى ئالاھىدە بولغان بىر خىل ئىدراك قابىلىيىتى باركى، ئۇ «بىۋاسىتە سەزگۈ» دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇنىڭدا تەپەككۇر قابىلىيىتى يوق، دېگەن گەپ پۈت دەسسەپ تۇرالمايدۇ، ئۇنىڭدىكى ئابستراكت تەپەككۇر قابىلىيىتى بىلەن ئوبرازلىق تەپەككۇر قابىلىيىتى ئۈستۈنكى قەۋەتكە قارىغاندا نۇرغۇن دەرىجە كۈچلۈك. ئۇنىڭدا كەم بولغىنى پەقەت «يۇكسەك ئاڭلىقلىق» خالاس. بۇ خۇددى ئۆزلۈكىدىن بېكىنىپ قالىدىغان كېسەللىكلەرگە ئوخشايدۇ. ئۆزلۈكىدىن بېكىنىپ قالىدىغان كېسەللەر ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى زادىلا بىلمەمدۇ؟ ئۇلاردىكى بۇ ھال ئۇلارنىڭ تالانتلىق ماتېماتىك، سەنئەتكار، مۇزىكانت بولۇپ چىقىشىنى توسۇپ قالالمايدىغۇ؟ ئۇ پەقەت ئۈستۈنكى قەۋەت نېرۋون تورى ئەڭ ئۇستا بولغان تۇرلۇك ئاددىي تەپەككۇرلارنى «نەزەر ـ كۆزىگە ئالمايدۇ» ، خالاس.

بىز مۇرەككەپ ماتېماتىكا مەسىلىلىرىنى ھېسابلاپ چىقالماي، پەندىكى بىرەر ئىلمىي مەسىلىنى ھەل قىلالماي مېڭىمىزنىڭ قېتىقى چىقىپ كەتكۈدەك ئويلانغاندا؛ مۇرەككەپ ئىلمىي بايقاشلار، مۇرەككەپ ئىلمىي كەشپىياتلار ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز ئويلانغاندا، دىل تارىنى چېكىپ روھى دۇنيادا زىلزىلە ھاسىل قىلىدىغان شېئىرلارنى يازالماي، تىللاردا داستان بولغۇدەك كۈيلەرنى ئىجاد قىلالماي ھەيرانۇ ھەس بولغاندا. . . پەقەت ئەنە شۇنداق چاغلاردىلا ئۇ ئاستىنقى قەۋەتتىكى توردا ئاستا ـ ئاستا ئويغىنىدۇ ـ دە، بارا ـ بارا جىددىي خىزمەتكە كىرىشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، بىز زادىلا ئويلىمىغان بىر چاغدا ئېرىشكەن نەتىجىسىنى بىزگە يەتكۈزىدۇ، بىز شۇئان «ئىلھام كەلدى!» ، «ئىلھام كەلدى!» دەپ بارىكاللا ئېيتىپ كېتىمىز. دۇرۇس، ئۇنىڭغا سەگەك ئاڭلىقلىق يوق، مانا شۇنداق بىر زىيان ئۈچۈن ئۇ مانا مۇشۇنداق بىر پايدىنى كەلتۈرىدۇ، سەگەك ئاڭلىقلىقنىڭ ئىش قابىلىيىتى ئورنىغا ئادەتتىكىدىن ھالقىغان تەپەككۇر قابىلىيىتى بىلەن ئادەتتىكىدىن ھالقىغان ئىدراك قابىلىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. دېمەك، تەبىئەتنىڭ مېڭىمىزنى ئىككى قات نېرۋون تورى قىلىپ لايىھىلىشى شۇنداق چوڭقۇر مەناغا ئىگىكى، ئۇلارنىڭ بىرى كۈندۈزدە ئارام ئالسا، كېچىسى ئىشلەيدۇ، يەنە بىرى كۈندۈزدە ئىشلىسە، كېچىسى ئارام ئالىدۇ؛ بىرسى ئىختىيارلىقا (ئەركىن قەلب) مەسئۇل بولسا، يەنە بىرسى ئىختىيارسىزلىققا (غەمكىن قەلب) كە مەسئۇل بولىدۇ. ئادەمنىڭ ئىجادىيلىقى مانا مۇشۇ ئىككى قات تورنىڭ ھەقىقىي گىرەلەشكەن ۋاقتىدا تۇغۇلىدىغان بالىكى، بۇ بالا نېرۋون تورنىڭ ئاستىنقى قاتلىمىدىن «ئىلھام» سۇرەتلىك تۇغۇلىدۇ.

## 6. ئىككى قاتلاملىق مېڭە تورىنى ئۆلىغۇچى ئادەم

توغرا، مېڭىمىزنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىن، قەلبىمىزنىڭ تەكتىدىن لەرزە ئۇرۇپ چىققان بىر ھوش ياكى ئىلھام بىزنى ئىلكىگە ئېلىۋالغاندا، ۋۇجۇدىمىزدا بىزنىڭ جىسمىمىز بىلەن روھىمىزغا، بۇلاردىن كائىناتتىكى پلانېتلارغا تۇتىشىپ كەتكەن تەبىئىي بىر ئادەمنىڭ ئوتى بارلىقىنى سېزىپ ئالىمىز. ئۇنىڭ شۇ مىنۇتتا ھېچنېمىنىڭ كۈچى يەتمەيدىغان غەيۇر رىغبەت بىلەن ۋۇجۇدىمىزغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى ئۇنىڭ ماھىيەت جەھەتتىن ھاياتىمىزنىڭ تەكتى ئىكەنلىكىگە بەلگىدۇر. ئۇ شۇئاندا خۇددى ئىچىمىزگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلغان ئىجادىيەت مېخانىزمىدەك بىر يېڭى ئۇي ياكى بىۋاسىتە تۇيغۇنى بىزگە ئاتا قىلىدۇكى، بۇ ھوش ياكى تەپەككۇرنىڭ سەۋىيىسى بىزنىڭ شۇ چاغقىچە شۇ

ئىش ئۈستىدە ئويلاپ يەتكەنلىرىمىزدىن شارت قىلىپلا ھالقىپ كېتىدۇ - دە، دىلىمىزدا بىر ئىجادىي كىرىلىش ھاسىل قىلىپ، باشنى قاتۇرغان مەسىلىدە كۆڭۈل يورۇيدۇ، ئىستەۋاتقان كېلىچەكىمىزدىن خەۋەر كېلىدۇ. قەلب مەملىكىتىمىزگە شۇۋى قەدىر كەلگەندەك «پاھ!» دەيمىز. ئەمما شۇنداق چاغلاردا ئۆزىمىزدە ياكى شۇنداق ئىلھام تۇيەيلى «ئۆزىدىكى يارىلىنىشنى بىلمەي كېتىۋاتقان جەڭچى، كېسىلىنى بىلمەي كېتىۋاتقان بىمار، گۈزەللىككە شەيدا بولۇپ جېنىنى پىدا ئەيلەۋاتقان ئاشىق... لاردىكى كۈچ نەدىن كەلگەندۇ؟ دەپ ھەيران قالىمىز. دېمەك، ئۇ ھەقىقىي كۈچ كۆرسەتكەندە ۋۇجۇدىمىز ئادەتتىكىدىن ھالقىغان سىرلىق كۈچ ماكانىغا ئايلىنىدۇ. بۇنداق ھالقىش ئادەمنىڭ كائىناتتىكى ئورنى ۋە ئۇنىڭ بارلىق مەۋجۇدىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە باغلىق بولۇپ، ئادەم ئادەتتىكىدەك تۇرغاندا يېگانە بولسا، ھالقىپ كەتكەندە كائىنات بىلەن بىرلىشىدۇ - دە، ئۇنىڭدىكى كۈچنى ئۆزىگە ئۇلايدۇ. ئەقىل ھۆرلۈكىدىكى بۇ ھالنى نېمىس ئالىمى ئىممانۇئىل كانت مۇنداق تەسۋىرلىگەن: «ئىككى نەرسە دائىمى، تەكرار ئويلانغانسېرى قەلبىمىزدە يېڭىلىنىپ بارىدىغان ئالقىش ۋە ئەيمىنىش ھاسىل قىلىدۇ. ئۇلار بوشلۇق ۋە قەلبىمىزدىكى ئەخلاقىي قانۇندۇر، مەن ئۇلارنى قاراڭغۇلۇقتا چۆمۈپ كەتكەن ياكى كۆرۈش چېگرالىرىمىزدىن ھالقىپ كەتكەندە يىراقتىن ئىزلەپ ياكى پەرەز قىلىپ يۈرمىدىم، بەلكى كۆز ئالدىمدىكىدەك كۆرۈپ تۇردۇم ھەمدە ئۇلارنى ئۆزۈمنىڭ مەۋجۇتلۇق ئېڭى بىلەن باغلىدىم. بوشلۇق مېنىڭ تاشقى سەزگۈ ئەزالىرىمدا ئورۇن ئىگىلەشتىن باشلاندى ھەمدە سەزگۈلىرىمدىكى باغلىنىشنى قاتمۇ - قات دۇنيا، قاتلاممۇ - قاتلام يۇلتۇزلار سىستېمىسىدىكى چەكسىزلىككە كېڭەيتتى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ماڭا ئۇلارنىڭ چەكسىز زامان، ماكانلاردىكى ئايلىنىش ھەرىكىتى، بارلىقتا كېلىشى ۋە داۋاملىق مەۋجۇت بولۇشىنى ئېيتىپ بەردى. قەلبىمدىكى ئەخلاقىي قانۇن مېنىڭ شەكىلسىز ئۆزلۈكسىزلىكىمدىن، ئادىمىيلىكىمدىن باشلاندى ھەمدە مېنى ھەقىقەتەن چېكى يوق بىر دۇنياغا تۇرغۇزدى. بىراق، بۇ دۇنيانى مەن ھوشۇم بار چاغدىلا تېپىپ ئالالىدىم. لېكىن، مەن بۇ دۇنيا بىلەن تاسادىپىي ئەمەس، بەلكى ئومۇمىي، مۇقەررەر بولغان بىر خىل باغلىنىشتا بولۇۋاتقانلىقىمنى ھەمدە مۇشۇ دۇنيا ئارقىلىق شەكلى بولغان بارلىق دۇنيالار بىلەن باغلىنىۋاتقانلىقىمنى سېزىپ ئالدىم»⑤.

دېمەك، ئادەمدىكى ئىلھام كەلگەندە ھاسىل بولغان ھوش ياكى پارتلاش خاراكتېرىنى ئالغان ئىجادىي كىرىلىش كۈچى ئالەملىك بىرلىكنىڭ ئادەمدىكى كۆرۈنۈشى بولۇپ، قەلبىمىزدىكى ئۆگلۈكتىن يول ئېلىپ بىزنى شەكلى بار يۇلتۇزلار سىستېمىسى بىلەن باغلايدۇ. «ئۆگلۈكنى بايقاش» دېگەن مانا مۇشۇنداق باغلىنىشتىن ئادەملىك ئوتىنى چۈشىنىش (ئۆگلۈك رىغبىتىدە ئەقىل ھۆرلۈكىنى ئىزدەپ تېپىش)، بۇ ئوتنى ئىشقا سېلىش (ھاياتلىقنىڭ تەبىئىي ئۇتۇق مېخانىزمىغا ئىگە بولۇش) بولۇپ، ئەقىل قەۋەتلىرىدىكى ئۆملۈك، ئۆزلۈك، ئۆگلۈك، ھۆرلۈكلەرگە تاقىلىدۇ. بۈگۈنىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ بۇ قەۋەتلەردىكى بىلىشنى ئادەم يېتىپ بېرىشقا تېگىشلىك ئەقلىي ھۆرلۈككە سېلىشتۇرغاندا، بەزىلەر گويا سۈت ئۇيقۇدا ياتقانكى، ئۇلار ئەقلىدىكى مەڭگۈلۈك ۋە مۇتلەق بۇ قەۋەتلەرنى بىلىپ ئالالمىغانلىقتىن، ئۆزىدىكى ئالاھىدە ماھارەتلەرنى ئۆستۈرەلمىگەن. تېخىمۇ كۆپ يوشۇرۇن قابىلىيەتلىرىنى ئىشقا سالالمىغان. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئىپادىلىگەندە، ئۇلار بىر خىل ساددا ئۆزلۈك⑥ تويغۇسىدا تۇرۇپ قالغان.

يەنى ئەقلىنىڭ تەبىئىي بولغان قەۋەتلىك پەردىلىرى ئېتىلىۋاتقان بۇنداق كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى ئاللاقانداق بىر خىل ئاسارەت ئىچىدە قالغانكى، ئۇلار مەسىلىلەرنى پۈتكۈل جەمئىيەت (مەدەنىيەت) تارىخىنىڭ مەنبە (ئىپتىداسى) دىن يەكۈنگە (ئىنتىھاسى) قەدەر ئويلاپ كۆرمەي، ئەسلىدە بوۋاقتەك ئىرغىپ تۇرىدىغان شوخ كۆڭۈللىرىنى تېۋىنىش بىلەن خۇدراۋى غورۇر بىرلىشىپ كەتكەن مەلۇم كۆڭلى قارىلىق خاھىشى ئىچىگە قۇلۇپلاپ قويغان. مەسىلەن: ئۇلارنىڭ تەپەككۇر ۋە ھەرىكىتىنى باشقۇرۇۋاتقان ئەنئەنىلەردە شەكىلدىكى مۇنار ياكى ئېھرام مۇناسىۋىتى شەكىللەنگەن بولۇپ، تېۋىنىدۇرغۇچى ياكى بويسۇندۇرغۇچى بولسۇن ھەرقاچان مۇنار ئۈستىدىكى چېكىت بولسا، ئەقىل كۆزلىرى ئېتىك ھالدا تېۋىنغۇچى ياكى ئىتائەت قىلغۇچىلار مۇنار ئاستىدىكى قەۋەتلەردە «ھە، ھە، ياق، ياق» دەيدىغان تەبىقىلەرنى ھاسىل قىلىپ، ئۆز جايلىرىدا بىر خىل ئىلاھى ئەكسىرەت ھاسىل قىلغان. بۇنداق ئەكسىرەتتە تۇرۇۋاتقان ئەنئەنىۋى باشتىكى ئەقىل ئۆزلۈكنى ئىزدەپ ئۆز بەدىنىگە تېۋىنىسىمۇ، لېكىن ئەشۇ ئەكسىرەت تۈپەيلى چەكلىنىپ، بەدەندىن ئىبارەت غەزىنىدىكى ئەقلىدە يەر شارى ھەتتا كائىنات بىلەن تامامەن باغلىنىدىغان مۇقەررەر بىر ئۆگلۈكنىڭ بارلىقىنى، ئادەم پەقەت يەتكەن ئۆزىدىن ئۆزلۈكسىزلىككە⑦ ھالقىپ ئەقلىي ھۆرلۈككە يېتىپ بارىدىغانلىقىنى ئۇنتۇلۇپ قالغان. ئوخشىتىش بىلەن ئېيتساق، بۇ خۇددى ھازىرقى زامان ئىلىم پېنىدە ئېچىپ بېرىلىۋاتقاندەك، يەر شارىدىكى جانلىقلار ئىچىدە بەزى جەھەتلەردە ئادەملەردىنمۇ كامالەتلىك ئەزالارغا ئىگە جانلىقلارنىڭ بارلىقى، مەسىلەن، قارچۇغىنىڭ كۆرۈش سەزگۈسى بىلەن ئىتنىڭ پۇراش سەزگۈسى ئادەمنىڭ شۇ سەزگۈلىرىدىن ئۈستۈن بولغىنىدەك، نەھرۇللار، چۈمۈلىلەر، قۇشلارنىڭ ئادەمدىنمۇ سائادەتمەن قاتارلىشىپ، ئۇچۇشۇپ يۈرگىنىدەك بىر تەبىئىيلىك بولىدىغانلىقى ئۇنتۇلۇپ قالغان. بۇنداق ساددا ئۆزلۈك ئىچىدە تۇرۇپ قالغان كىشىلەر ئۆز ئەقلىدىكى تەڭرى ماكانلاپ قويغان ئەنە شۇنداق سائادەتمەنلىك غەزىنىلىرىنى بىلىپ يېتەلمىگەن. ئەگەر بۈگۈنىمىزدىكى كىشىلەرمۇ يەنە شۇنداق ساددا ئۆزلۈكنى دەپ ھازىرقى بەدىنى ئىچىگىلا قاراپ بۇتلۇشۇپ كېتىۋېرىدىكەن، قۇشلاردەك، نەھرۇللاردەك، چۈمۈلىلەردەك ئىجادىي

پائالىيەتچان بولۇش سىرلىرىنى مەڭگۈ بىلمەيلا قالماستىن، ھەربىر سەزگۈ ئەزالىرىنى مەڭگۈدىن مەڭگۈگە بۇركۇت، قارچۇغا، ئىت، . . . دەرىجىلىرىگە يەتكۈزەلمەيدۇ - دە، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى ئەينەك دۇغلۇشىدۇ، لېكىن ئاسمان ئەينىكى بۇلۇتلاشسىمۇ يەنە سۈزۈلۈشنى بىلىدۇ. خەلىپە ئۇرنىدا ئەقلىي يارىتىلغان بىر ئادەمنىي تەن ئۆز ئەقلىدە ھەتتا تەبىئەتتىكى ئاسمان ئەينىكچىلىك بولالمىسا، ئۇنىڭدىكى يارالمىش «ئەخلاقىي قانۇن» ياكى «ئۆگلۈك» قانداقمۇ ئەقلنى ئۆزلۈكسىزلىككە ئېلىپ كېتىۋاتقان كائىنات سىرلىرىنى يېشەلەيدۇ؟ روشەنكى، بۇنداق كىشى پەقەت ئاسمان ئەينىكى بىلەن قەلب ئەينىكىنىڭ ئۆزلۈك ۋە ئۆزلۈكسىزلىك نىسبەتلىرىنى بىلگەندىلا، ئۆزىنى قەلبىدىكى ئەينەكنى سۈزگۈچى ھۆرلۈك ئىلھامىغا ئىگە قىلالايدۇ. ئەگەر ئۇ مۇشۇنداق سادىدا ئۆزلۈكنى ئۆزلۈكسىزلىككە ئۆگەتمەيدىكەن، ئۇنىڭ قەلب ئەينىكى خۇددى بۇلۇت قاپلاپ تۇرغان ئاسماندەك نۇرلىنالمايدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟

شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئادەمنىڭ يارالمىشى يەر شارى، ھەتتا كائىنات تۈزۈلۈشىگە ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭغا نەپسى ۋە روھ قوماندانلىق قىلىدۇ. ئالايلۇق، يەر شارىدا زېمىننى سۇ، سۇنى ھاۋا، ھاۋانى نۇر قورشاپ تۇرىدۇ ھەمدە يەرنىڭ بىز كۆرمەيدىغان ئاستىدا ماگمىلار قايناپ تۇرىدۇ. بۇلارنى بىز ئادەم جىسمى بىلەن باغلىساق، شۇنى ھېس قىلىمىزكى، ئادەم پەقەت ۋە پەقەت ئاسمان ئەينىكى بىلەن قەلب ئەينىكىنى بىرلەشتۇرگەندىلا تەبىئىي بولغان ئۆزلۈكسىز ھايات دولقۇنىغا كىرسە، ئايرىلىپ قالغان ھامان سۇنىڭ ھايات دولقۇنىغا كىرسە، ئايرىلىپ قالغان ھامان سۇنىڭ توختاش خەترىگە يولۇقىدىغاندەك بىلىنىدۇ. قاراڭلار جىسمى قۇرۇلمىمىزغا، ئىككى پۇتىمىزنى زېمىن دېسەك، ئۇنىڭ ئۈستىدە سۇ — ئۈچەي، ئاشقازان تۇرىدۇ، بۇلار ئۈستىدە ھاۋاغا ۋاكالىتەن ئۆپكە، ھەممىنىڭ ئۈستىدە كۈن نۇرى ۋە ئۇ ئارقىلىق كۆرىدىغان كۆزىمىز تۇرىدۇ. پۇتنىڭ مېڭىشىدىن كۆزنىڭ كۆرۈشى، قۇلاقنىڭ ئاڭلىشى، بۇرۇننىڭ پۇرىشى، تىلنىڭ تېتىشى، قولنىڭ تۇتۇشى، ئەقلنىڭ باش قېپىدا تۇرۇپ ئىشلىشى ئارقىسىدا بىز بىر پۈتۈن ئادەم بولۇپ ھەرىكەت قىلىمىز. ھايۋانلارنىڭ ئۈچ قەۋەتلىك مېڭىسىگە قوشۇلغان بوشلۇق ياكى چوڭ مېڭە بىزنى ھاشارات، جان - جانۋار، ھايۋاناتلاردىن ئۆزگىچە ئۇسۇل بىلەن باشقۇرىدىكى، ئۇ بىزدىكى قەلب ئەينىكى بولۇپ، يەر شارى ھەتتا كائىناتتىن ئەڭ ئېنىق ئۇچۇرلارنى ئېلىش ئارقىلىق ھاياتىمىزغا كېرەكلىك ماددىي ئوزۇقلاردىن تاكى مەنىۋى ئوزۇقلارغىچە بىلدۈرۈپ قالماستىن، يەنە ئۇلارنى تەبىئەت ۋە دەۋر ئۆزگىرىشلىرى بويىچە بارغانسېرى سۈپەتلىك پەللىلەرگە كۆتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ناھايىتى روشەن بەلگىكى، نۇرغا تاقاشقان مېڭە ياكى كۈندەك نۇرلىنىدىغان ئەقل خۇددى دۈشمەن ھەرىكەتلىرىنى ھەرقاچان بىلىپ تۇرىدىغان رادار ياكى پارچىلىنىش چېكى يوق رادىي نۇرلىرىدەك ۋۇجۇدىمىزنى نۇر ۋە كۈچكە تولدۇرۇپ، ئېغىزىمىزنى يۇمغان ھامان پۈتۈن قاراڭغۇ بولۇپ كېتىدىغان ئىچىمىزدىكى قاراڭغۇلۇقنى ئېلىپ تاشلاپ، بىزنى ئىچىمىزدىن تېشىمىزغىچە تەبىئەت بىلەن باغلايدۇ، مۇشۇنداق باغلىنىش پىكرىمىزنى كائىنات چەكسىزلىكى بىلەن دىلىمىزدىكى نازۇك تۇيغۇلار چەكسىزلىكىگە ھەيدەپ تۇرىدۇ.

يۇقىرىدا نەقىل قىلغان ئىممانۇئىل كانتنىڭ ئۆز بەدىنى ئارقىلىق «مەن بۇ دۇنيا بىلەن تاسادىپىي ئەمەس، بەلكى ئومۇمىي، مۇقەررەر بولغان بىر خىل باغلىنىشتا بولۇۋاتقانلىقىمنى. . . سېزىپ ئالدىم» دېگىنى مانا مۇشۇنداق ئىككى چەكسىزلىكنىڭ مېڭە ۋە ئۇنىڭ قوماندانى روھ ئىلكىدە ئەقل كۆزىنىڭ ئىچكى پەردىلىرىگە قاراپ ئۆزلۈكسىز كېڭىيىۋاتقان ھەرىكىتىدىكى سەزگۈدۇر.

بۇنداق ئىكەن، ھەر ئادەم ئەشۇ قەۋەتلەر بويىچە ئىلگىرىلەپ ئىككى تامان چەكسىزلىككە ئۇچۇش جەريانىدا ئەقل ھۆرلۈكىنىڭ سۇمرۇق قۇشلىرى بولۇش ئۈچۈن سادىدا ئۆزلۈك چەمبىرىدىن ھالقىش كېرەك بولىدۇ. بۇ ئادەمنىڭ ئادەم قىلىپ يارىتىلىشىدىكى ھېكمەتكە جاۋابەن ھەرىكەتتىكى، بۇنداق ھەرىكەتتىن ئۆگلۈك روھى ئاسمانغا ئۆرلەپ ئادەمنىڭ تەپەككۇرىنىمۇ ئەرشكە چىقىرىدۇ - دە، ئادەم يېڭى بىر ئەقلىي ھۆر بولۇپ تۇغۇلىدۇ.

## 7. كۆڭۈل تىندۇرۇش

### 1) كۆڭۈل تىندۇرۇشنىڭ مەنىسى

كۆڭۈل تىندۇرۇش، كۆڭۈلنى بىر نۇقتىغا يىغىش، چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىش دېگەن سۆزلەر گەرچە ئايرىم - ئايرىم ئېيتىلسىمۇ، بىزنىڭ تىلىمىزدا بىر تىزىقتا تىزىلغان ئۈچ تال مارجاندەك ئادەمنىي تەپەككۇر بويىچە قەدەممۇقەدەم ئىچكى دۇنياغا قاراپ ئىلگىرىلەشنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر بولۇپ، ئىستېمال مەنىسىدىن ئېيتقاندا، ئەقلىي پائالىيەت داۋامىدىكى كۆزىتىش، خاتىرە، تەپەككۇر، تەسەۋۋۇر، رىغبەتتىن ئىبارەت بەش خىل ئامىلنىڭ بىرى بولغان دىققەتتىن بىر قەدەم چوڭقۇرلاشنى ئۇقتۇرىدۇ. يەنى قولىدىكى قىلىۋاتقان ئىشنى كۆڭۈل قويۇپ ئىشلەش بىلەن تەڭ يەنە شۇ ئىشلارغا دەخلى بولىدىغان ئېزىتقۇ خىياللارنى چىقىرىپ تاشلىيالايدىغان پاك بىر روھقا تېۋىنىش مەنىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزدىكى كۆڭۈل تىندۇرۇپ ئويلاش نوقۇل كۈندىلىك تۇرمۇش غېمىدىكى ئوششاق ئىشلارغا پايپېتەك بولۇپ كېتىشتىن، غەمكىن قەلبىدىن رېئال تۇرمۇشتىكى ئېزىتقۇ خىياللارنى تارمار كەلتۈرۈشكە كۈچ ئىزدەيدىغان پاراسەت پائالىيىتىگە ئۆتۈشنىمۇ ئىپادىلەيدۇ - دە، بۇ ئارقىلىق ھەرقانداق ئىش ئۈستىدە باش

قاتقاندا «ئويلىنىپ بىر ئىش قىلايلى» دەيدىغان يېڭى تۇيغۇغا يېتىپ، ئۆگلۈكنى ئىزدەش ياكى ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ بىلىشكە بولىدۇ.

هازىرقى تەتقىق نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، كۆڭۈل تىندۇرۇش پۈتكۈل ئىنسانلار تارىخىدا ئىزچىللاشقان ئەقلىي پائالىيەتنىڭ بىزدىكى داۋامى بولۇپ، بەزىدە ھەتتا مېڭىدىن ھالقىغان بىر خىل ئەركىن روھ ھالىتىدە بىزنى توختىماستىن يېڭى تەپەككۇر چوققىلىرىغا باشلايدۇ. ئېيتىلىشىچە، بۇ سۆز بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىللار بۇرۇن هازىرقى ھىندىستان ئەتراپىدا ياشايدىغان ئادەملەردە «دىھۇپو» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادە قىلىنغان بولسا، ساكيامونى دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇنىڭ جامائەت بىلىدىغان تىلدا سۆزلەش تەشەببۇسى بويىچە ئەنەتكەك تىلىدىكى دىھۇپودىن ساك تىلىدىكى ئىھان (ihan) غا ئۆزگەرتىلگەنىكەن. ئۇنىڭ بۇ سۆزنى بۇددا مۇرتلىرى ئەتىۋارلاپ، ھىندىستان ئەتراپىدىكى يۇرتلاردا ساكيامونى نېمە دېگەن بولسا، شۇنداق ئىشلەتكەن. كۇشان ھەم كامىشگاھ، كۇسەن، قارا شەھەر ئەتراپىغا كەلگەندە كۆتىگى شۇ زاماندىمۇ مەۋجۇت تىلىمىزدا «زىھىن» ئاتالغان ۋە بىزدە هازىرغىچە داۋام قىلغان. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بۇددىزم بىزنىڭ بوۋىلىرىمىز ئارقىلىق كىرگەندىن كېيىن، خەنزۇلار بۇ سۆزنى چەن (chan) دۇئا، سۈرە ئوقۇش، ئىستىغپار ئېيتىش دەپ ئاتىغان، ياپونلار بۇددا دىنىغا كىرگەندىن كېيىن شۇ مەنە بىلەن زېن (zen) دەپ ئاتىغان.
بۇ چاغلاردا بۇ سۆز بۇددا مۇرتلىرى تەرىپىدىن مېڭىدىن ياكى كاللىدىن هالقىپ كەتكەن بىر خىل روھىي مۇقەددەسلىك ھالىتىدە قوللىنىلغان ۋە ساكيامونى بۇتىغا چوقۇنغان چاغدا جىمجىتلىق، تولۇق جىمجىتلىق، تىنچ خاتىرجەملىك ياكى ۋىدالىق مەنىسىنى بەرگەن. ھىند ئالىمى ھوشۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ھىند خەلقىدە هازىرمۇ قەدىمكى مەنىسىگە يېقىن مەزمۇندا ساقلانغان بولۇپ، «بىر خىل روھى ھالەت، ناھايىتى بەك جىمجىتلىق، روھنى مەركەزلەشتۈرگىدەك ئىدىيە، چوڭقۇر تەپەككۇر قىلغۇدەك سۈبىيېكت، كۆڭۈل تىندۇرۇپ ئويلانغۇدەك ئوبيېكتلار يوق، ھەممە غايىب بولغان بىر ھالەت» دېگەن مەنىنى بېرىدىكەن. ھەربىر ئادەم پەقەت دۇنيانىڭ باشقا مەۋجۇتلۇقلىرى بىلەن بىرلىكتە مەۋجۇت بولغانلىقتىن مۇرتلار ئەنە شۇ مۇقەددەس ئىبادەتكە ئۆتكەندە ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتىدىكەن. بۇ چاغدا خۇددى نۇر ئۆچسە، قاراڭغۇلۇق؛ ھاياتلىق يوقالسا، ئۆلۈم مەۋجۇت بولمىغاندەك ئادەملەر «سەن» ۋە «مەن» دېگەنلەرنى ئۇنتۇپ كېتىدىكەن ـ دە، ئالەملىك قادىرى قۇدرەتلا قالىدىكەن. كۆڭۈل تىندۇرۇپ ئويلاش مانا مۇشۇ مەنىدە يوقىلىپ، ئالەمگە قوشۇلۇپ كېتىش ئىكەن. قاراخانىيلار دانىشمەنلىرى تەكىتلىگەن فانا دەل شۇ مەنىدە. بۇددىزم مۇرتلىرى ئىبادەت قىلغاندا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ «ئامانتوپو» (ئى، بۇرھان دەرگاھىڭدا گۇنايىمنى مەغپىرەت قىل) دەيدىغان ئادەت مانا مۇشۇنداق مەزمۇندا تۇرغۇزۇلغان ئىكەن.

ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ بوۋىلىرىمىزمۇ ئۆز ۋاقتىدىكى دۇنياۋى سەۋىيە ياراتقان بۇددىزم مەدەنىيىتىدە ئەشۇ خىل ئىبادەتلەرگە ھامى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، ئۇنىڭ خۇمرا، كومۇراجىۋا، سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭدەك ئۇلۇغ ئالىملىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن خەلق بولۇش سۈپىتى بىلەن كۆڭۈل تىندۇرۇشنىڭ تۈرلۈك ئۇسۇللىرىنى ياراتقان. ئېتىقاد ئۆزگەرتىپ ئىسلامغا ئىمان كەلتۈرگەندىن كېيىنمۇ، بىزدە «ئەقىل جىملىقتا كۈچىيىپ، ھەرىكەتتە ئاجىزلايدۇ» دېگەن بىر ئەقىدە داۋام قىلغان بولۇپ، بوۋىلىرىمىز بۇ ئىدىيىنى نامازدا ئەقىلنى بۆلمەي، پۈتۈن ئەقلى ـ ھوشىنى تەڭرىگە مەركەزلەشتۈرۈش؛ يېگانە ئولتۇرۇپ ئىبادەت قىلىپ، كۆڭلىنى تۈرلۈك گۇنايى ـ كەبىرلەردىن تازىلاش؛ «باتىنىدىكى چايانلارنى ئۆلتۈرۈش» ياكى ئۆزىدىكى يامان ئىللەتلەرگە غازات ئېچىش مەزمۇنلىرىدا داۋام قىلدۇرغان. بۇ ئادەت هازىرغىچە بىزدە روھىي جەھەتتە پاكلىنىش ئۈچۈن تىنچ ئولتۇرۇپ، ئىسلامى ئىستىغپار ئېيتىش بويىچە داۋام قىلماقتا.
بۇنىڭدىن قىياسەن ھۆكۈم قىلساق، كۆڭۈل تىندۇرۇش مەيلى دىنىي شەكىللەردە، مەيلى ئىلمىي داۋام قىلىنىۋاتقان بولسۇن، ھەممىسىدە دېگۈدەك ئەقىل كۆزىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچ بولۇپ، ئەگەر ھەربىرىمىز بۇ ئاچقۇچنى ھەقىقىي تۇردە ئىگىلەپ ئالساق، ئەقىل قەلب سىرلىرىنى ئېچىش بويىچە خۇددى ھويلا باغنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۈزۈپ يېگەندەك، ئازادە تەييارلاپ قويۇلغان مېھمانخانىغا كىرىپ، تۈرلۈك زىبۇ ـ زىننەتلەر بىلەن يېمەك ـ ئىچمەكلەردىن ھوزۇر سۈرگەندەك بىر ھالغا كېلىمىزكى، ئۆزىمىزنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى ئەقىل بايلىقلىرىمىزنى تېپىپ ھۆرلۈككە چىقىرالايمىز.

يىغىپ ئېيتقاندا، كۆڭۈل تىندۇرۇش غەمكىن قەلبتە — مېڭە نېرۋون تورىنىڭ ئاستىنقى قېتىدا ئويغىنىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان پائالىيەت بولۇپ، بۇ پائالىيەت ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسى بىلەن ئالەمنىڭ بىرىكىپ كېتىشىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. كۆڭۈل تىندۇرۇلغاندا قەلبىمىزدە بارلىققا كېلىدىغان بۇنداق ئويغىنىش دەقىقە ئىچىدە يۈز بېرىدۇ. لېكىن، بىزنى مەڭگۈلۈك بىر يولغا باشلايدۇ. شۇڭا، بۇنداق ئۇلۇغ قەدەم ئۈچۈن كۆڭۈل تىندۇرىمىز. بۇ پائالىيەتنىڭ مەزمۇنىدىن ئېيتقاندا، كۆڭۈل تىندۇرۇشنىڭ دەلمۇدەل مەنىسى ئىچكى دۇنياغا كىرىشتۇر. ئۇ بىر سەپەر، مەنىۋى سەپەر، بۇ سەپەرنىڭ توختاش چېكى يوق. توختاش چېكى يوق دېگەننىڭ مەنىسى قەلب ئىشىكى بىر ئېچىلغانچە ئالەمگە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، دېگەنلىكتۇر. بۇ خۇددى قەلب گۈللىرى باراقسان ئېچىلغاندىمۇ ئىشىك ئوچۇق تۇرۇۋېرىپ، ئاخىرىدا گۈللەر ئالەمگە ئۆزگىرىپ كەتكەندەك بىر ئەھۋالدۇر. بۇ سەپەرنىڭ چېكى يوق، ئۇ باشلىنىدۇ ـ يۇ، ئەمما، مەڭگۈ ئاخىرلاشمايدۇ. يەنە كېلىپ ئويغىنىشنىڭ چوڭقۇر تېيىزلىق دەرىجىسى بولمايدۇ. ئۇ بىر ئويغاندىمۇ، بولدى، ئويغىنىۋېرىدۇ. بۇنداق ئويغىنىش خۇددى ئادەم دېڭىزغا كىرىپ كەتكەندەك

ئىش. سەن سەكرىدىڭمۇ، بولدى، ئۇنىڭ بىلەن بىر تەن بولۇپ كېتىسەن، بۇ خۇددى بىر تامچە يامغۇر دېڭىزغا چۈشسە دېڭىز سۈيى بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەندەك ئىش. لېكىن بۇ ھەرگىز سېنىڭ پۈتكۈل دېڭىزنى تونۇپ بولغانلىقىڭ ئەمەس.

ئۇ دەقىقە مۇكەممەل. چۈنكى بۇ مەننى تاشلىۋەتكەن دەقىقە، مەننى ئۆزىدىن يوقاتقان دەقىقە، «مەن يوق» بولغان دەقىقىدۇر؛ مۇكەممەلدۇر. ئۇ پەقەت «سەن» ئۈچۈن شۇنداق مۇكەممەللىكتۇر. لېكىن دېڭىزغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىلاھىي خۇسۇسىيەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ پەقەت بىر باشلىنىشكى، ھەرگىزمۇ ئاخىرلاشمايدۇ. شۇڭا، بۇ سىرلىق تەتقىقاتقا زامانىمىزدىكى ئالىملارنىڭ تولىسى مەپتۇندۇر.

مەسىلەن، ھازىرقى كۈندە بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتتا ئۆزۈپ چىققان گىرىدنېرلا ئەمەس، ئۇتتۇقشۇناسلىقتا ئۆزۈپ چىققان ناپولېئون خىبئولمۇ ئىچكى زېھنىنى كۈچەيتىدىغان بۇنداق كۆڭۈل تىندۇرۇشقا مەپتۇن بولدى ھەمدە ئۇنى كۆڭۈل قويۇش، دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈش دەپ ئاتاپلا قالماستىن، ئۇنى دۇنيا تارىخىدىكى بارلىق ئەۋلىيايى ـ ئەزىم، ئالىم ـ ئۆلىمالارنىڭ دانىشمەنلىك يولىغا مېڭىشىدىكى ئاچقۇچ دەپ ئاتىدى. ھەمدە ئادەم تېنى ۋە مېڭە قۇرۇلمىسىنىڭ ئوخشاشلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، بۇ ئارقىلىق ھەممە ئادەمنىڭ كۆڭۈل قويسا شۇنداق دانىشمەنلىك يولىغا مېڭىپ كېتەلەيدىغانلىقىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېدى:

«بۇ خاسىيەتلىك ئاچقۇچ» قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان كۈچكە ئىگە. بۇ ئاچقۇچ سىزگە بايلىقنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بېرىدۇ. بۇ ئاچقۇچ سىزگە شان ـ شەرەپنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بېرىدۇ. بۇ ئاچقۇچ سىزگە سالامەتلىكنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بېرىدۇ. بۇ ئاچقۇچ سىزگە مەرىپەتنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بېرىدۇ. بۇ ئاچقۇچ سىزگە يوشۇرۇن ئىقتىدارنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بېرىدۇ».

بىز مانا بۇ «خاسىيەتلىك ئاچقۇچ»نىڭ ياردىمىدە دۇنيادىكى بارلىق ئۇلۇغ كەشپىياتلارنىڭ سىرلىق ئىشىكىنى ئاچتۇق.

ئىلگىرىكى ئىنسانلار ئارىسىدىن چىققان ھەممە ئۇلۇغ تالانتلار مۇشۇ خاسىيەتلىك ئاچقۇچنىڭ كۈچى بىلەن كامالەتكە يەتكەن. بۇ ئاچقۇچ تۇرمىنىڭ تۆمۈر دەرۋازىسىنى ئېچىپ، ئىنسانلارنىڭ چۈپرەندىلىرىنى پايدىلىق ۋە ئىشىنىشكە ئەرزىيدىغان ئادەمگە ئايلاندۇرىدۇ. ئۇ مەغلۇپ بولغۇچىنى غالىبقا، قايغۇنى خۇشاللىققا ئايلاندۇرىدۇ. ناپولېئون خىبئولنىڭ قارىشىچە، بىر پۈتۈن ئىنسانىيەت تارىخىدا داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان كۆڭۈل تىندۇرۇش ئالدى بىلەن دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈشتۇر. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش چوڭقۇر ئويلاشنىڭ بىر خىل شەكلى، ئۇ سىزنى قىسقا ۋاقىتتا كۈندىلىك ئىشلاردىن قول ئۈزۈپ، ئىچكى دۇنيايىڭىز بىلەن ئالاقە ئورنىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش ماھارىتى سىزنى شۇ چاقىچە سىز بايقىمىغان چەكسىز تىنچلىققا ۋە كۈچكە ئىگە قىلىدۇ.

سىزنىڭ دىققەتنى مەركەزلەشتۈرگەنلىكىڭىز شۇ سائەت، شۇ مىنۇتتا ئالەم بىلەن قوشۇلۇپ كىتىۋاتقانلىقىڭىزدىن دېرەك بېرىدۇ. سىز پۈتۈن دىققەت ـ ئېتىبار بىلەن بېرىلگەندە، غەزەبلەنمەيدىغان، قورقمايدىغان ياكى توقۇنۇش ئىچىگە چۈشۈپ قالمايدىغان بولىسىز. سىز ھەقىقەتەن پۈتۈن دىققەت ـ ئېتىبار بىلەن بېرىلگەندە جەزمەن تەبەسسۇم قىلىسىز. ئۇنى مۇكەممەل، جانلىق، مول، ساددا، گۈزەل، يېگانە، چىن، يۇمۇرىستىك دېگەن سۆزلەر بىلەن سۈپەتلەش مۇمكىن، ئۇ ھەقىقەتەن كۆڭۈللۈك ۋە ئارامبەخش بىر سەرگۈزەشتە ياكى كەچمىشدۇر، ئۇ سىزنى تېخىمۇ سەزگۈ ۋە خۇش پېئىل قىلىدۇ.

دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش مەۋجۇتلۇق مەنزىلى. ئۇ سىزنىڭ ئىدىيىڭىز ۋە خىزمەت ئۇسۇلىڭىزغا ئۇزاققىچە تەسىر كۆرسىتىدۇ. دېمەك، ئۇ سىزگە بىر خىل قابىلىيەت ئاتا قىلىدۇ ـ دە، دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش ـ مەركەزلەشتۈرمەسلىك ھەرقانداق ۋاقىتتا تاللىشىڭىز بولۇپ قالىدۇ. دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش ئۆزىڭىزگىلا ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىپ قالماستىن، تاشقى دۇنيا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىزگىمۇ ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاخىرىدا ئۇنىڭ تەسىرى باشقىلارنىڭ سىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگىچە كېڭىيىدۇ. ئەتراپىڭىزدىكى مۇھىت بۇنداق ئىجابىي تەسىرنى ھەقىقەتەن ھېس قىلىدۇ.

ئەگەر سىز كۈندە 15 مىنۇت ۋاقىت (كۈنلۈك ۋاقىتنىڭ بىر پىرسەنتى) چىقىرىپ، دىققىتىڭىزنى مەركەزلەشتۈرسىڭىز، بۇ شۇ كۈنگە قالغان 99 پىرسەنت ۋاقىتقا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ.

دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈشنى تاللىغاندا، تۇرمۇشىڭىز سىزنىڭ زادى كىم ئىكەنلىكىڭىزنى، مۇقىم ۋە ئۆزگەرمەس روھىي دۇنيايىڭىزنى، تۇرمۇشتىكى يېتەكچى مىزانىڭىزنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشى كېرەك. بۇ يەردىكى ئاچقۇچ بەدىنىڭىز، مېڭىڭىز ۋە روھىڭىزنى ئۇزاق ۋاقىت تىنچىتىپ، ئىچكى دۇنيايىڭىز بىلەن ئالاقە باغلاشتىن ئىبارەت. ھەر كۈنى ئەتىگەندە تىنچ جاينى تېپىپ، ئۆزىڭىزنى قويۇۋېتىپ ئارام ئېلىڭ، تۇرمۇشتىكى ھەممىدىن مۇھىم بۇرچىڭىز ۋە يېتەكچى مىزانىڭىز ھەققىدە ئويلىنىڭ، باشقۇرۇش ۋە كونترول قىلىش مەركىزىڭىزنى ئىشقا سېلىڭ، چۈنكى ئۇ سىز ھەقىقەتەن كۈتكەن تۇرمۇشنى ۋە قانداق ئادەم بولماقچى ئىكەنلىكىڭىزنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ. ئۆزىڭىزنى كۈندىلىك ئىشلارنىڭ ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىمەن، قىلغان ھەممە ئىشىم يېتەكچى مىزانىغا تامامەن ئۇيغۇن دەپ تەسەۋۋۇر

قىلىڭ. ھەر كۈنى ئويغانغان ھامان مۇشۇ ماھارەتنى ئىشلىتىڭ ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان تىنچ، كۈچلۈك روھىي ھالىتىڭىزنى كۈن بويى ساقلاڭ، ھەر كۈنى قەرەللىك ھالدا بىرنەچچە مىنۇت ۋاقىت چىقىرىپ، دىققىتىڭىز مەركەزلەشكەن ھالەتكە قايتىڭ. «ھەر كۈنى ھەممىدىن مۇھىم بۇرچىڭىز ۋە يېتەكچى مىزانىڭىز ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىسىڭىز، تۇرمۇشتا تېخىمۇ سالماق، تەمكىن، ئۆزىڭىزگە ئىشىنىدىغان، ئاكتىپ، ئۈنۈمدار ۋە ساغلام بولۇپ كېتىسىز».

شۇنداق ئىكەن، كۆڭۈل تىندۇرۇش ياكى دىققەتنى مەركەزلەشتۇرۇش ئۈچۈن قانداق قىلىمىز؟

دانىشمەنلەرنىڭ پۈتكۈل مەدەنىيەت تارىخىدىن ئالغان تەسىراتى شۇكى، كۆڭۈل بىر خاقان، لېكىن ئۇ بىر ئادەتكە كۆنسە، ھەتتا قۇلمۇ بولىدۇ. شۇڭا، كۆڭۈل تىندۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. بىرىنچىدىن، كۆڭۈلدىكى جىددىيلىك ياكى بىئارام قىلىدىغان خىياللارنى چىقىرىپ تاشلاش، ئىككىنچىدىن، كۆڭۈل تىندۇرۇش ئادىتى يېتىلدۈرۈش، ئۈچىنچىدىن، ئۆزىنى ئەركىن ــ ئازادە قويۇۋېتىشتۇر.

2 ) كۆڭۈلدىكى جىددىيلىكنى تازىلاش

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، كۆڭۈل ئازادىلىكنى خالايدىغان، ئۆزى خان، ئۆزى بەگ بولۇشنى ئويلايدىغان ئۇلۇغ مېھمانكى، ئۇنىڭدا تۇرلۇك غەم ــ قايغۇ، دەرد ــ ئەلەم ۋە ئاللىقانداق ئىشلار ئۈچۈن جىددىيلىك بولغاندا، ئەقىل بارغانسېرى تۇۋەنلەپ، بەزىدە ھەتتا دانا ئادەملەرمۇ گەپتە ئازىدۇ، ھوشيار ئادەملەرمۇ نەرسىلەرنى قويغان يېرىدىن تاپالمايدۇ. شۇنداقلا كۆڭۈلنى جىددىيلىك قاپلىغانلار ئۆزى بىلىدىغان دەرسلەردىن ئىمتىھان بەرگەندىمۇ ئېزىپ كېتىپ، ئىمتىھان مەيدانىدىن چىققاندىن كېيىن بارمىقىنى چىشلەپ قالىدۇ. بۇلاردىن ئايانكى، كۆڭۈل تىندۇرۇپ، كۆڭۈل قېتىدىكى ئەركىن قەلب ــ مېڭە نېرۋون تورىنىڭ ئاستىنقى قېتىدىن قاراڭغۇلۇقنى يېرىپ چىقىرىدىغان ئەقىل نۇرىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن جەزمەن كۆڭۈلنى قاپلىۋالغان بولمىغۇر خىياللار بىلەن ئالاھىدە جىددىيلىكنى يوق قىلىش شەرتتۇر. پسىخولوگلارنىڭ بايان قىلىشىچە، بۈيۈك ئادەملەرنىڭ كۆپچىلىكىدە كۆڭۈلدىكى جىددىيلىكنى تازىلاپ چىقىرىۋېتەلەيدىغان ئادەت بار بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۈيۈك ئىجادىيەت نىشانلىرىغا مانا مۇشۇنداق كۆڭۈل ئازادىلىك بىلەن يول ئاچقان ئىكەن.

مەسىلەن، يازغۇچى پرۇستى ئۆزىنىڭ قىران چاغلىرىنى مانا مۇشۇنداق ئۇڭدا ياتقىنىچە تۇرمۇشىدىكى ئىنچىكە تەرەپلەرنى ئادەمنىڭ ئەقلىي يەتمەيدىغان دەرىجىدە مۇپەسسەل ئويلاش ئارقىلىق زامانىمىزدا غەرب دۇنياسىدا ئۇلۇغ ئاتالغان كۆپ قىسىملىق رومان «ئۆتكەن كۈنلەر»نى يازغان. بۇ رومانىنىڭ ئالدىنقى ئەللىك بېتى باش قەھرىمانىنىڭ بالىلىق ھېسسىياتلىرى ھەققىدىكى تەسۋىر بولۇپ، پەقەت ئانىسىنىڭ ئۇنىڭ ياتاقخانىسىغا كىرىپ ئەركىلىتىش ۋە سۆيۈپ ئارزۇلاش جەريانىدىكى ھېسسىيات دولقۇنلىرى شۇنچە كەڭ بايان قىلىنغان. روماندىكى پېرسوناژلارنىڭ ھەربىر ھېسسىيات ۋە ئىدىيىۋى ئىنتىلىشلىرى شۇنداق تەلتۆكۈس ئېچىپ بېرىلگەن. ئۇنىڭ تەسىراتىچە، ھېسسىياتلارنى شۇنچە كەڭ ۋە رەتلىك ئىپادىلەپ بېرىشتە، ئۇ كۆڭۈلنى قوچۇۋېتىدىغان بارلىق جىددىيلىكلەرنى تارمار كەلتۈرىدىغان ئادەت يېتىلدۈرگەن يەنى بۇ يازغۇچى ئۆزىنى جىددىيلىكتىن ئازاد قىلىپ، ئەركىن ئويلاش شارائىتى يارىتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى شۇنداق ئىنچىكە ئاختۇرغانكى، شۇنچە چوڭ رومان ئۇنىڭ ئاشۇ ئۇسۇللار بىلەن ھېسسىياتنى رەتلىشى ئارقىلىق پۈتۈن چىققان.

فروئىد بۇ يازغۇچىدىن باشقىچە بىر ئالىم بولسىمۇ، ئۇنىڭ 40 نەچچە يىللىق ئۆگلۈك ئىزدىنىشىدە خىزمەت كۈنلىرىنىڭ ئاخىرقى يېرىم سائىتىدە كۈن بويى يۈرىكىگە بېسىم پەيدا قىلغان بارلىق جىددىيلىكلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئەركىن ئويلاش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ غەمكىن قەلبىگە كىرگەن. ئۇ مۇشۇ يېرىم سائەتتە ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا كىرىپ غەمكىن قەلبىنى ئەركىنلەشتۇرگەن (ئەقلىنى غەمدىن خالاس ھۆر پىكىرلىك قىلغان) ھەمدە شۇ ھالدا ئەركىن تەسەۋۋۇر يۈرگۈزۈپ چۈشكە تەبىر بەرگەن. ئۆزىنىڭ بالىلىق چاغلىرىنى ئەسلىگەن، ئەڭ ئاخىرىدا نېرۋا ئانالىز نەزەرىيىسى (نېرۋىلوگىيە) نى تۇرغۇزغان. بۇ نەزەرىيە ئەمەلىيەتتە فروئىدنىڭ ئۆزىنى قويۇۋېتىپ، ئارامخۇدا ئولتۇرغىنىدا ھاسىل بولغانكى، جىددىيلەشكەندە ھاسىل بولغان ئەمەس. بۇ ئىككى كىشىلا ئەمەس، مىڭلاپ ئۇلۇغ ئەربابلارنىڭ سەرگۈزەشتىسى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۇتۇق نىشانلىرىغا يېتىپ بېرىش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىگەن ئۇتۇقشۇناس ناپولېئون خېئول بۇنداق كۆڭۈل تازىلىقىنى ئاكتىپ روھىي ھالەتكە ئۇتۇشنىڭ شەرتى ھېسابلايدۇ ۋە بۇ ھەقتە بىزگە مۇنداق مەسلىھەت بېرىدۇ: بىر مىنۇت ئارام ئېلىپ، روھىي جەھەتتىكى جىددىيلىكتىن قۇتۇلۇڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ مىنۇتتا ياكى تېخىمۇ ئۇزاقراق ۋاقىتتا دىققىتىڭىزنى پۈتۈنلەي مەلۇم كونكرېت، كىشىنى خۇشال قىلىدىغان، تىنچ ئىشقا مەركەزلەشتۇرۇڭ. ئۇ ھەرقانداق نەرسە ــ بىر پارچە رەسىم، بىرەر پارچە كىتاب، بىرەر قىزىقارلىق يۇمۇر، كىشىگە تەسەللى بېرىدىغان بىرەر ئەقلىيە، روھىي جەھەتتىكى مۇئەييەنلەشتۇرۇش ياكى كۆڭۈللۈك سەرگۈزەشتە بولۇشى مۇمكىن. مۇنداق قىلغاندا، مېڭىڭىز سەگەكلىشىدۇ، ئېچىلىدۇ، قوبۇل قىلىش كۈچى ئاشىدۇ، ئىجادچان بولىدۇ، شۇنىڭدەك بىمالال ئىشلەيدىغان بولىدۇ. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، بۇنداق قىلغاندا بىر نەچچە قېتىم تولۇق نەپەس ئېلىڭ.

بۇ ئۇسۇلنىڭ ئۈنۈم بېرىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئادەمنىڭ مېڭىسى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولسىمۇ، ئۇ مەلۇم

ۋاقىتتا بىرلا ئىشقا مەركەزلىشىدۇ. ئەگەر دىققىتىڭىز پاسسىپ، بېسىم بولىدىغان خىياللارغا مەركەزلەشسە، سىز روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە بېسىم ھېس قىلىسىز، دىققىتىڭىزنى كۆڭۈللۈك ئىشلارغا مەركەزلەشتۈرسىڭىز، خۇشال بولىسىز.

سىز ئالبۇمىڭىز ياكى ژۇرنىلىڭىزنى ئاختۇرۇپ، ئۇنىڭدىن سىزنى تىنچىتىدىغان، ئارام ئالغۇزىدىغان بىرەر پارچە سۈرەتنى تېپىپ ئىش ئۈستەلىڭىزگە قويۇڭ، ئۇنىڭ رولى بىلەن مېڭىڭىزنى تىنچىتىڭ. سىز مېڭىڭىزدىن ئۆزىڭىز تونۇيدىغان ئېغىر ـ بېسىق، تەمكىن كىشىنىڭ سۈرىتىنى تېپىپ، دىققىتىڭىزنى شۇ ئوبرازغا مەركەزلەشتۈرسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئۇ سودىگەر، كەسپىي تەنھەرىكەتچى ياكى سىز چوقۇنىدىغان ھەرقانداق كىشى بولسا بولۇۋېرىدۇ.

ياكى بىرنەچچە مىنۇتتا مېڭىڭىزدە بىر كارتىنا سىزىپ، كۆڭۈللۈك سەرگۈزەشتىڭىز ـ ھەقىقىي ئارامبەخش ۋاقىت، كۆڭۈللۈك دەم ئېلىش، باھارنىڭ تۇنجى ئىللىق كۈنى قاتارلىقلارنى ئەسلەڭ. سىز مېڭىڭىزدە «ئۆزى ئىشلىگەن كىنو»نى ئىجاد قىلسىڭىز بولىدۇ، ياكى تەييار ئۈن ـ سىن ئوبرازلىرىدىن پايدىلانسىڭىزمۇ بولىدۇ.

«ئۆزىڭىز ئىشلىگەن كىنو» ئارقىلىق خىيالىڭىزدىن كەتمىگەن، كۆڭلىڭىزدە قايتا مۇلاھىزە قىلغان گۈزەل سەرگۈزەشتىڭىزنى ئەسلەپ كۆرۈڭ، بۇ كىنونى قويۇشتىن ئىلگىرى، شۇ چاغدىكى ۋەقەلىكنى — مۇھىت، ئارقا كۆرۈنۈش، نېمە قىلمۇاتقانلىقىڭىز، ھېسسىياتىڭىز، نېمىنى كۆرگەنلىكىڭىز، ئاڭلىغانلىقىڭىز، ئۇ جايدىكى رەڭ، ھىد ۋە سەزگۈڭىزنى تەپسىلىي سۈرەتلەڭ. ئۇنىڭدىن كېيىن كىنونى قويۇپ، گويا ھازىر يۈز بېرىۋاتقان، تەبەسسۇم قىلىپ تۇرغان شۇ گۈزەل سەرگۈزەشتىڭىزنى تولۇق ئەسلەڭ. كىنو تۈگىگەندە ياشىرىپ كېتىسىز، كۆچىڭىز ئەسلىگە كېلىدۇ. ئەسلىگە كەلگەن تىنچلىق، ئېنىقلىق ۋە ئىجادچانلىقنى ئېلىپ چىن دۇنيايىڭىزغا قايتىپ، ئەتراپىڭىزدىكى ھەممە نەرسىگە تاقابىل تۇرۇشقا ياراپدىغان بولۇپ قالىسىز.

3) كۆڭۈل تىندۇرۇش ئادىتى يېتىلدۈرۈش

ئادەت يېتىلدۈرۈش دېگىنىمىز، ئۆزىمىزنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى كۆرۈشكە دەخلى قىلىدىغان ياكى كۆڭلىمىزنى پاراكەندە قىلىپ، پىكىرلىرىمىزنى چېچىۋېتىدىغان يامان ئادەتلىرىمىزنى ئۆزگەرتىپ، كۆڭۈل تىندۇرۇپ ئويلاپ ئىچكى دۇنيادىن ئەقىل ئالىدىغان يېڭى ئادەتلەرنى تۇرغۇزۇش بولۇپ، ئەگەر بىز مۇشۇ مۇددىئاغا يېتەلىسەك، خۇددى ئۇنۇمسىز يەرنى ئۇنۇملۇك يەرگە ئايلاندۇرۇپ ھوسۇل ئالغاندەك، كۆڭۈل ئېتىزلىرىمىزنى ئەقىل تېمىپ تۇرىدىغان بولاققا ئايلاندۇرالايمىز. چۈنكى «ئادەت كۆڭۈلنىڭ يولىدۇر. سىز دالىدا ماڭغان ياكى ئورماندىن ئۆتكەن بولسىڭىز، تەبىئىي ھالدا شەكىللەنگەن چىغىر يولنى تاللىۋېلىشنى بىلىسىزكى، ئادەم ماڭماي تاشلىنىپ قالغان يولدا ماڭمايسىز، بولۇپمۇ دالىنى كېسىپ ئۆتۈپ ياكى ئورماندىن بىۋاستە ئۆتۈپ، يېڭى يول ئاچىمەن دەپ يۈرمەيسىز. كۆڭۈلنىڭ ھەرىكەت يولىمۇ تامامەن شۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇ سىزنىڭ بىر ئادەتنى ئۇزاق تەكرارلىشىڭىز ئارقىلىق يارىتىلىدۇ. يەنى يېڭى كۆڭۈل يولى خۇددى كىيىملەرنى دەزماللاۋېرىپ يېڭى قاتلاق ھاسىل قىلغاندەك، يېڭى كۆڭۈل قاتلىقى ھاسىل قىلىشىڭىزغا باغلىق بولىدۇ. شۇڭا، كونا ئادەتنى تۈگەتمەكچى بولسىڭىز، بۇنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى يېڭى ئادەتنى يېتىلدۈرۈپ، مۇۋاپىق بولمىغان كونا ئادەتكە قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشتىن ئىبارەت. يېڭى كۆڭۈل يولىنى ئاچقان ھەم ئۇنىڭدا ماڭغان، ساياھەت قىلغاندا، كونا يول تېزلىكتە ئۇنتۇلۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇزاققىچە ئىشلىتىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، چۆللىشىپ كېتىدۇ. روھى ئادەتنىڭ ياخشى يولىدا ماڭسىڭىز، بۇ يول تېخىمۇ چوڭقۇرلايدۇ ۋە كېڭىيىدۇ، شۇنداقلا مېڭىشقا تېخىمۇ ئەپلىك بولىدۇ. كۆڭۈلنى تىندۇرۇپ، غەمكىن قەلب خەۋرىنى ئاڭلاش يەنى مېڭە نېرۋون تورىنىڭ ئاستىنقى قېتىدىكى ئۇچۇرلارنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن كۆڭۈلدە مۇشۇنداق يول ياساش ئىنتايىن مۇھىم ئىش.

4) ئۆزىنى قويۇۋېتىش

ئۆزىنى قويۇۋېتىش كۆڭۈل تىندۇرۇشنى ھەقىقىي تۇردە ئورۇنداشنىڭ يەنە بىر شەرتى بولۇپ، ئىخچاملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئويغاق ھالەتتىكى ئۇيقۇدۇر. سىز ھەر كۈنى نەچچە سائەت ئۇخلاشقا ئېھتىياجلىق، ئەگەر سىز ئۇخلاش دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىلىۋالاي دېسىڭىز، ئانىڭىزنىڭ قورسىقىدىكى سۈت ئۇيقۇسىنى ئويلاپ كۆرۈڭ. تۆرەلمە ئانا قورسىقىدا ھەر كۈنى 24 سائەتتىن ئۇخلاپ ئۇنىنچى ئېيىدا تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۇيقۇسى ئازىيىشقا باشلايدۇ. ئاۋۋال 22 سائەت ئۇخلىغان بولسا، كېيىن 20 سائەت ئاندىن 18 سائەت ئۇخلايدۇ، ئۇنىڭ ئۇيقۇسى مانا مۇشۇنداق تەرتىپ بىلەن ئازلاپ يەتتە ـ سەككىز سائەت ئۇخلايدىغان ئەھۋالغا كەلگەندە، ئۇ پىشىپ يېتىلگەن ئادەم بولىدۇ ـ دە، ئۇ مۇنداق ھاياتنى قېرىغۇچە داۋام قىلىدۇ. گەرچە كىشىلەرنىڭ قېرىپ تۈگىشىپ كېتىدىغان ۋاقتى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرى «قېرىدىم» دېگەن ئويغا كەلگەندە، ئۇخلاش ۋاقتى تېخىمۇ قىسقىراپ، ھە دېسىلا ھاردۇق يېتىپ، ياتىدۇ ـ يۇ، ئەمما ھەر كۈنى ئۈچ ـ تۆت سائەتلا ئۇخلايدىغان بولۇپ قالىدۇ، ھەتتا جىلىخور چوڭلارنىڭ ئۇيقۇسى بۇنىڭدىنمۇ ئازلاپ كېتىدۇ.

نېمىشقا بۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن باللار ئانا قورسىقىدا 24 سائەت ئۇخلىسا، قېرىلار ئۈچ ـ تۆت سائەت ئۇخلايدۇ؟ بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇيقۇدا سىزنىڭ بەدىنىڭىز ئادەتتىكىگە ئوخشىمايدۇ، ئۆز پائالىيىتىنى تەبىئىي تۈردە ئىنتايىن ياخشى ئېلىپ بارىدۇ. بالا ئانا قورسىقىدا 10 ئاي تۇرۇش جەريانىدا تەن نۇرغۇن ئىشلارنى

قىلىدۇ، ئۇ ھەتتا پۈتكۈل ھاياتىدىمۇ قورساقتىكىدەك كۆپ ئىشلارنى قىلالمايدۇ. چۈنكى تەن ئاشۇ توققۇز ـ ئون ئاي ئىچىدە ئىنسانلارنىڭ تەدرىجىي ئىلگىرىلەش جەريانىنى بىر قېتىم بېشىدىن كەچۈرۈپ بولىدۇ.

تەتقىقاتتا ئىسپاتلىنىشىچە، ھاياتلىق دېڭىزدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، بالىنىڭ قورساقتا ھاسىل بولۇشى خۇددى دېڭىزغا تۇغۇلغانغا ئوخشايدۇ. تۆرەلمە دەسلەپتە بالا ياتقۇدىن ئىبارەت بۇ دېڭىزدا خۇددى بېلىقتەك ئۈزۈپ يۈرىدۇ ـ دە، توققۇز ـ ئون ئايدا ئۇ ئالاھەزەل ئۈچ مىليون يىللىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتىدۇ. يەنى تەنچە مۇشۇنداق ئۇلۇغ خىزمەتتە بولغانلىقتىن ھېچقانداق كاشىلىنى قوبۇل قىلالمايدۇ، ئەگەر بالا ئويغاق بولسا، كاشىلىغا ئۇچرايدۇ. قېرىلارچۇ؟ ئۇ قېرىدى، ئۇنىڭ تېنىدىن شۇ سەۋەبلىك ھېچقانداق يېڭى تۇقۇلما، يېڭى نېرۋا ئۆسۈپ چىقمايدۇ، كونا نېرۋىلار بارا ـ بارا ئۆلۈپ بارىدۇ، ئەمما ئۆلگەنلەرنىڭ ئورنىنى باسىدىغان يېڭى بىر نەرسە بولمىغاچقا، ئۇنىڭ تېنى ئىچىدىكى خىزمەت ئازلاپ كېتىدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ ئۇ ئادەم ئۆلمەكچى، ئۇنىڭ ھازىرقى ئۆلۈم تەييارلىقى ئۇيقۇنىڭ ئازلاپ كېتىشىدىن ئىبارەت. يەنى ئۇ تۆرەلگەن چاغدا ھەر كۈنى 24 سائەت ئۇخلاشقا موھتاج بولسا، ئەمدىكى ئۆلەر ۋاقتىدا ئالاھەزەل ئۇيقۇنى كېرەك قىلمايدىغان بولۇپ كەتمەكتە.

ئۆزىنى قويۇۋېتىش دەقىقە ئىرىشچانلىق بولسىمۇ، تەننى ئۆزىڭىزنىڭ كاشىلىسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇنى خۇددى ئانا قورسىقىدا كاشىلىغا ئۇچرىماي، ئۆز خىزمىتىنى قىلغاندەك ھالەتكە كەلتۈرۈش بولۇپ، ئۇ ھالدا سىز يوق بولۇشىڭىز، تەندىن ئايرىلىشىڭىز، تەننى خۇددى تەنچىدەك خاتىرجەم ھالغا كەلتۈرۈشىڭىز كېرەك. چۈنكى ئىنسانلار ھاياتى قانچە جىددىيلەشكەنسېرى، قانچە ئەسەبىيلەشكەنسېرى، قانچە تېزلەشكەنسېرى نورمال ئۇيقۇ يېتەرلىك بولمايدۇ، ئۆزىنى قويۇۋېتىش ئادەمنى تېخىمۇ چوڭقۇرراق بىر ئۇيقۇغا باشلاپ كىرىدۇ.

گىپنوزلۇق ئۇيقۇ دېگەن مەنىنى بېرىدۇ، لېكىن بۇ باشقىچە بىر خىل ئۇيقۇ، چۈنكى ئۇ بىئولوگىيىلىك ئاساستا ئەمەس، پسىخىكا ئاساسىدا سۈنئىي ھاسىل قىلىنىدۇ. بىئولوگىيىلىك ئۇيقۇ مەلۇم دەرىجىگە يەتكەندە توختايدۇ، لېكىن پسىخىك ئۇيقۇ ئۇنىڭدىن چەندان چوڭقۇر بولۇپ، ئۇ تامامەن سىزنىڭ ئىختىيارىڭىز بويىچە بېكىتىلىدۇ.

ھازىرقى پۈتكۈل جەمئىيەت ئۆز تەرتىپى بويىچە خىزمەت ئۈچۈن سەۋدا بولغۇچىكى، ئۇ ھەرقاچان سىزنىڭ ئۆزىڭىزنى قويۇۋېتىشىڭىزنى «ھورۇنلۇق» قاتارىغا چىقىرىپ ئارام بەرمەيدۇ. توغرا، مەيلى نېمىلا دېگەن بىلەن جەمئىيەتنىڭ سىزگە تاپشۇرغان خىزمىتى سىزنىڭ ھاياتلىق شەرتىڭىز. لېكىن مۇۋاپىق ۋاقىت چىقىرىپ، ئۆزىنى قويۇۋېتىش ھەر كىم ئۈچۈن مۇمكىنچىلىكى بار ئىشكى، بۇنى قىلماي ئەقىلنى چوڭقۇرلاپ قوزغاتقىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئەقىل ھەرىكەتتە خوراپ جىملىقتا كۈچەيگۈچىدۇر. ئۆزىنى قويۇۋېتىش ھەتتا دەقىقە بولغان تەقدىردىمۇ، ئەگەر ئۇ تەلەپتىكىدەك بولسا، تەننىڭ ھەقىقىي جىملىقىنى تەمىن ئېتىدۇ ـ دە، سەككىز خىل ئەقلى كۈچ⑧ تەڭپۇڭ بولىدۇ. ئەقىل كۈچىيىدۇ، سىز بۇنداق كۈچەيتىشنى مۇشۇنداق ئۆزىنى قويۇۋېتىش ۋەزىپىسىنى ھەقىقىي تۇردە ئورۇندىماي تۇرۇپ بىلەلمەيسىز، ئەگەر شۇنداق قىلىڭ، يەنى تەنها بولۇڭ، ئۆزىڭىزنى قويۇۋېتىش ئارقىلىق ھەقىقىي تۇردە كۆڭۈل تىنىدۇرۇڭ — قېنى، ئۆزىڭىزدىكى ئەقىلنىڭ قانچىلىك كۈچىيىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ھەيرانلىق ئىچىدە ھېس قىلىسىز. ئەگەر ھەر كۈنى بىر ـ ئىككى سائەت شۇنداق داۋام قىلدۇرالىسىڭىز، ئۆزىڭىزنى تولۇق كۆزىتىپ كېتەلەيدىغان ئەقىلدار بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالىسىز.

ئۇ سىزنى شۇ تەرىقىدە ئۆزگەرتىپ، تاشقى ھەرىكەتلىرىڭىزنى يېڭىلايدۇ، بارغانسېرى سالماقلاشتۇرىدۇ، تىنچلاندۇرىدۇ، خىزمەتتىكى خۇسۇسىيەتلىرىڭىزنى ئۆزگەرتىپ تېخىمۇ بەدىئىي، تېخىمۇ نەپىس، بۇرۇنقى خاتالىقلىرىڭىزنى تەكرارلىمايدىغان تەمكىن بىر ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. مانا بۇ سىزدىكى ئۆزىنى ئۆزى قويۇۋېتىش ئادىتىنىڭ سىزنى بىر پۈتۈنلۈككە، ھاياتلىقنىڭ مەركىزىي نۇقتىسىغا يۆتكەۋاتقانلىقىدۇر.

دېمەك، ئۆزىنى قويۇۋېتىشتە مۆجىزە خاراكتېرلىك كۈچ بار. ئۇ ھەرگىز ھورۇنلۇق ئەمەس. ھورۇن ئادەملەر كۆرۈنۈشتە ھېچ ئىش قىلمىغاندەك تۇرسىمۇ، ئۇلارنىڭ كاللىسى ناھايىتى تېز يۈگۈرۈپ تۇرىدۇ، لېكىن ئۆزىنى قويۇۋېتىشنى بىلىدىغان ئادەملەرنىڭ تېنى ئۆزىنى قويۇۋەتكەن، كاللىسى ئۆزىنى قويۇۋەتكەن، قەلبى ئۆزىنى قويۇۋەتكەن بولىدۇ. بۇنداق ئۈچ قاتلاملىق ئۆزىنى قويۇپ بېرىشتە — تەن، مېڭە ۋە قەلبتە ئۆزىنى قويۇپ بەرگەن ۋاقىت ئىچىدە ئالاھەزەل ئۇ ئادەم بولمايدۇ، ئەمما مۇشۇ سائەتلەر ئىچىدە ئۇنىڭ تېنى ئەسلىگە كېلىدۇ، قەلبى ياكى يۈرىكى ئەسلىگە كېلىدۇ، ئەقىل ـ پاراسىتى ئەسلىگە كېلىدۇ. ئۇ ئادەم ئۆزى ئىشلەۋاتقان خىزمەتلەردە ئۆزىدىكى ئاشۇ ئۆزگىرىشلەرنى بايقايدۇ. ئۇ ئادەم مانا مۇشۇنىڭ بىلەن مەغلۇبىيەتچى بولمايدۇ، ئۇ بۇرۇنقىدەك ئەسەبىيلىك قىلمايدۇ، پايپاسلاپ يۈرمەيدۇ، ھەممە گالۋاڭلىقلاردىن خالاس بولىدۇ ـ دە، بارماقچى بولغان يېرىگە ئۇدۇل بارىدىغان، گەپنى ئارتۇق قىلمايدىغان، ئىشنى نورمىلىق قىلىدىغان، ھاياتنى خۇددى شېئىرىي تەسۋىرلەردەك ئۆتكۈزىدىغان پاساھەتلىك بىر ئادەمگە ئايلىنىدۇ.

دېمەك، ئۆزىنى قويۇۋېتىش سىزنى ئۆزگەرتىپ، سىزنى ئىنتايىن گۈزەل بىر چوققىغا چىقىرىپ قويىدۇ. ئۇ شۇنداق بىر ئادىي ماھارەتكى، ئۇنى ئۇنچىۋالا ھەشەم قىلىپ كەتمەي ئىگىلەپ كەتكىلى بولىدۇ. پەقەت دەسلەپكى كۈنلەردە كونا ئادەتلەرنىڭ توسقۇنلۇقىدىن قىيىنىدەك تۇيۇلىدۇ، شۇ كونا ئادەتنى ئۆزگەرتكۈچە بىرنەچچە كۈن جاپا چېكىسىز، خالاس. شۇڭا، ئالدىراپ زېرىكمەستىن، گىپنوزلۇق ئۇسۇلى بىلەن ئۆزىنى قويۇۋېتىش ماھارىتىنى داۋاملىق

ئىشلىتىش كېرەك، شۇ چاغدا ئۇ ھامان سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدا ھاسىل بولىدۇ ۋە قەلب جامىدىن چىقىپ، كۆزىڭىزنى يورۇتىدىغان نۇر سۈپىتىدە سىزنىڭ روھى دۇنيايىڭىزنى يېگىلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە سىزنىڭ كۆڭۈل تىندۇرۇشنىڭ ئېمىلىكىنى چۈشىنىۋېلىشىڭىزغىمۇ ياردەم بېرىدۇ. بىلىڭكى، ئۆزىنى قويۇۋېتىش دېگەن بۇ كۈچ كۆڭۈل تىندۇرۇشتىن نەچچە قەدەم يىراقلىقتىكى يەردە تۇرىدۇكى، سىز ئۆزىنى قويۇۋېتىش بويىچە چوڭقۇرلىغانسېرى ئۆزگىرىپ، كۆڭۈل تىندۇرۇشنىڭ ئۆزى بولۇپ قالىدۇ، بۇ چاغدىكى كۆڭۈل تىندۇرۇش ئەڭ چوڭقۇر ئۆزىنى قويۇۋېتىش بولۇپ چىقىدۇ.

ئۆزىنى قويۇۋېتىش ئالىملار تەشەببۇسىدا مېڭىنىڭ ئاستىنقى نېرۋون قاتلىمىدىكى ئۇچۇرلارنى رەتلەپ ئىشقا سېلىشقا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇنى بىز خۇددى رادىئو دولقۇنلىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئاڭلىشىمىزغا ئوخشاتساق بولىدۇ. چۈنكى مېڭە ئۆزىنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتى بويىچە سەگەك ۋاقتىمىزدا بىر خىل، مۈگدەك باسقاندا بىر خىل، ئۇيقۇدىكى ۋاقتىمىزدا بىر خىل كۈچ بىلەن سىگنال تارقىتىدۇ. مېڭىمىز جىددىيلەشمىگەندە، يەنى يېنىك، ئازادە تۇرغاندا ئۇچۇرلارنى تېز، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك قوبۇل قىلالايدۇ. بۇنى بىز ئۆزىمىز ئەركىن ـ ئازادە ئولتۇرۇپ، روھىمىزنى يېنىكلىتىدىغان لەرزان مۇزىكا ئاڭلىغانغا ئوخشاتساق تېخىمۇ ئوبدان چۈشىنىۋالالايمىز. ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى بەزى ئالىملارنىڭ لەرزان مۇزىكا قويۇپ، تەتقىقات ئېلىپ بېرىشى مانا مۇشۇنداق قانۇنىيەتكە ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مەسىلەن، باروكنىڭ مۇزىكىلىرى مېڭىنىڭ جىددىيلەشمىگەن، يېنىك ھالەتتە تۇرغان چاغدىكى مېڭىنىڭ تەبىئىي توك دولقۇنلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئۆلچەم قىلىپ ئىشلەنگەن بولۇپ، مۇشۇ مۇزىكىلار قويۇلۇۋاتقاندا بىرەيلەن ياندا تۇرۇپ، مۇھىم ئۇچۇرلارنى ئوقۇپ بەرسە، ئۇ ئۇچۇرلار مېڭىنىڭ ئاستىنقى قات نېرۋون تورىغا ئەركىن لەيلەپ كىرەلەيدۇ ـ دە، سىز تېخىمۇ ئوبدان ئۆگىنەلەيسىز. ئەگەر سىز «ياق»، دېسىڭىز، ئۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى، سىز مۇزىكىدىن پايدىلىنىشنىڭ ياكى پايدىلانماسلىقنىڭ شۇنى ئويلاپ باقسىڭىز بولىدۇكى، مېڭە خۇددى بىر رادىئو ئىستانسىسىدەك قوبۇل قىلىپ، چىقىرىپ تۇرىدىغان قۇرۇلما بولغاچقا، ئۇنىڭ شۇ قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلسىڭىز، مەيلى سىرتتىن ئۇچۇر قوبۇل قىلىپ بىلىمىڭىزنى ئۆستۈرۈشتە، مەيلى دىلىڭىزنىڭ چوڭقۇر قاتلىمى، ئاستىنقى نېرۋون قاتلىمىدىن ئىلھام ئېلىشتا ئوخشاشلا كاشىلىغا ئۇچرايسىز. مەسىلەن، رادىئو قوبۇللىغۇچىڭىزنى بىرلا چاغدا بىرنەچچە ئىستانسىنىڭ قاناللىرىغا تەڭ ئۇلاپ قويسىڭىز، رادىئودىن گىژىلدىغان ئاۋازدىن باشقا ھېچقانداق مەنىسى بار سۆز چىقمايدۇ، مېڭىگە ئۇچۇر قوبۇل قىلىش بىلەن مېڭىدىن ئىلھام ئېلىپ چىقىرىشمۇ خۇددى مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ. شۇڭا، ئۆزىنى قويۇۋېتىش بويىچە مەشىق ئېلىپ بېرىپ، مېڭىمىزدىكى ئاستىنقى نېرۋون قەتىدىن ئىلھام ئېلىش ئەقلىلىق بولۇشنىڭ مۇھىم يولىدۇر. بۇ ھەقتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى مۇجەسسەم قىلغان ناپولېئون خېئول مۇسكۇللارنى ئازادە قويۇۋېتىشنىڭ ئېپى ھەققىدە مۇنۇ مەشىقنى بىزگە سۇنىدۇ:

«(1) 30 مىنۇت ۋاقىت ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

(2) يۇمشاق، ئازادە كارىۋات ياكى ساپا بار تىنچ ۋە قاراڭغۇ ئۆي تەييارلىنىدۇ.

(3) ئازادە كىيىم (مەسىلەن، ئۇخلاش كىيىمى) كىيىپ ياكى بەدىنىڭگە چاپلىشىپ تۇرىدىغان تامبىلىنى بوشىتىپ كارىۋات ياكى ساپادا ئۇخلاش ياكى يېتىش.

(4) ئۈچ قېتىم چوڭقۇر نەپەس ئېلىش، ھەر قېتىم سۈمۈرگەن ھاۋانى ئىمكانقەدەر چىقىرىۋەتمەي چىداپ تۇرۇش ھەم پۈتۈن بەدەننى قورۇپ، مۇشتۇمنى چىڭ تۈگۈش، بۇ جەريان سىزگە جىددىيلىك تۇيغۇسىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ھەر قېتىم چىداپ تۇرالمىغاندا، سۈمۈرگەن ھاۋانى ئاستا ـ ئاستا چىقىرىڭ، ئىمكانقەدەر ئۆزىڭىزدىكى «ئېغىر يۈكنى تاشلىغان»لىق تۇيغۇسىنى باشلاپ چىقىڭ. بۇ جەريان سىزنى بوشىشىش، ئازادە بولۇش تۇيغۇسىغا كەلتۈرىدۇ.

(5) ئىمكانقەدەر جىددىيلىك، بولالمىغانلىق تۇيغۇسى بىلەن ئازادىلىك، راھەتلىنىش تۇيغۇسى ئوتتۇرىسىدىكى كۈچلۈك پەرقنى سېلىشتۇرۇڭ، راھەتلىنىشنىڭ ئەپچىل ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋالىسىز.

(6) بەدىنىڭ بۆلەك — پەللە قىسىملىرى بويىچە بىر ـ بىرلەپ بوشىشىش، «ئۆزىنى ـ ئۆزى ئۇخلىتىش بۇيرۇقى» بېرىلىدۇ. بۇ بۆلەك قىسىملار: بارماق، ئالقان، قول، بىلەك، مۈرە، باش تېرىسى، ماڭلاي، كۆز، قۇلاق، ئېغىز، بۇرۇن، ئېڭەك، قوۋۇز، بويۇن، دۈمبە، ئارقا بەل، قورساق، كاسا، توققۇز كۆز، جىنسىي ئەزا، يوتا، تىز، پاقالچەك، پۇت ۋە ئۇشۇق، سىز مۇشۇ قىسىملارغا تەرتىپلىك بۇيرۇق بېرىڭ: «‹بوشاڭلار! بوشىشىڭلار! ھازىر ئىنتايىن راھەتلىنىۋاتىمەن… مەن (بۇ ئورۇنلار) ھازىر ئىنتايىن ئازادە ھالەتتە… مەن بۇ ئورۇنلاردا ئېغىر ئەمما راھەتلىك بىر خىل تۇيغۇ ھېس قىلىۋاتىمەن›».

(7) ئۆزىڭىزگە ئاشۇنداق بۇيرۇق قىلىش بىلەن بىللە، تېنىڭىزدە بوشىشىش تۇيغۇسى بولۇۋاتقانلىقىنى ئىمكانقەدەر ھېس قىلىڭ.

(8) قول بارمىقىڭىزدىن پۇت بارمىقىڭىزنىڭ ئۇچىغىچە بوشىشىش جەريانىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، بىر خىل راھەتبەخش ئېقىمنىڭ بېشىڭىزدىن بويىنىڭىز، كۆكسىڭىز، قورساق، پاقالچەك، پۇت ئۇچىڭىزغا قەدەر ئاستا ـ ئاستا تارىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ. بۇ راھەتبەخش ئېقىم ئېلىپ كەلگەن ھوزۇر راھەتلىنىش تۇيغۇسى بەدىنىڭىزنى كۆپ يەڭگىللىتىپ راھەتلەندۈرىدۇ.

(9) كارىۋاتتا ياكى يۇمشاق ساپادا جىم يېتىپ، كەمدىنكەم ئۇچرايدىغان بۇ بوشىشىشنىڭ راھەت پەيزىنى سوزۇڭ، بۇ ھالەتنىڭ نەقەدەر ھوزۇرلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىڭ.

(10) توققۇزىنچى قەدەمنىڭ ۋاقىت چەكلىمىسى يوقلۇقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئالدىنقى باسقۇچتىكى قولدىن پۇتقىچە پۇتكۇل بوشىشىش، ئۇزىنى ئازادە تۇتۇش جەريانىغا ئالتە مىنۇتتىن يەتتە مىنۇتقىچە ۋاقىت كېتىدۇ. ئەگەر ئالتە مىنۇتقا يەتمىگەن ۋاقىتتا بۇ ھەرىكەتنى توگىتىپ قويسىڭىز، بۇ ئازادە راھەتلىنىش ھالىتىگە تېخىمۇ ئۇتمىگەنلىكىڭىزنى چۇشەندۇرىدۇ.

مۇقىم نۇقتا: ① مۇبادا (1) ۋە (2) نىڭ مۇھىتى شۇنداق قىلىشىڭىزغا ئىمكان بەرمىسە، «ئەۋرىشىم» ھالىتىڭىزنى ئۆزگەرتىپ بېقىڭ. ② مۇشۇ ۋاقىتتا تاشقى دۇنيانىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىققا كاپالەتلىك قىلىڭ. ③ (1) سىدە يەتتە مىنۇتتەك ۋاقىتتا ئورۇندىلىدىغان تەرتىپكە يېرىم سائەت سەرپ قىلىشنى ئورۇنلاشتۇرۇشىمىز سىزنىڭ ۋاقىت چەكلىمىسىگە ئۇچرىماي بوشىشىش، ئازادە يۇرۇشىڭىزگە كاپالەتلىك قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بىر ئىنژېنېر مۇشۇنداق بوشىشىش ماھارىتىنى ئۇزلۇكسىز مەشىق قىلىپ، ئېغىر ھالەتتىكى گەپ ـ سۆز قىلىشتىكى كەمتۇكلۇكنى ئۆزگەرتكەن. ئۇنىڭ مەنتىقىلىق تەپەككۇر قىلىشى ۋە خىزمەت قابىلىيىتى كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان. ئۇنىڭ كىشىلەرگە مۇلايىملىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشى ۋە ئىشلارنى تەمكىنلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان»⑨.

## خاتىمە

خەيرى خوش مۆھتەرەم ستۇدېنت ئۇگلۇكنى بايقاشنىڭ ئاچقۇچى بولغان ئىچكى زېھىن ھەققىدە سىزلەر بىلەن شۇنچىلىك مۇڭدىشايلى. ئەتە قادىرى كۈچ بولغۇچى تەبىئەت ۋە ئۇنىڭ ئۇگلۇك سەزگۈسى بىلەن چاقماقلاشقاندا بىزگە بەرگەن ئىلھام قۇدرىتى، بىز بىلگەن تەڭرىنىڭ ئەلچىسى، ئەۋلىيا، ھۆكۈما، ھېكىم، دانىشمەن، مۇنەججىم، ئالىملاردىن ھۈنەر ـ سەنئەت پىرلىرىگىچە ئوخشىمىغان شەكىلدە شۇ ئىلھام مەدەتكارلىقى بىلەن ئۆزىدىكى «ئىلاھى سىر» لارنى ئېچىپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى قورغۇچىلىرى، سەنئەتكارلىق گۈلىستانىنىڭ چىمەنكەشلىرى بولۇپ قالدى. ئۇلار نېمە بىلەن بىزنىڭ قەلبىمىزنى لەززەتكە سالىدىغان ئاشۇ مەرتىۋەرلەرگە ئېرىشتى؟ ئۇلار ئاشۇ كۈچنى ئۇگلۇك ئۇلاش ماھىرلىرى بىلەن تىلسىماتلارنى يەشتى. تىلسىمات دېگەن نېمە؟ كائىنات ۋە كىچىكلىتىلگەن كائىنات، ئۆزىمىز تېخىچە بىلىپ يېتەلمىگەن سىرلىق ساھەلەردۇر. بۇلار دەققىدىكى سىرلار سىز ئوقۇۋاتقان كىتابلاردا ئەل ئەمەس. ئۇ پەقەت سىز ئىچكى زېھنىڭىزنى دىلىڭىزدىكى ئۇگلۇكنى ئويغاتقىدەك سەگەكلەشتۇرگەن ئىجتىھاتلىرىڭىزدا دەقىقىلىق ئىلھام بىلەن كۆرۈلىدىغان يېڭى بىلىم — كەشپىيات ۋە ئىختىرادۇر. سىز كۆڭۈل تىندۇرۇشنىڭ يۇقىرىقىدىكى شەرتلىرىدىن باشقا كۈنىمىزدىكى ئىلمىي مېتودلار بىلەن قوراللانغىنىڭىزدا ئۆزىڭىزدىكى زېھنى كۈچنى تەبىئەتتىكى قادىرى كۈچكە ئۇلاش ماھىرى بولىسىزكى، ئاشۇ ئۇلۇغلاردىن بولۇش ئامىتى سىزگىمۇ يار بولىدۇ. چۈنكى، ئالدىڭىزدىكى ئەينەك يۈزىڭىزنى كۆرسىتىشكە قادىر بولغاندەك، ئىچكى دۇنيارىڭىز ھەققىدىكى ئويلىرىڭىزلا ئۇگلۇكنى كۆرۈش قۇدرىتىگە ئىگە.

### ئىزاھلار:

① ئۇگلۇك: كۈنىمىزدىكى مىللىي مۇھىتىمىزدا ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى كۆزى ئېتىك ئۇخلاۋاتقان ئەقىل بۇلاقلىرىنى ئاچقۇچى باش رىغبەت بولۇپ، ئەقلىمىزنى ھۆر قىلغۇچى كاتالىزاتور سۈپىتىدە ئىختىراۋى قوبۇل قىلغان نامدۇر. بۇنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» كىتابىدا ياراتقان ھۆر ئەقىل سىماسى ئۇگدۇلمىشنى دەۋرىمىزگە تەققاسلىقتىن كېلىپ چىققان كۆپ ئىختىدارلىق زاماندار دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

② غەمكىن قەلب ۋە ئەركىن قەلب: قەلبىمىزنىڭ ئەقىل ھەرىكىتىدىكى ئىختىيارلىق بىلەن ئىختىيارسىزلىقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن مىللىي تىلىمىزغا ئىختىراۋى قوبۇل قىلغان ئىبارە بولۇپ، ئەركىن قەلب بىزدە ئاڭلىق ھەرىكەتكە كەلگەن ئەقىل قاتلىمىنى كۆرسەتسە، غەمكىن قەلب ئەڭ زور يوشۇرۇن قابىلىيەتلىرىمىزنى ئۇيقىدا تۇتۇپ ياتقان ئاڭسىز

چوڭقۇرلۇقتۇر.

③ ناپولېئون خېئول: «مۇۋەپپەقىيەت دەستۇرى»، 2003 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 635 ـ بەت.

④ هوشۇ: «پاراسەتنامە»، ئىچكى موڭغۇلىيە نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 5 ـ ئاي، خەنزۇچە نەشرى، 423 ـ، 424 ـ بەتلەر.

⑤ ئىممانۇئىل كانتنىڭ بۇ سۆزى ل. ن. تولستوينىڭ «كىشىلىك هايات توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 ـ يىلى 5 ـ ئايدىكى نەشرى 3 ـ بەتتىن ئېلىندى.

⑥ ساددا ئۆزلۈك: تەبىئەتتىكى هاشاراتلارنىڭ خۇشھىدلارغا ئېتىلىشىغا ئوخشاپ كېتىدىغان، «مەنمەنچىلىك» بىلەن تولغان، ئۆز ئەقىدىسىنى ئاساس قىلىپ، ئىچىگە قاراپ يىلانسىمان توگۈلىدىغان تەپەككۇر ۋە ھەرىكەتتە بولغۇچىلارنى كۆرسىتىدۇ.

⑦ ئۆزلۈكسىزلىك: تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنىڭ قانۇنىيەتلىرى بويىچە ئەقىل كۆزىنى رېئال دۇنياغا ئېچىپ، ئىنسانىي مۇھەببەت ياكى بېغىشلاش روھى بىلەن جەمئىيەت ھەم ئىنسانىيەتكە پايدىلىق ئىختىراۋى تەپەككۇر ۋە ھەرىكەتتە بولغۇچىلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭغا يانداشقان مەنىلىك دېگەن يەنە بىر ئۇقۇممۇ بولۇپ، مەنىلىك: بىر كىشىنىڭ ئۆزىگىلا ئائىت بولغان بارلىقىنى، ئۇنى ئۆزلۈك ھالىتىگە كەلتۈرگەن خۇسۇسىيەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.

⑧ سەككىز خىل زېھنىي كۈچ ئۇقۇمى تەبىئەتتىكى بوران ـ شاماللاردا كۆرۈلىدىغان بارىنو، ئارىنو دېگەن ئېلېكترون زەرەتلىرىنىڭ كۆتۈرۈلۈش ۋە يەنە پەسىيىپ تەڭپۇڭ بولۇش ھادىسىسىنى ئىنسان ھېسلىرىدىكى تۆت ماھۇلۇق تەپەككۇرنىڭ شۇنداق ئۆرلەش، پەسىيىشكە تەقاسلاپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، بۇ، تۆتتىن ئەكس تاناسىپ، ئىككى خىل زېھنى كۈچتۇر. ئۇنىڭ بىر پۈتۈن تولۇق ئايلانمىسىدا ئىلگىرىلىگۈچى، ئۆرلىگۈچى، كېڭەيگۈچى، قاتتىقلىغۇچى كۈچ ئىنساندىكى ئىستېمالىستىك (كىرىم) ھېرىسمەنلىكنى ئىپادىلىسە، بۇلارنىڭ ئەكسىچە، تۆۋەنلىگۈچى، چېكىنگۈچى، تارايغۇچى، يۇمشىغۇچى كۈچ ئىختىراچىلىق (چىقىم) رىغبىتىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئىككى خىل كۈچنى كۈندىلىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتىمىزگە تەدبىقلىساق، ئادەم بەدىنىدىكى 20 ھورمونلۇق كىرىم (ئىستېمال) چىقىم (ئىختىرا) كىچە ـ كۈندۈزلۈك ئىش (ھېس) تەقسىماتى بىلەن بالانس بولىدۇ. ئىستېمال تەرەپتىن تويۇنۇپ چېكىنىش، تۆۋەنلەش، تارىيىش، يۇمشاش كىشىنىڭ ئىلىم خۇمارلىقىغا ئايلانغاندا، تەرەققىياتنىڭ سەۋەبى — ئىجادىي تەپەككۇر ئوتى يېقىلىدۇ.

⑨ ناپولېئون خېئول: «مۇۋەپپەقىيەت دەستۇرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى، 180 — 181 ـ بەتلەر.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. گېرىدنېر: «ئەقىل قۇرۇلمىسى»، نۇر گېزىتى نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى 9 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى.
2. ئارمستروڭ: «يەتتە خىل ئەقلىي قابىلىيىتىڭىزنى تونۇش ۋە ئېچىش»، گۇاڭدۇڭ ساياھەت نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى 10 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى.
3. سۇنتىيە ئۇلرىچ توبىياس: «ئۆتۈقلۇق ئۆگىنىش»، شىنخۇا نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.
4. ناپولېئون خېئول: «مۇۋەپپەقىيەت دەستۇرى»، 2003 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى، 1 ـ نەشرى.
5. هوشۇ: «پاراسەتنامە»، ئىچكى موڭغۇل نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى.



جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

2007 ـ يىلى 3 ـ ئاي   شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)   28 ـ يىللىق 1 ـ سان
第 28 卷第 1 期   新疆大学学报(哲学社会科学维文版)   2007 年 3 月

# جەمئىيەت ئانتروپولوگىيىسىدىكى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى تەتقىقاتى

ساۋۇت ئابدۇخالىق پاۋان*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە بولۇش سۈپىتى بىلەن خېلى بۇرۇنلا ئانتروپولوگلارنىڭ ئېتىبارىنى قوزغىغاندى. شۇڭا تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى تەتقىقاتىنىڭ باشلىنىشى جەمئىيەت ئانتروپولوگىيىسىنىڭ باشلىنىشى دەپ قارالماقتا. XIX ئەسىردە مورگان تۇغقانچىلىق تەتقىقاتىغا ئاساس سالغاندىن ئېتىبارەن ئانتروپولوگلار ئىزچىل ھالدا ۋاسىتىلىك ياكى بىۋاسىتە تەتقىقات ئېلىپ باردى. مەزكۇر ماقالە، تۇغقانچىلىق تەتقىقاتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى شۇنداقلا بۇ ساھەدە تۆھپە قوشقان مەشھۇر ئانتروپولوگلار ۋە ئۇلارنىڭ نەزەرىيىلىرىنى تونۇشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. يېڭى ئەسىردە تۇغقانچىلىق تەتقىقاتىدا بارلىققا كەلگەن يېڭى يۈزلىنىشلەرمۇ مەزكۇر ماقالىنىڭ مۇھىم قىسمىدۇر.

**摘要**：亲属关系(Kinship)作为一种普遍的社会现象，早就引起人类学家的关注。研究亲属关系的开始本身就是社会人类学的开始。自从19世纪中期著名人类学家摩尔根创始亲属关系的研究以来，人类学家一直间接或直接的研究它。本论文将简要的回顾这项研究的历史进程，并介绍对亲属研究做出过重要贡献的人类学家以及他们的观点。同时，要介绍最近的研究趋势。

**Abstract**: Being a common universal cultural phenomenon, Kinship Relationship has struck Anthropologists' interest for a long time. The beginning of Kinship Studies means per se the beginning of Social Anthropology. Social Anthropologists have been interested in the research of Kinship since Morgan created the new discipline. This paper will introduce the history of Kinship Studies and some famous social Anthropologists who made big contribution to Kinship Studies. The introduction of new direction of Kinship Studies in the new century also a task of this paper.

## 1. مۇقەددىمە

جەمئىيەت ئانتروپولوگلىرى (Social Anthropologists) تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئەنئەنىۋى جەمئىيەتلەردە، تۇغقانچىلىق (Kinship) نىڭ ئەڭ مۇھىم ئىجتىمائىي باغ ئىكەنلىكى بىزگە مەلۇم. گەرچە تۇغقانچىلىق سىستېمىسى ئىقتىسادىي سىستېما ئۈستىگە يىلتىز تارتقان بولسىمۇ، بىراق تۇغقانچىلىق

* ساۋۇت ئابدۇخالىق پاۋان: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى. 830046
مەزكۇر ماقالە گېرمانىيە گېردا ـ خېنكېل فوندى جەمئىيىتىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن تەتقىقات تۈرى. تۈر ئىسمى: جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىدىكى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى ۋە ئۇلاردىكى ھەمكارلىق (1950—1980)
تۈر رەت نومۇرى: A209/2A/05

سىستېمىسى جەمئىيەتتە تىكلەنگەن ھامان، كىشىلەرنىڭ يۈرۈش - تۇرۇش پائالىيەتلىرىگە مۇھىم ھەم مۇستەقىل ھالدا تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ①. تۇغقانچىلىق گۇرۇھ شەكىللەندۇرۇشنىڭ ئاساسى. شەخسلەر ئارا باغلىنىش ئاساسەن تۇغقانچىلىق ئۆلچىمى تەرىپىدىن كونترول قىلىنغان. تۇغقانچىلىق باغلىنىشىنىڭ كېڭىيىشى كىشىلەرنى بىر - بىرىگە يېقىنلاشتۇرىدىغان شۇنداقلا «يات» لارنى ھەمكارلىق دائىرىسىگە «چاقىرىدىغان» ئاساسلىق يول.

ھەرقانداق بىر جەمئىيەتنى چۈشىنىشنىڭ ئاساسى شۇ جەمئىيەتتىكى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى چۈشىنىشتۇر②. چۈنكى دۇنيادىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى مەدەنىيەتتە، تۇغقانچىلىق كىشىلەرنىڭ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيىتىنى بەلگىلەشتە ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدۇ. شۇڭلاشقا جەمئىيەت ئانتروپولوگلىرى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ جەمئىيەتتە ئوينايدىغان رولىنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ نۇقتا ئارقىلىق چۈشەندۈرىدۇ.

1) تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى ئەجداد - ئەۋلاد مۇناسىۋىتىنىڭ داۋاملىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. ھەرقانداق جەمئىيەتتە باللار بېقىلىش ۋە تەربىيىلىنىش ئارقىلىق ئۆز جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىدارلىق ئەزاسىغا ئايلىنىدۇ. تۇغقانچىلىق بىرلىكى بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان ئاساسلىق گەۋدە ھېسابلىنىدۇ.

2) تۇغقانچىلىق مەلۇم شەخس ياردەم ئالالايدىغان باشقا شەخسلەر دائىرىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ خىل دائىرە ھەرقايسى جەمئىيەتلەردە بىردەك ئەمەس. غەرب ئەللىرى جەمئىيىتىدە، شەخس تايىنىدىغان ياردەمنىڭ ئوبيېكت دائىرىسى باشقا جەمئىيەتلەرگە قارىغاندا تارراق بولۇشى مۇمكىن③.

3) تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى شۇ مۇناسىۋەت دائىرىسىگە مەنسۇپ دەپ قارالغان كىشىلەر ئارىسىدىكى ئۆزئارا ئىشەنچكە ئاساس قۇرۇپ بېرىدۇ④.

## 2. تۇغقانچىلىق تەتقىقاتچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تەشەببۇسلىرى

جەمئىيەت ئانتروپولوگىيىسىنىڭ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى تەتقىقاتى XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن باشلانغانىدى. كرونېنفېلد (David B. Kronenfeld) ئېيتقاندەك، تۇغقانچىلىق تەتقىقاتى ئەنئەنىۋى جەھەتتىن قارىغاندا، ئانتروپولوگىيە نەزەرىيىسىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم سەھنە ھازىرلاپ بەرگەنىدى⑤. تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى قۇرۇلمىسىنىڭ ئۇنىۋېرساللىق ئالاھىدىلىكى، ئۇنى ئانتروپولوگلارنىڭ ئېخىمۇ مۇھىم تەتقىقات ئوبيېكتىغا ئايلاندۇرغانىدى. ئانتروپولوگلار جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ خاراكتېرى، جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش، ھەقىقىي (قانۇنلۇق) باغلىنىش ۋە مەۋھۇم (ساختا) باغلىنىشلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈشتە تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت بۇ تەتقىقات ئوبيېكتىدىن «تەجرىبىخانا» سۈپىتىدە پايدىلانغانىدى. ئانتروپولوگلارنىڭ بۇ خىل تەتقىقات ئۇسۇلىنى ترانمان (Trantman) «ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ بەلگىلىك ئامىللىرىغا دائىرە سىزىپ، ئۇلارنى ئۆز تەتقىقاتى ئۈچۈن ئايرىپ ئېلىپ، تەتقىقات ئوبيېكتى سۈپىتىدە يېقىندىن ئەگىشىپ كۆزىتىش» دەپ ئاتىغانىدى⑥.

ئانتروپولوگىيە ئىلمى ساھەسىدە تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان، ياكى بۇ خىل تەتقىقاتنىڭ تەرەققىياتىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان ئانتروپولوگلار ئاز ئەمەس. تۆۋەندە ئۇلارنىڭ ئالاھىدە تەشەببۇسلىرى ۋە كۆزقاراشلىرى بىلەن نام چىقارغان بىرنەچچە «ۋەكىل» خاراكتېرلىك شەخسلەرنى تىلغا ئالماقچىمەن.

1) مورگان

تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى تەتقىقاتىنىڭ باشلامچىسى مورگان (Lewis Henry Morgan) XIX ئەسىردە تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ توي ئادىتى ئۈستىگە قۇرۇلغان بىئولوگىيىلىك باغلىنىشىغا بولغان چۈشىنىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. مورگاننىڭ پەرىزىچە، تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى سىستېمىلىرى «ئىپتىدائىي توپ نىكاھ» (قالايمىقان جىنسىي مۇناسىۋەت) ھەم ئاكا - ئىنى بىلەن ئاچا - سىڭىل توي قىلىشتەك ئىپتىدائىي ھالەتنىڭ ئىنكاسى ئىدى. بۇنداق جەمئىيەتتە كىشىلەر دادىسىنىڭ كىملىكىنى بىلمەيتتى. شۇڭا ھەقىقىي دادىسى بىلەن ئېھتىمالىي دادىلىرىنى پەرقلەندۈرىدىغان ئالاھىدە ئاتالغۇ ئىجاد قىلىنمىغان. ئانىسى بىلەن تەڭتۇش ئاياللارنىڭ ھەممىسى بۇ ئەرلەرنىڭ ئوخشاش ئايالى بولغاچقا، ئۇلارمۇ ئوخشاش بىر ئاتالغۇ بىلەن چاقىرىلغان. كېيىنكى دەۋرلەردە تىكلەنگەن بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمى نەتىجىسىدە، كىشىلەر دادىسى بىلەن ئانىسىنى باشقا تۇغقانلاردىن پەرقلىق ئاتايدىغان ئاتالغۇ

سىستېمىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. كېيىنكى ئانتروپولوگلار مورگاننىڭ بۇ خىل تەدرىجىي تەرەققىيات قىياسىغا رەددىيە بەرگەندىن باشقا، تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي بىئولوگىيىلىك باغلىنىشقا بولغان تونۇشىلا ئەمەس، بەلكى قىياسىي (مەۋھۇم) بىئولوگىيىلىك باغلىنىشنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىزاھاتلىنىشى ئىكەنلىكىنى بايقىدى⑦.

2) نىدخام ۋە گېلنېر

ئانتروپولوگلار خېلى بۇرۇنلا ھەقىقىي ياكى قىياسىي بىئولوگىيىلىك مۇناسىۋەت بىلەن «تۇغقانغا ئوخشاش» (Kinlike) مۇناسىۋەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇقىمسىزلىقنىڭ بىئولوگىيىلىك باغلىنىش تەشەببۇسىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىغا دىققەت قىلغانىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، بۇ خىل مۇقىمسىزلىقنى ئىجتىمائىي ۋە بىئولوگىيىلىك تۇغقانچىلىق ئوتتۇرىسىدىكى پەرق دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. بۇ ھەقتە نېدخام: Rodney Needham بىلەن گېلنېر (Ernest Gellner) نىڭ ئۆز ئارا مۇنازىرىسى ئانتروپولوگلار ئارىسىدا خېلى تەسىر قوزغىغانىدى. نېدخام «بىئولوگىيە (قانداشلىق) بىر ئىش، ئەۋلاد دېگەن پۈتۈنلەي باشقا بىر ئىش»⑧ دېگەننى تەشەببۇس قىلسا، گېلنېر ئۇنىڭ ئەكسىچە، تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى تۇغقانچىلىق سىستېمىسى بىلەن ئىنسانلارنىڭ بىئولوگىيىلىك كۆپىيىشتەك ئەمەلىي پاكىت ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشقا مۇجەسسەملەنگەن دەپ قارايدۇ، ھەمدە ئانتروپولوگلارنىڭ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى بىئولوگىيىلىك ئاتالغۇدىن ئايرىپ قارىشى مۇمكىن ئەمەس دېگەننى تەشەببۇس قىلىدۇ⑨.

3) شېفلېر

نېدخام بىلەن گېلنېرنىڭ نەزەرىيىسىگە ئوخشىمايدىغىنى، شېفلېر (Hardd W. Scheffler) دەل ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئورۇن ئالغانىدى. شېفلېر، مەلۇم بىر مەدەنىيەتتىكى «كۆزگە چېلىقىدىغان مۇناسىۋەت» (blip relationship) نى مۇبادا كىشىلەر «جەمەت باغلىنىشى» دەپ چۈشەنسە، ئۇنى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى دەپ قارىشىمۇ مۇمكىن، دېگەن تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى⑩. شېفلېر تۇنجى بولۇپ جەمەت باغلىنىشىنى بىئولوگىيە ئىلمىدىكى گېن باغلىنىشىدىن پەرقلەندۈردى. ئۇ ئىنسانلارنىڭ كۆپىيىشىگە دائىر فولكلور - مەدەنىيەت نەزەرىيىسىنىڭ روشەن پەرقلىنىدىغانلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلغان. بىراق ئۇ ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە ئۇنىۋېرسال ئىش. ئاتا - بالا باغلىنىشى بولسا ئۇنىۋېرساللىقتا بەكمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ، دېگەن قاراشتا چىڭ تۇرغان. شېفلېرنىڭ قارىشىچە، بۇ دەسلەپكى باغلىنىشلار باشقا جەمەت باغلىنىشلىرىنىڭ ئاساسىنى شەكىللەندۈرگەن، ھەم ئوخشاش بولمىغان توپلاردا ئوخشاش يوللار ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. گېلنېرنىڭ نەزەرىيىسىگە قارىغاندا شېفلېرنىڭ تەشەببۇسىنىڭ گۇڭگا تەرىپى كۆپ ساندىكى ئانتروپولوگلارنىڭ تۇغقانچىلىق ھەققىدىكى قاراشلىرىغا يېقىن، بىراق روشەن تەرىپى تۇغقانچىلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكى توغرىسىدا يېڭى بەس - مۇنازىرە قوزغىغانىدى.

4) شنايدېر

شېفلېرنىڭ نەزەرىيىسى ھەققىدىكى بەس - مۇنازىرىنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگەن ھەمدە شۇ جەرياندا ھەتتا تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى تەتقىقاتىنى ئانتروپولوگىيە سەھنىسىدىن چىقىرىپ تاشلاشقا سەللا قالغان كىشى دەل شنايدېر (David M. Schneider) ئىدى. ئۇنىڭ ئىدىيىسى 1970 - يىللاردا شەكىللىنىپ، كېيىن «تۇغقانچىلىق تەتقىقاتىغا تەنقىد» دېگەن ئەسىرى بىلەن يۇقىرى پەللىگە يەتكەنىدى. شنايدېر شېفلېرنىڭ تۇغقانچىلىق ھەققىدىكى كۆزقارىشىنى ئاساسىي جەھەتتىن مورگاننىڭ خاتا چۈشەنچىسى دەۋرىگە قايتقانلىق دەپ تونۇغان. شنايدېرنىڭ قارىشىچە، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئانتروپولوگلار ھەر خىل يوللار ئارقىلىق تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئىزاھلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئىنسانلارنىڭ بىئولوگىيىلىك كۆپىيىشىدىن ئىبارەت بۇ رامكىدىن ھالقىپ كېتەلمىگەن، ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب، ئۇلارنىڭ غەرب مەدەنىيەت ئۇقۇمى بولغان «قان ھامان سۇدىن قويۇق» (Blood is thicker than water) دېگەن قاراش ئىنسانلار جەمئىيىتىگە ئۇنىۋېرسال بولغان ھادىسە دەپ خاتا پەرەزدە بولغانلىقىدىندۇر. ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە بولغاندا، ئىنسانلارنىڭ كۆپىيىشى كىشىلەر ئارىسىدا شەكىللەنگەن باشقا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىن پەرقلىق بولغان مۇھىم بىر باغنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئانتروپولوگىيىلىك تۇغقانچىلىق مۇشۇ خىل مەدەنىيەت ئۇقۇمى ئاساسىغا تىكلەنگەن ھەم شۇ ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلگەن. شنايدېرنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «تۇغقانچىلىق تەتقىقاتى ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ ئېتنىك بىلىش نەزەرىيىسىنى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەم بىۋاسىتە مەنبەسى قىلغان»⑪. شۇڭلاشقا ئانتروپولوگلار ئۆزلىرىنىڭ تۇغقانچىلىق تەتقىقاتى ئارقىلىق ئۆز مەدەنىيەت ئۇقۇمىنى باشقا توپلارنىڭ تۇرمۇشىغا مەجبۇرىي تاڭغان. نەتىجىدە تۇغقانچىلىق نەزەرىيىسى باشقا توپلارنىڭ مەدەنىيەت ئەمەلىيىتىدە بىر خىل بۇرمىلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ خىل ئىسپاتلانمىغان پەرەزلەردىن ئوخشاشلا

ئاساسسىز ھالدا ئىنسانلارنىڭ جەمەت بىرلىكى ئۇقۇمى بارلىققا كەلدى. يەنى، ئىنسانلارنىڭ كۆپىيىشى ئۈستىگە قۇرۇلغان ھەم كاتېگورىيە (مەسىلەن: «ئانا»، «دادا» دېگەندەك) گە ئايرىغىلى بولىدىغان تۇغقانچىلىق ھەرقايسى مەدەنىيەتلەردە ئوخشاش بولمايدۇ دەپ قارالدى. شنايدېر ئانتروپولوگىيىلىك تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىگە بولغان بۇ خىل پەرەزنىڭ ئۇنىۋېرساللىقىدىن قاتتىق گۇمانلىنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئۇ «تۇغقانچىلىق ھەرقايسى مەدەنىيەتلەردە پەرقلىق دەپ قاراشقا بولمايدۇ. ناۋادا ئانتروپولوگىيىلىك مەقسەت ئۈچۈن دەپ قارالسا، ئۇنداقتا تۇغقانچىلىققا ئوخشاش ھادىسە مەۋجۇت ئەمەس» دەپ خۇلاسە چىقارغانىدى[12].

شنايدېرنىڭ بۇ خىل يەكۈنىگە لىندا ستون (Linda Stone) تۆۋەندىكىدەك باھا بەرگەنىدى. ھاياتلىقنىڭ پاكىتى دەپ تونۇلغان بازىسىدىن مەھرۇم قىلىنغان ئانتروپولوگىيىلىك تۇغقانچىلىق ئۇقۇمى — قانداش گۇرۇھلار، دادا جەمەت، ئانا جەمەت، توي قاتارلىقلار گۇمۇرلۇپ چۈشكەن سارايغا ئوخشاپ قالغانىدى[13].

شنايدېر ئۆز تەتقىقاتلىرى بىلەن ھەقىقەتەنمۇ تۇغقانچىلىق ئۇقۇمىنى «ئاستىن - ئۈستۈن» قىلىۋەتكەنىدى. ئىلگىرىكى ئانتروپولوگلار تۇغقانچىلىق قەبىلىۋى ۋە دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ تۈپكى ھەم ئۇنىۋېرسال ئالاھىدىلىكى ئىكەنلىكىنى، سانائەتلەشكەن غەرب جەمئىيىتىدە بولسا ئانچە ئەھمىيەتلىك ئەمەسلىكىنى تەكىتلىگەن بولسا، شنايدېر ئەكسىچە «تۇغقانچىلىق پەقەت ياۋروپا، ئامېرىكا جەمئىيىتىدىلا مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن» دېگەن تەشەببۇسىدا چىڭ تۇردى. ئۇنىڭ تەشەببۇسى شۇنچىلىك چوڭ تەسىر قوزغىغانكى، كېيىنكى بىر ئەۋلاد ئانتروپولوگلار تۇغقانچىلىقنىڭ ئانتروپولوگىيە ئىلمىدە ئالاھىدە بىر ساھە ئىكەنلىكىنى ئاساسەن ئۇنتۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ يەنە بىر جانلىق ئىپادىسى ئانتروپولوگىيە فاكۇلتېتلىرىنىڭ دەرس تىزىملىكىدىن تۇغقانچىلىققا ئائىت دەرسلىكلەرنىڭ ئېلىپ تاشلىنىشى بولدى.

### 5) ئايالىزمچى ئانتروپولوگلار

تۇغقانچىلىق تەتقىقاتىنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈشى بىر قىسىم ئايالىزمچى ئانتروپولوگلارنىڭ ئەمگىكى ئارقىلىق تېزلىتىلدى. ئانتروپولوگ شېفلېر ئۇلارنى «تۇغقانچىلىق تەتقىقاتىغا قارشى مەزھەپ» كە قاتناشقانلار دەپ ئاتىغانىدى[14]. بولۇپمۇ بۇ ساھەدە نام چىقارغان كوللىر (Jane Fishburne Collier) بىلەن ياناگاساكو (Yanagisako)، ئىلگىرى ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى بىئولوگىيىلىك پەرق دەپ قارالغان «جىنس» قا قارشى ھالدا «جىنس» ھەرقايسى مەدەنىيەتلەردە پەرقلىق چۈشەندۈرۈلگەن دېگەننى تەشەببۇس قىلغان. كوللىر بىلەن ياناگاساكونىڭ تۇتقان يولى «ئەر» ۋە «ئايال» شۇنداقلا ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى باشقا قىياس قىلىنغان بىئولوگىيىلىك پەرقلەر مەدەنىيەت ئاساسىدا قۇراشتۇرۇلغان. شۇڭلاشقا جىنس ھەم جىنسىي پەرق ھەرقايسى مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى ئاساسىدا چۈشەندۈرۈلۈشى كېرەك دېگەندىن ئىبارەت. ئۇلار يەنە «تۇغقانچىلىق بىلەن جىنس بىر - بىرىنى تەركىب قىلغان» دېگەن قاراشتا چىڭ تۇرىدۇ[15].

كوللىر بىلەن ياناگاساكونىڭ تەشەببۇسى شېفلېرنىڭ تەنقىدىگە ئۇچرايدۇ. شېفلېر ھەربىر مەدەنىيەتنى ئۆز شارائىتىدا تەتقىق قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان پىلان، چۈنكى ئېتنوگرافىيىلىك تەكشۈرۈش نەزەرىيىلەشكەن سېلىشتۇرۇش بىلەن باشلىنىدۇ ھەم ئاخىرلىشىدۇ دەپ كۆرسىتىدۇ[16]. ھازىرقى زامان ئانتروپولوگى لىندا ستونمۇ ئۇلارنىڭ كۆزقارىشىنى قوبۇل قىلمىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ شېفلېرنىڭ نەزەرىيىسىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، «مەن شۇنداق قارايمەنكى، ئاياللار ئورتاق ھالدا بالا تۇغىدۇ. ئاياللار بىلەن ئەرلەر كۆپىيىشتە ئوخشاش بولمىغان رول ئوينايدۇ. ھاياتلىقنىڭ بۇ پاكىتى ئاساسىدا ھەرقايسى مەدەنىيەتلەردىكى تۇغقانچىلىق ۋە جىنس قارىشى ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىش تامامەن مۇمكىن» دەيدۇ[17].

## 3. دانئېل گايگ ۋە ئۇنىڭ تۆرگە ئايرىشى

XX ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرى ئامېرىكىلىق ئانتروپولوگ دانئېل گايگ تۇغقانچىلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان ئانتروپولوگلارنى ئىپادىچىلەر (Expressionist) ۋە ئەسلىگە قايتقۇچىلار (Reductionist) دەپ ئىككى لاگېرغا ئايرىغانىدى[18]. ئىپادىچى ئانتروپولوگلار تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى «ماددىي ياكى ئېكولوگىيىلىك شارائىت، ئىقتىسادىي قۇرۇلما ۋە ھەرىكەت (قىلمىش) شۇنداقلا مەدەنىيەت قىممىتى ۋە قېلىپلاشقان بەلگە» نىڭ ئىپادىسى دەپ قارايدۇ. ئىپادىچى ئانتروپولوگلارغا تەۋە بېتتى (Beattie J. H. M) «تۇغقانچىلىق جەمئىيەتتىكى ئاساسلىق سىياسىي، قانۇن ۋە ئىقتىسادىي باغلىنىشنى

ئىپادىلەيدىغان ئاتالغۇ دېگەننى تەشەببۇس قىلغان⑲.

ئەسلىگە قايتقۇچى ئانتروپولوگلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، تۇغقانچىلىق ئىنسانلارنىڭ روھىي (پسىخىكىلىق) ياكى جىسمانىي (بىئولوگىيىلىك) جەھەتتىكى قۇرۇلمىسىدىن باشلانغان. فرېمان (Derek FreemaN) بىلەن فوكس ھەرىكەت تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىپ، «تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتنى بوۋاقنىڭ ئانىسىنى ئىزدىگىنىدەك تۇغما بېقىنىش (تايىنىش) ئاساسىدا چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ» دېگەننى تەشەببۇس قىلغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، «بۇ خىل تۇغما مۇناسىۋەت ئاساسىغا قۇرۇلغان مۇھەببەت ۋە نەپرەت بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە ئۇنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەت تورىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ سىرتقا قاراپ يېيىلىدۇ»⑳. لېۋى ستروس (Levi Strauss) تۇغقانچىلىقنى «بىر قاتار ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ئىچىدىكى بىرسى بولۇپ، ئۇنىڭ يىلتىزىنى ئىنسان مېڭىسىدە شەكىللەنگەن تاسادىپىي ئۇقۇمدىن ئىزدەش مۇمكىن» دەيدۇ. ئۇ «تۇغقانچىلىق مېخانىزمى ۋە ئۆز ئارا مەنپەئەتدارلىقنى ئۆزىمىزنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلىمىز ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش تامامەن مۇمكىن، بۇ بارلىق ئىنسانلار ئۈچۈن پۈتۈنلەي ئوخشاش» دېگەننى ئالاھىدە تەشەببۇس قىلغانىدى㉑.

## 4. تۇغقانچىلىق تەتقىقاتىدىكى يېڭى يۈزلىنىش

70 ـ يىللاردىن ئېتىبارەن ئانتروپولوگلارنىڭ تۇغقانچىلىق تەتقىقاتىغا بولغان قىزغىنلىقى سۇسلىشىشقا باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تۇغقانچىلىق تەتقىقاتى دۇچ كەلگەن مەسىلىلەر تېخىمۇ كۆپ مۇنازىرىلەرنى پەيدا قىلدى. نەتىجىدە تۇغقانچىلىق تەتقىقاتى ئۆز ئىچىدە ئىككى چوڭ ئۆزگىرىشنى ھاسىل قىلدى.

1) تۇغقانچىلىق تەتقىقاتىدىن ئىبارەت بۇ زور ئىمارەتنىڭ ئۇلى دەپ قارىلىپ كەلگەن تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى، ئاتالمىش ئەۋلاد نىزاملىرى، نىكاھ ۋە نىكاھتىن ئىلگىرىكى بىرگە تۇرۇش قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئانتروپولوگىيىدىكى نەزەرىيە ۋە مۇنازىرىلەر ئەمدىلىكتە ئىمتىيازلىق ھەم مەركەزلىك ئورنىدىن مەھرۇم بولدى. بۇ خىل ھادىسە يېقىنقى يىللاردىكى ئامېرىكا، برىتانىي ۋە فرانسىيە ئانتروپولوگلىرىنىڭ تەتقىقاتلىرىدا تولىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن㉒.

2) 70 ـ يىللاردىن بۇيان تۇغقانچىلىق تەتقىقاتىدا يۈز بەرگەن يەنە بىر زور ئۆزگىرىش — بۇ خىل تەتقىقاتنىڭ ئانتروپولوگىيە تارماق پەنلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانلىقى بولدى. تۇغقانچىلىق تەتقىقاتى جەمئىيەت تارىخى، قانۇن ئانتروپولوگىيىسى، سىياسىي ئانتروپولوگىيە شۇنداقلا ئايالىزم ئانتروپولوگىيىسى قاتارلىق تارماق پەنلەرنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشتى ھەم ئۇلارنىڭ قىسمەن تەتقىقات ئوبيېكتىغا ئايلاندى.

يۇقىرىقى ئۆزگىرىشلەر نەتىجىسىدە يېڭى ئەسىردىكى تۇغقانچىلىق تەتقىقاتى تۆۋەندىكىدەك يېڭى ساھەلەرنى ئۆزىنىڭ يېڭى يۈزلىنىش ئوبيېكتلىرى قىلدى. ئۇلار: 1) تۇغقانچىلىق تەتقىقاتىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى. 2) ھوقۇق باراۋەرسىزلىكى ۋە ھۆكۈمران مەدەنىيەت ئىدېئولوگىيىسىگە قارشى تۇرۇش ئىستراتېگىيىسى. 3) ئىنسانىي ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار. 4) كۆپ خىل ئېتنوگرافىيىلىك «سادالار». 5) دۆلەت سىياسىتى ۋە دۆلەت ھالقىغان كۈچلەرنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىغا كۆرسەتكەن تەسىرى. 6) مىللىي، جىنسىي ۋە سىنىپىي تەركىب ئامىللىرىنىڭ قايچىسىمان مۇناسىۋىتى. 7) ئايالىزمچى ئانتروپولوگلار كۆزقاراشلىرىنىڭ يۇغۇرۇلۇشى. 8) ئىنسانلار پائالىيىتىگە قارىتا ئېلىپ بېرىلغان بىئولوگىيىلىك ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىگە دائىر يېڭى كۆزقاراشلار.

### ئىزاھلار:

①③ «مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى».

②④ «بىز دېگەن ياتلار: مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسىگە مۇقەددىمە».

⑤ «شەكلىي مۇلاھىزىنىڭ قايتا بىلىش ۋە جەمئىيەت ئىشلىرىغا تەتبىقلىنىشى».

⑥ «XX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى ئانتروپولوگىيىدە تۇغقانچىلىق تەتقىقاتى».

⑦ «ئانتروپولوگىيىلىك قاراشتىكى تۇغقانچىلىق».

⑧ «قانداشلىق سىستېمىسى ۋە مۇكەممەل تىل».

⑨ «تۇغقانچىلىق ئۇقۇمى».

⑩ «تۇغقانچىلىق»، «قانداشلىق ۋە ئۇيۇشۇش»

⑪⑫ «تۇغقانچىلىق تەتقىقاتىغا تەنقىد»

⑬⑰ «ئانتروپولوگىيىلىك تۇغقانچىلىق تەتقىقاتىدىكى يېڭى يۈزلىنىشلەر».

⑭⑯ «تۇغقانچىلىق تەتقىقاتىدىكى جىنسىزىم (sexism) ۋە ناتۇرالىزم».

⑮ «جىنس ۋە تۇغقانچىلىق: بىرلىككە كەلگەن تەھلىل ھەققىدىكى قاراشلار»

⑱ «تۇغقانچىلىقنىڭ مەڭگۈلۈكلىكى: ماددىي ۋە روھىي بايلىقنىڭ تىك لىنىيىلىك مىراس قېلىشى»

⑲ «تۇغقانچىلىق ۋە جەمئىيەت ئانتروپولوگىيىسى».

⑳ «تۇغقانچىلىق، ئەگەشمە ھەرىكەت ۋە ئىپتىدائىي باغ».

㉑ «قۇرۇلما ئانتروپولوگىيىسى».

㉒ «XX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى ئانتروپولوگىيىدە تۇغقانچىلىق تەتقىقاتى».


1. Nanda, Serena and Warms, Richard L. (2002). Cultural Anthropology (Seventh Edition), Thomson Learning, Inc. p. 219.

2. Bohannan, Paul. (1992). We, The Alien: An Introduction to Cultural Anthropology, Waveland Press, Inc. p. 86.

3. Nanda, Serena and Warms, Richard L. (2002). Cultural Anthropology(Seventh Edition), Thomson Learning, Inc. p. 221.

4. Bohannan, Paul. (1992). We, The Alien: An Introduction to Cultural Anthropology, Waveland Press, Inc. p. 86.

5. Kronenfeld, David B. The Uses of Formal Analysis re Cognitive and Social Issues, Anthropological Theory, Jun 2001; 1: p. 147.

6. Peletz, Michael G.. Kinship Studies in Late Twentieth—Century Anthropology, Annual Review of Anthropology 24: p. 344.

7. Holy, Ladislav. (1996). Anthropological Perspectives on Kinship. London: Pluto Press.

8. Needham, Rodney. (1960). Descent Systems and Ideal Language. Philosophy of Science 27: p. 97.

9. Gellner, Ernest. (1960). The Concept of Kinship. Philosophy of Science 27: p. 187.

10. Scheffler, Harold W. (1973). Kinship, Descent, and Alliance. In Handbook of Social and Cultural Anthropology, ed. John J. Honnigman. Chicago: Rand McNally. p. 749

11. Schneider, David M. (1984). A Critique of the Study of Kinship. Ann Arbor: University of Michigan Press. p. 175.

12. Schneider, David M. (1984). A Critique of the Study of Kinship. Ann Arbor: University of Michigan Press. p. vii.

13. Stone, Linda ed. (2001). New Directions in Anthropological Kinship. Rowman &. Littlefield Publishers, Inc. p. 5.

14. Scheffler, Harold W. (1991). Sexism and Naturalism in the Study of Kinship. In Gender at the Crossroads of Knowledge: Feminist Anthropology in the Postmodern Era, ed. Micaela di Leonardo. Berkeley: University of California Press. p. 361.

15. Collier, Jane Fishburne, and Sylvia Junko Yanagisako. (1987). Gender and Kinship: Essays Toward a Unified Analysis. Stanford: Stanford University Press. p. 15.

16. Scheffler, Harold W. (1991). Sexism and Naturalism in the Study of Kinship. In Gender at the Crossroads of Knowledge: Feminist Anthropology in the Postmodern Era, ed. Micaela di Leonardo. Berkeley: University of California Press. p. 37.

17. Stone, Linda ed. (2001). New Directions in Anthropological Kinship. Rowman &. Littlefield Publishers, Inc. p. 9.

18. Craig, Daniel (Mar., 1979). Immortality through Kinship: The Vertical Transmission of Substance and Symbolic Estate. American Anthropologist, New Series, Vol. 81, No. 1. p. 94.

19. Beattie, J. H. M. (1964). Kinship and Social Anthropology, Man 64:101—103. In Immortality through Kinship: The Vertical Transmission of Substance and Symbolic Estate. Daniel Craig, (Mar., 1979). American Anthropologist, New Series, Vol. 81, No. 1. p. 94.

20. Freeman, Derek. Kinship, Attachment Behavior and the Primary Bond. In The Character of Kinship. Jack Goody, ed. (1975). London: Cambridge University Press. Pp. 109—119.

21. Lévi—Strauss, Claude (1967). Structural Anthropology, New York: Anchor Books. In Immortality through Kinship: The Vertical Transmission of Substance and Symbolic Estate. Craig, Daniel (Mar., 1979). American Anthropologist, New Series, Vol. 81, No. 1. p. 94.

22. Peletz, Michael G. Kinship Studies in Late Twentieth—Century Anthropology, Annual Review of Anthropology 24: p. 345.

جاۋابكار مۇھەررىرى:  قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

# ئىلمىي ژۇرنالنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتچانلىقى ئۈستىدە مۇلاھىزە

مۇسا روزى*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، ئىلمىي ژۇرنالنىڭ باشقا گېزىت ـ ژۇرناللاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئالاھىدە تارىخىي رولى شۇنداقلا ئومۇمىي مەنپەئەتچانلىقتا ئىگە ئىكەنلىكى مۇلاھىزە قىلىنىدۇ.

**摘要**:本文就学术刊物与一般报刊杂志的区别、它的特殊的历史作用和公益性提出了作者的看法。

**Abstract**: Tis article discusses the differences of academic journal s from other newspapers and periodicals, its historical role and material gain.

ئەنگلىيىلىك ئىدۋاردكارىپ 1731 ـ يىلى لوندوندا نەشر قىلغان ژۇرنىلىنىڭ نامىنى « Gentleman's Magazine » دەپ ئاتاپ «ماگىزىن» ئاتالغۇسىنى تۇنجى بولۇپ قوللانغان. بۇ ئارىلاشمىلىق (مەزمۇنى) ئالاھىدىلىككە ئىگە تۇنجى زامانىۋى ژۇرنال ئىدى. ئېلىمىزدە «Magazine» دېگەن سۆز خەنزۇ تىلىدا « 杂志 » دەپ تەرجىمە قىلىپ قوللىنىلغان. خەنزۇچىدا ژۇرنال « 期刊 » ، « 刊物 » ، « 杂志 » ، « 学报 » دېگەندەك نەچچە خىل ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ بالدۇر كۆپرەك قوللىنىلىپ كېلىۋاتقىنى « 杂志 » . يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، « 杂志 » سۆزى «Magazine» سۆزىنىڭ تەرجىمىسىدىن كېلىپ چىققان. «Magazine» سۆزىنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، بۇ سۆز ئەرەبچىدىكى ئامبار مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «ماقازىن» (Maknazin) سۆزىدىن كېلىپ چىققان. ھازىر قوللىنىلىۋاتقان «Magazine» سۆزى قورال ـ ياراق، ئوق دورا قاتارلىق ھەربىي قورال ـ ياراق ئامبىرى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «Magazine» ھەربىي قورال ـ ياراق ئامبىرى دېگەن مەنىدىن كېڭىيىپ بىلىم ئامبىرى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ سۆز ژۇرنال ئاتالغۇسى سۈپىتىدە قوللىنىلغان.

دۇنيا بويىچە ئەڭ بۇرۇن چىقىرىلغان ژۇرنال — «ئالىملار ژۇرنىلى» ( 学 者 学 报 ) « journal desserane » 1665 ـ يىلى پارىژدا نەشر قىلىنغان. ئاشۇ ژۇرنالدا قوللىنىلغان «journal» سۆزى ھازىرمۇ قوللىنىلىۋاتىدۇ. لېكىن بۇ نام كۆپرەك ئىلمىي ژۇرناللارنى كۆرسىتىۋاتىدۇ. بىز ئۇيغۇر تىلىدا «ژۇرنال» دەپ قوللىنىۋاتقان ئاتالغۇ تۇنجى قېتىم «ئالىملار ژۇرنىلى» دا قوللىنىلغان «journal» سۆزىدىن كېلىپ چىققان بولسا كېرەك. دېمەك، ئىسمىدىنلا بىلىنىپ تۇرىدۇكى، «ئىلمىي ژۇرنال» باشقا ژۇرناللاردىن پەرقلىنىدۇ، ئۇنىڭ خاس ئالاھىدىلىكى، ئۆز ئالدىغا رولى بار بولۇپ، مەنپەئەتچانلىق جەھەتتىمۇ باشقا ژۇرناللاردىن پەرقلىنىدۇ.

## 1. ئىلمىي ژۇرنالنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

مائارىپ مىنىستىرلىقى 1998 ـ يىلى ئېلان قىلغان «ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىلمىي ژۇرناللىرىنى باشقۇرۇش چارىسى» دا ئېنىق قىلىپ مۇنداق كۆرسىتىلگەن: «ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىلمىي ژۇرناللىرى ئالىي مەكتەپلەر چىقىرىدىغان مەكتەپنىڭ تەتقىقات ۋە ئوقۇتۇش نەتىجىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئىلمىي نەزەرىيە ژۇرنىلى، ئۇ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئىلىم ئالماشتۇرىدىغان سورۇن» . بۇ مائارىپ مىنىستىرلىقى-

• مۇسا روزى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇھەررىرى، دوتسېنت . 830046

نىڭ ئىلمىي ژۇرنالغا بەرگەن بىرقەدەر توغرا تەبىرى ھەمدە ئالىي مەكتەپلەر ئىلمىي ژۇرنىلىغا بېرىلگەن ئورۇن. بۇنىڭدىن ئايان بولىدۇكى، ئىلمىي ژۇرناللار بىرقەدەر يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە يېڭىلىق يارىتىش خاراكتېرىدىكى پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى ۋە پەن تەتقىقاتتىكى ئىلگىرىلەشلەردىن ئۇچۇر بېرىپ، پەنلەرنىڭ سەۋىيىسى ۋە تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ئىلىم ئالماشتۇرۇشنى ئاساس قىلىش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدۇ.

ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى تۆۋەندىكى بىرنەچچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: 1) ئىلمىي ژۇرنال ئىلىم - پەن نەتىجىلىرىنى خاتىرىلەيدىغان ۋە ئاساسىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنى تارقىتىدىغان توشۇغۇچ. 2) ئىلمىي ژۇرنال ئاساسىي پەنلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ئاساسىي پەنلەر تەرەققىياتىنىڭ ئوخشىمىغان تەرەققىيات ئېھتىياجى ئىلمىي ژۇرناللارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى بەلگىلىگەن، ئۇ بازار ئارقىلىق تەڭشەلمەيدۇ. 3) ئاساسىي پەنلەر تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملار ئىنتايىن ئاز، ئالىي مەكتەپلەر ئىلمىي ژۇرناللىرى ئالىي مەكتەپلەردىكى بارلىق پەنلەرگە چېتىلىدۇ، بۇنداق كەسىپلەرنىڭ ئارىلاشمىسى بولغان ئۇنىۋېرساللىق ئۇنىڭ تىرازىنىڭ ئاز، ئومۇمىي چاستوتا قېتىمىنىڭ تۆۋەن بولۇشىنى يەنى ئوقۇرمەنلىرىنىڭ ئازلىقىنى بەلگىلىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى ئاز، تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، ئىلمىي ژۇرنالنى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان كىشىلىرى ئىنتايىن ئاز. 4) ئىلمىي ژۇرناللارنىڭ تىرازى ئاز بولغاچقا كارخانىچىلار، ئېلان سودىگەرلىرى ئالاقە قىلىشنى خالىمايدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ ئېلان كىرىمى يوق. 5) ئىلمىي ژۇرناللارنىڭ ئېلان كىرىمى بولمىغانلىكەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمىمۇ تۆۋەن، تەننەرخ ھېساباتى قىلىشتىن تېخىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ژۇرنال چىقىرىش خىراجىتى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئورۇن ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ قوللىشىدىن كېلىدۇ. بىزدەك ئىقتىسادى راۋاجلانمىغان رايوندا قوللاش ياردىمى تولىمۇ تۆۋەن. 6) ئىلمىي ژۇرنالنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئورۇنلار ئىلمىي ژۇرناللارنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئاساسىي پەنلەرنىڭ تەتقىقات ئېھتىياجىغا ئاساسەن بەلگىلىگەن. ژۇرنال شۇ ئورۇنلارنىڭ مۇھىم بىر كۆزنىكى. بۇ كۆزنەك بولمىسا ئالىي مەكتەپلەر ئىسمى - جىسمىغا لايىق بولالمايدۇ. 7) ئىلمىي ژۇرناللارنىڭ كۆپىنچىسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە پەن - تەتقىقات خادىملىرىنىڭ ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ئىلمىي ژۇرنال بولمىسا ئۇلار ئۆز نەتىجىلىرىنى جامائەتكە ئېلان قىلالمايدۇ، جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمەيدۇ، ھەتتا ئۇنۋانىمۇ ئالالمايدۇ. 8) مۇھىمى ئىلمىي ژۇرنال بولمىسا تەتقىقات نەتىجىلىرى كۆمۈلۈپ قالىدۇ، ئۆزئارا ئىلىم ئالماشتۇرۇش تەسكە چۈشىدۇ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ نەزەرىيە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرگىلى بولمايدۇ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرمۇ سىياسەت بەلگىلەشتىكى نەزەرىيىۋى يېتەكچىلىككە ئېرىشەلمەيدۇ.

ئىلمىي ژۇرناللارنىڭ يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكىنى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى بىلەن بىر قەدەمدە ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ، بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بۇ ئالاھىدىلىكلەر تېخىمۇ گەۋدىلىك بولىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى ئىلمىي ژۇرناللارنىڭ رولى بەلگىلىگەن.

## 2. ئىلمىي ژۇرناللارنىڭ تارىخىي رولى

مەملىتىمىزدىكى ئىلمىي ژۇرناللارنىڭ سانى، تۈرلىرى توغرىسىدا ھۆكۈمەت تەرەپ ستاتىستىكىسىنى ئۇچراتمىدۇق. لېكىن مەملىكىتىمىزدە قانچە ئالىي مەكتەپ بولسا شۇنچە ئىلمىي ژۇرنال بار دەپ ھۆكۈم چىقارساق مۇبالىغە قىلىۋەتكەن بولمايمىز. بۇنداق ئىلمىي ژۇرناللار دۇنيا ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ ئىلىم - پەن تەرەققىيات تارىخىدا زور رول ئوينىدى ۋە ئويناۋاتىدۇ.

1) ئوقۇتۇش، تەتقىقاتنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. ئالىي مەكتەپلەر ئىلمىي ژۇرناللىرى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش، تەتقىقاتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ، چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ ۋە ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئالىي مەكتەپلەر ئىلمىي ژۇرناللىرى بولغاچقىلا ئۆزلىرىنىڭ ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات خىزمىتىدىكى تەرەققىيات، ئۆزگىرىشلەرنى جۈملىدىن ئۆزىنىڭ ئورنىنى نامايان قىلالايدۇ، ئۆزىنى داڭلىق ماركىلىق مەكتەپكە ئايلاندۇرالايدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇ ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىلمىي تەرەققىيات تارىخىنىڭ جانلىق خاتىرىسى. ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرى ئۆز مەكتىپىدىكى پەن - تەتقىقات خادىملىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلىدىغان مۇھىم سورۇن بولۇپلا قالماستىن، ئىلمىي ژۇرنال ئارقىلىق ئىلىم ئۇچۇرلىرىنى يەتكۈزگىلى ۋە ئالماشتۇرغىلى، پەن تەتقىقات يۆنىلىشىنى يېتەكلىگىلى بولىدۇ. بىرىنچىدىن، پەن تەتقىقاتنىڭ تېخىمۇ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ، ئىككىنچىدىن، پەن - تەتقىقات نەتىجىلىرى ئارقىلىق يېڭى ئوقۇتۇشنى تولۇقلىغىلى، نورغۇن يېڭى، ئەمەلىي، كارغا كېلىدىغان ئوقۇتۇش مەزمۇنلىرى ھاسىل قىلغىلى، تولۇقلىغىلى بولىدۇ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش

سۈپىتىنى تېخىمۇ ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

2) ئۇ ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرى ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش، بايقاشنىڭ بۆشۈكى. نۆۋەتتە بەزىلەر ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىۋاتقان ماقالىلەرنىڭ سەۋىيىسىدىن شۈبھىلىنىۋاتقان بولسىمۇ، شەك - شۈبھىسىزكى، ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرى مەشھۇر ئالىم، مۇتەخەسسىس، پرافېسسور، رەھبەرلەرنى يېتىشتۈرۈشتە باشقا ساھەلەر ئورنىنى ئالالمايدىغان رولىنى كۆرسەتتى، بۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىدىن ئىبارەت مۇنبەت تۇپراقتىن ئايرىلالمايدۇ، ئۇلار پەن - تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان دەسلەپكى باسقۇچتا، ئىلمىي قاراشلىرى پىشمىغان، تەتقىقات نەتىجىلىرى مۇكەممەل بولمىغان ئەھۋالدا ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئائىت ماقالىلىرىنىڭ تۇنجىسىنى، شۇنداقلا كېيىنكى مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرى ئارقىلىق ئېلان قىلغان، ئىلمىي ژۇرناللارنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمىدە پەن - تەتقىقات يولىغا ماڭغان، ئۇنۋانىنى ئۆستۈرگەن، ھەتتا بەزىلىرى شۇ ئارقىلىق تونۇلۇپ رەھبەرلىك ئورنىغا چىققان ۋە ئۆسكەن، شۇڭا كېسىپ ئېيتالايمىزكى، ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرى ئىختىساسلىقلارنى بايقايدىغان ۋە يېتىشتۈرىدىغان بازا، ئىختىساسلىقلارنىڭ ئۆزىنى نامايان قىلىدىغان كەڭ سەھنىسى.

3) ئىلىم ئالماشتۇرۇشتا كۆۋرۈكلۈك ۋە ۋاستىلىك رول ئوينايدۇ. ھازىر ئۇچۇر دەۋرىدە تۇرۇۋاتىمىز، ھەرقانداق دۆلەت، مىللەت، كارخانا، جەمئىيەت تەشكىلاتلىرى، جۈملىدىن ئالىي مەكتەپلەر باشقىلار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىشتا تەشۋىقات ۋە ئالماشتۇرۇشتىن ئايرىلالمايدۇ. ئالىي مەكتەپلەر ئىلمىي ژۇرناللىرى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن ئىلىم ئالماشتۇرۇشىنىڭ كۆۋرۈكى ۋە ۋاستىسى. ئالىي مەكتەپلەردىكى ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى مەكتەپ ئىلمىي ژۇرنىلى ئارقىلىق سىرتقا تارقالسا، بىرىنچىدىن، ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، باشقىلار مەكتەپنىڭ تەتقىقات سەۋىيىسى، نىشانى، ھازىرقى ھالىتىنى ئۇقالايدۇ، بۇ مەكتەپلەرنىڭ تاشقىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتىدۇ، تېخىمۇ كۆپ تەتقىقات تېمىلىرىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ، تېخىمۇ كۆپ تەتقىقات نەتىجىلىرى بارلىققا كېلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ياخشى ئايلىنىش شەكىللىنىپ، مەكتەپنىڭ نوپۇزى ئاشىدۇ، ئىشلىرى راۋاجلىنىدۇ، تەرەققىياتى تېزلىشىدۇ. شۇڭا ئېيتالايمىزكى، ئالىي مەكتەپلەر ئىلمىي ژۇرناللىرى مەكتەپنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن «كۆزنىكى» بولۇپلا قالماستىن بەلكى مەكتەپنىڭ «يۈزى» . ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن پرافېسسورلار، كۇتۇپخانا ۋە ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەر، ئىلمىي ژۇرنالدىن ئىبارەت مۇشۇنداق چوڭ «كۆزنەك» ، «يۈز» نىڭ بىرسى كەم بولسا قەتئىي بولمايدۇ، ئاجىز بولسىمۇ بولمايدۇ. بۇ ئۈچ چوڭ «يۈز» باشقا ھېچقانداق يەردىن تېپىلمايدۇ، بۇ ئۈچ جەھەتتە كۈچلۈك بولغان مەكتەپلەرلا كۈچلۈك مەكتەپ بولىدۇ. ھەرقانداق ئورۇن ياكى شەخس يىراقتا تۇرۇپ مەكتەپكە نەزەر تاشلىغىنىدا ئالدى بىلەن ئىلمىي ژۇرنالدىن ئىبارەت بۇ «يۈز»گە سەپسالىدۇ.

قىسقىسى، ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىنىڭ پەن - تەتقىقاتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە قوشقان تۆھپىكارلىق رولىنى باشقا ھەرقانداق ژۇرنالنىڭ ئېلىشقا قۇربى يەتمەيدۇ. شۇڭا ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىنىڭ تارىخىي رولى ئىنتايىن زور.

## 3. ئىلمىي ژۇرناللارنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتچانلىقى

«ئوكسفورد يۇقىرى تەرتىپلىك ئىنگلىزچە - خەنزۇچە قوش تىللىق ئىزاھلىق لۇغەت»تىكى ئىزاھلاشقا قارىساق، Public دېگەن سۆزگە «جامائەتكە تەۋە، جامائەت بىلەن ئالاقىدار» ياكى «جامائەتنى كۆزلەش، جامائەت ئىشلىتىش (مەركەز ياكى يەرلىك ھۆكۈمەت تەمىنلەش)»نى كۆرسىتىدۇ دەپ ئىزاھات بېرىلگەن. بۇ يەردىكى جامائەت ئىسىم بولۇپ، جامائەتتىن تەركىب تاپقان توپ ئورتاق گەۋدە بولىدۇ. شۇڭا، جامائەت مەنپەئەتى ئالدى بىلەن ئورتاق گەۋدە بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئورتاق گەۋدىنىڭ خاراكتېرى ۋە قىممەت يۈزلىنىشى ئورتاق مەنپەئەت خاراكتېرىنى بەلگىلىگەن، بۇ تونۇشقا ئاساسلانغاندا، جامائەتتىن تەركىب تاپقان ئورتاق گەۋدە شەخسلىك مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالماستىن ئومۇمىيلىق مەزمۇننى ئالغان. جامائەت مەنپەئىتى جەمئىيەت ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان مەنپەئەتنى كۆرسىتىدۇ. ئىلمىي ژۇرنالدىن ھەممە ئورتاق بەھرىلىنىدىغان بولغاچقا ئۇ ئومۇمىي مەنپەئەتچانلىققا ئىگە.

1) مەدەنىيەت بۇيۇمى سۈپىتىدىكى ئىلمىي ژۇرنال بىر جەھەتتىن، مەنىۋى مەھسۇلات، يەنە بىر جەھەتتىن، ماددىيلاشقان ماددىي خاراكتېرگە ئىگە مەھسۇلات. شۇڭا ئۇ مەنىۋىلىك بىلەن ماددىيلىقتىن ئىبارەت ئىككى

ياقىلمىلىقتا ئىگە بولىدۇ، لېكىن ئۇ ئادەتتىكى ماددىي مەھسۇلاتتىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ: ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمى ئاساسلىقى ماددىي خاراكتېرگە ئاساسەن بەلگىلەنمەستىن مەنىۋى خاراكتېرگە ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ، ئۇ كىشىلەرنىڭ ماددىي ئېھتىياجىغا باغلىق بولماستىن بەلكى كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشىغا باغلىق بولىدۇ. شۇڭا، مەنىۋى مەھسۇلاتتىن ئىبارەت بۇ قاتلامدىن ئويلاشاق، ئۇنىڭ مەنىۋى خاراكتېرى ماھىيەتلىك خاراكتېر بولىدۇ، ئۇ جەمئىيەتنىڭ پەن - بىلىملەر ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئىلمىيلىقى ياكى پەن - تەتقىقات تەرەققىياتىنى نىشانلاشچانلىقى ئۇنىڭ ماھىيەتلىك خاراكتېرى بولىدۇ.

2) ئىلمىي ژۇرنال — پەن - تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ بىر خىل تاماملىنىش شەكلى، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى شۈبھىلەنگۈسىز ھالدا غايەت زور. ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىيات تارىخى، بولۇپمۇ يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زامان مەدەنىيەت تەرەققىيات تارىخى، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، پەن تەرەققىيات تارىخى. پەن نەزەرىيىسىدە يېڭىلىق يارىتىش، تېخنىكا ئىنقىلابى، سانائەت ئىنقىلابىنىڭ مەنبەسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى باشقۇرۇش ئىنقىلابى، تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىش ۋە جەمئىيەتتە ئۆزگىرىش بولۇشىنىڭ مەنبەسى. ئىنسانىيەت ئازادلىقىنىڭ كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. بىلىمدە يېڭىلىق يارىتىش جەريانىدا بىلىم تارقىتىش ۋە ئالماشتۇرۇش ھالقىلىق ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، تارقىتىش ئىلمىنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى بولغان ئىلمىي ژۇرنالنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى مۆلچەرلىگۈسىز.

3) گەرچە ئۇنىڭدا خۇسۇسىي بۇيۇم بولۇش ئالاھىدىلىكى بولۇپ مۇئەييەن بازار خاراكتېرىگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۈنۈمى تەبىئىي ھالدا پۈتكۈل مىللەت، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى تەمىنلەيدۇ، بۇنداق ئۈنۈم ئىختىراچىلار ۋە تەمىنلىگۈچىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ئايلىنالمايدۇ، ئىلمىي ژۇرنالنىڭ ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا، پۈتۈن مىللەت، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە تەۋە بولۇشتەك ئومۇمىي مەنپەئەتچانلىق ئىشلىتىلىش قىممىتى ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش قىممىتىدىكى شەخسىي تەۋەلىكىنى قوشۇمچە ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئىلمىي ژۇرنالنىڭ ئىشلىتىلىش قىممىتى ناھايىتى زور بولۇپ تاۋارنىڭ ئىشلىتىلىش قىممىتى خاراكتېرىدىن ئايرىلىپ كەتكەن، شۇڭلاشقا، ئىلمىي ژۇرنالدا بازارلاشقان خاراكتېر ئىنتايىن كەمچىل.

قىسقىسى، ئىلمىي ژۇرنال ئۇل تەتقىقاتتا كەم بولسا بولمايدىغان، ئالاھىدە رول ئوينايدىغان، كۈچەيتىپ ئېيتساق ھەتتا ئىنسانىيەت ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان، ھەممىگە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ئومۇمىي مەنپەئەتچانلىققا ئىگە مەتبۇئات بۇيۇمى. ئۇنىڭدىن باشقا، پەن - تېخنىكا ۋە ئاممىۋى مەدەنىيەت بۇيۇملىرىغا ئوخشاش كىرىم قىلماق ئوڭاي ئەمەس، ئۇنى بازارلاشتۇرماق ئىنتايىن تەس، شۇڭا ئىلمىي ژۇرنالنى ھۆكۈمەت ۋە مەسئۇل دائىرىلەر ھەر جەھەتتىن، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللىشى، كۆپرەك مەبلەغ بىلەن تەمىن ئېتىشى، ئالاقىدار ئورۇنلاردا ئۇ پارتىيە گېزىتى ۋە پارتىيە ژۇرناللىرىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدىكى مۇئامىلىگە ئېرىشتۈرۈلۈشى لازىم. بولۇپمۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدەك كۆپ مىللەتلىك، ئوقۇتۇش - تەتقىقات تىپىدىكى ئۇنىۋېرسال ئالىي مەكتەپ قۇرۇش نىشانلانغان ئورۇن مىللىي ئوقۇرمەنلەر سانىنىڭ چەكلىكلىكى، سېتىۋېلىش كۈچىنىڭ ئاجىزلىقى، تەتقىقاتنى كۈچەيتىشنىڭ تەخىرسىزلىكى، ئارقىدا قالغان مىللەتلەرنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى قاتارلىقلارنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇنداق ژۇرناللارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى، شارائىتىنى ياخشىلىشى، بەلگىلىك ئىقتىسادىي بەدەل كەتسىمۇ بۇ ژۇرناللارنى ئوقۇغۇچىلار، جەمئىيەتتىكى ئالاقىدار ئوقۇرمەنلەرگە ھەقسىز تارقىتىپ بېرىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتچانلىقىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرغىلى، ئۇنى سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇشقا خىزمەت قىلدۇرغىلى ۋە بۇ ئىشلارغا ھەسسە قوشقىلى بولىدۇ.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. شۇشىجې: «ئىلمىي ژۇرنالنىڭ خاراكتېرى، قىممىتى ۋە ئۈنۈمى»، «نەزەرىيە مۇھاكىمىسى» ژۇرنىلىنىڭ 2000 - يىللىق 6 - سانى.

2. خۇتيەنيى: «ئىلمىي ژۇرنالنىڭ فۇنكسىيىسىنى بېكىتىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش»، «تەھرىرلەر» ژۇرنىلىنىڭ 2004 - يىللىق 1 - سانى.

3. مۇھەممەت شاۋۇدۇن: «تەھرىرلىك ئىلمى ۋە تەھرىرلىك سەنئىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2003 - يىلى نەشرى.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

# تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ۋە ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەتلىرى

ئىسمەت قاسىم*، شېرىنئاي پەتتۇللا**

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى مۇھىت ئەھۋالى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك مۇھىت توغرىسىدىكى ئەنئەنىۋى ئادەتلىرى بايان قىلىنىپ، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىدىن كېلىپ چىققان ئاقىۋەتلەر كۆرسىتىپ ئۆتۈلىدۇ، بۇ ئارقىلىق ھەربىر جەمئىيەت ئەزاسىنىڭ تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداشقا ھەيدەكچىلىك قىلىنىدۇ.

**摘要：** 本文重点论述了我区当前环境概况，包括维吾尔族祖先的生态环境传统习俗以及由此带来破坏环境的后果，并以此来提倡每个社会成员保护生态环境的意识。

**Abstract:** This artcle discusses environmental condition of our region and traditional customs about the environment of the ancessters of the Uighurs, and discusses the harmfull efffect brought to the envirenment recently, also advocates the sense of environment protection among evvry members of the society.

ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ بۇزۇلۇشى دۇنيا مىقياسىدا بۇلغىنىش كەلتۈرۈپ چىقاردى. نۇرغۇن جايلاردا قۇم بورانلىق ھاۋا كىلىماتى پەيدا بولدى. قۇم بورانلىق ھاۋا كىلىماتى ئەمەلىيەتتە بوران ۋە قۇمنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشىدىن پەيدا بولغان ئاپەت خاراكتېرلىك ھاۋا كىلىماتى بولۇپ، مۇھىت ئاسراش مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، تۇپراقنىڭ قۇملىشىشى دېگەنلىكتۇر.

بۇنىڭدىن 50 يىل ئىلگىرى فرانسىيىلىك بىر ئالىم تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئازىيىپ كېتىشىنى چۆللىشىش (قۇملىشىش) دەپ ئاتىغانىدى. 50 يىلدىن كېيىن مانا بۈگۈنكى كۈندە، كىشىلەر قۇملىشىش سۈرئىتى كۆلىمىنىڭ ئۆزلىرى ئويلىغاندىنمۇ تېز بولغانلىقىنى ھەيران قالغان ھالدا بايقاۋاتىدۇ. ھازىر يەر شارىدا قۇملىشىش كۆلىمى 36 مىليون كىلومېتىردىن كۆپرەك بولۇپ، يەر شارى قۇرۇقلۇق ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 1/4 نى ئىگىلەيدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، قۇملاشقان ئومۇمىي يەر كۆلىمى روسىيە، كانادا، جۇڭگو، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمىگە تەڭ كېلىدۇ. ھازىر دۇنيادا 100 دىن ئارتۇق دۆلەتنىڭ نەچچە مىليارد ئادەم قۇملىشىشنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراۋاتىدۇ. شۇنداقلا قۇملىشىشنىڭ سۈرئىتى كۈنىگە 7000km تېزلىك بىلەن ئىلگىرىلەۋاتىدۇ. تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتساق، ھەر كۈنى قۇملىشىۋاتقان كۆلەم بىر ئېرلاندىيىنىڭ يەر كۆلىمىچىلىك (70282km) كېلىدۇ. شۇڭا مۇتەخەسسىسلەر قۇملىشىش بوسۇغىمىزغا كېلىپ قالدى، دەپ قاراۋاتىدۇ.

جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزمۇ يۇقىرىقى تەھدىتتىن بىر كۈنمۇ خالىي بولغىنى يوق. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چۆللەشكەن يەر كۆلىمى 104.4×10km غا

* ئىسمەت قاسىم: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ لېكتورى. 830046
** شېرىنئاي پەتتۇللا: شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتېتى، ئاخبارات تارقىتىش ئىنستىتۇتىنىڭ لېكتورى. 830012

يەتكەن بولۇپ، بۇ ئاپتونوم رايونىمىز يەر كۆلىمىنىڭ 65.08% دىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ. شورلاشقان يەر كۆلىمى 145×10km دىن ئېشىپ كەتكەن. قۇملىشىشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان يەر كۆلىمى 43×10km غا يەتكەن. لوپنۇر كۆلى قۇرۇپ كېتەي دەپقالدى، تارىم دەرياسىنىڭ دائىرىسى 300km قىسقىراپ دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى 400km يېشىل ئورمانلىق يوقىلىش گىرداۋىغا بېرىپ قالدى①. قىسقىسى، قۇملىشىش بىزنىڭمۇ بوسۇغىمىزغا كېلىپ قالدى. ئاپتونوم رايونىمىز ئاسىيا ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزى قىسمىغا جايلاشقان. ئۇ ئۈچ چوڭ تاغ، ئىككى ئويمانلىقتىن ئىبارەت تەبىئىي يەر شەكلىگە ئىگە قۇرغاق رايون بولۇپ، ئىچىملىك سۇيى ئاز، يەر مەيدانى كەڭ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ئىنتايىن ئاجىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر خىل ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى ئېغىر بولماقتا. شۇڭا، بىز خەلقىمىزنىڭ دەل - دەرەخلەرنى ئۇلۇغلاش، تۇپراقنى ئۇلۇغلاش، سۇنى ئۇلۇغلاش قاتارلىق ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىنى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ مۇھىتنى ئاسراش، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى قوغداش ئېڭىنى ئۈستۈرۈشنى لايىق تاپتۇق.

## 1. ئەجدادلىرىمىزنىڭ دەل - دەرەخلەرنى ئۇلۇغلاش ئادەتلىرى

ئاتا - بوۋىلىرىمىز قەدىمدىن تارتىپلا پايدىلىق نەرسىلەرنى قەدىرلەپ كەلگەن، ئەجدادلىرىمىز ئەڭ ئاۋۋال تەبىئەتنىڭ قاراۋۇلى، ھاياتلىقنىڭ سىمۋولى بولغان دەل - دەرەخلەرنى ئۇلۇغلىغان. بۇ خىل دەل - دەرەخلەرنى ئۇلۇغلاش ئادىتى تەبىئەتكە چوقۇنۇشتىن ئىبارەت ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ بىر مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ. قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېڭىدا دەل - دەرەخلەردىمۇ باشقا مەۋجۇداتلارغا ئوخشاش روھ بولىدۇ، دەپ قارالغان. شۇڭا ئەجدادلىرىمىزدا قەدىمكى زاماندىلا دەل - دەرەخلەرگە ئېتىقاد قىلىدىغان ئادەت بارلىققا كەلگەن ھەم كەڭ ئومۇملاشقان. بىزدە ھازىر «يۇرت كۆكەرسە ئەل كۆكىرەر»، «بېغى بارنىڭ تېغى بار»، «كۆچەتلەرنى سۇندۇرسا قولى تۇتماس بولۇپ قالىدۇ»، «دەرىخى يوق بازاردىن، دەرىخى بار مازار ياخشى»، «ياشلىقىڭدا كۆچەت قوي، سەن بىلەن تەڭ تارتسۇن بوي»، «بىر تۈپ دەرەخ كەسسەڭ، ئون تۈپ تىك» دېگەندەك، دەل - دەرەخلەرنى ئاسراش ۋە تىكىشكە دائىر پەرھىزلىك قاراشلار بار. قەدىمدىن تارتىپ «ئېرىق چاپقاندا تېرەك، تۈگمەن چاپقاندا سۆگەت قويۇش»، «ئۆينىڭ ئالدىغا ھويلا كەينىگە باغ قىلىش» ئادەتلىرى ئومۇملاشقان، ئاتا - بوۋىلىرىمىز نەگە ماكانلاشماقچى بولسا، شۇ يەرنىڭ ئۆپچۆرىسىگە كۆچەت تىكىپ ئادەتلەنگەن، شۇڭا شىنجاڭنىڭ «مېۋە ماكانى» دەپ نام ئېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. دىيارىمىز شىنجاڭدا باغ نامى بىلەن ئاتالغان يەر - جاي ناملىرى ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: «ئوردا باغ»، «سايباغ»، «ھەرەم باغ»، «كېرەم باغ»، «راھەت باغ»، «چاھار باغ» …… بۇنداق «باغ» نامى بىلەن ئاتالغان يەر - جاي ناملىرى قەدىمىيلىكى بىلەن مەشھۇر. بۇلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق قەدىمدىن تارتىپلا كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش ھەم ئۇنى قوغداش، پەرۋىش قىلىش ئىشىنى پەرز دەپ قاراپ كەلگەن ھەم ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ، بىرەر جايغا كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلغان كىشى بولۇپمۇ ئېتىز - ئېرىق، يول بويى، تۇپراق بېشى قاتارلىق جايلارغا ئۈجمە كۆچىتى قاتارلىق مېۋىلىك كۆچەتلەرنى قويۇش، ئۇلاپ مېۋىگە كىرگۈزۈش ئىشىنى «ساۋابلىق ئىش» قىلدىم دەپ قاراپ ئۆز ئەمگىكىدىن تولىمۇ سۆيۈنىدۇ ھەم ئۆزىنى پاكلانغاندەك ھېس قىلىدۇ. يۇقىرىقى بايانلاردىن مۇھىت ئاسراشتىن ئىبارەت بۇ ئاڭنىڭ قەدىمدىن تارتىپلا خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشىغا، پسىخىكىسىغا سىڭىپ كىرگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

## 2. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھايۋانلارنى ئۇلۇغلاش ئادەتلىرى

ئەجدادلىرىمىز قەدىمدە بىر قىسىم ھايۋانلارنى توتېم قىلغان، ئۇلارنىڭ بەزى ئېتىقاد چۈشەنچىلىرى ھايۋانلار بىلەن باغلىنىشلىق بولغاچقا، ئۇلاردا شۇ خىل ھايۋانلارنى قوغداش ئادىتى شەكىللەنگەن. ئەجدادلىرىمىزنىڭ بەزى ئېتىقاد - چۈشەنچىلىرىدە ھەرقانداق «تىرىك ھايۋاننى بىھۇدە قىينىسا ياكى ئۆلتۈرسە ئۇۋالىغا قالىدۇ» دەيدىغان قاراشمۇ بار. شۇڭا، ھايۋانلارنى خالىغانچە ئوۋلاش، ئۆزلىرى ئىشلەتكەن ھايۋاننى ئاچ قويۇش، ئۇرۇپ قىيناشنى راۋا كۆرمىگەن، ئۇلارنى ياخشى ئاسرىغان. ئادەتتىمۇ مال سويۇپ يېگەندە يېشىغا توشمىغان مالنى

سويۇشنى راۋا كۆرمەيدۇ. شۇڭا خەلقىمىزدە ھازىرغىچە «غىرىچقا تۇشمىغان بىلىقنى يېگىلى بولمايدۇ» دەيدىغان قاراش بار. بىر غىرىچ يىگىرمە سانتىمېتىردىن ئوتتۇز سانتىمىغىچە بولىدۇ. يىگىرمە ئوتتۇز سانتىلىق بېلىق ئاللىبۇرۇن ئەۋلاد قالدۇرغان بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «خوراز قىشقىرمىغىچە (چىللىمىغىچە) يېيىشكە بولمايدۇ» دەيدىغان قاراشمۇ بار. خوراز چىللىيالىغان بولسا، ئۇمۇ ئەۋلاد قالدۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان بولىدۇ. بىزدە ھازىرغىچە ئۇچار قۇشلارنى تۇتۇپ يېيىش ئىنتايىن يامان ئادەت دەپ قارىلىدۇ، «ئۇچار قۇشنىڭ خۇنى يامان، ئۇنى يېسە تۇتقاق كېسەل بولۇپ قالىدۇ» دەيدىغان قاراشلار ھازىرمۇ بار. دېمەك، ئەجدادلىرىمىز ھايۋانلارنىڭ مەلۇم نىسبەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى چۈشىنىپ يەتكەن. ئەجدادلىرىمىز ئەزەلدىن چارۋىچىلىقتىن ئايرىلمىغان. شۇڭا يايلاق ۋە ئوتلاقلارنىڭ تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشنى ئەينى زامانلاردىلا ھازىرقى ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرگە ئوخشاش ئوبدان بىلگەچكە يايلاق ۋە ئوتلاقلاردا ئولتۇراقلاشمىغان، تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشقا تولىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن. ئەجدادلىرىمىز يەنە ئوۋچىلىق قىلىشتىمۇ ئالاھىدە پەسىل تاللاپ ئوۋچىلىق قىلغان. بۇنداق قىلىشتىكى سەۋەب، بىرى، بوغاز بولغان ياكى ئېمىتىۋاتقان بالىسى بار ھايۋانلارنى ئوۋلاپ قويۇشتىن ساقلىنىش. يەنە بىرى، ھايۋانلارنىڭ ئەۋلاد قالدۇرۇش ۋە كۆپىيىشىگە تەسىر يەتكۈزمەسلىك بولۇپ، پەسىل تاللىماي ئوۋچىلىق قىلغۇچىلار ئەل ئىچىدە قاتتىق ئاھانەتكە قالغان. ياۋايى ھايۋانلارنىڭ توپتىن ئايرىلغان ئاجىز - ئورۇقلىرى، باللىرى ياكى يارىلانغانلىرىنى داۋالاپ توپقا قوشۇپ قويۇشنى «ساۋابلىق ئىش» دەپ قارىغان، مەيلى ئۆي ھايۋانلىرى ياكى ياۋايى ھايۋان، ئۇچار قۇش تاپلىرى بولسۇن ئۇنى چوڭقۇر كۆمۈۋېتىش ئادەتكە ئايلانغان، ھەتتا قوي، كالا قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ ئۈستىخانلىرىنىمۇ ئەخلەتكە قوشۇپ قالايمىقان تاشلىماي ئۇنى ئىتلارنىڭ يېيىشى ئۈچۈن سەھەر تۇرۇپ پاكىزە يەرگە تۆكىدىغان ياكى كۆمۈۋېتىدىغان ئادەت بار. قىسقىسى، ئەجدادلىرىمىز ئەينى زامانلاردىلا تۇپراق، سۇ، دەل - دەرەخ، ھايۋانات، ئوت - چۆپ، ئۇچار قۇش قاتارلىقلارنىڭ زەنجىرسىمان باغلىنىشىنى چۈشىنىپ يەتكەن. يۇقىرىقى باياندىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەجدادلىرىمىز مۇھىتنى ئاسراش ۋە مۇھىت تازىلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن، شۇنداقلا مۇھىت ئاسراش ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغان. قىسقىسى، ئاتا - بوۋىلىرىمىز «ئادەملەر بىلەن ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدا ئەزەلدىن زىچ مۇناسىۋەت مەۋجۇت، ھايۋانلارغا كەلگەن ئاپەت ۋە خەۋپ ئىنسانلارغىمۇ كېلىدۇ، ناۋادا ھايۋانلار ئۆلۈپ تۈگىسە، ئىنسانلارنىڭ مەنىۋىيىتى يېگانىلىق تۇپەيلىدىن چۆلدەرەپ قالىدۇ» دەپ قاراپ، ھايۋانلارنى ئاسرىغان ھەم قوغداپ كەلگەن.

## 3. ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۇپراققا بولغان ئېتىقاد ئادەتلىرى

ئۇيغۇرلار تۇپىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇ ئېتىقاد ئادەمئاتا تۇپىدىن يارالغان دېگەن چۈشەنچىدىن كېلىپ چىققان. ئۇيغۇرلاردىكى قەدىمدىن تارتىپ ۋەتەنگە، يۇرتقا تېۋىنىش ۋە ئۇنى ئۇلۇغلاشتىن ئىبارەت ھېسسىياتنىڭ يىلتىزىنى ئۇلارنىڭ تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئېتىقادىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان تەبىئەت دۇنياسىدىكى نەرسىلەرگە يەنى سىرلىق تۇيۇلغان ئاي، يۇلتۇز، كۈن، ئوت، چاقماق، يامغۇر، شامال (يەل)، تاغ - تاشلار، دەل - دەرەخلەرگە، يەر - زېمىنغا، دەريا - دېڭىزلارغا تېۋىنغان. نەتىجىدە تۇپراققا بولغان ئېتىقادنىڭ ئۇندۇرمىسى — يەر تەڭرىسىگە چوقۇنۇش ئېتىقادى شەكىللەنگەن.

ئورخۇن ئابىدىلىرىدە تەكرار تىلغا ئېلىنغان «يەر سۇب» (يەر سۇ) قا قەدىمكى ئۇيغۇرلار يۇرت، ۋەتەن ھامىيسى② دەپ ئېتىقاد قىلغان. ھەربىر قەبىلە باشلىقى ياكى خاقانلار جەڭ سەپىرىگە چىقىشتىن ئىلگىرى «كۆك تەڭرى» دىن مەدەت تىلىگەندىن تاشقىرى «يەر سۇب» تىنمۇ مەدەت تىلەپ نەزىر چىراغ قىلغان، تۇپراققا (ۋەتەن) ئاسىيلىق قىلغۇچىلار «يەر سۇب» نىڭ قەھرى - غەزىپىگە ئۇچرايدۇ، دەپ قارىغان.

ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى يازما خاتىرىلەردە «يەر سۇب» ئادەتتىكى تەبىئەت ھادىسىسى ئەمەس بەلكى تەڭرى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان. مەسىلەن: «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» دا «تەڭرى، ئۇماي، يەر سۇب باسا بەرتى ئەرنىچ» (تەڭرى ئۇماي، مۇقەددەس يەر سۇ بىزگە مەدەت بېرىدۇ)③. «بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى» دا «تەڭرى يەر بولغانلىقى ئۈچۈن» (يەر تەڭرىسى بولغانلىقى ئۈچۈن)④. «بايانچۇر خاقان مەڭگۈ تېشى» دا «ئۇلىم، كۆڭلىم، پۇۋنىخ تەڭرى يەر ئايۇ بەرتى» (قول دېدەكلىرىم، خەلقىمنى تەڭرى ۋە تۇپراق (زېمىن) ساقلىدى) دېگەن سۆزلەر بار.

بىز يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ نەزەرىدە «يەر سۇب» (يەر سۇ) ئادەتتىكى نەرسە بولماستىن بەلكى بىر خىل مۇقەددەس ئىلاھىي كۈچ بولغان. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۇلاردىكى تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئېتىقادى — يەر (يەر سۇب) نى تەڭرى سۈپىتىدە ئۇلۇغلاشتىن ئىبارەت تەبىئەت، ئىلاھىيەتچىلىك قارىشى ئاستا - ئاستا بىر تەڭرىلىك — «ئاللا» قارىشىغا ئۆزگەرگەن. لېكىن خەلق ئارىسىدا يەرنىڭ ئىلاھى كۈچىگە ئىشىنىپ «يەر ئۇرسۇن» دەپ قەسەم قىلىدىغان، يامان كىشىلەرنى «يەر يۇتسۇن»، «يەر يۇتقۇر» دەپ قارغايدىغان ئادەتلەر بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سەھەر تۇرۇپ يەر يۈزىنى ئاچىدىغان، هويلا - ئاراملارنى پاكىزە تۇتىدىغان، ئوچاق ياكى مەشنىڭ كۈلى بىلەن ئۆيدىن چىققان ئەخلەتنى بىر يەرگە تۆكمەيدىغان، ئەخلەتكە چولڭ - كىچىك تاھارەت قىلمايدىغان ئادەتلىرىمىز بار. سودىگەرلەردە دەسلەپ قىلغان سودىسىنىڭ پۇلىنى تۇپىغا سۈركەپ ئاندىن يانچۇققا سالىدىغان ئادەتلەر هازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. مانا بۇ خىل ئادەتلەر ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۇپراقنى ئۇلۇغلاش، تۇپراققا ئېتىقاد قىلىش ئەقىدىسىدىن كېلىپ چىققان. لېكىن بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە تېز سۈرئەتتە شەھەرلىشىش تۈپەيلىدىن ئېتىز، ئورمان، يايلاقلار قۇرۇلۇش رايونىغا ئۆزگىرىپ كەتتى. ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان ئۆزگىرىش يۈز بەرمەكتە. بۇنداق ئۆزگىرىشتىن پەيدا بولغان مىللەتلەرنىڭ ياشاش بوشلۇقى كرىزىسى، دۆلەت زېمىنى ئېكولوگىيىسىنىڭ بىخەتەرلىك كرىزىسى تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىدى. بىز قىلچە قورقماي ئۆز خاھىشىمىز بويىچە چەكلىك تۇپراقنى خارلاۋاتىمىز، دەپسەندە قىلىۋاتىمىز.

## 4. ئەجدادلىرىمىزنىڭ سۇنى ئۇلۇغلاش ئادەتلىرى

سۇنى ئۇلۇغلاش چولڭ تەبىئەتكە چوقۇنۇشنىڭ ئومۇملاشقان ئىپتىدائىي شەكىللىرىدىن بىرىدۇر. سۇنىڭ ئىنسان تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئورنى ۋە ئۇنىڭ مەنبەسىنىڭ سىرلىق بولۇشى ئىپتىدائىي ئىنسان چۈشەنچىسىدە سۇ ئىلاھىنىڭ كاراMETى دەپ قارالغان. نەتىجىدە، سۇنى مۇقەددەس بىلىپ، دېڭىز، دەريا، كۆل، بۇلاق، يامغۇر قاتارلىقلارنى ئىلاھىيلاشتۇرغان. بۇنداق ئەھۋال قەدىمكى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قويۇق ئەكس ئەتكەن. شۇڭا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېڭىدا سۇنى ئۇلۇغلاش ھەم مۇقەددەس بىلىشتىن ئىبارەت ئاڭ يېتىلگەن.

دىيارىمىز شىنجاڭنىڭ يەر مەيدانى كەڭ بولسىمۇ ئىچىملىك سۈيى كەمچىل بولغاچقا خەلقىمىزدە تا هازىرغىچە «سۇ ئۈزۈپ چۈش كۆرسە، شۇ كىشىنىڭ گۇناھى يۇيۇلىدۇ ۋە بەختلىك بولىدۇ»، «سۇ يەتتە دومىلىسا هالال»، «سۇغا تۈكۈرسە گۇناھ بولىدۇ»، «سۇغا تەرەت قىلىش ئەڭ ئېغىر گۇناھ»، «ئايىغى چىقمايدىغان توختام سۇنى ئىچكىلى بولمايدۇ»، «ئېرىق - ئۆستەڭ، كۆللەردە كىر يۇيۇش گۇناھ بولىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش نۇرغۇن پەرھىزلەر بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشى ئادەتكە ئايلانغان. هازىرمۇ ئېرىق - ئۆستەڭلەردىن ئۇلاغلىق ئۆتۈشكە توغرا كەلگەندە ئۇلاغلىرىمىزنى قامچىلاپ تېز ئۆتۈپ كېتىمىز. سۇ بويىغا ئەخلەت ۋە يۇندا تۆكىدىغان ئادىتىمىز يوق. مۇشۇنداق ئېسىل ئەنئەنىلىرىمىز خەلقىمىز ئېڭىدا هازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەچكە سۇنى ئىسراپ قىلىدىغان ئادەت بىزدە يوق دېيەرلىك.

يۇقىرىدىكى ئەنئەنىۋى قاراشلاردىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ ئەسلى هالىتىنى، دەل - دەرەخ، جان - جانىۋارلارنىڭ ئەسلى سانىنى ساقلاپ قېلىشقا تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى شۇنداقلا بۇزۇلغان ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى ئەينى زامانلاردىلا چۈشىنىپ يەتكەنلىكىنى، ئۆز نېسىۋىسىنىڭ تەبىئەتتىن كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز. بۈگۈنكى كۈندە تېز سۈرئەتلىك شەھەرلىشىش بىزنى تەبىئىي ئورمانلاردىن، مۇنبەت تۇپراقلاردىن، ئۇچار قۇشلارنىڭ مۇڭلۇق سايراشلىرىدىن، تەبىئىي گۈل - چېچەكلەرنىڭ، زىرائەتلەرنىڭ، ئوت - چۆپلەرنىڭ خۇشپۇراق ھىدى كېلىپ تۇرىدىغان ساپ ھاۋادىن ئايرىپ قويىدى. بۇ هال بىزنى ئۆرپ - ئادەتتىن، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن، ئاۋامدىن بارغانچە يىراقلاپ كەتكەنلىكىمىزنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، شۇڭا ھەر بىر كىشى خەلق ئىچىدىكى «ھەر ئىشنى ئۆزۈڭدىن باشلا» دېگەن ماقالىغا ئەمەل قىلىشى زۆرۈر. 1998 - يىلىدىكى زور كەلكۈن ئاپىتىدە، باش شۇجى جياڭ زېمىن ئۆز نۇتقىدا ئېنگېلسنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ «بىز تەبىئەتنى خارلىدۇق، بۇزدۇق، تەبىئەت بىزنى جازالىدى» دېگەنىدى. شۇڭا بىز ئانا تۇپراقنى

قەدىرلىشىمىز، ئۇنى ئاسرىشىمىز، چەكلىك تۇپراقتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشىمىز كېرەك. ئامېرىكىلىق ماكخاگىن مۇنداق دەيدۇ: «تۇپراق ئۆزىگە خاس قىممەتكە ئىگە جانلىق سىستېما، بىزگە يەر يۈزىدە نېمە قىلساق بولىدىغانلىقىنى، ئادەم بىلەن يەر ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، ئېيتىپ بېرىدۇ. يەر يۈزىدىكى بارلىق جانلىق قانۇنىيەتلىك ئورۇنلاشقان. يەرنىڭ ئەڭ ئاستىدا گېئولوگىيىلىك ماددىلار بولىدۇ، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر، سۇ بار، ئۇنىڭ ئۈستىدە ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر، ئادەملەر بار. بۇلارنى ئورۇنلىنىش تەرتىپى بويىچە قەۋەتمۇ-قەۋەت ئاستىدىن ئۈستىگە تىزىپ، يەرنىڭ ماسلىشىشچانلىقىنى تەھلىل قىلساقلا، يەردىن قانداق پايدىلىنىشنى، نېمىلەرنى ئاسراشنى بىلەلەيمىز. بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ نەسىھەتى، تەلىپى بويىچە ئىش قىلساقلا ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداپ ئىناق جەمئىيەت قۇرۇشقا ھەسسە قوشالايمىز. ئۆزىمىز ۋە كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىز ئۈچۈن بەخت يارىتالايمىز.

## ئىزاھلار:

①مۇھەممەت ھاجى: «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇھىت ئاسراش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 2003 - يىللىق 2 - سانى. 130 - بەت.

② «ئىبراھىم مۇتئى ئىلمىي ماقالىلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى، 28 - بەت.

③ «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، 50 -، 95 - بەتلەر.

④ «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، 110 - بەت.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار

1. ئابدۇكېرىم رەھمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989 - يىلى نەشرى.

2. مۇختار تۇردى: «تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ قىممىتى ۋە شىنجاڭنىڭ نۆۋەتتىكى مۇھىت مەسىلىسى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 2002 - يىللىق 3 - سانى.

3. سىدىق يۇنۇس: «شىنجاڭنىڭ يەر بايلىقىنى ئېچىشتا بوستانلىقلارنى ساقلاپ قېلىش ۋە بوستانلىقلارنى كېڭەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىشنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 2002 - يىللىق 2 - سانى.

4. ئابلىز ئەمەت: «ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى ئىزاھلىق لۇغىتى».

5. ئىسمەت قاسىم: «ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك قارىشى ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1998 - يىللىق 2 - سانى.

جاۋابكار مۇھەررىرى: مۇسا روزى

# ئىنسانلار مەدەنىيىتى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت

ئابلىمىت مۇھەممەد يىلتىزلىق*

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، ئېكولوگىيىلىك سىستېمىنىڭ تەركىبى، ئۇنىڭدىكى تەڭپۇڭلۇق ھەم ئۆزگىرىش، مەدەنىيەتنىڭ ماسلىشىش ئوبيېكتى شۇنداقلا ماسلىششىنىڭ نەتىجىسىگە بولغان مۆلچەر، تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشنىڭ ئۆلچىمى بايان قىلىنىپ، ئەڭ بىخەتەر تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن ئېكولوگىيىلىك سىستېمىغا بۇزغۇنچىلىق قىلماسلىق، ئۇنى قوغداش تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

**摘要**:摘要:本论文从文化生态学角度,对生态系统的结构、内在平衡、变化以及保持生态平衡的标准等问题进行了较为全面的论述。与此同时,对人类文明与自然环境之间的和谐关系进行了一定的梳理和探讨。最后,提出了保护生态平衡、保持优秀文化传统以及"人天合一"的观点。

**Abstract**: Abstract: This article briefly introduce the contents, structure, changes, balance and protect of ecological system from the cultural and ecological perspective. In the meantime, the author maintain the harmonic relations between natural environment and human civilization. At last, the author tries to explain his views regarding to the protect of ecological system and traditional cultural system.

مەدەنىيەتنىڭ مەنبەسى ئېكولوگىيىلىك مۇھىت. بۇ ھۆكۈم فولكلورشۇناسلىقتا ئالدى بىلەن جۇغراپىيىلىك شەرت - شارائىت، ئاندىن شۇنىڭغا ماس ھالدىكى ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، ئەڭ ئاخىردا مۇشۇ خىل ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ئاساسىدىكى ئۆرپ - ئادەت بارلىققا كېلىدۇ دەپ چۈشەندۈرىلىدۇ. بۇ يەردە دېيىلگەن جۇغراپىيىلىك شەرت - شارائىت دەل بىز دەۋاتقان ئېكولوگىيىلىك مۇھىتتۇر. ئېكولوگىيىلىك مۇھىت دېگىنىمىز ياشاش شارائىتى دېگەنلىك بولۇپ، مەدەنىيەت ئىنسانلارنىڭ ياشاش شارائىتىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوخشىمىغان جۇغراپىيىلىك شارائىتتا ياشايدىغان خەلق ئارىسىدا پەرقلىق بولغان مەدەنىيەت بارلىققا كېلىدۇ. بىر مىللەت ئىچىدىمۇ ياشاش شارائىتى ئوخشاش بولمىسا، بىر پۈتۈن مىللىي مەدەنىيەت چەمبىرىكىدىكى مۇئەييەن پەرق كېلىپ چىقىدۇ. بۇ ھال مەدەنىيەتنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل — بىۋاسىتە تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت. ماركسنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا: «پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش جەريانى ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ»①. ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى مۇئەييەن تەبىئىي مۇھىتتىن ئايرىلالمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ بارلىق ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى يەنە جۇغراپىيىلىك ئورۇن، ھاۋا كېلىمات، ھۆل - يېغىن مىقدارى، ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەر ۋە كان بايلىقى قاتارلىق شەرتلەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. خۇددى ئېنگېلس ئېيتقاندەك: «سىياسىي ئىقتىسادشۇناسلار ئەمگەك بارلىق بايلىقنىڭ مەنبەسى دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ئەمگەك

• ئابلىمىت مۇھەممەد يىلتىزلىق: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى. 844006

بىلەن تەبىئەت بىرلەشكەندىلا بارلىق بايلىقنىڭ مەنبەسى بولالايدۇ. تەبىئەت ئەمگەكنى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئەمگەك ماتېرىيالنى بايلىققا ئايلاندۇرىدۇ»②. بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئىنسانلار مەدەنىيەتنى ئومۇميۈزلۈك چۈشىنىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن مۇشۇ مەدەنىيەتنى سورۇن بىلەن تەمىن ئەتكەن شارائىت (ئېكولوگىيىلىك مۇھىت)نى چۈشىنىشى لازىم. ئىنسانلار مۇئەييەن تەبىئىي مۇھىتتا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ ياشايدۇ. بۇ ئىنسانلارنىڭ بارلىق ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا تەبىئەتكە ماسلىشىپ، مەۋجۇتلۇقنى ساقلاش ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى بىر خىل ۋاستىدىن ئىبارەت. لېكىن ئىنسانلارنىڭ باشقا ھايۋانلار بىلەن ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئىنسانلار ئۆزىنىڭ ئورگانىزمى ياكى ھەرىكىتىنى ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى بىلەن تەبىئەتكە پاسسىپ ماسلاشماستىن، بەلكى تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق تەبىئەتكە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماسلىشىدۇ.

## 1. ئېكولوگىيىلىك سىستېما

ئىنسانلار ياشاۋاتقان بۇ دۇنيادا جانلىقلار سىستېمىسى بىلەن غەيرى جانلىقلار سىستېمىسى ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك مۇھىتتا بىرىكىپ، ئېكولوگىيە سىستېمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېكولوگىيىلىك سىستېما دېگىنىمىز، ھايۋانات، ئۆسۈملۈك، مىكرو جانلىقلار قاتارلىق ئورگانىزملار ۋە ئۇلار ياشايدىغان ئانئورگانىزملار (تۇپراق، سۇ، ھاۋا قاتارلىقلار) نىڭ يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ. جانلىقلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ماددا ۋە ئېنېرگىيە مۇشۇ سىستېما ئىچىدىكى ئوخشىمىغان تەركىبلەر (جانلىق ۋە جانسىز) ئارا ئۈزلۈكسىز ئايلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئېكولوگىيىلىك سىستېما نىسپىي ۋە چوڭ - كىچىك بولىدۇ. مىكرو جەھەتتىن چۈمۈلىنىڭ ئۇۋىسى بىر ئېكولوگىيىلىك سىستېمىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ماكرو جەھەتتىن پۈتكۈل يەرشارى بىر ئېكولوگىيىلىك سىستېما بولىدۇ.

### 1) ئېكولوگىيىلىك سىستېمىنىڭ تەركىبى

پۈتكۈل يەر شارىنى بىرلىك دەپ قارىساق، بۇ چوڭ ئېكولوگىيىلىك سىستېمىدىكى بارلىق ئېنېرگىيە قۇياشتىن كېلىدۇ. پۈتكۈل يەر شارى ئېنېرگىيىسىنىڭ ئايلىنىش سىستېمىسىدىكى بارلىق جانلىقلارنى بىرىكتۈرگۈچى، ئىستېمال قىلغۇچى ۋە ئاجراتقۇچى دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. بۇ يەردىكى بىرىكتۈرگۈچى يېشىل ئۆسۈملۈكلەر بولۇپ، ئۇلار قۇياش نۇرى ئىسسىقلىقى ۋە تۇپراقتىن ئوزۇقلۇق ماددىلارنى قوبۇل قىلىپ، يېمەكلىككە ئايلاندۇرىدۇ. ئىستېمال قىلغۇچى دېگىنىمىز، ئاساسلىقى جانۋارلار بولۇپ، ئۇلار بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا ئۆسۈملۈكلەرگە تايىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بەزى ئىستېمالچىلار (چۆپخور ھايۋانلار) ئۆسۈملۈكلەرنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. يەنە بەزى ئىستېمالچىلار (گۆشخور ھايۋانلار) باشقا ھايۋانلارنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. ئاجراتقۇچىلار دېگىنىمىز، مىكروپ ۋە زەمبۇرۇغلار بولۇپ، ئۇلار ئۆلگەن ئورگانىزملارنى پارچىلاپ، ئوزۇقلۇق ماددىغا ئايلاندۇرۇپ، تۇپراققا قايتۇرىدۇ. يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر مۇشۇنىڭغا تايىنىپ ياشايدۇ. يۇقىرىدىكى ئۈچى ھەرگىزمۇ يەككە - يېگانە بولماستىن بەلكى بىر - بىرىگە تايىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئېكولوگىيىلىك سىستېمىدىكى جانلىقلار بىر - بىرىنى ئوزۇقلۇق قىلىش ۋە ئوزۇقلۇق مۇناسىۋىتى ئارقىلىق بىرىكىپ ئۆزئارا چەكلەيدىغان، ئەمما بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ «ئوزۇقلۇق (ياكى يېمەكلىك) زەنجىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. مانا بۇ ئېكولوگىيىلىك سىستېمىنىڭ ئاساسلىق تەركىبىدۇر.

### 2) تەڭپۇڭلۇق ۋە ئۆزگىرىش

ئېكولوگىيىلىك سىستېمىنى ساقلاش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىچكى مۇقىملىقىنى ساقلاش لازىم. چۈنكى ئۇزۇن مۇددەتلىك تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدا، ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن زىچ بولغان ئۆزئارا ماسلىشىش ۋە تولۇقلاش مۇناسىۋىتى بەرپا قىلىنغان بولۇپ، ئىشلەپچىقارغۇچى، ئىستېمالچى ۋە پارچىلىغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا، ياكى ماددا بىلەن ئېنېرگىيىنى قوبۇل قىلىش بىلەن چىقىرىش ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا تايىنىشتىن ئىبارەت نىسپىي مۇقىملىق ھالىتى شەكىللەنگەن. ئېكولوگىيىلىك سىستېمىدىكى مەلۇم ئامىلنىڭ ئۆزگىرىشى، باشقا ئامىللارنىڭ نىسپىي ئۆزگىرىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئېكولوگىيىلىك سىستېمىنىڭ ئىچكى تەڭپۇڭلۇقىنىڭ تەڭشىلىشى ئادەتتە ئۇنىڭدىكى ئايرىم ئامىللارنىڭ تەڭشىلىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. مەسىلەن، مەلۇم بىر يايلاقنى تەمىنلەيدىغان ئومۇمىي ئېنېرگىيە مىقدارى بىرىكتۈرۈش، ئىستېمال قىلىش، پارچىلاش تۈرىدىكى جانلىقلارنىڭ كۆپىيىشىنى

چەكلەيدۇ. لېكىن، بۇ خىل چەكلەش، كۆرۈنۈشتە ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوقتەك كۆرۈنىدىغان، بۆرىنىڭ توشقان تۇتۇپ يېيىشىگە ئوخشاش ھادىسە بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۆرە توشقاننى ئوۋلاپ، توشقاننىڭ سانىنى ئازايتىدۇ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، توشقاننىڭ ئوزۇقلۇق مەنبەسى — يېشىل ئوت - چۆپلەرنى قوغدايدۇ.

ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ ئىچكى تەڭپۇڭلۇقى بىر خىل نىسپىي ھەرىكەتچان تەڭپۇڭلۇق بولۇپ، بۇنىڭدىكى تۈرلۈك ئامىللار نورمال ئۆزگىرىشچان ھالەتتە تۇرىدۇ. لېكىن، ئېكولوگىيىلىك سىستېمىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تەڭشەش ئىقتىدارى بولغاچقا، بۇ خىل ئۆزگىرىش مۇئەييەن چەك ئىچىدە مۇقىم بولىدۇ. ئومۇملاشتۇرغاندا، ئېكولوگىيىلىك سىستېمىنىڭ تەڭشەش رولى ئاساسلىقى تۆۋەندىكى ئۈچ تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ. بىرىنچى، ئوخشاش تۈردىكى جانلىقلار توپىنىڭ زىچلىق دەرىجىسىنى تەڭشەيدۇ. يەنى چەكلىك ماكان ئىچىدىكى ئوخشاش تۈردىكى جانلىقلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئەڭ يۇقىرى مىقدار ئىچىدە چەكلەپ تۇرىدۇ. ئىككىنچى، ئوخشىمىغان تۈردىكى جانلىقلار توپى ئوتتۇرىسىدىكى سانىنى تەڭشەيدۇ. ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئۆسۈملۈكلەر بىلەن ھايۋانلار، ھايۋانلار بىلەن ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوزۇقلۇق زەنجىرى مۇناسىۋىتىدىكى تۈرلەر توپى، ئوخشاش ئېكولوگىيىلىك مۇھىتتا ئېھتىياجلىق بولغان تۈرلەر توپىنى تەڭشەيدۇ. ئۈچىنچى، جانلىقلار بىلەن مۇھىتنىڭ ماسلىشىش مۇناسىۋىتىنى تەڭشەيدۇ. يەنى، جانلىقلارنىڭ مۇھىتتىن ئېرىشىدىغان ئوزۇقلۇق ماددىسى ۋە مۇھىتنىڭ جانلىقلارغا سەرپ قىلىدىغان ماددىسىنى ئۆز ۋاقتىدا تەڭشەپ تۇرىدۇ.

ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۆزگىرىشتە، ئەڭ ساغلام بولغان ئېكولوگىيە سىستېمىسى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش ئىقتىدارى ئەڭ كۈچلۈك بولغان سىستېما بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

### 3) ئىنسانلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك سىستېمىدىكى ئورنى

ئىنسانلار پۈتكۈل يەر شارى ئېكولوگىيە سىستېمىسى ئىچىدە ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، پەقەت ئىنسانلارلا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۇنى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالايدۇ. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب، ئىنسانلارنىڭ ئەمگەك ئىقتىدارىغا ئىگە بولغانلىقىدا.

ئىنسانلار ئۆز ئەمگىكى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى يارىتىدۇ. ئاندىن يەنە مەدەنىيەت ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تەبىئەتتىكى مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەلۇم مەنىدە مەدەنىيەت ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتكە ماسلىشىشىدىكى بىر خىل ۋاستە.

(1) مەدەنىيەت سىستېمىسىدا ماسلىشىش ئىرسىيەت ئارقىلىق ئەمەس بەلكى، ئۆگىنىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئىنسانلار ئۆگىنىش ئارقىلىق بۇ خىل ئىقتىدارنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۇ جەمئىيەت ئەنئەنىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىدۇ.

(2) ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئۇچرىشىشىنىڭ مەھسۇلى، شۇنداقلا ھەرقايسى ئىنسانلار جەمئىيەتلىرى ۋە ئاشۇ جەمئىيەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەرقايسى گۇرۇھلار ئارا ئۇچرىشىشنىڭ مەھسۇلى. شۇڭا مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ھەم تەبىئەت قانۇنىيىتىنىڭ چەكلىمىسىگە، ھەم جەمئىيەت قانۇنىيىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ.

(3) جانلىقلارنىڭ ئىرسىيەتكە ماسلىشىشى پۈتكۈل تۈر توپىنىڭ مەلۇم ئۆزگىرىشى ئاساسىدا ئەمەلگە ئاشىدۇ. لېكىن ئىنسانلار جەمئىيىتىدە گەرچە جەمئىيەتنىڭ ئاز سانلىق ئەزالىرى ماسلىشىش خاراكتېرلىك ھەرىكەت قوللانسىمۇ، بۇ خىل ھەرىكەت پۈتكۈل جەمئىيەتكە پايدىلىق بولىدۇ. مەسىلەن، كېسەل داۋالاش ئىنسانلارنىڭ بىر خىل ماسلىشىش ۋاستىسى، لېكىن جەمئىيەتتە ھەممە ئادەمنىڭ دوختۇر بولۇشى ھاجەت ئەمەس، مەلۇم نىسبەتتى ئىگىلەيدىغان دوختۇرلارلا بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ.

(4) يېڭى مەدەنىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىرسىيەتكە تايانمايدۇ، ئۇ مەلۇم جەمئىيەتنىڭ ئەزالىرى تەرىپىدىن يارىتىلىدۇ ھەمدە بىر جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيىتىدىن يەنە بىر جەمئىيەت پايدىلىنىدۇ.

(5) ئىرسىيەت ئالاھىدىلىكى جانلىقلارنىڭ ئورگانىزمىدا بولىدۇ، ئورگانىزم مەۋجۇت بولسا، ئۇمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، لېكىن مەدەنىيەت ھايات ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشى سەۋەبلىك يوقىلىدۇ.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىنسانلارنىڭ ئەمگەك ئارقىلىق ياراتقان مەدەنىيىتى نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان تەبىئەتتىكى باشقا جانلىقلارنىڭ

ماسلىشىش ئىقتىدارىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ، ئادەمنى باشقا جانلىقلاردىن پەرقلەندۇرگەن، ئادەم كۈندىن - كۈنگە خاس ئۇسۇل بىلەن ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۇرۇپ، تەبىئەتكە يېقىندىن ماسلىشىپ، ئېكولوگىيە مۇھىتىدا ئەڭ يۇكسەك ئورۇنغا ئىگە بولغان.

## 2. مەدەنىيەتنىڭ ماسلىشىش ئوبيېكتى

ئوخشىمىغان رايونلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى جانلىقلارنىڭ تۈرلىرىنى چەكلەيدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىمۇ چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، مۇزلۇقلاردا دېھقانچىلىق قىلغىلى بولمايدۇ، ئىسسىق بەلۋاغ ئورمانلىقلىرىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغىلى بولمايدۇ. لېكىن بۇ خىل مۇھىت ئىنسانلارنىڭ يېمەكلىككە ئىگە بولۇشىنىڭ كۆپ خىللىقىنىڭ بىر بۆلىكى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ھال كىشىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن ئوخشاپ كېتىدىغان ياكى ئوخشاش رايونلاردا ئوخشىمىغان شەكىلنى قوللىنىدىغانلىقىنى ياكى ئوخشىمىغان رايونلاردا ئوخشاش ئۇسۇل قوللىنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ.

مەدەنىيەتنىڭ ماسلىشىشى مەسىلىسىدە چوڭ دائىرىدىكى مۇھىت ئالاھىدىلىكى ئەمەس بەلكى مەلۇم جەمئىيەتنىڭ كونكرېت مۇھىتى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. مانا بۇ مەدەنىيەت ماسلىشىشنىڭ كونكرېت ئوبيېكتىدۇر. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەن مۇناسىۋەتى ئەڭ زور بولغان نەرسە يېمەكلىك بايلىقىنىڭ سانى، سۈپىتى ۋە ئىشەنچلىكلىكى، شۇنداقلا ئوخشاش بايلىقتىن پايدىلىنىدىغان باشقا ئىنسانلار گۇرۇھىنىڭ پائالىيەتلىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

### 1) بايلىق مەنبەسىگە ماسلىشىش

ھەرقانداق مۇھىتنىڭ جانلىقلارنى ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەش يوشۇرۇن كۈچى چەكلىك بولىدۇ. ئەگەر جانلىقلارنىڭ خورىشى ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارىغا تەڭ ياكى ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولسا، جانلىقلار تۇپى مۇقىم مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ.

ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارىنىڭ چوڭ - كىچىك بولۇشى ئالدى بىلەن ئوزۇقلۇق مەنبەسىنىڭ مىقدارى تەرىپىدىن، بولۇپمۇ جىددىي ئېھتىياجلىق، ئەمما ئەڭ قىس بولغان بايلىق مىقدارىنىڭ سانى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئافرىقىنىڭ كالاخارى قۇملۇقىدا ھەر 100 كۋادرات ئىنگلىزمىلى زېمىن پەقەت 41 ئادەمنىلا باقالايدۇ. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب سۇ قىسلىقتىن ئىبارەت. بۇ يەردىكىلەر سۇ غارلىرىغا تايىنىپ ياشايدۇ. ھەربىر سۇ غارىنىڭ ئارىلىقى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 100 ئىنگلىزمىلى كېلىدۇ. ھەربىر سۇ غارى يىلىغا پەقەت 30 ئادەمنىلا تەمىنلەيدۇ. شۇڭا بۇ كىشىلەر كىچىك توپ بىرلىكى بويىچە تارقاق پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ، كوللېكتىپ بويىچە مۇقىم جامائەت بولۇپ ئۇيۇشالمايدۇ.

تەمىنلەش ئىقتىدارىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان يەنە بىر ئامىل يېمەكلىك سۈپىتى، يەنى يېمەكلىك تەمىنلىگەن ئوزۇقلۇق تەركىبى — ئاقسىل، ۋىتامىن، كان ماددىلىرىدىن ئىبارەت. ئوزۇقلۇق ياخشى بولماسلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئىنسانلار ئادەتتە يېمەكلىكلەرنىڭ تۈرلىرىنى كۆپەيتىش، يېمەكلىكلەرنى ياخشىلاش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىدۇ. بۇ خىل ماسلىشىش، ئىلمىي - پەن تەرەققىي قىلمىغان جەمئىيەتتە ئادەتتە ئاڭسىز مەدەنىيەت ئۆرپ - ئادىتى شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ھىندىئانلار كۆممىقوناقنى ئاساسلىق يېمەكلىك قىلىدۇ. لېكىن ئۇنى شۇ پېتى ئىستېمال قىلغاندا ئوزۇقلۇق سۈپىتى ئانچە ياخشى بولمايدۇ. شۇڭا ئۇلار بۇ جەھەتتىكى كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن قوناقنى ھاك سۈيى بىلەن يۇيۇپ، ئاندىن ئۇنى تارتىپ يەيدۇ. بۇ يەردىكى بەزى جايلاردا ھاك كەمچىل بولغاچقا كىشىلەر ئوت - چۆپلەرنىڭ كۈلى ئارقىلىق ئىشقار ئالىدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق ماسلاشمىسا، ھىندىئانلارنىڭ كۆنى تەسكە چۈشىدۇ.

ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەڭ ئاخىرقى ئامىل ئىنسانلارنىڭ يېمەكلىك ئۇقۇمى. ئوخشىمىغان مەدەنىيەتكە ئىگە جەمئىيەتتە، يېمەكلىك ئۇقۇمىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بەزى جانىۋارلارنى بىزنىڭ نەزىرىمىزدە يېيىشكە بولمايدۇ. لېكىن باشقا بىر مەدەنىيەت مۇھىتىدا ئۇلار ئېسىل يېمەكلىك دەپ قارىلىدۇ. مەسىلەن، كولومبىيىلىكلەر چۈمۈلە يەيدۇ. كالاخارى قۇملۇقىدىكى ئاھالىلەر سۇۋەرەك يەيدۇ، يېنىبار ئارىلىدىكىلەر كېپىنەك ۋە

پەرۋانە يەيدۇ. تانزانىيە، قاتارلىق جايلاردىكى كىشىلەر ۋە مالايسىيالىقلار چېكەتكە يەيدۇ. ئاۋستىرالىيىلىكلەر ھەسەل چۇمۇلىسى يەيدۇ. تايلاندلىقلار ياچىۋەك يەيدۇ. ياۋروپا، ئامېرىكا، ياپونىيە قاتارلىق بىر مۇنچە دۆلەتلەر خەلقلىرى قۇلۇلە ۋە سازاڭ يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئوخشىمىغان مەدەنىيەت مۇھىتىدىكى مىللەتلەرنىڭ يېمەكلىك تاللىشى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، تەبىئىي مۇھىتنىڭ ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارىمۇ پەرقلىق بولىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىش تۇرۇپتىكى، بىر خىل مۇھىتنىڭ ئىنسانلارنى ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى ھەرگىزمۇ نوقۇل ھالدىكى بايلىق مەسىلىسىلا ئەمەس. ئىنسانلارنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسى، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ دەرىجىسى بايلىقلاردىن پايدىلىنىشنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە كەڭلىكىنى بەلگىلەيدۇ. بۇ تەبىئىي مۇھىتنىڭ ئىنسانلارنى ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارىغا غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدۇ.

**2) بايلىق مەنبەسىنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقىغا ماسلىشىش**

ئىنسانلار مەدەنىيىتى بايلىق مەنبەسىنىڭ سان ۋە سۈپىتىگە ماسلىشىپلا قالماستىن، بەلكى بايلىق مەنبەسىنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقىغىمۇ ماسلىشىشى كېرەك. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئەقەللىي تۇرمۇش شارائىتىغا تايىنىدۇ. ھەممىنىڭ ئوخشاش بىر سەۋىيىدە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن، ئۇزاق بىر مەزگىلدىن ئېيتقاندا، مەلۇم بىر جايدا يىلىغا بىر مىليون جىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىلىدۇ دېسەك، بۇنىڭ بىلەن مۇئەييەن ساندىكى ئاھالىنى بېقىپ كەتكىلى بولىدۇ. لېكىن ئىنسانلار مۇنداق ئوتتۇرىچە قىممەتكە تايىنىپ ياشىيالمايدۇ، ئەگەر بۇ يەردە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۆزگىرىشى زور بولۇپ، يىلىغا پەقەت 500 مىڭ جىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان سەۋىيىگە چۈشۈپ قالسا، ئۇ چاغدا ئاچارچىلىق يۈز بېرىدۇ. جانلىقلارنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىشىدىكى بىئولوگىيىلىك قانۇنىيەت بويىچە ئېيتقاندا، جانلىقلار ئۆسۈپ - يېتىلىشتە ھەرقانداق بىر زۆرۈرىي ئامىلنىڭ ئەڭ كىچىك قىممىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. بۇ ھال ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىغىمۇ ماس كېلىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر پەلسەپىسىدە كائىناتنى ئوت، سۇ، ھاۋا، تۇپراقتىن ئىبارەت تۆت ئامىل تۈزۈپ تۇرىدۇ، دېيىلىدۇ. يۇقىرىدىكى بىئولوگىيىلىك قانۇنىيەت بويىچە بولغاندا، بۇ تۆت ئامىلنىڭ ھەربىرسى بىر كىچىك قىممەت بولىدۇ دېسەك، مەۋجۇتلۇق ئاشۇ ئامىللارنىڭ بىرسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىسا، باشقا ئۈچ ئامىل ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىپ قالالمايدۇ. يەنى ئۇلارنىڭ بىرسى بولمىسا باشقىلىرىنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، پەقەت مۇمكىن ئەمەسلا ئەمەس باشقىلىرىنىڭ بولۇشىنىڭ ئەھمىيىتى قالمايدۇ. دېمەك، جانلىقلارنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىشىدە زۆرۈر بولغان ئەڭ كىچىك قىممەتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراشلا كۇپايە، يەنى ئاشۇ ئەڭ كىچىك قىممەتنىڭ چەكلىمىسى جانلىقلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىۋېتەلەيدۇ.

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ يېمەكلىك مەسىلىسى ئوزۇقلۇق يىغىشقا تايىنىدىغانلاردىن مۇقىم بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئېگىلىكىمۇ بايلىق مەنبەسىنىڭ تۇراقسىزلىقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. شۇڭا دېھقان، چارۋىچىلارمۇ ماسلاشتۇرمىسا بولمايدۇ. مەسىلەن، ئۇگاندانىڭ شەرقىي شىمالىدا ياشايدىغان كىشىلەر يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە كالا باقىدۇ. چۈنكى بۇ يەردە قۇرغاقچىلىق كۆپ يۈز بېرىدىغان بولغاچقا، ھوسۇلغا تەسىر يېتىدۇ. بۇنداق چاغدا ئۇلار كالا پادىلىرىغا تايىنىپ ئاپەت مەزگىلىدىن ئۆتىدۇ. دېمەك، كالا ئۇلارنىڭ بىر خىل ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇز نۆۋىتىدە يېمەكلىك زاپىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار كالا بېقىشتىمۇ بۇ يەرنىڭ مۇقىمسىز تەبىئىي بايلىق مەنبەسىگە ماسلاشقان. ئۇلار پەسىل بويىچە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان سۇ مەنبەسى ۋە ئوتلاققا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئىككى يىلنى بىر دەۋر قىلىپ 500 كۋادرات ئىنگلىزمىلى دائىرىسىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ كالا باققان. ئۇلار مۇشۇنداق ماسلىشىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۆزگىرىشچان مۇھىتتا مەۋجۇتلۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان.

**3) باشقا ئىجتىمائىي گۇرۇھلار بىلەن ماسلىشىش**

تەبىئەتكە ماسلىشىش، ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەتكە ماسلىشىشىنىڭ بىر تەرىپى، شۇنداقلا قوشنىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشمۇ ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەتكە ماسلىشىشىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى. ھەرقانداق بىر جەمئىيەت يەككە - يېگانە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. ئۇلار ئەتراپىدىكىلەر بىلەن ياكى ئۇنداق ياكى مۇنداق مۇناسىۋەتلەردە بولىدۇ. دۇنياغا ماكرولۇق نەزەر بىلەن قارىغاندا پۈتكۈل يەر شارىنى ھەر

خىل ئىنسانلار گۇرۇھلىرى ئىگىلىگەن، ھەربىر گۇرۇھ مۇئەييەن ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرىنى ۋە يېمەكلىككە ئېرىشىش ئۇسۇللىرىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلايدۇ، گۇرۇھلار ئارا ھەر خىل شەكىلدىكى مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. باشقا ھايۋانلار توپىدىكى ئوخشاش تۈردىكى ھايۋانلار پەقەت بىرلا خىل ۋاستىنى قوللىنىپ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلايدۇ. لېكىن ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش ۋاستىلىرى كۆپ خىل بولىدۇ. ئوخشىمىغان رايونلاردىكى ئىنسانلارنىڭ ياراتقان مەدەنىيىتىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، ھالبۇكى، ھەربىر خىل مەدەنىيەت ئوخشىمىغان مۇھىت شارائىتىغا ماسلىشىپ ئاندىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. دېمەك، ئوخشىمىغان مەدەنىيەت ئوخشىمىغان مۇھىتنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇنى مەمۇرىي بۇيرۇق بىلەن ئۆزگەرتكىلى ياكى بىرلەشتۈرگىلى بولمايدۇ.

ئوخشىمىغان مۇھىتتىكى ئىنسانلار گۇرۇھى ياكى ئوخشاش مۇھىتتىكى ئوخشىمىغان رايوندىكى ئىنسانلار گۇرۇھى ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر - بىرىگە تايىنىشى مۇمكىن. يەنى سودا، ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆزئارا بار - يوقىنى تولۇقلىشىپ باشقىلارنىڭ مەدەنىيەت ئەۋزەللىكى بىلەن ئۆزىنىڭ ماسلىشىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشى مۇمكىن. مەسىلەن، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بىلەن چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى؛ چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى بىلەن قول ھۈنەر بۇيۇملىرىنى؛ ئاشلىق، كۆكتات بىلەن چارۋا - مالنى ئالماشتۇرىدۇ.

تىنچ بىللە تۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوخشاش مۇھىتتا ياشايدىغان ئوخشىمىغان گۇرۇھلار ئارىسىدا ئادەتتە رىقابەت شەكىللىنىدۇ. ئۇندىن باشقا، مەلۇم ئەھۋالدا بىر گۇرۇھ يەنە بىر چوڭراق ياكى تېخنىكا جەھەتتىن ئىلغار گۇرۇھ تەرىپىدىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ ياكى يۇتۇۋېلىنىدۇ. ئوخشاش مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدا بۇ خىل توقۇنۇش، ئادەتتە تراگېدىيىلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك بولغان بىر خىل يېڭى مەدەنىيەتنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

## 3. ماسلىشىشنىڭ نەتىجىسىگە بولغان مۆلچەر

ماسلىشىش ئۇسۇلى ھاياتلىق ياكى مەدەنىيەتكە نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم. بارلىق جانلىقلار مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش ئۈچۈن، مۇھىتقا ئۈزلۈكسىز ماسلىشىشى كېرەك. ھالبۇكى، ئىنسانلار تارىخ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزلىرى ياراتقان مەدەنىيەتنى ئوبيېكتىپ شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن ئۆزگەرتىدۇ. تەبىئەت تارىخىغا قارىساق، ئالەم بىنا بولغاندىن بۇيان مىليونلىغان ھايۋانلارنىڭ نەسلى قۇرۇدى. ئىنسانىيەت تارىخىدىن قارىغاندا، نۇرغۇن دەۋرلەر ئاخىرلاشتى. ھايۋانلار تۈرلىرىنىڭ نەسلى قۇرۇشى، شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ ئورگانىزمى ياكى پائالىيەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىۋاتقان تەبىئىي مۇھىتقا ماسلىشالمىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ خىل بولسىمۇ، لېكىن ئىنسانلارنىڭ ئۆزگىرىۋاتقان ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي ئوبيېكتىپ شارائىتقا ماسلىشالمىغانلىقى ياكى ماسلىشىش ئۇسۇلىنى خاتا تاللىغانلىقتىن بولغان. بۇمۇ ئېتىبارسىز قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم بىر سەۋەب. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ جەھەتتىكى قانۇنىيەتلەر ئۈستىدە ئىزدىنىش، ئوخشىمىغان ماسلىشىش ئۇسۇلىدىن پەيدا بولغان ئوخشىمىغان نەتىجىلەرنى مۆلچەرلەش، بەزى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى تېخىمۇ ياخشى بىر تەرەپ قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ماسلىشىشنىڭ ئاقىۋىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ماسلىشىش ۋە مەغلۇبىيەتلىك ماسلىشىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ.

جانلىقلار ئورگانىزمىنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتى ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەتكە ماسلىشىش قانۇنىيىتى بىلەن ئوخشىمايدۇ. لېكىن ئورگانىزملارنىڭ ماسلىشىشىدىكى بەزى ھادىسىلەردىن مەدەنىيەتكە ماسلىشىشتا پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

جانلىقلار ئورگانىزمى چەكلىك ۋاستە ئارقىلىقلا تەبىئەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىدۇ. ئۇلار بۇ خىل ئىمكانىيەتنىڭ كېيىنكى قېتىملىق ئۆزگىرىشتە قانداق ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىيەلمەيدۇ. ئومۇمەن ئالغاندا، ئەڭ ياخشى ماسلىشىش، ئەڭ تۆۋەن چەكتىكى بەدەل بىلەن ماسلىشىش، يەنى كەلگۈسىگە ماسلىشىش ئىقتىدارىنى ئەڭ يۇقىرى چەكتە ساقلاپ، ئەسلىدە بار بولغان جانلىقلىقنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدە

قۇربان بېرىش بىلەن ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت. شۇنداق قىلغاندا مۇۋەپپەقىيەتلىك ماسلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئەكسىچە بولسا مەغلۇپ بولىدۇ.

جانلىقلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتىنى مەدەنىيەتكە ماسلىشىشقىمۇ قوللىنىشقا بولىدۇ. قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلىشتىن كېلىپ چىققان مەغلۇبىيەتلىك ماسلىشىشنى مەملىكىتىمىزدە 1958 - يىلى خاتا ھالدا قوزغىتىلغان پولات تاۋلاش دولقۇنى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. خەلق ئىگىلىكى قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ئەينى ۋاقىتتا مەملىكىتىمىز ھەقىقەتەن زور مىقداردىكى پولاتقا ئېھتىياجلىق ئىدى. پولات ئىشلەپچىقىرىشنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش مۇنازىرە تەلەپ قىلمايتتى. بۇ خىل مەقسەتكە يېتىشتە ئىككى خىل يول بار ئىدى. ياكى ئىككى خىل ماسلىشىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا بولاتتى. بىرى، پولات ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئىشەنچلىك بولغان، ھەقىقەتەن ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئاساس ئۈستىگە قۇرۇپ، مۇقىم، تەدرىجىي ھەمدە باشقا ئىشلەپچىقىرىش تۈرلىرى بىلەن ماسلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇش. مۇنداق قىلغاندا، قارىماققا تەرەققىيات سۈرئىتى ئاستىدەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن كەلگۈسىدىكى مۇھىت ئۆزگىرىشىگە بولغان ماسلىشىش ئىقتىدارىنى ساقلاپ قالغىلى بولاتتى. يەنە بىرى، ئوبيېكتىپ شارائىتقا قارىماي، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتكە ئالدىراپ كېتىپ، ھېسسىياتقا تايىنىپ ئاقىۋەت بىلەن ھېسابلاشماي، كۆلچەكنى قۇرۇتۇپ بېلىق تۇتۇشتىن ئىبارەت يۈزەكى تەرەققىيات يولىنى تۇتۇش. بۇ كۆرۈنۈشتە داغدۇغىلىق بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ئىقتىسادنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىش ئىقتىدارىنى يوقىتىپ، مۆلچەرلىگۈسىز ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. 1958 - يىلى مەملىكىتىمىز كېيىنكى يولنى تاللىدى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئەينى ۋاقىتتا، ئىنتايىن ئىلمىي بولمىغان ئۇسۇل قوللىنىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئومۇمىي خەلق پولات تاۋلاش دولقۇنى قوزغىتىلدى. بۇ ھال بارلىق نورمال ئىشلەپچىقىرىشقا ئېغىر دەرىجىدە زەربە بېرىپ، ئىقتىسادنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ، بىرقاتار كرىزىسلارغا سەۋەب بولدى. بۇ ھەرىكەت ئاسان ھېس قىلغىلى بولىدىغان بىۋاسىتە ئاقىۋەتتىن باشقا، تەبىئەتنىڭ كۆپ خىل زەنجىرسىمان ئىنكاسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. مەسىلەن، يەرلىك ئۇسۇلدا پولات تاۋلاشتا دەل - دەرەخ يېقىلغۇ قىلىنغاچقا، مەملىكىتىمىز مىقياسىدىكى ئورمانلار بىر قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك مىسلىسىز ۋەيران قىلىندى. سانسىزلىغان دەرەخنىڭ كېسىپ كۆيدۈرۈلۈشى بەزى رايونلاردا كلىماتنى قۇرغاقلاشتۇرۇپ، تۇپراقنى چىرىتىپ، سۇ - تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشى، دەريا - ئېقىنلارنىڭ قۇرۇپ كېتىشى، يەرلەرنىڭ قۇملىشىشى قاتارلىق بىرقاتار ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ سانائەت، يېزا ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىشى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىتىپ، مۆلچەرلىگۈسىز يامان ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. قانۇنىيەتلىك ئىش قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن تەبىئەت جۇڭگولۇقلاردىن قاتتىق ئۆچ ئالدى! بۇ پاكىت كىشىلەرگە تەبىئەتنى ئۆزگەرتىشتە چوقۇم ئالدى بىلەن ئۇنىڭ قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىشنىڭ لازىملىقىنى چوڭقۇر تونۇتتى.

## 4. تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش، تەبىئەتكە ھۆرمەت قىلىش

ئىنسانلار بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن سەزگۈر، ئىنتايىن زىچ بىر خىل مۇناسىۋەت بولۇپ، زامانىۋى پەن - تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ، ئۇنىڭ تەبىئەتكە كۆرسىتىدىغان تەسىرى بارغانسېرى كەڭ ھەم چوڭقۇر بولۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، ئىنسانلار قوللىنىدىغان ھەرقانداق بىر ماسلىشىش تەدبىرى ئۈستىدە سالماقلىق بىلەن ئويلىنىش كېرەك. بىر تۈرلۈك خاتا ماسلىشىش تەدبىرىنىڭ تەسىرى پۈتۈن يەر شارىغا كېڭىيىپ، ئەۋلادلارغا زىيان يەتكۈزىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تەبىئەتتىن پايدىلىنىشنى، تېخىمۇ مۇھىمى تەبىئەتكە ھۆرمەت قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك.

### 1) ئېكولوگىيە ۋە پىلان

تارىختىن بۇيان ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتى تەبىئەتكە ئۈزلۈكسىز چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى. يېقىنقى يۈز يىلدىن بۇيان تېخنىكا كۈچىنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتكە بولغان زەربىسى ھەسسىلەپ ئاشتى. مۇنداق ئەھۋالدا، ئىنسانلار جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىدىغان پىلان تۈزگەندە، ئەگەر ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويمىسا، ماسلىشىشنىڭ ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلىمىسە، ئۇ

چاغدا بىر قاتار يامان ئاقىۋەتلىك زەنجىر سىمان ئىنكاسلار بارلىققا كېلىپ، قىلغان ئىشىمىزدىن ئارزۇغا ماس كەلمەيدىغان نەتىجە كېلىپ چىقىدۇ.

1960 ـ يىلى دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى كالىمانتاننىڭ بورنىئو شتاتىدا پاشا يوقىتىپ، بەزگەكنى تىزگىنلەش پىلانىنى يولغا قويغان. ئەينى ۋاقىتتا DDT پاشا يوقىتىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك دورىسى بولغاچقا، بۇ دورا زور مىقداردا چېچىلغان. ئەمما، نەتىجىدە ئويلىمىغان تىراگېدىيىلىك ئاقىۋەت كېلىپ چىققان. DDT نىڭ ئالاھىدىلىكى ئورگانىزملارنىڭ تېنىدە جۇغلىنىپ قېلىپ پارچىلانمايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن سۇۋەرەك DDT تەركىبى بولغان يېمەكلىكلەرنى يەپ، تېنىدە DDT نى توپلىغان. سۇۋەرەكنى كەسلەنچۈك يېگەندىن كېيىن DDT كەسلەنچۈك تېنىگە كۆچكەن، كەسلەنچۈكنى مۈشۈك يېگەن، نەتىجىدە مۈشۈك يوقالغان. مۈشۈكنىڭ يوقىلىشى بىلەن چاشقان، پىت، بۈرگە ۋە باشقا پارازىت قۇرۇتلار زور مىقداردا كۆپىيىپ، يېڭى بىر ئاپەت — يۇقۇملۇق كېسەل يامراپ كەتكەن. لېكىن ئىش بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمىگەن. DDT ھەر خىل قۇرۇتلارنى ئۇزۇقلۇق قىلىدىغان قۇشلار، يىلان قاتارلىقلارنىمۇ يوقىتىۋەتكەن. نەتىجىدە بۇ خىل قۇرۇتلار تېز كۆپىيىپ، ياغاچلارنى يەپ، شۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىنىڭ كۆپ مىقداردا ئۆرۈلۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان.

مۇنداق ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ سەۋەبى DDT شۇ يەرنىڭ ئېكولوگىيىلىك سىستېمىسىنىڭ كۆپ خىللىقىنى بۇزۇۋەتكەن. ھالبۇكى، كۆپ خىللىق ئېكولوگىيىلىك سىستېمىنى قوغداش شەرت ئىدى. شۇڭا، مەلۇم بىر ئىجتىمائىي مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن پىلان تۈزگەندە، شۇ خىل ئىجتىمائىي مەسىلە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئېكولوگىيىلىك سىستېمىنى ئويلاشمىغاندا، بەزىبىر يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. مەسىلەن، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئولتۇراق ئۆي مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئېگىز — ھەم قىستا ـ قىستاڭ بىنالارنى سېلىشقىلا ئەھمىيەت بېرىپ مۇھىت بۇلغىنىش، قاتناش، كۆكەرتىش، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، تەمىنلەش، تەنتەربىيە، ساغلاملىق، كۆڭۈل ئېچىش، بالىلار تەربىيىسى قاتارلىق مەسىلىلەرگە سەل قارالسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى نوقۇل ھالدىكى ئولتۇراق ئۆي قىس بولۇشتىنمۇ ئېغىر بولۇشى مۇمكىن.

مەملىكىتىمىزدە ئىلگىرى «ئادەم چوقۇم تەبىئەت ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ» دېگەن گەپنى خاتا چۈشىنىۋېلىپ، يۈكسەك ئۇيۇشقان بىر جەمئىيەتتە تەبىئىي مۇھىتقا ماسلىشىش مەسىلىسى مەۋجۇت بولمايدۇ، دەپ قارالدى. «ئادەم قانچە جاسارەتلىك بولغانسېرى زېمىندىن شۇنچە كۆپ ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش دەبدەبىلىك گەپلەرنى ئىلىم ـ پەننىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ، تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىگە خىلاپلىق قىلىندى. نەتىجىدە مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش تەدبىرلىرى ئەكسىچە ئىشلەپچىقىرىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىش بىلەن نەتىجىلەندى. يەرنى بەك چوڭقۇر ئاغدۇرۇۋەتسە تۇپراقنىڭ قۇرۇلمىسى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ. كۆللەرنى چۆرىدەپ ئېتىز بەرپا قىلغاندا، بىر رايوننىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى ۋەيران قىلىدۇ. تۈزلەڭلىكتە سۇ ئامبىرى قۇرغاندا ئەتراپتىكى كۆپ قىسىم يەرلەرنىڭ شورلىشىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ خىل ئاچچىق ساۋاقلار XX ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدىن 60 ـ يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا سانسىز قېتىملاپ يۈز بېرىپ، ئۇنىڭدىن چىققان زىيان مۆلچەرلىگۈسىز ئېغىر بولدى.

بۇنىڭدىن 100 يىل ئىلگىرى ئېنگېلس تەبىئەتنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىش ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ، مۇنداق دېگەن ئىدى: «... بىز تەبىئەت ئۈستىدىن غالىب كېلىشكە ھەددىدىن ئارتۇق مەھلىيا بولۇپ كەتمەسلىكىمىز كېرەك. تەبىئەت ئۈستىدىن قىلغان ھەر قېتىملىق غەلىبىمىز ئۈچۈن، تەبىئەت بىزدىن ئۆچ ئالدى. ھەربىر قېتىملىق غەلىبىمىزنىڭ بىرىنچى قەدەمدە بىز ئالدىن مۆلچەرلىگەن نەتىجىلەرگە ئېرىشتۇق. لېكىن ئىككىنچى، ئۈچىنچى قەدەمدە ئەھۋال تامامەن ئوخشىمىدى. ئىككىنچى، ئۈچىنچى قەدەم بىرىنچى قېتىملىق نەتىجىنى پۈتۈنلەي يوق قىلدى. مېسوپوتامىيە، گرېتسىيە، كىچىك ئاسىيا ۋە باشقا جايلاردىكى ئاھالىلەر تېرىلغۇ يەرگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ئورمانلارنى كېسىپ تۈگەتتى. لېكىن ئۇلار بۇ يەرلەرنىڭ كېيىن گىيا ئۈنمەيدىغان قاقاسلىققا ئايلىنىپ كېتىشىنى چۈشىدىمۇ خىيال قىلمىغان ئىدى. ئورمان يوقالغاندىن كېيىن، سۇ يىغىلىدىغان ۋە ساقلىنىدىغان مەركەزمۇ يوقالدى. ئالپس تاغلىرىدىكى ئىتالىيىلىكلەر شىمالىي تۆپىلىكتىكى قارىغاي ئورمانلىقىنى قوغدايدىغان جەنۇبىي تۆپىلىك ئورمانلىرىنى كېسىپ تۈگەتكەنتى. ئۇلار ئويلىمىغانكى، نەتىجىدە تاغلىق رايون چارۋىچىلىقىنىڭ

ئاساسىنى ۋەيران قىلغانىدى. تېخىمۇ يامان بولغىنى، ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشى بىر يىل ئىچىدە تاغدىكى نۇرغۇن بۇلاقلارنى قۇرىتىۋەتتى. يامغۇر پەسلىدە بولسا، دەھشەتلىك كەلكۈن تۇزلەڭلىكنى يۇتىۋەتتى… شۇنىڭ ئۈچۈن بىز شۇنى ھەر ۋاقىت ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەككى، ئىنسانلار … تەبىئەتتىن تاشقىرى ئادەم ئەمەس، ئەكسىچە ئىنسانلارنىڭ بارلىقى تەبىئەتكە مەنسۇپ بولۇپ، تەبىئەت قوينىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىشى باشقا بارلىق ھەيۋانلاردىن كۈچلۈك بولىدۇ. شۇڭا تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنى بىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشىمىز كېرەك…»③. ئېنگېلىسنىڭ بۇ گېپىنىڭ ۋاقتى ئۆتمەيلا قالماستىن بەلكى داۋاملىق ھالدا ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىدۇ.

قىلغان ئىشىمىزنىڭ ئارزۇيىمىزنىڭ ئەكسىچە نەتىجە بېرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش پىلانىنى تولىمۇ سالماقلىق بىلەن تۈزۈشىمىز، ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلىشىمىز لازىم. مەيلى ئىجابىي ياكى سەلبىي تەجرىبىلەر بولسۇن، ئۇ بىزگە تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش پىلانىنى تۈزگەندە، تۆۋەندىكى تۆت نۇقتىغا چوقۇم ئەھمىيەت بېرىشكە ئاگاھلاندۇرىدۇ:

بىرىنچى، پىلان ئابستراكت بولۇپ قالماسلىقى، شۇنداقلا بەك چوڭ بولۇپ كەتمەسلىكى لازىم. كىچىك - كىچىك پىلانلار توپلىشىپ چوڭ نىشان بولسۇنكى، ھەرگىزمۇ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان چوڭ پىلان تۈزۈلمەسلىكى كېرەك.

ئىككىنچى، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى ئۆز يېرىگە مۇۋاپىق ھالدا كۆپ خىل بولۇشى، شۇ ئارقىلىق تەبىئەت سىستېمىسىنىڭ كۆپ خىللىقىغا ماسلىشىش لازىم. مەسىلەن، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىدىغان ئوغۇت مەسىلىسىدە، نوقۇل ھالدا خىمىيىلىك ئوغۇتقىلا تايىنىشنى تەكىتلىگەندە، ئىشلىتىش مىقدارى بەك كۆپ بولۇپ كەتسە، يەرلەر ئازوت كىسلاتا تۇزى بىلەن بۇلغىنىپ، تۇپراق قېتىپ، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزۇشتەك ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا، خىمىيىلىك ئوغۇت ئىشلىتىش بىلەن بىرگە يەرلەر زىرائەتلەرنىڭ شاخ - شۇمبىلىرى بىلەن قوشۇپ ئاغدۇرۇلسا، مال - چارۋىلار قىغى، يېشىل ئوغۇت، ئوت - چۆپ ئوغۇتى قاتارلىق ئورگانىك ئوغۇتلار بىلەن قوشۇپ ئىشلىتىلسە ئۇنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

ئۈچىنچى، ھەربىر ئىجتىمائىي گۇرۇھ (كىچىككى بىر كەنت، بىر زاۋۇت، چوڭى بىر رايون ياكى بىر شەھەر)نىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلايدىغان بەزى ئىقتىدارلار بولىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىغا ئىلھام بېرىش، ئۆزىنىڭ مەسىلىسىنى ئۆزىنىڭ ھەل قىلىشىغا قويۇپ بېرىش، ھوقۇقنى ھەددىدىن زىيادە مەركەزلەشتۈرۈۋالماسلىق كېرەك. بولۇپمۇ، جۇڭگودەك مۇنداق چوڭ دۆلەتتە بىر تۈرلۈك بۇيرۇق بىلەن يەرلىكنىڭ بارلىق مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ.

تۆتىنچى، پىلان تۈزگەندە، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنى ئويلىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قوللانغان چارە - تەدبىرلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئېھتىمالى بولغان مەسىلىلەرنىمۇ ئويلىشىش، بولۇپمۇ مەلۇم ئۇزۇنراق ۋاقىتتىن كېيىن يۈز بېرىدىغان يېڭى مەسىلىلەرنىمۇ ئويلىشىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن بىر تۈرلۈك پىلان كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئېھتىمالى بولغان ئىجتىمائىي ئىنكاس ۋە تەبىئىي ئىنكاسلارغا تولۇق ئېتىبار بىلەن قاراش كېرەك.

2) تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشنىڭ ئۆلچىمى

ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا ئىقتىدارىغا تايىنىپ، تەبىئەتنى كونترول قىلىش كۈچىگە ھەددىدىن ئارتۇق ئىشىنىپ، تەبىئەتنى ئۆزلىرىنىڭ ئىختىيارىغا بويسۇندۇرماقچى بولۇپ كەلدى. ئەمەلىيەتتە، ئىنسانلار تەبىئەتنىڭ قانۇنىيەتلىرىدىن پايدىلىنالايدۇ. لېكىن تەبىئەتنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى يارىتالمايدۇ. ئىنسانلار تەبىئەتنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. لېكىن، تەبىئەتنى ئۆزگەرتىشتە تەبىئەتنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە بويسۇنۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىش كېرەك. بىز ئىنسانلارنىڭ يەر شارىدا ئوينايدىغان رولى ۋە ئۇنىڭ يەر شارىنىڭ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقىدىكى ئىگىلىگەن نىسبىتىنى سەگەكلىك بىلەن مۆلچەرلىشىمىز لازىم. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ئىنسانلار يەر شارىدىكى مىليونلىغان تۈرلەرنىڭ ئىچىدىكى بىر تۈر، ئىنسانلارمۇ باشقا جانلىقلارغا ئوخشاش يەر شارىنىڭ بىر ئەزاسى، شۇڭا ئۇمۇ ئوخشاشلا تەبىئەت تۈزۈلمىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ.

ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى تېخنىكىغا تايىنىدۇ. لېكىن تېخنىكا مۇۋاپىق ئىشلىتىلمىسە، يەنى ساغلام بولغان ئىجتىمائىي تەشكىلات ۋە توغرا بولغان ئىدىيىۋى

يېتەكچىلىك كەمچىل بولسا، تېخنىكىمۇ نۇرغۇن خەتەر ۋە يوشۇرۇن ئاپەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. نوپۇسنىڭ تېز سۈرئەتتە كۆپىيىشى، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى، بايلىق مەنبەسىنىڭ قۇرۇپ كېتىشى قاتارلىقلار ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا تەھدىت سالىدىغان ئامىللار بولۇپ، بۇ خەتەرلەر ئاساسلىقى تېخنىكىنى خاتا قوللىنىشتىن كېلىپ چىقىدۇ. ئىنسانلار كەشىپ قىلغان ماشىنىلار، خىمىيىلىك ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىلىرى، سۇغىرىش سىستېمىسى قاتارلىقلار ئارقىلىق بىز تەبىئەتتىن نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئىگە بولدۇق، ئۆزىمىزنى كۆپەيتتۇق. لېكىن بۇ مۇئەييەن چەكتىن ئېشىپ كەتسە، ئىنسانلارنى تەمىنلەيدىغان پۈتكۈل يەر شارى ئېكولوگىيىسىنىڭ مۇقىملىقىغا تەھدىت بولىدۇ.

تەبىئەت قانۇنىيىتىگە مۇئامىلە قىلىشتا، ئىنسانلار ئۇنىڭغا قوپاللىق بىلەن ياۋايىلارچە ھۇجۇم قىلماستىن، بەلكى كەمتەر ۋە ئېھتىياتچان پوزىتسىيىدە بولۇشى كېرەك. بىز ئەتراپىمىزدىكى مۇھىتنى بىزنى تەمىنلەيدىغان بارلىق بايلىق مەنبەسى دەپ بىلىپ، ئۇنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىشىمىز، بۇ تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسا تېزدىن ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. مانا بۇ «تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشنىڭ ئۆلچىمى» دۇر.

«تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشنىڭ ئۆلچىمى»گە ئاساسەن، بىز تەبىئەتكە بولغان ئىلگىرىكى يۈزەكى قاراشلىرىمىزنى ئۆزگەرتىپ، مەلۇم بىر تەدبىرنىڭ مۇھىتقا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئۈستىدە ئويلىنىشىمىز كېرەك. ئەگەر بىز تەبىئەتتىن ئالىدىغان نەرسىلەرنىڭ سانىنىلا قوغلىشىپ، ئۇنىڭ سۈپىتى — ھاۋا، سۇ، يېمەكلىك، تۇرالغۇ قاتارلىقلارنى نەزەردىن ساقىت قىلساق بولمايدۇ. بۇ ئۆلچەم ئىنسانلاردىن مەسىلىنى كەلگۈسى نۇقتىسىدىن ۋە سۈپەت جەھەتتىن ئويلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئازراق ئىسراپ قىلىپ، كۆپرەك ئايلاندۇرۇش، ئايرىم بايلىق مەنبەلىرىگە زىيادە تايىنىۋالماي، كۆپرەك ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش، ئازراق تۇغۇپ، يېمەكلىك، تۇرالغۇ ۋە تەلىم - تەربىيە شارائىتىنى كۆپرەك ياخشىلاش لازىملىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك سىستېمىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئۇزاق كەلگۈسى ئاقىۋەتنى تولۇق مۆلچەرلەپ بولغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بىخەتەر تەرەققىي قىلىش يولى — ئېكولوگىيىلىك سىستېمىغا ئىمكانقەدەر ئاز بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، كۆپرەك قوغداشتىن ئىبارەت. شۇنداق قىلغاندىلا، تەبىئەتنىڭ يېڭىدىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئېنگېلس مۇنداق دېگەن ئىدى: «ھازىرغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان بارلىق ئىشلەپچىقىرىش شەكىللىرى، پەقەت ئەمگەكنىڭ ئەڭ يېقىنقى، ئەڭ بىۋاسىتە ئۈنۈمىدىن ئىبارەت بولۇۋاتىدۇ. بۇلار پەقەت كېيىن بىلىنىدۇ. تەدرىجىي، تەكرار توپلىنىپ، ئاندىن يۈز بېرىدىغان ئاقىۋەتكە سەل قارىلىپ كېلىۋاتىدۇ»④. ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا يۈز بەرگەن سانسىزلىغان ئېچىنىشلىق ساۋاقلار بۇ ئۇلۇغ پەيلاسوپنىڭ تەلىمگە ئەھمىيەت بىلەن قارىشىمىزنىڭ تولىمۇ زۆرۈرلۈكىنى مۇنازىرىسىز ئىسپاتلاپ تۇرماقتا. دېمەك، ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ياشاش مۇھىتىنى قوغداپ، ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغاندىلا ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، تېخىمۇ پارلاق مەدەنىيەت دۇردانىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرەلەيدۇ.

**ئىزاھلار:**

① ماركس: «سىياسىي ئىقتىساد تەنقىدىگە مۇقەددىمە»، «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، I - توم، 1 - كىتاب، 138 - بەت.

②③④ ئېنگېلس: «دىيورىڭغا قارشى»، «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەلق نەشرىياتى، II - توم، 508 -، 517 -، 518 -، 519 - بەتلەر.

جاۋابكار مۇھەررىرى: مۇسا روزى

2007 - يىلى 3 - ئاي    شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)    28 - يىللىق 1 - سان
第28卷第1期    新疆大学学报(哲学社会科学维文版)    2007年3月

# «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى قىلىچقا ئائىت بايانلار ھەققىدە

ئابدۇقەييۇم مىجىت*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى جەڭ قورالى بولغان قىلىچقا ئائىت بايانلار ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ ۋە ئۇنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەربىي ئىشلىرىدىكى رولى مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ.

**摘要**:本文就《突厥语大词典》中有关维吾尔人传统的作战武器——战刀的记叙提出自己的观点,肯定了战刀在古代维吾尔人的军事活动中的作用。

**Abstract**: This article discusses the narration about saber, a kind of traditional war tools of Uighur and ensures its role in military cause of ancient Uighur.

ئىنسانلارنىڭ تۆمۈردىن پايدىلىنىشنى بىلىشى — ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىگىلىك شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشىگە غايەت زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇلارنىڭ تۆمۈردىن جەڭ قوراللىرىنى ياساپ، تەبىئەتتىكى يىرتقۇچ ھايۋانلار ۋە باشقا قەبىلە - قوۋملارنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇپ، ئۆزىنى قوغداش ياكى ھۇجۇم قىلىپ ئۆزىدە يوق بولغان نەرسىلەرگە ئېرىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇشنى ماددىي كاپالەتكە ئىگە قىلدى. بۇ ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ مەلۇم قوراللارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزىگە پايدىسىز مۇھىتنى ئۆزگەرتىش، مەلۇم قورالنىڭ كۈچى بىلەن ئۆزىنىڭ قوغدىنىش ئىقتىدارىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن ئەقلىي ئىزدەنگەنلىكىنىڭ روشەن ئىپادىسى. ھەربىي ئىلىمدە قورال - ياراغلار سوغۇق قوراللار، ئوت قوراللار ۋە زامانىۋى قوراللار دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ. قىلىچ بولسا ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ئەمگەك قوراللىرى بىلەن جەڭ قوراللىرى ئايرىلغاندىن كېيىن پەيدا بولغان سوغۇق قوراللار تۈرىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئوت قوراللار پەيدا بولۇشتىن بۇرۇن قىلىچنىڭ قانچىلىك مۇھىم رول ئوينىغانلىقى بىزگە نامەلۇم ئەمەس، قىلىچ — يېقىن ئارىلىقتا جەڭ قىلغاندا ھۇجۇم قىلىش ياكى قوغدىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان چاپقۇچى ۋە سانجىغۇچى قوراللارنىڭ بىرى بولۇپ، قوشۇن ئىشلەتكەن قىلىچ يېقىن ئارىلىقتىكى جەڭلەردە مۇھىم ھەل قىلغۇچ رول ئوينايتتى. قىلىچ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىدە ناھايىتى كەڭ ئىشلىتىلگەن، شۇنداقلا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان جەڭ قورالىدۇر. «ئۇيغۇرلار ئۆتۈكەن تاغلىرى ئەتراپلىرىدا ياشىغان مەزگىللەردىن باشلاپلا رودا تاشلاردىن تۆمۈر ئېرىتىپ، ئۇنى تاۋلاپ، قىلىچلارنى ياساپ جەڭدە ئىشلەتكەن. بۇ ئەنئەنە ئىدىقۇت ۋە قاراخانىيلار دەۋرىدىمۇ ئىزچىل داۋاملاشقان»①. ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلارغا ئاساسلانغاندا، ئەجدادلىرىمىز ياشىغان جايلاردىكى شەھەر خارابىلىرىدىن چىققان قورال تۈرلىرى ئاساسەن يېقىن ئارىلىقتا جەڭ قىلىش قوراللىرى بولۇپ، «قەلئەلەرنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى يېقىن ئارىلىقتىن ھۇجۇم قىلىش قوراللىرى، يەنى قىلىچ، نەيزە ۋە خەنجەرلەر بىلەن قوراللانغان»②. بىر يالماۋۇزنى ياكى دىۋىنى يېڭىپ ئۆزى دۇچ كەلگەن مۈشكۈلاتنى ئاسانلاشتۇرۇش شۇ قەھرىماننىڭ جاسارىتى ۋە قورقۇمسىزلىقىغا باغلىق بولغاندىن سىرت، ئۇنىڭ مىسران قىلىچىنىڭ خاسىيەتلىك ئىكەنلىكىگىمۇ باغلىق ئىدى. باتۇرلار قولىغا مىسران قىلىچىنى ئېلىپ، نەرە تارتقان پەيتلەر تالاي جەڭنامىلەرنىڭ كولمىناتسىيىسى بولاتتى. ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدا تەسۋىرلەنگەن ھېچبىر قەھرىمان قىلىچسىز تەسۋىرلەنگىنى يوق. مەسىلەن، ئوغۇز خاقاننىڭ قىئاتنى ئۆلتۈرۈشىدە،

• ئابدۇقەييۇم مىجىت: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى مىللەتشۇناسلىق كەسپىنىڭ 2004 - يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى. 830053

چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ مەختۇمسۇلانى قىيىنىغان يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ باشلىرىنى چېپىپ تاشلىشىدا ئۇلارنىڭ قىلىچى ئەڭ مۇھىم ۋە ئاساسلىق جەڭ قورالى بولغان. بىز «چىن تۆمۈر باتۇر» داستانىدا:

چىن تۆمۈر باتۇر ئۆيىدە بارمۇ؟
ئارغىماق ئېتى ئېغىلدا بارمۇ؟
مىسران قىلىچى قوزۇقتا بارمۇ؟
ئالغۇر بۈركۈتى ئورنىدا بارمۇ؟③

دېگەن بېيىتلارنى ئۇچرىتىمىز. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، قىلىچ ئاساسىي جەڭ قورالى بولغانلىقتىن قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئۆزىنىڭ قىلىچىنى ياتسا بېشىدا، ئولتۇرسا يېنىدا قويۇپ ناھايىتى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن. يازما يادىكارلىقلىرىمىزدىكى ئىككى بۈيۈك نامايەندە بولغان «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىمۇ قىلىچ ناھايىتى كۆپ جايدا تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، قىلىچ ھەققىدىكى بايانلارنىڭ كۆپلىكىدىن قىلىچنىڭ ئەينى ۋاقىتلاردا ناھايىتى كەڭ ئىشلىتىلگەنلىكى ۋە قىلىچنىڭ ئەڭ ئىلغار جەڭ قورالى ھېسابلانغانلىقىنى بىلەلەيمىز. مەسىلەن، «قۇتادغۇ بىلىك» تە:

{2418} ۋەزىرلىك بىرىدۇر، ئۇنىڭدا قەلەم،
قىلىچ تۇتتى، بىرسى، قولىدا ئەلەم.

{2425} قىلىچ بىرلە ئالدى، كۆر، ئەل ئالغۇچى،
قەلەم بىرلە تۇتۇر يۇرتنى تۇتقۇچى④.

دېيىلگەن بولۇپ، بۇ بایاندا «دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن، ئوڭ قولىدا قىلىچ، سول قولىدا قەلەم» بولۇشى كېرەكلىكىدەك ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قورال» بىلەن تەڭداش مەنىدە ئىشلەتكەن «قىلىچ» ھاكىمىيەتنى تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ ئۇل ئاساسى ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك ۋاسىتىسىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىمۇ قىلىچ ھەققىدە نۇرغۇن بايانلار بېرىلگەن بولۇپ، «دىۋان» دىكى بۇ بايانلار پەقەت بىر قىسىم سۆزلەرنى چۈشەندۈرۈش، ئىزاھلاش ئېھتىياجى بىلەن مىسال سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، بىزنى ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قىلىچنى ئىنتايىن مۇھىم بىر جەڭ قورالى سۈپىتىدە ئىشلەتكەنلىكى ھەققىدىكى قىممەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. «دىۋان» دىكى قىلىچ ھەققىدىكى بايانلار شۇ دەۋردىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قورال ـ ياراغ مەدەنىيىتى ۋە ئۇرۇش سەنئىتىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا قىلىچ سۆزى چۈشەندۈرۈلۈپ مۇنداق دېيىلگەن: «قىلىچ — ماقالىدە مۇنداق كەلگەن: قوش قىلىچ بىر قىنغا سىغماس» . بۇ ماقال ئىككى ئادەم بىر ئىشقا ئىنتىلگەندە ياكى ئىككى ئادەم بىر قىزنى ئالماقچى بولغاندا ئېيتىلىدۇ. خاقانىيە بەگلىرىگىمۇ مۇشۇ سۆز بىلەن ئات قويۇلىدۇ. مەسىلەن: «قىلىچ خان» دېگەندەك. بۇ «ئىش — ھەرىكەتتە قىلىچتەك ئۆتكۈر خاقان» دېگەن بولىدۇ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

باتۇر ئەرلەر (بىر ـ بىرىنى جەڭگە) چاقىرىشتى،
قىڭغىر كۆز بىلەن قاراشتى.
ھەممە قورال بىلەن توقۇنۇشتى،
قىلىچ قىنىغا تەستە سىغدى.

بىر جەڭنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېيىلىدۇ: باتۇرلار بىر ـ بىرىنى جەڭگە چاقىرىشتى، غەزەپلىك كۆزلەر بىلەن قاراشتى، ھەممە قوراللارنى ئىشقا سېلىپ جەڭ قىلدى، نۇرغۇن قان ئۇيۇپ قالغانلىقتىن قىلىچلار قىنىغا ئاران سىغدى»⑤. مەھمۇد قەشقەرى تىلغا ئالغان يۇقىرىقى ماقالدا قىلىچ ئەرلەرنىڭ «ئەرلىكى» گە، قىلىچنىڭ قىنى (يەنى غىلىپى) ئاياللارنىڭ «ئانىلىقى» غا سىمۋول قىلىنغان بولۇپ، ئىككى ئەر كىشىنىڭ بىر قىزنى ئېلىشقا تەڭ ھەرىكەتلىنىشى خۇددى ئىككى قىلىچنى بىر غىلاپقا سېلىشقا ئۇرۇنغاندەك ئىش بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. قىلىچ پەقەت بىر جەڭ قورالى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئىش ـ ھەرىكەتتىكى بىر خىل «ئىتتىكلىك، ئۆتكۈرلۈك ۋە كەسكىنلىك» كە سىمۋول قىلىنغانلىقتىن، «قىلىچ» سۆزى خاقانىيە بەگلىرىگە ئىسىم قىلىپ قوللىنىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، نۇرغۇن قان ئۇيۇپ قالغانلىقتىن قىلىچلار قىنىغا تەستە سىغقۇدەك قاتتىق جەڭلەرنىڭ بولغانلىقىغا قاراپ، بىز جەڭلەردە قىلىچنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان جەڭ قورالى ئىكەنلىكىنى قىياس قىلالايمىز.

«دىۋان» دا يەنە: «تۆمۈر» سۆزىنى چۈشەندۈرۈپ: «بۇ سۆز ‹كۆك تەمۈر كىرۇ تۇرماس› دېگەن ماقالدىمۇ

كەلگەن. بۇ ‹كۆك تۆمۈر بىكار تۇرمايدۇ. تەگكەن يېرىنى يارىلايدۇ.› دېگەن بولىدۇ. بۇنىڭ باشقا بىر مەنىسىمۇ بار. قىرغىز، ياباقۇ، قىپچاق ۋە باشقا خەلقلەر قەسەم ئىچكەندە ياكى ۋەدە قىلغاندا، قىلىچنى يالىڭاچلاپ، ئالدىغا كۆندىلەڭ قويىدۇ ـ دە ‹كۆك كىرسۇن، قىزىل چىقسۇن›، دەيدۇ. بۇ ‹ۋەدە بۇزۇلسا، قىلىچ قانغا بويالسۇن، تۆمۈر ئۆچ ئالسۇن›، دېگەن بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار تۆمۈرگە ھۆرمەت قىلىدۇ»[6] دەيدۇ. ئۇلار قەسەم ئارقىلىق بۈيۈك ئەھدىنى تۈزۈشكەندە، قىلىچنى يالىڭاچلاپ يەرگە سانجىپ قويۇپ، ‹ئىچكەن قەسەم، بەرگەن ئەھدىگە كىم ئەمەل قىلمىسا قىلىچ قانغا بويىلىدۇ›، غانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. قىلىچ قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر ئۈچۈن پەقەت بىر جەڭ قورالى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قەسەم قىلىشىپ ئىتتىپاق تۈزگەندە، ۋەدىلەشكەندە شاھىت سۈپىتىدە تىكلەپ قويىدىغان مۇقەددەس نەرسە ھېسابلانغان. بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇيغۇرلاردا، بىرەر كىچىك بالا ياكى توغۇتلۇق ئايال كىشى ئۆيدە يالغۇز قالسا ئۇنى قارا باسماسلىقى ئۈچۈن پىچاقتا ئايەت ئوقۇپ ھۈرۈپ، ئاندىن ياستۇقىنىڭ ئاستىغا قويۇپ ياتىدىغان ئادەت بار بولۇپ، بۇ تۆمۈرنى ۋە تىغلىق ئەسۋابلارنى ئۇلۇغلاشنىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى بىر ئىپادىسىدۇر.

قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ قوراللىرىنى بولۇپمۇ قىلىچلىرىنى ناھايىتى سىپتا، مۇستەھكەم ۋە چىڭ ياسىغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا خاتىرىلەنگەن قىلىچ ھەققىدىكى پارچە ـ پارچە بايانلارنى جىپسىلاشتۇرساق ناھايىتى پۇختا ياسالغان قىلىچلار كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ. «دىۋان»دا: «قىلىچ توقۇلدى — قىلىچ سوقۇلدى. پىچاق سوقۇلىسمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ»[7]. دېيىلگەن بولۇپ، قىلىچ سوقۇشنى «قىلىچ توقۇلدى» دەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. «دىۋان»دا يەنە: «قول — قىلىچ ۋە پىچاقنىڭ يۈزىگە ئويۇلغان نوكەش. بۇنىڭغا كۆپىنچە ئالتۇن بىلەن ھەل بېرىلىدۇ. بۇنى ‹قىلىچ قورالى، دەيدۇ›»[8] دەيدۇ، بۇنىڭدىن ئەينى دەۋرلەردە قىلىچنىڭ سېپىغا ئالتۇندىن ھەل بېرىلىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ، لېكىن جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قىلىچلىرىنىڭ ساپلىرىغا ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن بولۇشى ناتايىن. مەسىلەن، «دىۋان»دا «ساپلىق» دېگەن سۆز چۈشەندۈرۈلۈپ مۇنداق دېيىلگەن: «ساپلىق — ساپلىق، دەستىلىك. قىلىچ، پىچاقتا ئوخشايدىغان نەرسىلەرگە ساپ بولۇشقا يارايدىغان نەرسە. ھەرقانداق نەرسىنىڭ سېپى ‹ساپلىق، دېيىلىدۇ»[9] دېيىلگەن. «دىۋان»دا يەنە: «تۇغرۇ — قىلىچ، پىچاق ۋە خەنجەرگە ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ سېپىنى چىڭىتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا تىقىپ قويۇلىدىغان ئىنچىكە تۆمۈر زىخچە»[10] دېيىلگەن. بۇنىڭدىن بىز ئەينى ۋاقىتتا قىلىچ دەستىسىنىڭ (يەنى تۇتقۇچىنىڭ) «قول، ساپلىق» دېيىلىدىغانلىقىنى ۋە قىلىچنىڭ سېپىنى چىڭىتىش ئۈچۈن، «تۇغرۇ» دەپ ئاتىلىدىغان تۆمۈر زىخچىلارنىڭ ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى بىلىمىز. قىلىچ دەستىسىنىڭ ماتېرىيالى ھەققىدە: «سۈرقۇچ — سىر دەرىخىنىڭ يىلىمى. بۇ يىلىم قىلىچ ۋە خەنجەر دەستىلىرىنى چاپلاشقا ئىشلىتىلىدۇ»[11] دېيىلگەن بولۇپ، قىلىچنىڭ تۆمۈر دەستىسى ئىككى تال ياپىلاق ياغاچنىڭ ئوتتۇرىسىغا قىستۇرۇلۇپ، ئاندىن «سۈرقۇچ» دېيىلىدىغان سىر دەرىخىنىڭ يىلىمى بىلەن چاپلىنىدىغانلىقى ھەققىدىكى باياندىن بىز شۇ دەۋرلەردە مەخسۇس قىلىچ ياسايدىغان ئۇستىلارنىڭ بولغانلىقىنى قىياس قىلالايمىز.

«دىۋان»دا قىلىچنىڭ غىلىپى «قىن» دېيىلگەن بولۇپ، بۇ سۆز چۈشەندۈرۈلۈپ: «قىن — پىچاق ۋە قىلىچقا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ قىنى. قىلىچ قىنى»[12] دېيىلگەن. بۇ سۆز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىمۇ شۇ مەنە ۋە شۇ شەكىلدە ئىشلىتىلمەكتە. مەسىلەن، «قىلىچ ئۆز قىنىنى كەسمەس» دېگەن تەمسىل كەڭ ئىشلىتىلىدۇ. «دىۋان»دا: «قامچى — قامچا. قىلىچ قامچى — قىلىچلىق قامچا، ئىچىدە قىلىچى بار قامچا»[13] دېيىلگەن بولۇپ، بىز قاراخانىيلار دەۋرىدە ئىچىدە قىلىچى بار قامچىلارنىڭمۇ جەڭدە ئىشلىتىلگەنلىكىنى قىياس قىلالايمىز. «دىۋان»دا يەنە: «سۈۋرى — قىلىچ، نەيزە، مۇنار ۋە زىققا ئوخشاش ئۇچلۇق نەرسىلەر»[14]، «قاراقلىغ — كۆز قارىغى بار. كۆزى يوقىتەك جەڭگە كىرىدۇ. بۇ سۆز باتۇرلارنىڭ جەڭدە قارشىسىدىكى قىلىچ، نەيزىلەرگە پەرۋا قىلماي، بىر ـ بىرىگە ھۇجۇم قىلىشىغا تەمسىل قىلىنىدۇ»[15] دېيىلگەن. دېمەك، دۈشمەن قىلىچ بىلەن ھۇجۇم قىلغان ئىكەن، ئەسكەرلەرنىڭمۇ قىلىچ ئىشلىتىپ تاقابىل تۇرۇش زۆرۈرىيىتى بولىدۇ. بۇ باياندىن دۈشمەنلەرنىڭ قوراللىرى ئىچىدە قىلىچلارنىڭ بارلىقىنى بىلىمىز. «دىۋان»دا يەنە: «توتۇقتى — تاتلاشتى، داتلاشتى. قىلىچ توتۇقتى — قىلىچ داتلاشتى، قىلىچنى دات باستى»[16] دېيىلگەن. «قىلىچ قىنىدا ياتسا دات باسىدۇ، بىرلىك بۇزۇلسا يات» دېگەن ماقال بار بولۇپ، بۇنىڭدىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۆمۈر قوراللارنى ئىشلىتىپ تۇرمىسا ئۇنىڭ داتلىشىپ قالىدىغانلىقىدەك خۇسۇسىيىتىنى بىلگەنلىكىنى بىلەلەيمىز ھەمدە بۇ ماقالنىڭ ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچى ئاجىزلىشىپ، ئۆز ئىچىدىن ئىناقسىزلىق كۆرۈلسە يات دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ ئېيتىلغانلىقىنى تونۇپ يېتەلەيمىز.

قىلىچنىڭ ئىتتىكلىكىنى بىلدۈرۈش ھەققىدە «دىۋان»دا: «يىتىگ — ئىتتىك. ئىتتىك پىچاق. قىلىچ ۋە قىلىچقا ئوخشاش ئىتتىك نەرسىلەرگىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ»[17] دېيىلگەن بولۇپ، «يىتىگ» دېگەن سۆز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «يىتتىگ، ئىتتىگ، ئىشتىتىك» دېگەندەك شەكىللەردە ساقلانغان. «دىۋان»دىكى قىلىچ ھەققىدىكى بايانلارنىڭ مۇشۇنداق كۆپلىكى ۋە ئىنچىكىلىكىگە قاراپ، بىز شۇ دەۋرلەردە قىلىچنىڭ ناھايىتى كەڭ ئىشلىتىلگەنلىكىنى قىياس قىلالايمىز. «دىۋان»دا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان يەنە مۇنداق بىر بايانمۇ بار: «ئۆگە — تەجرىبىلىك؛ ئەقىللىق كادالڭ. ئاددىي خەلق ئىچىدىن چىققان قېرى ـ سال كىشىلەرگە بېرىلگەن، تېگىنىدىن بىر دەرىجە تۆۋەن ئاتاق. بۇ سۆز مۇنداق كېلىپ چىققان: زۇلقەرنەيىن چىنغا قاراپ ئىلگىرىلىگەندە، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن، تۈرك خاقانى ياشلاردىن تەركىب تاپقان بىر بۆلەك ئەسكەرنى ئەۋەتىدۇ. خاقانىنىڭ ۋەزىرى: ‹سىز

زۇلقەرنەيىنگە ياشلارنىلا ئەۋەتتىڭىز، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تەجرىبىلىك، ياشانغان ئۇرۇش ماھىرلىرىدىن بىرەر ئادەمنىڭ بولۇشى كېرەك ئىدى.» دېگەندە، خاقان ياشانغان ۋە تەجرىبىلىك مەنىسىدىكى «ئۈگە»، سۆزىنى قوللىنىپ، «ئۈگەنىمۇ؟» دېگەن. ۋەزىر «ھەئە»، دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن خاقان ياشانغان، سىنالغان بىر ئادەمنى ئەۋەتكەن. ئۇلار بۇ كېچىسى زۇلقەرنەيىننىڭ ئالدىنقى ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى يەڭگەن. بىر تۈرك ئەسكىرى زۇلقەرنەيىن ئەسكەرلىرىدىن بىرىنى قىلىچ بىلەنلا كىندىكىگىچە ئىككىگە بۆلىۋەتكەن. ئۆلتۈرۈلگەن ئەسكەر تىللا سېلىنغان ھەميانىنى بېلىگە ئېسىۋالغان ئىكەن، ئۇمۇ كېسىلىپ، تىللالار قانغا مىلىنىپ يەرگە تۆكۈلگەن. ئەتىسى ئەتىگەن تۈرك ئەسكەرلىرى قانغا مىلەنگەن تىللالارنى كۆرۈپ، بىر ـ بىرىدىن: «بۇ نېمە؟»، دەپ سوراشقاندا، ئۇلار: «ئالتۇن قان»، دېيىشكەن. شۇ جايدىكى چوڭ بىر تاغ مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان. ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىن بولغان بۇ تاغنىڭ ئەتراپىدا كۆچمەن تۈرك خەلقلىرى ياشايتتى. زۇلقەرنەيىن شۇ كېچىلىك ھۇجۇمدىن كېيىن تۈرك خاقانى بىلەن سۈلھ تۈزگەن»⑱. جەڭچىلەرنىڭ قىلىچ بىلەن بىر ئادەمنىڭ كىندىكىگىچە ئىككى پارچە قىلىۋەتكۈدەك دەرىجىدە قىلىچۋازلىقتا ماھىر بولۇشىدىن ئۇلارنىڭ جەڭ مەشىقىنىڭ ئاساسەن قىلىچۋازلىق بىلەن بولىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. بەزى ئالىملار «تۈز ۋە يېنىك قىلىچلارنىڭ ئالتايدا ياسىلىپ، ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا، ئالتاي دالىلىرىدا ۋە ئوب ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي رايونلىرىدا ناھايىتى كەڭ ئىشلىتىلگەن»⑲ لىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بىز يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرگەن «دىۋان»دىكى باياندا مەھمۇد قەشقەرى «ئالتۇن قان» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىن بولغان بىر تاغنىڭ (يەنى: ئالتاي تېغىنىڭ) ئەتراپىدا كۆچمەن تۈرك خەلقلىرىنىڭ ياشايدىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. دېمەك، بىز بۇ بايانلاردىن قورال ـ ياراغ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان ئالىملارنىڭ ئېيتقىنىدەك، قىلىچلارنىڭ ئالتاي دالىلىرىدا ياسالغانلىقى ۋە شۇ يەردە ياشايدىغان كۆچمەن تۈركىي خەلقلەر ھەمدە تۈركلەر بىلەن بىۋاسىتە قانداشلىقى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭمۇ ئۆزىنىڭ ھەربىي ئىشلىرىدا قىلىچلارنى ئىشلەتكەنلىكىنى جەزملەشتۈرەلەيمىز.

قىلىچ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەلىي جەڭگىۋار ھاياتىدا مۇھىم رول ئويناپلا قالماي، يەنە ئۇلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدىمۇ نۇرغۇن چوشەنچە ۋە ئىزنالارنى قالدۇرغان. مەسىلەن، ئۇيغۇرلاردا «بېشىغا قىلىچ تېگىپ چوش كۆرسە پادىشاھقا خەتەر يېتىدۇ»⑳ دەيدىغان چۈشەنچە بار. قىسقىسى، ئەينى دەۋرلەردە قىلىچ ناھايىتى كەڭ ئىشلىتىلگەن بىر جەڭ قورالى بولۇپ، ئۇرۇش ۋە جەڭ ھەققىدە گەپ بولۇنسىلا كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىغا قىلىچ كېلەتتى.

بۈگۈنكى كۈندە ھەربىي ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئوت قوراللار ۋە زامانىۋى قوراللارنىڭ كەڭ ئىشلىتىلىشى بىلەن قىلىچ ئۆزىنىڭ ئۇرۇش ۋە جەڭلەردىكى مۇھىم رولىنى يوقاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىدە قالدۇرغان ئىزنالىرى ھېلىھەم كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆز ئەجدادىمىز بولغان قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ جەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى، قورال ـ ياراغ مەدەنىيىتى ۋە ھەربىي ئىشلىرىنى چۈشىنىشىمىزدە قىلىچقا ئوخشاش جەڭ قوراللىرىنى ئىلمىي نۇقتىدىن تەتقىق قىلىش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ۋە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

## ئىزاھاتلار:

① ئىسمائىل تۆمۈرى: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 231 ـ بەت.

②⑳ يۇ. س. خۇدياكوۋ (رۇسچىدىن پەرھات جىلان تەرجىمە قىلغان): «مەركىزىي ئاسىيا كۆچمەنلىرىنىڭ قورال ـ ياراغلىرى ۋە ئۇرۇش سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى 11 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى، 252 ـ، 281 ـ، 282 ـ بەتلەر.

③ ئابدۇكېرىم رەھمان: «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى». (1 ـ توم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988ـ يىلى 1 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى، 28 ـ بەت.

④ يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 519 ـ بەت.

⑤⑥⑦⑧⑨⑩⑪⑫⑬⑭⑮⑯⑰⑱ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى 9 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، I ـ توم، 465 ـ، 466 ـ، 468 ـ، 469 ـ بەت، I ـ توم، 180 ـ بەت، II ـ توم، 185 ـ، I ـ توم، 614 ـ، 548 ـ، 549 ـ، 593 ـ، 442 ـ، 550 ـ، 647 ـ، I ـ توم، 161ـ، II ـ توم، 21 ـ، I ـ توم، 122 ـ، 123 ـ بەتلەر.

⑲ «چۈش تەبىرى»، 23 ـ بەت.

جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

2007 - يىلى 3 - ئاي    شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)    28 - يىللىق 1 - سان
第 28 卷第 1 期    新疆大学学报(哲学社会科学维文版)    2007 年 3 月

# ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدە ئىپادىلەنگەن تاش ئېتىقادچىلىقىنىڭ بۈگۈنكى ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزدىكى ئىپادىلىرى

ئادالەت ئىمىن*

قىسقىچە مەزمۇنى: مەزكۇر ماقالىدە، ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدە ئىپادىلەنگەن تاش ئېتىقادچىلىقى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان دېتاللارنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشىمىزدىكى ئىپادىلىرى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**摘要：**本文主要试谈在维吾尔族民间神话里表现出来的有关石头的信仰及其现实生活中的表现。

**Abstract:** This article brieflt discusses the expressions of stone warship appeared in the myth of Uighur folksand wares related to them in our life.

ئەپسانە — ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسىنى ۋە ئىجتىمائىي ھاياتنى بالىلارچە ساددا خىيالىي تەسەۋۋۇرلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئىلاھلارغا باغلاپ چۈشەندۈرىدىغان ئەڭ قەدىمىي ھېكايىلاردۇر. ئۇ ئىپتىدائىي جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ئاڭسىز بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ ئىنكاسى. شۇڭا تارىخچىلار «ئەپسانە ئۆز ۋاقتىدىكى تارىخنىڭ ھەقىقىي خاتىرىسى» دەپ قارىسا، ئىنسانشۇناسلار ئەپسانىنى «ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ ئىزنالىرى» دەپ چۈشەنگەن، جەمئىيەتشۇناسلار «ئەپسانە ئۆز ۋاقتىدىكى ئىپتىدائىي ئادەت ۋە دىنىي مۇراسىملار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك» دەپ يەكۈنلىگەن①. يۇقىرىقى قاراشلاردىن شۇنداق يەكۈن چىقىرىش مۇمكىنكى، ئەپسانىلەر بىلەن ئىپتىدائىي دىنلار ئۆزئارا بىرىكىپ كەتكەن بولۇپ، ئەپسانىلەر ماھىيەتتە تەڭرىلەر توغرىسىدىكى بەدىئىي توقۇلمىلاردۇر. ئىپتىدائىي دىنلار ئىپتىدائىي كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ئىستىخىيىلىك شەكىللەنگەن، مۇكەممەل بولمىغان، مەزمۇنى بىر قەدەر ئاددىي، كۆپ خۇدالىق دىنلاردۇر. بۇ دىنلارنىڭ ئىلاھلىرى تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئاي، كۈن، يۇلتۇز، چاقماق، شامال، بوران، تاغ، دەريا، دېڭىز ... دېگەندەك ئىپتىدائىي كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىكى سىرلىق، «ئىلاھىي» كۈچلەردىن ئىبارەت. ئىپتىدائىي دىنلاردىكى مانا مۇشۇ خىل مەزمۇن - چۈشەنچىلەر ھەرخىل دىنىي مۇراسىملار ئارقىلىق ئىپادىلەنسە، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئەپسانە، رىۋايەت، ئېپوسلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. قەدىمكى كىشىلەر ئىپتىدائىي دىن ۋە ئەپسانىلەرنى ياراتقاندا، ھەممىشە ئۆزلىرىگە بولغان پايدا - مەنپەئەتنى چىقىش قىلىپ، تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قۇتۇلۇپ، تەبىئەت دۇنياسىدىن كۆپرەك تۇرمۇش مەئىشەتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. ئەپسانىلەر دىنىي مۇراسىملار بىلەن بىرىكىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قويۇق.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئەپسانىلەر ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ھەققىدىكى ئىپتىدائىي ساددا دۇنيا قارىشى ۋە مېتودولوگىيىسىدۇر، شۇنداقلا ھاياتلىق كۆرەشلىرىدىكى مەنىۋى قورالىدۇر. ئەپسانىلەرنى مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن كۆزەتسەك، ئۇنى كېيىنكى

* ئادالەت ئىمىن: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى فولكلور كەسپىنىڭ ئاسپىرانتى. 830046

دەۋرلەردىكى مەدەنىيەت ۋە ئىلىم - پەن تەرەققىياتىنىڭ تۆرەلمىسى، دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ. مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئەپسانىلەر ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت پىسخىكىسى، ئېستېتىك قارىشى، ئۆرپ - ئادەت ۋە باشقا ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتلىرىگە ئىنتايىن زور تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. شۇڭا كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى بەزىبىر ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزنىڭ يىلتىزىنى چۈشىنىشتە ئەپسانىلەرگە مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۆزلىرى يولۇققان مەسىلىلەرگە ئىلمىي جاۋاب تاپالماي، ئانىمىزملىق ۋە توتېمىزملىق كۆز قاراشلىرىنىڭ تەسىرىدە ساددا تەسەۋۋۇر ئارقىلىق تەبىئەتتىكى بارلىق مەۋجۇداتلاردا «روھ بار» دەپ قاراپ، سىرلىق تەبىئەت كۈچلىرىنى ئىلاھلاشتۇرغان ھەمدە شۇ ئارقىلىق تەبىئەت ۋە ئىنسانىيەت ھادىسىلىرىنى چۈشەندۈرگەن. ئۇيغۇرلارمۇ ئىپتىدائىي دەۋرلەردە نۇرغۇن تەڭرىلەر ھەققىدىكى ئاجايىپ - غارايىپ ئەپسانىلەرنى ياراتقان. تاش ئېتىقادچىلىقىمۇ بىر خىل ئىپتىدائىي ئېتىقاد بولغانلىقتىن، ئۇيغۇر ئەپسانىلىرىدە خېلى كەڭرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ھەمدە ئۇنىڭ بىر قىسىم ئىزنالىرى خەلقىمىز تۇرمۇشىدا تا بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كەلگەن. بىز بۇ ماقالىمىزدە، تاش ئېتىقادچىلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بەزى بىر دېتاللار ۋە ئۇنىڭغا باغلىنىشلىق بولغان ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ يىلتىزى ئۈستىدە قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزىمىز.

تاش ئېتىقادچىلىقى ئىپتىدائىي دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن ئىپتىدائىي دىنىي چۈشەنچىلەرنىڭ بىرى بولۇپ «ھەممىدە روھ بار» دەيدىغان قاراشنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىشىدۇر. ئىپتىدائىي دىنلار ئىنسانلارنىڭ باشلانغۇچ دەۋرلەردىكى ساددا تەسەۋۋۇرىنىڭ مەھسۇلى بولغانلىقتىن، ئۇلار پۈتكۈل مەۋجۇداتلارغا روھ ئاتا قىلىپ، ئۇلارغا ئىلاھىي تۈس بەرگەن ھەمدە شۇ ئارقىلىق تەبىئەت كۈچلىرىدىن ئامانلىق تىلىگەن، شۇنىڭدەك ئۇلارغا يېلىنىپ، تېۋىنىپ، ئۇلاردىن ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنىڭ ئىجابەت بولۇشىنى، ئۆزلىرىگە بەخت - سائادەت ئاتا قىلىشىنى، ئاپەتلەردىن ساقلىشىنى، ئۆزلىرىگە كېرەكلىك زۆرۈر نەرسىلەرنى ئايىماسلىقىنى، مېھىر - شەپقەت ياغدۇرۇشىنى ئۆتۈنگەن ۋە بۇ تەڭرىلەرنىڭ ساخاۋىتىگە شەكسىز ئىشەنگەن. بۇ ئارقىلىق ماددىي دۇنيادىكى چەكلىمىلىكلەردىن قۇتۇلۇپ روھىيەت ئالىمىدە ئەركىنلىككە ئېرىشكەن. تاش ئېتىقادچىلىقى ئۆز نۆۋىتىدە باشلانغۇچ ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت قاراشلىرىنى ھەمدە ئىنسانلارنىڭ ئۆز جىسمى توغرىسىدىكى ساددا پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنى يېشىپ بەرگەن. بىز بۇنى تۆۋەندىكىلەردىن ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز:

(1) تاش ئېتىقادچىلىقى تاغ تەڭرىسىگە تېۋىنىشنىڭ باشقىچە شەكلىدە ئىپادىلىنىشىدۇر. يەنى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق شەيئىلەردە «روھ بار» دەيدىغان سادda تەپەككۇرىنىڭ تەسىرىدە تەبىئەت ھادىسىلىرى «ئادەملەشتۈرۈلۈپ» بىر قىسىم جانسىز جىسىملار سىرلىق تۈس ئېلىپ، ئاجايىپ - غارايىپ سېھرىي كۈچ - قۇدرەتكە، ئىلاھىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە تەڭرىلەر «يارىتىلغان». تاغ تەڭرىلىرىمۇ ئىپتىدائىي كىشىلەر تەرىپىدىن ئەنە شۇنداق «يارىتىلغان». بۇنىڭ نەق ئىپادىلىرى تاغ تاشلىرىغا بولغان تېۋىنىشتا ئەكس ئېتىدۇ. ئالايلۇق، «كۆچ» ئەپسانىسىدە مۇنداق بىر ۋەقەلىك سۆزلىنىدۇ. ئۇيغۇر خانلىق تەختىگە يېڭىلا ئولتۇرغان بىر خاقان چىنلار بىلەن بولغان داۋاملىق ئۇرۇشلارغا خاتىمە بېرىش ئۈچۈن، ئوغلى گالى تېكىنگە جىنلەن ئىسىملىك چىن خانىكەسىنى ئېلىپ بېرىشنى ئويلاپتۇ. چىن ئەلچىلىرى خانىكەنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە ئۇيغۇر ئېلىنىڭ بەخت - سائادىتى ۋە بىر پۈتۈنلۈكىنىڭ سىمۋولى بولغان مۇقەددەس تاشنى بېرىشنى سوراپتۇ. خاقان ماقۇل بوپتۇ. خاتۇن تېغىنىڭ سائادىتى بولغان بۇ تاش بەك چوڭ بولغاچقا، چىنلىقلار تاشنى پارچىلاپ، ھارۋىلارغا سېلىپ، چىنغا ئېلىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن يەتتە كۈن كېيىن تېكىن ئۆلۈپتۇ، ئۇيغۇر ئېلىنى پالاكەت بېسىپتۇ. ئۇيغۇر ئېلىدە پۈتۈن ھايۋانلارنىڭ، قۇشلارنىڭ ھەتتا بوۋاقلارنىڭ «كۆچ! كۆچ!» دېگەن ئاۋازى كەپتۇ. ئۇلار پەقەت بەشبالىق ئېلىگە كەلگەندىلا «كۆچ» دېگەن ئاۋاز توختاپتۇ②. بۇ ئەپسانىدە ئۇيغۇر ئېلىنىڭ بەخت - سائادىتى، پۈتۈنلۈكى مۇقەددەس تاش بىلەن باغلانغان. تاغلارنىڭ يۈكسەك ھەيۋىتى قەدىمكى دەۋرلەردە ئىككى خىل تونۇشنى پەيدا قىلغان. بىرى، تاغ تەڭرىلەر يولى، ئۇ ئىلاھىي كۈچكە ئىگە دەپ قاراش، يەنە بىرى، تاغلار ئىلاھىي روھلارنىڭ ماكانى دەپ قاراش. مانا مۇشۇ ئىككى خىل تونۇشتىن تاغلارغا تېۋىنىش ئادىتى كېلىپ چىققان③.

(2) تاش ئېتىقادچىلىقى جىنسقا تېۋىنىش بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن. ئۇيغۇرلارنىڭ «تاغدىن نېمە ئۈچۈن ئاۋاز چىقىدۇ» دېگەن ئەپسانىسىدە مۇنداق بىر ئىش سۆزلىنىدۇ. جاڭگالدا ياشايدىغان بىر جۈپ ئەر - خوتۇن ئۆزلىرىنىڭ بويىغا يېتىپ قالغان قىزى بىلەن ئوغلىنى بىر - بىرىگە چېتىپ قويماقچى بوپتۇ. قىز بۇنى بىلىپ قېلىپ، ئۆيدىن قېچىپ چىقىپ بىر تاغقا بېرىۋاپتۇ ۋە

بىر چوڭ تاشنىڭ يېنىغا كېلىپ: «يېرىلغىن تاش، يېرىلغىن ...» دەپ يىغلاپ يالۋۇرۇپتۇ، تاش يېرىلىپ قىزنى ئۆز قوينىغا ئاپتۇ. قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى كېلىپ ھەرقانچە يالۋۇرۇپمۇ قىزنى تاش ئىچىدىن چىقىرالماپتۇ. قىز ئۇلار نېمە دېسە، شۇنى دوراپتۇ. ھازىرمۇ شۇ قىز كىم تاغ ئارىسىدا توۋلىسا، شۇنى دوراپ توۋلايدىكەن. تاغدىن چىققان ئەكس سادا ئەنە شۇ قىزنىڭ ئاۋازىمىش①.

ئىنسانىيەتنىڭ گۆدەكلىك دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان ئەجدادلىرىمىز تاغدىن ئەكس سادا چىقىدىغانلىقىدىن ئىبارەت تەبىئەت ھادىسىسىنى تاغ تەڭرىسى بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرگەن. بۇ ئەپسانىدە تاشنىڭ ئىنساننى ئۆز قوينىغا ئېلىشى تاغ تەڭرىلىرىگە تېۋىنىشنىڭ ساقىندىسىدۇر. يەنى ئىنسانلار تۈرلۈك ئاپەت ۋە قىيىنچىلىقلارغا يولۇقۇپ، تەڭرىلەردىن مەدەت تىلەپ، يالۋۇرغاندا، تەڭرىلەرنىڭ ئىنسانلارنىڭ مۈشكۈلىنى ئاسان قىلىپ، ياردەم بېرىپ «قوغداش» تەك ئىلاھىي خىسلىتى ناھايىتى يوشۇرۇن ئىپادىلەنگەن. «شىمالىي جۇ خانلىقى تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە پۈت ـ قولى كېسىۋېتىلگەن بالىنى بىر ئۇرغاچى بۆرىنىڭ قۇتۇلدۇرۇپ تۇرپاننىڭ شىمالىدىكى بىر تاغقا ئېلىپ چىقىپ، بىر ئۆڭكۈردە بىللە ياشاپ ئون بالا تۇغقانلىقى ۋە بارا ـ بارا كۆپەيگەنلىكى يېزىلغان. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دا پادىشاھنىڭ قىزى كۆك بۆرە بىلەن بىرلىكتە بىر چوڭ ئۆڭكۈر ئىچىدە ياشاپ، ئىنتايىن بەختلىك ئۆتكەنلىكى ۋە بىر ئوغۇل تۇغقانلىقى، بۇ ئوغۇل تۈركلەرنىڭ ئەجدادى ئىكەنلىكى تەسۋىرلىنىدۇ⑤. «بۆكۆخان» رىۋايىتىدە بۆكۆخان ئىلاھىي قىز بىلەن «قۇد تاغ» دېگەن تاغنىڭ ئىچىدە تاڭ ئاتقۇچە مۇڭداشقانلىقى، شۇ تەرىقىدە ئالتە ئاي يىگىرمە ئىككى كۈندىن كېيىن، قىزنىڭ: «كۈن پېتىشتىن كۈن چىقىشقىچە پۈتۈن دۇنيا ساڭا بوي سۇنىدۇ، سەن بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ ئەلنى ياخشى باشقۇرغىن» دېگەن سۆزنى قىلىپ، كۆزدىن غايىپ بولغانلىقى سۆزلىنىدۇ⑥. بۈگۈنكى كۈندىمۇ، خەلقىمىز ئارىسىدا ئۆڭكۈرلەرنى ئۇلۇغلاش، ئۆڭكۈرلەرگە تاۋاپ قىلىش ئادىتىنى ئۇچرىتىشلى بولىدۇ. مەسىلەن: تىكەس ناھىيىسىدە بىر چوڭ ئۆڭكۈر ئىچىدىن توختىماستىن سىرتقا ئىسسىق ھور چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ يەردىكى كىشىلەر، بولۇپمۇ تۇغماس ئاياللار، ئىككى قات ۋە ياكى ئۇششاق بالىلىرى بار ئاياللار بۇ يەرگە كېلىپ ئىبادەت قىلىشىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇرۇن «قورشان» دېگەن بىر ئىلاھ بۇ يەردە ئۇخلىغانمىش، شۇڭلاشقا ئىچىدىن ئىسسىق ھاۋا چىقارمىش⑦.

«ئىلاھىي دەرەخ ئانا» ئەپسانىسىدە ئۇيغۇر ئەجدادىنىڭ دەرەختىن تۇغۇلغانلىقى بايان قىلىنسا، يەنە بىر قىسىم ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردە ئۇلارنىڭ تاغ ئۆڭكۈرلەردە ئاپىرىدە بولۇپ كۆپەيگەنلىكى ھەققىدە قىممەتلىك ئەپسانىۋى ئۇچۇرلار بار... بۇ خىل ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنى نۇرغۇن مىللەتلەر فولكلورىدىن ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا «ئىپتىدائىي ئىنسانلار قىيا تاشلاردا روھ بار دەپ ئىشەنگەن. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تاشلارغا ئېتىقاد قىلغانلىقى توغرىسىدا ئىسپاتلار تېپىلدى. ئۇلار بۈيۈك تاشلارنى ئېتىقاد ئوبيېكتى قىلىپ، ھەر خىل مۇراسىملارنى ئۆتكۈزگەن. ئۇلار يوغان تاشلار بارلىق مەۋجۇداتلارنى ئاپىرىدە قىلالايدۇ دەپ قارىغان»⑧. بۇنىڭدىن باشقا يەنە «چوڭ تاشلار كۆپىيىش ئىقتىدارىغا ئىگە دەپ قارالغان، نۇرغۇن مىللەتلەردە پەرزەنت يۈزى كۆرەلمىگەن ئاياللار چوڭ تاشلارغا تاۋاپ قىلىدۇ، يەنى تاش تۇغمىشلىرىغا چوقۇنىدۇ»⑨. مەسىلەن: ياپونلار تاشقا چوقۇنۇشنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئىشىگامى (Ishigami) دەپ ئاتايدۇ. ئىشىگامى — تاش تەڭرىسى دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇ نوقۇل بىرەر تەڭرىنى كۆرسەتمەستىن، بەلكى ئاشۇ تاشلارنىڭ شەكلىگە قاراپ ئاتالغان ئورۇندۇقتاش تەڭرىسى، قىيا تاش تەڭرىسى دېگەندەكلەرنى كۆرسىتىدۇ. ياپونىيىدە كىشىلەر مۇنداق بىر نەرسىگە ئىشىنىدۇ: تەڭرىلەر كۆكتىن چۈشكەندە، قىيا تاشلار ئۈستىگە قونارمىش، يىراقتىن كەلگەن بۇ تەڭرىلەر كىشىلىك ئالەمدىن ئۆتكەندىمۇ قىيا تاشلار ئۈستىدە ئارام ئالارمىش. ئۇلار يەنە روھنىڭ شەكلى يۇمىلاق ھەم كىچىك بولىدۇ، دەپ تونىغان، شۇڭلاشقا يۇمىلاق كىچىك تاشلاردا روھ بار دەپ شەكسىز ئىشەنگەن. روھ يېتىلسە، قىيا تاشمۇ چوقۇم چوڭلايدۇ، روھلار كۆپەيسە، قىيا تاشلارمۇ چوقۇم كۆپىيىدۇ دەپ قارىغانلىقتىن «تۇغار تاش»، «چوڭىيار تاش» دېگەندەك رىۋايەتلەر پەيدا بولغان⑩. ئۇنىڭدىن باشقا، گرېتسىيىدە ئاممىۋى سورۇنلارغا قويۇلۇپ ياكى تۇمار ئورنىدا ساقلىنىپ ئۇلۇغلىنىدىغان تاشلار بار بولۇپ، بېتىلۇس (Baetylus) دەپ ئاتىلىدۇ. بېتىلۇس — مۇقەددەس تاش دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ خىل تاشلارنىڭ كۆپىنچىلىرى مېتېئورىتلاردۇر. بۇلارنىڭ ئىچىدە دېلفى ئاپوللو ئىبادەتخانىسى ئەتراپىدىكى بىر مۇقەددەس تاش ھەممىدىن داڭلىق بولۇپ، بۇ تاشقا ھەر كۈنى زەيتۇن مېيى سۈرۈلۈپ زىننەتلىنىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، كولونوس بۇ تاشنى رېئوس دەپ بىلىپ يۇتىۋەتكەنمىش، كېيىن باشقا بالىلىرى بىلەن قوشۇپ بىرلىكتە قۇسۇپ چىقىرىۋەتكەنمىش⑪. خەلقىمىز ئارىسىدىكى بالىلارغا مونچاق ئېسىپ قويۇش ئادىتىمۇ تاش

ئېتىقادچىلىقى بىلەن جىنسقا تېۋىنىشنىڭ بىرىكىپ كەتكەنلىكىنىڭ يەنە بىر مىسالى. چۈنكى، تاش ئۆڭكۈرلەر ئانا ـ بالىلارنى قوغدىغۇچى تەڭرىلەرنىڭ سىمۋولى بولۇپ، ئۇلارغا پەرزەنت ئاتا قىلىش بىلەن بىرلىكتە ئانا ـ بالىلارنى يامان روھلارنىڭ زەربىسىدىن ساقلايدۇ دەپ قارالغان. مونچاق بىر خىل تاش بولۇپ، بالىلارنىڭ بوينىغا ياكى قولىغا ئېسىپ قويۇش ئارقىلىق پەرزەنتلەرنىڭ ئامانلىقى تىلەنگەن. بالىلارغا مونچاق تاش ئېسىپ قويغاندا، ئەگەر بالىغا تىل تېگىپ قالغۇدەك بولسا، ئاۋۋال تاش يېرىلىپ كېتىدۇ ـ دە، بالا ئامان قالىدۇ دەپ قارالغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇرلارنىڭ قىزلارنى كۆك مونچاققا ئوخشىتىشىمۇ يۇقىرىقى قاراشلىرىمىزنى دەلىللەپ بېرىدىغان پاكىتلارنىڭ بىرى بولسا كېرەك.

(3) تاش ئېتىقادچىلىقىنىڭ شەكىللىنىشىدە تاشتىن ئوت چىقىرىشتەك «سىر» مۇھىم رول ئوينىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق بىر ئەپسانىنى تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ. قەدىمكى ئىنسانلار تەبىئىي مېۋىلەر ۋە ئوت ـ چۆپ يىلتىزلىرىنى ئوزۇقلۇق قىلىپ ياشىغانلىقى ئۈچۈن، ئوتقا ئېھتىياجى چۈشمىگەن. تەڭرى ئۇلارغا ئەت (گۆش) يېيىشنى بۇيرىغاندىن كېيىن، ئوتقا ئېھتىياجى چۈشۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاسمان تەڭرىسى ئۆلگىن كوكتىن بىرى قارا، بىرى ئاق ئىككى تاش ئەۋەتىپتۇ. بۇ تاشلار يەرگە چۈشۈشى بىلەن بىر ـ بىرىگە سۈركىلىپ ئوت ئاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار ئوتنى بايقاپ، گۆشنى ئوتتا پىشۇرۇپ يېيىشكە ئادەتلىنىپتۇ ھەمدە ئۇلار بۇ ئوتنى «ئۆلگىن ئاتىمىزنىڭ قۇدرىتى» دەپ بىلىپ، چاقماق تېشىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بوپتۇ⑫. بۇ ئەپسانىدىن قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا تاش ئېتىقادچىلىقىنىڭ خېلى كەڭ تارقالغانلىقىنى، شۇنىڭدەك تاشقا چوقۇنۇشنىڭ تاشتىن ئوت چىقىرىش بىلەن باغلىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

تاش قوراللار دەۋرىدە ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئۇۋچىلىق ئىشلىرىدا تاش قوراللاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە قەبىلىلەر ئارا ئۇرۇشلاردىمۇ، تاش قوراللار مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇلار غەلىبە شادلىقلىرىنى قوللىرىدىكى تاشلارغا بېغىشلاپ، تاشلارنى ئەزىزلىگەن ھەم ئۇلارغا چوقۇنغان. تاكى Ⅸ، X ئەسىرلەردىمۇ تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ئارىسىدا تۈرلۈك سىرلىق تاشلارنىڭ بارلىقى ھەققىدە تارىخىي ئۇچۇرلار بار. X ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىياغا ساياھەتكە كەلگەن ئىبىن فەزلان مۇنداق يازمىلارنى قالدۇرغان: «قارلۇقلارنىڭ يۇرتىدا مۇقەددەس



بىلىدىغان، ماجرالارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ۋە قۇربانلىق بوغۇزلايدىغان بىر تاش بار ئىكەن، بۇ تاش يېشىل بولىدىكەن»، «ئوغۇزلارنىڭ يۇرتىدا قورساق سانجىقى (تولغاق) غا پايدا قىلىدىغان بىر تاش بار ئىكەن. بۇنىڭدىن باشقا، قىلىچنىڭ يۈزىگە سۈركىسە ئۇنى ھېچ نەرسىگە ئۆتمەيدىغان قىلىپ قويىدىغان بىر تاشمۇ بار ئىكەن»⑬.

(4) ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىزدىكى تاش ئېتىقادچىلىقىغا ئائىت ساقلانمىلار. ئۇيغۇر خەلق رىۋايەت، چۆچەكلىرىدە ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاينىڭ قىيىن ئەھۋالدا قالغان ئاق كۆڭۈل باتۇر ئەزىمەتلەرگە بىر تال تاشنى بېرىپ، مۇشكۇلىنى ئاسان قىلغانلىقىدەك ۋەقەلىكلەرنى ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن: «بۆكۆخان رىۋايىتى»دە مۇنداق بىر ۋەقەلىك سۆزلىنىدۇ: بۆكۆخان چۈشىدە ئاپئاق چاپان كىيگەن، ئاق ھاسا تۇتقان بىر بوۋاينى كۆرىدۇ. ئۇ بوۋاي بۆكۆخانغا بىر پارچە قاشتېشىنى بېرىپ «سەن مۇشۇ تاشنى مەڭگۈ ساقلىيالىساڭ پۈتۈن جاھان ساڭا باش ئېگىدۇ» دەپ كۆزدىن غايىپ بولىدۇ. گەرچە بۇ تاشلار تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئادەتتىكى تاش پارچىلىرى بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ بەزىبىر «سىرلىق» ئۆزگىچىلىكلىرى ئىلاھىي قۇدرەتكە ئىگە، دەپ قارىلىپ «تەڭرى» لەشتۈرۈلگەن.

قەدىمكى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا سېھىرلەشنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بولغان. بۇ ھەقتە «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بەزى ئۇچۇرلار قالدۇرۇلغان. مەسىلەن، «قۇلباق» تۈركلەردىن بىر ئەۋلىيانىڭ ئىسمى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ قارا تاشقا «تەڭرى قۇلى قۇلباق» (tònri ķuli ķulbķ) دەپ يازسا، ئاق بولۇپ چىقىدىكەن، ئاق تاشقا يازسا، قارا بولۇپ چىقىدىكەن. ئۇنىڭ ئىزلىرى ھازىرغىچە بار ئىكەن⑭. كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا كۆك ئىنەك سۈتى دورا بولۇپ قالغان بىمارلار كۆك ئىنەك سۈتىنى ئىچكەندە بىر تال ياكى يەتتە تال كىچىك تاشنى پاكىز يۇيۇۋېتىپ ئاندىن ئۇنى ئىسسىق ئوتتا قىزدۇرۇپ ئاندىن سۈتكە سېلىپ ئىچسە كېسىلى تېز شىپا تاپىدۇ، دەپ قارايدىغان ئادەت بار، يەنە شۇنىڭدەك، ئۇن ساندۇقلىرىغا تاش پارچىسى سېلىپ قويسا، ئۇنغا مىتە چۈشمەيدۇ، بەرىكەتلىك بولىدۇ، دەپ ئىشىنىدىغان ئادەتلەرمۇ بار. توي قىلغان قىز ـ يىگىتلەرگە چوڭلار دائىم: «بېشىڭلار باش، ئايىغىڭلار تاش بولسۇن» دەپ ئۇلارغا بەخت تىلەيدۇ. ئۇندىن باشقا خەلقىمىز ئارىسىدا چۈشىدە تاغ كۆرسە، بەخت ـ سائادەت، ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى دەپ قارايدىغان يەنە تاشلارغا قاراپ چوڭ ـ كىچىك تاھارەت قىلسا، يامان بولىدۇ، دەيدىغان پەرھىز ئادەتلىرىمۇ بار.

يامغۇر تىلەش ئادىتى خەلق ئارىسىدا بىر قەدەر كەڭرەك ئومۇملاشقان، تارىخىي يىلتىزى يىراق قەدىمكى زامانغا تۇتۇشىدىغان، مۇراسىم تۈسىنى ئالغان ئادەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، يادا ياش سېھىرگەرلىكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەھمۇد قەشقەرى «يادا» سۆزىنى مۇنداق ئىزاھلىغان: «يادا. بۇ بىر خىل سېھىرگەرلىك بولۇپ، يامغۇر، شامال ۋە باشقىلارنى تىلەش ئۈچۈن مەخسۇس تاشلار ياردىمى بىلەن سېھىر قىلىنىدۇ. بۇ ئادەت تۈركلەرنىڭ ئارىسىدا كەڭ تارقالغان، مەن بۇنى ياغمىلاردا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.

ئۇ يەردە بىر يانغىن بولغاندا يانغىننى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق قىلىنغانىدى، خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن يازدا قار ياغدى، كۆز ئالدىمدا ئوت ئۆچۈرۈلدى»[15]. ئاسمان جىسىملىرىنىڭ روھىغا تەسىر يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان ئەپسۇنلارنىڭ بىرى «يادا تاش» ئەپسۇنى بولۇپ، «يادا تاش» سېھرى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىغا ناھايىتى كەڭ تارقالغان. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، «يادا تاش» ئەپسۇنى ئاساسىدا ئەل - يۇرت بويىچە «زارا خەتمە» نامى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان يامغۇر تىلەش ئادىتى بار بولۇپ، بۇ ئادەتكە كۆپ قاتلاملىق مەدەنىيەت ئامىللىرى سىڭىپ كەتكەن، يەنى شامان دىنى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن. بۇ ئادەت بەزى رايونلاردا ھېلىھەم ساقلانماقتا. مەسىلەن: قومۇلنىڭ ئارىتام دېگەن يېرىدە «ئاسماندىن چۈشكەن خاسىيەتلىك تاش» دەپ قارىلىدىغان تاش بار. بۇ تاشنىڭ كەڭلىكى تۆت مېتىرچە، ئۇزۇنلۇقى ئون مېتىرچە، ئېگىزلىكى يەتتە مېتىرچە كېلىدۇ (رەسىمگە قاراڭ).



«ئاسماندىن چۈشكەن خاسىيەتلىك تاش» ئالدىدا شۇ يەرلىك ماموتئاخۇن ئاتا بۇ تاش توغرىسىدا سۆزلەپ بەرمەكتە.

يەرلىك كىشىلەر بۇ «خاسىيەتلىك» بۈيۈك تاشنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ، يامغۇر تىلەيدىغان ئادەت بار. ئارىتام قۇمۇل شەھرىدىن قىرىق كىلومېتىرچە يىراقلىقتىكى تاغ ئېتىكىگە جايلاشقان، نەچچە مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئاسمان بىلەن بوي تالاشقان قارلىق چوققىلاردىن ئېقىپ چۈشكەن سۇ بىلەن يېشىلداپ تۇرىدىغان قەدىمىي يۇرت بولۇپ، بۇ خاسىيەتلىك تاش دەل مۇشۇ سۇلار ئېقىپ چۈشكەن غول ئېغىزىدا.

مۇشۇ سۇدىن مەنپەئەتلىنىدىغان ئارىتام، تاشار كەنتلىرى ۋە ساقا دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى كىشىلەر يىلدا بىر قېتىم دېگۇدەك مۇشۇ جايغا يىغىلىپ «قۇرئان» تىلاۋەت قىلىپ يامغۇر تىلەيدۇ. يوغان داش قازانلارنى ئېسىپ قوي، كالا سويۇپ، ياغىش قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، يامغۇر تىلىگەندىن كېيىنلا، يامغۇر يېغىپ تاغ سۈيى ئۇلغىيىدىكەن. يەرلىك خەلق بۇ مۇراسىمنىڭ خاسىيىتىگە چەكسىز ئىشىنىدىكەن، ھەتتا شۇ يەرلىك خەنزۇلارمۇ: «بىز قوي - كالا بەرسەك، سىلەر يادا تىلەڭلار» دەيدىكەن[16]. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، بۇ يەردىكى كىشىلەر «يادا» سۆزىنى «قار، يامغۇر» دېگەن مەنىدە قوللىنىدىكەن. مەسىلەن، «يادا ياغدى» دېگەندەك.

ئىلىم - پەن تەرەققىي قىلىپ، نۇرغۇن تەبىئەت

سىرلىرى ئېچىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، تاشقا چوقۇنۇش بىلەن باغلىنىشلىق بولغان ئادەتلەرنىڭ يەنىلا ساقلىنىپ تۇرۇشى، تاش ئېتىقادچىلىقىدىن ئىبارەت تەبىئەتكە تېۋىنىشنىڭ خەلقىمىز ئېڭىدىكى يىلتىزىنىڭ خېلىلا چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، جۇغراپىيىلىك مۇھىتنىڭ كىشىلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنىڭ ئىنتايىن چوڭ ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ. ئارىتام، تاشار كەنتلىرى بىرقەدەر چەترەك تاغلىق كەنتلەر بولۇپ، ئۇ يەردىكى كىشىلەر ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان قاتناش قولايسىز بولۇش سەۋەبىدىن بېكىك ياشاپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارىتام، تاشار كەنتلىرى ۋە ساقا دېھقانچىلىق مەيدانى قاتارلىق جايلاردىكى كىشىلەر تاغدىن ئېقىپ چۈشكەن سۇ بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بارىدۇ. ھۆل - يېغىن كۆپ بولغاندا، ئۇلار دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا مول - ھوسۇل ئالالايدۇ، شۇنىڭدەك مال - چارۋىلىرىغىمۇ يېتەرلىك ئوت - چۆپ بار بولىدۇ، ھۆل - يېغىن ئاز بولۇپ قالغان چاغلاردا بولسا، تۇرمۇشى غورىبەتچىلىكتە ئۆتىدۇ. تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ئىلمىي چۈشەندۈرۈش مۇمكىن بولمىغان شارائىتتا، تەبىئەتكە بېقىنىپ ياشاۋاتقان بۇ كىشىلەرنىڭ ئۆز ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى ئىلاھىي كۈچلەرگە باغلىشى تەبىئىي.

خۇلاسە قىلغاندا، ئەپسانىلەردە ئىپادىلەنگەن تاش ئېتىقادچىلىقىدىن ئىبارەت ئىپتىدائىي ئېتىقاد بىلەن باغلىنىدىغان بۇ خىل ئادەتلەر خەلقىمىزنىڭ ئۆرپ - ئادىتىدىكى كۆپ قاتلاملىق، كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت قاراشلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشىمىزگە پايدىلىق.

## ئىزاھلار

① ئوسمان ئىسمايىل: «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 - يىلى نەشرى، 149 - بەت.

②④ ئابدۇكېرىم رەھمان: «يىپەك يولىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر»، شىنجاڭ خەالق نەشرىياتى، 1985 - يىلى نەشرى، 101 -، 124 - بەتلەر.

③⑫⑭ ئابدۇكېرىم رەھمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989 - يىل نەشرى، 455 -، 458 -، 487 - بەتلەر.

⑤⑥⑦ قەلبىنۇر مۇھەممەت: «تاش ئۆڭكۈر ئېتىقادچىلىقى»، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ، 95 - يىللىق 2 - سانى.

⑧ C. M. Edsman Stones, The Encyclpedia of Religion, ed. M. Eliade. New York. London 1986. U. 14 Page 49 —53.

⑨ 李锦山“吏前石崇拜初论”101 页。

⑩⑪ “世界神话大辞典”辽宁人民出版社。1989 年版。137—138 页

⑬ ئىبنى فەزلان (ئىران): «ئىبنى فەزلان ساياھەتنامىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىلى نەشرى، 64 -، 67 - بەتلەر.

⑮ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، Ⅲ - توم، 1 -، 2 - بەتلەر.

⑯ قۇمۇل ئارىتامدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ھەم شۇ يەردە ئولتۇرۇشلۇق ھامۇتئاخۇن ئاكا بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبەتتىن.

# Journal of Xinjiang University

**(Philosophy And Social Sciences, Uygur Edition)**

№. 1. 2007 (**Total**: 109)


## Contents


On the reform and improvement in the vote system of deputy to the NPC ············ *Abdukerim Yusup*

On the process of western development and national culture ························ *Abdurishit Jelil Karluk*

On <<The weak>> in our society and helpful policy to them ························ *Abduwali Yimit*

A research on " Kashgar Printings" ························································ *Asad Sulayman*

On the orthographical problems of the names of works in the research of Uighur history and in its literary hand—copy ·································································· *Ablimit Ahat Bogu*

On the skill of describing prosaic works in <<Tarim>> from 1979—1986 ······ *Muhammad Hoshur*

On the four great images in the culture of Tajick ············································ *Sherin Kurban*

On the time background and main ideological trend created by the poet Halabat ······ *Hormatjan Fikret*

On <<Ibni Fazlan Travel Notes>> and primitive soul outlook of Uighur ······ *Kalbinur Muhammat*

On the notice—giving problems in editing classic works ······································ *Parida Imin*

On looking at the costume culture in " Turk Dictionary ······································ *Turnisa Rozi*

On the introverted ability ························································ *Islamjan Shirip Bashkerimi*

On kinship research on social anthropology ·································· *Sawut Abduhalik Pawán*

On the characteristics of academic journals and its general material gain ······················ *Musa Rozi*

Ecological Environmet And Traditional Costums of Uighur Ansesters ································ ······························································· *Ismat Kasim, Xernay Pattulla*

Human Civilization and Ecological Environment ·································· *Ablimit Muhemmet Yiltizliq*

On the narration about saber in <<Turk Dictionary>> ···································· *Abdukeyim Mijit*

On the expressions of stone warship appeared in the myth of Uighur folks ················ *Adalat Imin*

ВЕСТНИК СИНЬЦЗЯНСКОГО УНИВЕРСИТЕТА
(Трехмесячный журнал философи и общественной науки на уйгурском языке)
№. 1. 2007г (общий № 109)

# Содержание

О реформировании и усовершенствовании системы выборов народных депутатов в нашей стране ........................................ Абдукирим Юсуп
Процесс освоения запада и национальная культура .................. Абдуращит Жалил Карлук
О "слабых" в обществе и политике окажения помощи им ...................... Абдувэли Химит
Начальное исследование "печатных изданий в Кашкаре" ........................ Хэсэт Сулайман
О проблеме правописания тем произведений в исследовании рукописи уйгурской исторической и художественной литературы ........................................ Аблимит Эхэт Богю
О мастерстве описания в нерифмованных произведениях, напечатанных в журнале "Тарим" с 1979 года по 1986 год ........................................ Мухаммэт Хошур
Короткое обсуждение Четырех образов в таджикской культуре .................. Щирин Курбан
Эпоховый фон и идеальные уклоны произведений поэта Харабати ........... Хорматджан Фикрат
"Путевые заметки Ибни Фэзлана" и первобытный взгляд духа уйгурского народа ........................................ Калбинур Мухаммэт
Некоторые вопросы в редактировании классических произведений .................. Пэридэ Эмин
О галантерейной культуре в "Большом словаре тюркских языков" .................. Турниса Рози
О внутреннем интеллекте ........................................ Исламджан Щирип Бэщкирэми
Исследование родственных отношений в общественной антропологии ........................................ Савут Абдухалик Паван
Об особенности научных журналов и их общей утилитарности ...................... Муса Рози
Природная экологическая среда и традиционные обычаи предков уйгурского народа ........................................ Исмэт Касим, Щиринай Пэттулла
Цевилизация человечества и экологическая среда .................. Аблимит Мухаммэт Иилтизлик
О повествовании о мече в "Большом словаре тюркских языков" .............. Абдукаюм Миджит
Проявление в текущих обычаях преклонения перед камнем, описанного в народных легендах уйгурского народа ........................................ Адалэт Имин

# پروفېسسور دىلمۇرات تۇرسۇن
# 地里木拉提·吐尔逊教授

دىلمۇرات تۇرسۇن، ئەر، ئۇيغۇر، پروفېسسور، ئۇ 1957 - يىلى 8 - ئايدا ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان. 1964 - يىلىدىن 1969 - يىلىغىچە ئۈرۈمچى شەھەرلىك 20 - باشلانغۇچ مەكتەپتە، 1969 - يىلىدىن 1973 - يىلىغىچە ئۈرۈمچى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1973 - يىلىدىن 1975 - يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق قارغا ئېتىش كوماندىسىدا تۇرغان. 1975 - يىلىدىن 1978 - يىلىغىچە گۇچۇڭ ناھىيىسىدە قايتا تەربىيە ئالغان. 1978 - يىلىدىن 1983 - يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىزىكا فاكۇلتېتىنىڭ رادىئو كەسپىدە ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەن يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىزىكا فاكۇلتېتىغا ئېلىپ قېلىنىپ مائارىپچىلىق ھاياتىنى باشلىغان. خىزمەت جەريانىدا ئىزچىل تۈردە ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ بىرىنچى سېپىدە خىزمەت قىلغان، 1995 - يىلى دوتسېنتلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1996 - يىلىدىن 1997 - يىلىغىچە ياپونىيە فۇكاكو ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئاشۇرغان. 1997 - يىلىدىن 2001 - يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئېلېكترون فاكۇلتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان، 2001 - يىلىدىن ھازىرغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇچۇر ئىلمى ۋە تېخنىكا ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىنى ئىشلەپ كەلمەكتە. 2004 - يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلغار پارتىيە ئەزاسى شەرىپىگە ئېرىشكەن.



ئۇ ئوقۇ - ئوقۇتۇش جەريانىدا تەربىيىلەش بىلەن ئوقۇتۇشنى ۋە ئوقۇتۇش تەتقىقاتىنى بىرلەشتۈرۈپ، دەرسلەرنى جانلىق، ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاپ ئۆتكەن، ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىنى توختاتماي ئېلىپ بېرىپ مول تەجرىبىگە ئىگە بولغان. ئىككى تەجرىبىخانىنىڭ قۇرۇلۇشىنى باشتىن ئاخىرى چىڭ تۇتۇپ ئاپتونوم رايون دائىرىسىدىكى ئالىي مەكتەپ ئارا ئىلغار تەجرىبىخانا سەۋىيىسىگە يەتكۈزگەن. 2006 - يىلى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك داڭلىق ئوقۇتقۇچى بولۇپ باھالانغان.

ئۇ تەتقىقات جەھەتتە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ نۇرغۇنلىغان مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. دۆلەت دەرىجىلىك تەتقىقات تېمىسىدىن بىرگە يېتەكچىلىك قىلغان ۋە ئۈچ تېمىغا قاتناشقان. ئۇ ياش ئوقۇتقۇچىلارنى تەتقىقات جەھەتتە يېتەكلىگەن ھەم ئۆزى باشلامچىلىق بىلەن تەتقىقات قىلىپ، خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىكى نوپۇزلۇق ژۇرناللاردا 20 نەچچە پارچە سۈپەتلىك ماقالە ئېلان قىلغان. ئىككى پارچە ماقالىسى ئامېرىكىدا نەشر قىلىنىدىغان تېخنىكا پەنلىرى مۇجەسسەمى (EI) گە كىرگۈزۈلگەن. خەنزۇ تىلىدا ئىككى پارچە ئالىي مەكتەپ ئوقۇشلۇقىنى تۈزۈپ نەشر قىلدۇرغان.

ئۇ قاتناشقان تەتقىقات تېمىلىرىدىن بىرى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا مۇكاپاتىنىڭ ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، بىرى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا مۇكاپاتىنىڭ ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، بىرى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەن - تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

دىلمۇرات تۇرسۇن بۇ نەتىجىلەرگە مۇناسىپ ھالدا 2005 - يىلى پروفېسسورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن، شۇ يىلى ئاسپىرانت يېتەكچىلىكىگە تەكلىپ قىلىنغان. پروفېسسور دىلمۇرات تۇرسۇننىڭ بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ زور نەتىجىلەرگە ئېرىشىشىگە ۋە تېنىنىڭ سالامەت بولۇشىغا تىلەكداشمىز.

主　　编：阿布都许库尔·模拉克·玉尔其
本期执行编辑：康巴尔尼沙·买买提
封 面 设 计：一心设计工作室



# 新疆大学学报

(哲学社会科学维文版)

(季刊)

(1980 年创刊)

第 28 卷第 1 期 2007 年 3 月

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

(پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

(پەسىللىك ژۇرنال)

نەشر قىلىنغان يىلى: 1980 - يىلى

2007 - يىللىق 1 - سان (28 - يىلى نەشرى)

主办单位：新疆大学(乌鲁木齐市胜利路 14 号)
编辑出版：新疆大学学报编辑部
印　　刷：新疆大学印刷厂
国内发行：乌鲁木齐市邮政局
国际标准刊号：ISSN 1005—5878
国内统一刊号：CN 65—1034/G4—W
邮政编码：830046

باشقۇرغۇچى ئورۇن: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 14 - قورۇ)
نەشر قىلغۇچى ئورۇن: «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى
ئىلمىي ژۇرنىلى» تەھرىر بۆلۈمى
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
خەلقئارالىق ئۆلچەم نومۇرى: ISSN 1005—5878
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN 65—1034/G4—W
پوچتا نومۇرى: 830046

定价：6.00 元　　6.00 يۈەن　باھاسى:　　国内代号：58—13　ۋاكالەت نومۇرى: